
# BULAK




# بۇلاق

1

1990

www.uyghurkitap.com



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

11-يىل نەشرى

ئومۇمىي 30-سان

1990

2

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەتھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# 1990 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


پەرھاد ۋە شىرىن.....................موللا سىدىق يەركەندى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

گۈلزارى بىنىش ...................... موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر (89)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

خۇشھال غەرىبى شېئىرلىرىدىن ................................. (119)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


تەئەششۇقنامە ........................................ سەيىد ئەھمەد (127)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئېلى


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


«شەھنامە» داستانى ھەققىدە ........................ تۇرغۇن ئالماس (138)


### مەشھۇر كلاسسىكلار


مۇتەپەككۇر شائىر مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل ... ئابلىزخان، شىرىن قۇربان (160)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۈچ شاھزادە (چۆچەك) .................................................. (164)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر .................................................. (173)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

*　　　*

چاغاتايچە لۇغەت «چ» .................................................. (185)
تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرى

*　　　*

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىيازكېرىم شەرقى
ئىچتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىك.
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: شائىر مەشرەپ. «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى. رەسسام: پ ۋورونكىن.
2 - بېتىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىب مازىرىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى.
3 - بېتىدە: «گۈلزارى بىنىش» داستانىنىڭ ئەسلى قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو نۇسخا.
4 - بېتىدە: يۈسۈپ خاس ھاجىب مازىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.(شېرىپ خۇشتار فوتوسى).




**موللاسىدىق يەركەندى**

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

پەرى سۈرەتلىكنىڭ تەسۋىرى نەقىشلىرىنى سىزغۇچى بۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قىسسىگە تۆۋەندىكىچە قەلەم تارتىدۇ:

ۋاقتىكى، بۇ ئىككى جاپاكەش بەزمىدە ئىچىملىك تەسىرى بىلەن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بەزمىدىكىلەر پەرياد چېكىشتى، ئىچكەن قەدەھلىرى جىگەر قېنىغا ئايلاندى. ئۇلار دەرھال بۇ گۈزەللىنى كۆتۈرۈپ، يوشۇرۇنچە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە ئورۇن - كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى. ھالىدىن كەتكەن غەمكىن ئاشىقنى يەنە بىر تەرەپتىكى ئۆيگە ياتقۇزۇپ، بۇ بالا تېغىنىمۇ يىغىشتۇردى. ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى پەلەك تېخى بىر - بىرىنىڭ ۋەسلىگە قانمىغان بۇ ئىككى مۇھەببەتداشنىڭ ئارىسىغا جۇدالىقنى سالدى. ئىككىيلەن ئاڭ ئاتقىچە مۇشەققەت گۈرۈھىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھالسىزلىنىپ ياتتى.

پەرھادنىڭ تاغدا تارتقان ئاھىغا ئوخشاش مەيىن تاڭ شامىلى چىقىپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىنى خۇددى قاپقارا توزاننى سۈرگەندەك سۈرۈپ كەتتى. ئىشق سەۋداسىدا ھوشىدىن ئايرىلغان بۇ ئىككى ئاشىقمۇ ھوشىغا كەلدى.

پەرھاد خىجالەتچىلىكتىن يۈرىكى سىقىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشەققەت تېغى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

پەرى سۈرەتلىك گۈزەل جېنىغا مالالىق يەتكەن بىر ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەھۋاللار مېھىنبانۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەمسىزلىك چۈشتى. چۈنكى ئۇ، يا قايغۇلۇق پەرھادنى خۇشال قىلىشتىن كېچەلمەي، ياكى ئۇ ئاي

www.uyghurkitap.com

يۈزلۈككە نەسىھەت كارقىلىشىنىڭ يولىنى ئا-
پالماي قالغانىدى. ئەگەر پەرھادنىڭ كۆڭ-
لىگە مەدەت بەرمەي دېسە، ئادەمگەرچىلىكى
ئۇنىڭغا يول قويمايتتى. مۇبادا مېھرىبانى-
لىق يۈزىسىدىن ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەي
دېسە، ئەل ئارىسىدا يامان ئاتاققا قېلىشى-
دىن قورقاتتى. لېكىن، پەرھادنىڭ مۇھەب-
بىتىنىڭ پاكلىقىنى، شۇ ھالدا كېتىۋەرسە
ئۇنىڭ ئىشق يولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى
بىلەتتى. پەرھادنى بىرقانچە كۈندە بە-
رەر نۆۋەت چاقىرتىپ كېلەتتى. پەرھاد ئۇ
ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ قولىدىن بەخت جا-
مىنى ئىچەتتى ۋە ھەر ئىككىلىسى ھوشى-
دىن كېتەتتى. پەرھاد ھوشىغا كەلگىنىدە
پەرىنىڭ جېنىنى تۇمەنىمىڭ داغدا قالدۇرۇپ،
تاغ تەرىپىگە راۋان بولاتتى. ئۇلار بىر
قانچە مۇددەت شۇ ئەھۋالدا ھالسىزلىنىپ
ئۆتتى.

ۋاقتىكى، بۇ قاملاشمىغان تەتۈر پە-
لەك مۇنداق ئاجايىپ بىر ئويۇننى كۆرسەتتى:

شۇ زامانلاردا غەربتە خۇسرەۋ ئاتلىق
بىر ھۆكۈمران، ھۆكۈمرانلا ئەمەس بەلكى،
بىر جاھانگىر بار ئىدى. ئۇ ئىران ۋە ئە-
رەب مەملىكەتلىرىنىڭ پادىشاھى، شاھلارنىڭ
شاھى ئىدى. بۇ تېز ئايلانغۇچى پەلەكمۇ
ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، پەرمانىنى بېجىرەت-
تى. ئۇنىڭ توپ - توپ قوشۇنلىرى جاھانغا
لىق تولغانىدى. مەدايىن ئۇنىڭ پايتەختى
ئىدى. ئۇ نەسەب جەھەتتىن كىسرىگە تۇ-
تىشاتتى، يەنى ئۇ كىسرىنىڭ نەۋرىسى ئى-
دى، كىسرى ئۆلۈپ، باقا ئالەمگە راۋان بول-
غاندىن كېيىن، ھۇرمۇز ئۇنىڭ دۆلىتىگە
ئورۇنباسار بولدى. ھۇرمۇز ئۆلۈپ كەت-
كەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇسرەۋ
پەرۋىز ئولتۇرۇپ، خۇسرەۋ دېگەن نامى،

پەرۋىز دېگەن لەقىمى بىلەن شۆھرەت
تاپقانىدى. بوۋىلىرىدىن تارتىپ تاكى ئا-
تىسىغىچە ھۆكۈمەت سەلتەنىتىدە ئولتۇرۇپ،
ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ
تەقدىر ھۆكمى بىلەن مەملىكەتنىڭ يەتتە
ئەۋلاد ئاتا - بوۋىسىدىن ئۆزىگە مىراس بو-
لۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئىل-
گىرى ئۆتكەن ئاشۇ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ئۆزى-
دىن كېيىنكى تەخت ۋارىسلىرىغا كەينى -
كەينىدىن پادىشاھلىقنى تاپشۇرۇپ كەتكە-
نىدى. شۇڭا خۇسرەۋ: «بۇ كونا دەۋران
ھامان بىر كۈنى ماڭىمۇ دەرد قەدەھىنى
تۇتىدۇ. ئۆمۈر پىيالەمدىكى ھاياتلىق شا-
رابى تۇساتتىن قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن،
بۇنىڭ ئۈچۈن تەختىمدە ئورۇنباسار بو-
لۇپ ئولتۇرۇشقا بىر پەرزەنت كېرەك» دەپ
ئويلايتتى. گەرچە خۇسرەۋ سەدەبتىن ئىبا-
رەت بىر خانىشنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ-
دىن گۆھەردەك بىر پەرزەنتكە مۇيەسسەر
بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرزەنتى تەخ-
تى - تاجىغا لايىق ۋە تاجدارلار ئۇنىڭغا
موھتاج بولغۇدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە
بىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن تاجىغا
لايىق گۆھەر تېپىشنى ئارزۇ قىلدى. بۇ
توغرۇلۇق ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ، شۇنداق
خۇلاسىگە كەلدىكى: شورلۇق يەرگە گۈلنىڭ
ئۇرۇقىنى چاچسا، ئۇنىڭدىن ئۇششاق تىكەن-
لەر ئۈنۈپ چىقىدۇ؛ ئەگەر بۇلۇتتىن يې-
غىن ياغسا، ئۇنىڭدىن ھاياتلىق سۈيى بەھ-
رە ئالىدۇ بىراق، ئۇ سۇ ئېشەك مەرىسىگە
نىسبەتەن زەھەر بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر
چىمەنلىكتىكى گۈللەر سۇ ئورنىغا زەھەر
ئىچسە ئۇنىڭدىن پەرۋىش تېپىپ، تېخىمۇ
تاۋلىنىدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە قىلىنغان
پەرۋىشنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى ئۇ

دەرسلەرنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە مەھسۇلىنى
ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. ئەقىل دېھقىنى: «تو-
رۇق چاچقىلى ياخشى يەر كېرەك» دەيدۇ.
نەزمە:

خىرەد دېھقانى ئانداغ نۇكتەئى دەر:
«كى دانە ساچقالى ياخشى كېرەك يەر».

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ كۆڭلىگە بۇ
مەزمۇنلار چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ ئالغان بول-
سىمۇ، مەقسەت خەزىنىسىدىن بەھرە ئالالمى-
دى. ئاخىرى بىر قىممەتباھالىق گۆھەرنى
ئىزدەپ تېپىپ، جۇپلۇك يىپىغا تىزىش
ئۈچۈن ئەتراپتىكى يۇرتلارغا كىشىلەرنى
ئەۋەتتى. ئەگەر گۈل تېرىماقچى بولسا،
شۇنداق گۈلزارلىققا تېرىلسا، دەپ ئارزۇ
قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا: «بۇ ئالەمگە جەن-
نەت بېغىدىن بىر ھۆر كەپتۇ. ئۇ سۆزلى-
گەندە جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخى ۋە كەۋ-
سەر سۈيىمۇ ئۇيالغىنىدىن ئۆزىنى يوشۇر-
غۇدەك. ئۇ ھۆر گوياكى قۇياش ئاسماندىن
يەرگە چۈشكەندەك، ئەرمەن مەملىكىتىدىن
ئورۇن ئالغان ئىمىش. يەر مەركىزى قۇ-
ياشتىن نۇر ئالغاندەك، ئەرمەن شەھرى
ئۇنىڭ ئاي يۈزىدىن نۇرغا تولۇپتۇ. ئۇ
ئىنسانغا ئوخشىمايدىغان بىر پەرى بولۇپ،
نەسەب جەھەتتىن جەمشىدكە تۇتاشقۇدەك،
جەمشىد — ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى ئى-
مىش. ئۇ شۇنداق مەرتىۋىسى بۈيۈك زات
ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشىقى پەرھاد بارلىق ھۆ-
نەرلەردە كامالەتكە يەتكەن تەڭداشسىز يى-
گىت ئىمىش. ئۇ شىرىنىنىڭ ئىشقىدا خالا-
يىقتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپتۇ. پەرھاد ئەل-
گە ئوخشىمىغىنىدەك، ئەلمۇ ئۇنىڭغا ئوخشى-
مايدىكەن. ئۇنىڭ تېنىنىڭ تاغدەك مۇس-
تەھكەملىكى قىياپىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك.
ھازىر تاغ قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپ-
تۇ. ئۇ كەكىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قو-
لىنىڭ كۈچى بىلەن تاغلارنى پارچىلاپ
تاشلايدىكەن. بىراق ئۇ يىگىت داۋاملىق
پىغان چېكىپ، ئاھ تارتقاچقا، تاغدەك تې-
نى ساماندەك بولۇپ قاپتۇ. پەرھادنىڭ نا-
تىۋانلىقىغا قاراپ، پەرى سۈرەتلىك شى-
رىنمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىدىكەن. ئا-
شىق پەرھاد زامانىنىڭ دانىشمىنى بولسا،
مەشۇقى شىرىن گۈزەللىكتە زامانىنىڭ يېگا-
نىسى ئىكەن.» دېگەن سۆزلەر خەلق ئارى-
سىغا تارقالغانىدى.

پەرھاد - شىرىن ھەققىدىكى خەۋەرلەر
خۇسرەۋنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. زامانە خە-
لقىدىن ئۇ ئاپىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، خۇسرەۋ-
نىڭ قەلبىدە ئوت يالقۇنلىدى. ھوشسىزلانغان
جېنى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شىرىن
توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ كېچىنى - كۈندۈز-
گە ئۇلايتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى كېچە - كۈن-
دۈز تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى. لېكىن خۇس-
رەۋنىڭ بۇ خىيالى ئوردىدىكى كېڭەش
ئەھلىنىڭ مەسلىھىتىگە باغلىق بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ رايىچە ئىش ئېلىپ بارمىسا بول-
مايتتى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن شىرىنىنىڭ
ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىپ، بىلگەنلىرىنى
خۇسرەۋگە مەلۇم قىلدى.

شۇلاردىن بىرى ئەرمەنگە بېرىپ كەل-
گەنىدى. ئۇ خەلقىنىڭ شىرىن ھەققىدە ئېيت-
قان سۆزلىرىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، شى-
رىنىنىڭ شاھقا لايىق ۋە مۇۋاپىقلىقىنى،
ئەرمەن مۈلكى — شىرىنىنىڭ مەملىكىتى ئى-
كەنلىكىنى ئېيتتى. يەنە ھەر تەرەپكە ئە-
ۋەتىلگەنلەر ئىچىدە ئەرمەندىن خەۋەر تاپ-
قانلارمۇ شىرىنىنىڭ شۆھرىتىدىن، ھېسابسىز

گۈزەللىكنىڭ ساداسىدىن سۆزلەپ، ھۆسنى-جامالدا ۋە كەسپىي - كامالەتتە ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدە ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ گوياكى جەننەت ھۆرلىرىگە ئوخشايدىغانلىقى، گۈزەللىك شۆھرىتى ئاپتاپتەك روشەن ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلدى.

خۇسرەۋ تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالدى، كۆڭلى شىرىنگە بىراقلا شەيدا بولدى. ئۇ دەسلەپ دەرھال ئەرمەنىستانغا ئاتلىنىپ، ئۇ گۈلىستاندىكى كۈمۈش تەنلىك گۈزەل دىلبەرنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. كېيىن، بۇنداق يۈرۈش قىلىشنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ بۇزرۇك ئۇممىد ئاتلىق بىر ۋەزىرى بارئىدى. ئۇ دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدىكى ئەڭ دانا ئالىم ئىدى. ئاسماندىن يەر قەرىگىچە بولغان ھەممە نەرسە بۇزرۇك ئۇممىدنىڭ ئالدىدا روشەن ئىدى. ئۇ ھەممە ئىشتا خۇسرەۋگە يول كۆرسەتتى. خۇسرەۋ بۇزرۇك ئۇممىدنى خىلۋەتكە چاقىرىپ، ئەرمەن گۈزىلىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ - يېنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىدى ۋە بۇ ئىشنىڭ چارىسى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشنى ئۇمىد قىلدى. دانىشمەن ۋەزىر خۇسرەۋنىڭ ھەيرەتتە قالغانلىقىنى بىلىپ، بىردەم ئويلانغىنىدىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە مەسلىھەت بەردى.

— ھېچقىسى يوق، بۇنىڭ چارىسى ئاسان. بۇ ئىش تۈپەيلى ھەرگىز كۆڭلۈڭنى بۇزما. ئەمدى، دانا، قەلبى پاك بىر كىشىنى ئەلچىلىككە تەيىنلىگىن، ئۇ ئەلچىلىكتە تەڭداشسىز بولسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلى مەنە ئۈنچىلىرى بىلەن تولغان، ئەمما ئاغزى سەدەپتەك يۇمۇلغان بولسۇن. گەپكە ئېغىز ئاچقاندا سۆز ئورنىغا گۆھەر چاچىدىغان بولسۇن؛ ھەم تەقۋادار، نەسەب جەھەتتە ئېسىل كىشىلەردىن بولسۇن. ئۇ كىشى مېھىنبانۇغا ئارزۇ - تىلەكلىرىڭنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى سالامىڭ بىلەن ئىززەتلىسۇن. تويى ھەققىدىكى سۆز بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزسۇن، گەرچە ئۇ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ۋە بۈيۈكلۈكى بىلەن مەغرۇرلانسىمۇ، بۇ سۆزدىن بېشى كۆككە يەتمەي قالمايدۇ. مېھىنبانۇنى «كۆپ تەجرىبىلىك، دانا شاھ دەپ» ئاڭلىدىم. ئۇ گۈزەللەمۇ ھېسابسىز دانىشمەن ئىمىش. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتىكى تەييار سودىنى كۆرسە، بۇ خىل ئەھمىيەتلىك ئىشنى ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن پەخىرلىنىپ، پات ئارىدا شىرىن سۆزلۈك بىر ئەلچىنى ئەۋەتىدۇ. بىز مەقسىتىمىزگە مۇۋاپىق جاۋاب ئالساق، شۇنىڭغا لايىق ئىش كۆرىمىز. مۇبادا ئۆزرىگە تىل ئېچىپ قالسا، بىلىش لازىمكى، ئۇنىڭغا ئەقىل بىلەن ئەسلا يول تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن، سېنىڭ ھەممە ئىشلارغا قولۇڭ يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىمۇ قېيىنغا چۈشمەيدۇ.

دەۋرنىڭ داناسى يۇقىرىقى سۆزلەرنى بايان قىلدى.

دەۋرنىڭ ھاكىمى ۋەزىرىنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭغا لايىق كىشىنى تېپىپ، مەقسەت - تەلەپلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. ھوشيار ئەلچى بۇ مەقسەتنى چۈشىنىپ، دەرھال ئاتلاندى. كېچە-كۈندۈز دېمەي، ئەرمەن مەملىكىتى

تەرەپكە يۈزلەندى.

هەي ساقى، مېنىڭ تىلىكىم بولغان قەدەھنى كەلتۈرگىن. چۈنكى، ئالدىمدا قىيىن يول بار. بىر قەدەھلا ئەمەس، بەلكى ئارقا-ئارقىدىن قەدەھ تۇت. خۇدۇمنى يوقاتقان هالدا بۇ ۋادىنى كېزەي. نەزمە:

كېتۈر ساقى قەدەھكىم كامىم ئولدۇر،
كى ئالدىمدا ئەجەب دىشۋار يولدۇر.
نەبىر ساغەركى، ساغەر تۇت پەيا-پەي،
كى بۇ ۋادىنى بىخۇد تەي قىلاي، تەي.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشى-مۇهەببەت هەم مېهىر-شەپقەت سەهىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ هۆكۈمرانى هەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ ۋادىنى كېزىپ ساياهەت قىلغۇچى هېكايىسىنى شۇنداق يېقىملىق سۆزلەر بىلەن داۋاملاشتۇردى:

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ ئەلچىسى كۆڭلىگە يۈز تۈرلۈك هىيلە-نەيرەڭنى يۈكۈپ ئەرمەن شەهرىگە يېتىپ كەلدى. خىزمەتچىلەر مېهىنبانۇغا:

— بەخت-دۆلەت بۇ تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ. چۈنكى يېگانە «كىسرى»① نىڭ قەسرىدىن، يەنى خۇسرەۋنىڭ مۈلكىدىن بىر ئەلچى كەلدى. ئۇ، باشتىن-ئاياغقىچە ئەقىلگە تولغان، ئۆزى ئېغىر-بېسىق، ئەمما سۆزگە ئېغىز ئاچقاندا تىلى راۋان كىشى ئىكەن، — دېيىشتى.

مېهىنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، مېهمانىنى سارايغا چۈشۈرۈشكە ئەمر قىلدى. ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن هوشيار، ناتىق، ئاقىل كىشىلەردىن بىرقانچىسىنى تاللاپ، ئەلچىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئەلچىنىڭ بارلىق مۇددىئاسىنى ئېهتىياتچانلىق بىلەن بىلىپ چىقىپ، ئەهۋالنى مېهىنبانۇغا خىجالەتچىلىك بىلەن بايان قىلدى.

مېهىنبانۇ بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ يەنە ئاجايىپ بىر ئويۇن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەتە ئەلچى بىلەن كۆرۈشىمەن، سىلەر بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇڭلار، مەن ئۇ مېهمانىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىمەن، چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ جايدىن كەلگەن دانا ناتىقتۇر، خىتابىنى مەلۇم قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىمەن، — دېدى مېهىنبانۇ.

ئۇلار بۇ هۆكۈمنى ئاڭلاپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى بېجىرىشكە كىرىشتى.

مېهىنبانۇ تەپەككۇر قىلغانسىرى هەيرانلىق ئالىمىگە چۈشۈپ قالدى: ئەگەر خۇسرەۋنىڭ دۆلەت ئاساسىنى غەنىمەت بىلىپ، بۇ ئىشقا رازىلىق بىلدۈرەي دېسە، جاپاكەش پەرهاد يادىغا كېلىپ، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى. مۇبادا ئەلچىنىڭ سۆزىنى رەت قىلاي دېسە، ئۆزرە ئېيتىشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالمايتتى. ئۇ: «خۇسرەۋ بىزدىن كەم ئەمەس، ئەگەر ئۆزۈم رازى بولۇپ،

① كىسرى — ئىران شاهلىرىدىن بىرى، خۇسرەۋنىڭ بوۋىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلچىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلسام، ئۇ شوخ كۆلگۈنچەك رازى بولارمۇ-بولماسمۇ؟ مۇبادا ئۇ ئايدىن زورلاش يولى بىلەن رازىلىق ئېلىنسا، ئۇنىڭ ئاخىرى قانداق بولار؟ بۇ ئىشقا كۆنمەي، توختىتىپ قويساق، ئۇ ھالدا گوياكى غەزەپكار شىردىن كىيىككە ئازار يەتكەي، يۈزمىڭ شىشە بولغاندىمۇ سەندەلنىڭ ئالدىدا سىنماي قالمايدۇ. شۇڭا ئەلچىگە كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتقىنىمىز تۈزۈك» دېگەنگە ئوخشاش خىياللارنىڭ ئۇرۇقىنى كۆڭلىنىڭ زېمىنىگە چاچتى. ئاخىرى ئۇ ئاينىڭ رايىغا باقماقچى بولدى. ئۇنىڭغا ۋەقەنى ئېيتىپ:

— پەلەكتىن بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن ئىكەنسەن، سەنمۇ بۇ ئىشنىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ئويلاپ كۆرگىن، — دېدى.

ئۇ ھۆر-پەرىزات بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغىنىدىن كېيىن، تۇپراققا يۈزىنى قويۇپ، پەرياد ئۇرۇپ، پىغان چەكتى ۋە مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ نالىگىنىڭ ئىزى مېنىڭ قىبلىگاھىمدۇر. بىغۇبار قەلبىڭ مېنى قايغۇلاردىن ئاسرايدىغان باشپاناھىمدۇر. ساڭا ھېسابسىز ماللىقلارنى يەتكۈزگەنلىكىمدىن ناھايىتى خىجىلمەن. ماڭا بۇ سۆزلەرنى ئېيتقىچە، بوينۇمغا قايغۇ تىغىنى سۇرۇپ، ئۆلتۈرسەڭ بولماسمىدى. نەزمە:

كى ئەي، نەئىلگىنىڭ نۇرنى قىبلەگاھىم،
ھەرىمى نۇزھەتنىڭ غەمدىن پاناھىم.
نەچە يەتكەي ساڭا مەندىن مەلالەت،
نەچە كەلگەي ماڭا ئاندىن خىجالەت.

ئەمدى مېنى ھىندىلارغا ئوخشاش ئاتەشگاھقا باشلاپ، رۇخسارىمدىكى مەگدەك ئوتقا تاشلا. ئەگەر جىسمىم ئوتتا دابۇت بولسا، ئۇ ئوتتىن تۇتۇنلەر چىچىمغا ئوخشاش تۇرۇلۇپ چىققاي، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئالەم مەن يەتكۈزگەن ماللىقلاردىن قۇتۇلغاي، تېنىممۇ يۈز مىڭلىغان بالالاردىن نەجات تاپقاي. پەرھاد سالغان ئىشق ئازابى ماڭا يېتەرلىك ئىدى. ئۇ غېرىب بىچارە دىدارىمنى كۆرەلمەي نالە قىلىپ، ئاھ تارتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلدى. نەچچە ئايلاردىن بۇيان قۇلىقى سۆزۈمنى ئاڭلىيالماي، كۆزى يۈزۈمگە چۈشمەي ئۆتتى. تاغقا سەلدەك ياش تۆكۈپ، تاشلارغا بېشىنى ئۇرۇپ، كۆڭلى خىيالىم بىلەن قانائەتلىنىپ كەلدى. يىراقىمدا ئۆمرىنى زايا قىلدى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى — يۈزۈمدىن، بالاكەش جېنى — ۋىسالىمدىن مەھرۇم. مەنمۇ ئۇ بىچارىدىن يىراقتا قالدىم. نەزمە:

قالىپمەن ھەم يىراق ئول ناتەۋاندىن،
نەچۈككىم مەندىن ئول، ئول داغى مەندىن.

بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئىچىدە يۈز خىل شۆھرەت تېپىپ، يۈزمىڭ تۆھمەتلەرگە قالدى. مەندە باشقا يار ۋە ئاشىقلىق ھەۋىسى يوق. ئەگەر مەن ئادەم بولسام يۇقىرىقى بەدناملار يېتەرلىكتۇر. ئىزدىنىپ بىرەر ئىلاجىنى قىل، بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن.

مېھىنبانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەردلىك يېشىنى يۈزىگە تۆكتى، كۆڭلىدە چارە-تەدبىر لايىھىسىنى تۈزۈۋالدى-دە، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇ شىرىنگە:

— جامالىڭ بىلەن كۆڭلۈم راھەتلىنىدۇ، يېنىمدا بولساڭ مۇڭلۇق جېنىم ئارام

تاپىدۇ. ئېيتقانلىرىڭ مۇۋاپىقتۇر. مەسلى-
ھەتىڭگە ئۇرتاقمەن. تولا غەم - ئەندىشە
قىلما، كۆڭلۈڭنى خوش تۇت. ئويۇن - كۈل-
كىلەر بىلەن شارابىڭنى ئىچىۋەرگىن. ئەرتە
شاھانە بىر بەزمە تەييارلاپ، ئەلچىلەرگە
ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇرىمىز، — دېدى.

ئەتىسى مېھىنبانۇ ۋەدە قىلغان ۋا-
قىتتا، ئەلچىلەرنى چاقىرتتى. ئىلتىپات قى-
لىپ، ئۇلاردىن يولنىڭ جاپا - مۇشەققەت-
لىرىنى سورىدى. خۇسرەۋنىڭ ئەھۋالىنى
سوراپ، ئۇنىڭ شەنىگە دۇئا ۋە مەدھىيە-
سانالارنى ئوقۇدى.

ئەلچى بېشىنى ئىگىپ، «سەللەمنا»①
دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، بانۇغا مۇناسىپ
ھالدا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇ مېھىنبا-
نۇنىڭ شاھانە تەختىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە
يۈزمىڭ ئاپىرىنلارنى ئوقۇدى. ئۇلۇغلۇق
بابىدا بانۇنىڭ شان - شەۋكەتكە لايىق ئې-
كەنلىكىنى چۈشەندى. بەزمە رەسمىيىتى
ئاخىرلاشقاندا، ئەلچىگە ھېسابسىز ئىنئام
بېرىپ، كۆپ ھۆرمەت تەزىملەر بىلەن،
قايتىشقا ئىجازەت بەردى. مېھىنبانۇ:

— شاھ خۇسرەۋگە كۆپ دۇئالارنى
ئېيتىپ، بىز ئۈچۈن تەزىم بەجا كەلتۈرۈڭ-
لار، — دېدى.

گەپ - سۆزلەر ئاخىرلاشقاندىن كې-
يىن، ئەلچى مېھىنبانۇغا تەزىم بەجا كەل-
تۈرۈپ، تاشقىرى چىقىشقا قەدەم قويدى.
مېھىنبانۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ھۆدەيچىلىرىنى
چاقىرىپ، ئەلچىگە ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپ-
لەرنى چۈشەندۈردى:

— بۇ ئەلچىگە ئېيتىڭلار، بېرىپ شاھ
خۇسرەۋگە دېسۇن، خۇسرەۋنىڭ بىز تەرەپ-
كە سۆز ئەۋەتىشى — بىزدەك موھتاج ۋە
ئاجىزلارنى تۇپراقتىن كۆك ئاسمانغا كۆ-
تەرگەنلىكىدۇر، بۇ گويا كى بىر زەررىنى
شەرق قۇياشى ئۈستىگە چىقارغانلىق بىلەن
باراۋەر. لېكىن، تەلىيىمىز ئۇندىن كەلمە-
گەچكە يۈزمىڭلاپ قىلغان شۇنچە مەرھەمە-
تىڭنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمىدى.
ئەگەر بۇ ئىش ئۈچۈن يۈز يىل ئارمان
قىلغىنىم بىلەنمۇ دەردىمگە دەرمان تېپىش-
نىڭ ئىلاجىسى يوق. بىز بىلەن تۇغقانلىق
ئورنىتىشىڭدىن بىزگە شەرەپ ھاسىل بولغۇ-
سىدۇر. لېكىن، ئوتتۇرىدا ئاجايىپ بىر ئەھ-
ۋال بار، ئۇنى ئېيتىشتىن خىجىل بولۇۋاتى-
مىز. بىراق، تەڭرى تائالانىڭ تەقدىرى
قانداق بولسا، ئۇنىڭغا رازى بولماقتىن باش-
قا چارە يوق. سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇ-
كى: شىرىنگە مۇھەببىتىڭنىڭ نۇرى چۈ-
شۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بىر ئەيىبى بار.
شىرىننىڭ ئالدىدا «جۈپلۈك» دېگەن ئىسمى-
نى ئاتىغلى بولمايدۇ. بەلكى بۇ سۆزنى
ئۇنىڭ يېنىغا يولىمىش مۇمكىن ئەمەس.
چۈنكى، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەرلەردەك
قىلىچ چاپماق، ئوق ئاتماق، ئۆلتۈرمەك ۋە
شىكار قىلىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئۇنىڭغا
بۇ سۆزنى ئاشكارا قىلغىدەك قۇدرىتىمىزمۇ
يوق. كىمكى ئۇنىڭ قېشىدا بۇ سۆزنى
ئېيتىشقا ئۇرۇنسا، ئۇ ئۆز جېنىدىن كەچكەن
بولىدۇ. يوشۇرۇن سىرلارنى ئاچقۇچى (تەڭ-
رى) ئۇنىڭغا بۇ ئەيىبنى بەرگەنىكەن. بول-
مىسا ئۇ ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر پەرى. قۇ-
ياشقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇشتەرى
(خېرىدار) لىرى كۆپ، ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا
مۇشتاق بولۇپ تۇرسا، نېمىشقا ئۇ جۈپلۈك-
نى خالىماي، يېگانە پېتى قالىدۇ؟ ئۇ
گۈل يۈزلۈكنىڭ شۇ چاققىچە ئۆيدە قېلىشى

① سەللەمنا — سالاملار بولسۇن، دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەيىبلىرىنىڭ سەۋەب-
دىندۇر. بىز ھەممە ئەيىبلىرىمىزنى شاھ
خۇسرەۋگە ئاڭلاتتۇق، ئەمدى خۇسرەۋنىڭ
ھۆكمى قانداق بولسا، ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆزى-
دۇر، — دەپ مېھىنبانۇ سۆزىنى تۈگەتتى.
ھۆدەيچىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھىنبانۇغا تە-
زىم بەجا كەلتۈردى. بېرىپ، خەۋەر كەل-
تۈرگۈچى ئەلچىگە سىرلار پەردىسىنى ئې-
چىپ، ھەممە سۆزنى ئىزھار قىلدى.
ئەلچى بۇ خىل جاۋابقا ئاجىز كېلىپ،
ئورنىدىن تۇردى ۋە كەلگەن يولىغا راۋان
بولدى. ئەلچى ئۆز مەملىكىتىگە يەتكەندىن
كېيىن، خۇسرەۋگە ئاڭلىغان ھەممە ئەھ-
ۋالنى بايان قىلدى.
ھۆكۈمران دارا① بۇ جاۋابنى ئاڭ-
لاپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ سۆزگە ئىشەن-
مەي، ئەرمەنىيىگە يەنە بىر ئەلچى ئەۋەت-
تى. بۇ قېتىمقى ئەلچىمۇ يۇقىرىقى جاۋابنى
ئېلىپ كەلدى. يەنە بىرقانچە قېتىم ئەل-
چى بېرىپ، مەقسەت ھوسۇلىنى ھاسىل قى-
لالماي قايتتى.
غەزەپ خۇسرەۋنىڭ دىمىقىنى شۇن-
چىلىك قىزىتتىكى، ئۆزىنىڭ روشەن چىرى-
غىنى قاراڭغۇلاشتۇردى. ئۇ:
— خەلق سۆزۈمدىن نەپرەتلەنگۈدەك
ھالغا يېتىپ قاپتىمەنمۇ؟! بۇ مەنىسىز سۆز-
لەر پۈتۈنلەي ھىيلە بىلەن باھانىدىن باش-
قا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنى ئۆزۈم بىلەن
تەڭ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت شۇنچە ئار-نا-
مۇس ماڭا يېتەرلىك ئەمەسمىدى! ئۇلار
سۆزىمىزنى رەت قىلسۇنۇ، بۇ ۋەقەلەر-
نى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟! ئا-
جىزلارغا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش
پەقەت ئاجىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ —
ئەمەلىيەتتە ئۆز بەختىنى ئاياغ-ئاستى
قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. مېكىيانىنىڭ
شان-شۆھرەت توغرىسىدىكى ساداسىنى ئاڭ-
لىغان شۇڭقار بۇ جاھاندىن قانداقمۇ ھاۋا-
غا چىقىپ كەتمەي تۇرالىسۇن؟ ئورمان
شىرى ئۆزىنىڭ پەنجىسى تۇرۇقلۇق قان-
داقمۇ بىر كالىنىڭ ئېتىرازىنى كۆتۈرەل-
سۇن؟ ئەگەر ئۆمرۈم يار بەرسە، ئۇ ئەي-
يار-مەككارلارغا شۇنداق جازا بېرەيكى،
مەملىكىتى يۈز مىڭلىغان بالا-قازالارغا
ئۇچرىسۇن. قەيەردە ھىيلىگەر بولسا، بۇ
جازا ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئىبرەت بولۇپ
قالسۇن، — دېدى ۋە دەرھال قوشۇن
تەييارلىدى.
«شاھلىق باشقا، ئاشىقلىق باشقا» —
دېگەن سۆزگە ئىشق ئەھلىنىڭ قول بو-
لۇشى — ئۇلۇغۋارلىقتۇر.
ھەي ساقى، ماڭا ھوشيارلىق شارا-
بىدىن بىر پىيالە كەلتۈر، ئۇنىڭ بىر
يۇتۇمى شاھلىقتىن ياخشىراقتۇر. مەن بۇ
مەينى ئىچىپ، سەلتەنەتنى كۆزۈمگە ئىل-
مايدىغان بولاي: ئەلگە زۇلۇم قىلغىچە
ئۆزۈمگە قىلاي. نەزمە:

كېتۈر ساقى، قەدەھ ئاگاھلىقدىن،
كى ئاندىن جۇرئە خۇشراق شاھلىقدىن.
ئىچىپ مەي، سەلتەنەت ئىلماي كۆزۈمگە،
قىلاي زۇلم، ئەلگە قىلغۇنچە، ئۆزۈمگە.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت

① دارا — ئىران شاھلىرىدىن بىرى، دارادەك كۈچلۈك شاھ مەنىسىدە كەلگەن.

ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ ئېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

مەنىلەر تۈپىنى تۈزگەن كىشى بۇ مەيدان ئىچىدە قەلەم ئېتىنى شۇنداق چاپتۇردى:

ۋاقتىكى، خۇسرەۋ پەرۋىز ئاداۋەت ۋە غەزەپ قىلىچىنى بىلەپ، ئەرمەنىيىگە قوشۇن تارتتى قوشۇنىنىڭ چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېسابىنىمۇ بىلىگىلى بولمايتتى. قوشۇنلارنىڭ چىقارغان چاڭ - توزىنى كۈننىڭ يۈزىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، كۆكنىڭ مېڭىسىنى تەشۋىشكە سالغانىدى. ئۇ، جەبرى - زۇلۇم كۆرسىتىشكە شۇنداق قوشۇن تارتتىكى، بۇنداق زۇلۇمنى بۇ ئادالەتسىز دۇنيامۇ خىيالىغا كەلتۈرمەس ئىدى. قوشۇن بىرقانچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئەرمەن چېگرىسىغا يېيىلدى.

مېھىنبانۇغا كۆپلىگەن كىشىلەر: «پۈتۈن ئەرمەن مۈلكىنى سەل باستى، بۇ سەل ئەمەس، بەلكى ئاپەت دەرياسى، خەۋپلىك توپان بالاسىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى. مېھىنبانۇمۇ بۇ ئىشنى مۆلچەرلىگەچكە، ئالدىن مۇستەھكەم تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى: قەلئەدارلار قورغاننى ئاسمان قەلئەسىدەك مۇستەھكەملىگەن، ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك توشۇغۇچىلار سامان يولىدەك سوزۇلغان، بەھرامغا ئوخشاش پالۋانلار قورغاننىڭ ھەر بىر كونگۈرىسى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان؛ قورغاننىڭ سېپىللىرى كۆككە تاقاشقانىدى. يەنە پايانسىز خەندەكلەر قېزىلغان بولۇپ، كېچىسى خەندەكتىكى سۇغا قارىسا، ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن يۇلتۇزلارنىڭ چۈشكەن شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنچە مۇستەھكەملىكنىڭ ئۈستىگە، كۆپلۈكىدىن ئەقىللەرنى خىرەلەشتۈرگۈدەك زاپاسلارنىمۇ تەييارلاپ قويغانىدى. بۇ يۇلتۇزلاردەك ھېسابسىز غەللە دەۋرلەر ئۆتكەن بىلەنمۇ تۈگىمەيتتى. يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوي - قوزىلىرى ھەمەل يۇلتۇزلىرى توپىدەك؛ ئۆكۈز-كاللىرى سەۋر يۇلتۇزلىرىدەك ھېسابسىز كۆپ ئىدى. يەنە كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچىكى، يېمەك - ئىچمىكى ناھايىتى مول بولۇپ، ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. مېھىنبانۇ ھوشيارلىق بىلەن قورغان ئەھلىنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى.

پەرى سۈرەتلىك گۈزەل بىلەن مېھىنبانۇ پەرھادقا بۇ ئىش توغرىسىدىكى قىياسلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قورغانغا كىرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. پەرھاد پەرى سۈرەتلىك گۈزەلنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ قورغان تەرىپىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قورغان سىرتىغا جايلاشتى. قورغاننىڭ سىرتىدا بىر قورام تاش بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى كۆك قورغىنىدىن ئاشقانىدى. پەرھاد جەڭ مەزگىلىدە تاش ئاتماقچى بولۇپ، شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئورۇن تۇتتى.

خۇسرەۋ تېزلىك بىلەن كېلىپ، ھېسابسىز قوشۇنلىرىنى قورغاندىن يېرىم مىل يىراقلىقتا چۈشۈرگىنىدىن كېيىن، قۇدرەتلىك قوشۇندىن مىڭ باتۇرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى - دە، تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەرمەن تەرىپىگە ماڭدى. خۇسرەۋ ئېتىنى سۈرگىنىچە قورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. كۆز ئالدىدا ئاسمانغا تا-

قاشقان بىر سىپىلىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتا ـ قايتا ئۇيلانغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن پايدا يوقلۇقى، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىشىنىڭمۇ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلدى.

پەرھاد خۇددى باش ئۈستىدە ئۈنچە ئورۇنلاشقىنىدەك، ھېلىقى قورام تاش ئۈستىگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى.

خۇسرەۋ پەرۋىز پەرھادقا نەزەر تاشلىغىنىدا، گوياكى يۈرىكىگە ئۆتكۈر بىر خەنجەر ئۇرۇلغاندەك بولدى. خۇسرەۋ:

— بۇ ئاجايىپ ئادەم ئىكەنغۇ؟ ئۇنى كۆرۈش بىلەن كۆڭلۈمگە قايغۇ تولدى، ئۇ نېمە ئادەم؟ كۆڭلىمىزگە غەم ـ قايغۇ سېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلەر، ـــ دېدى ـ دە، بىرقانچە كىشىنى ئەۋەتتى.

ئۇلاردىن بىرى دانا پەرھاد تەرىپىگە ئېتىنى سۈرگىنىچە بېرىپ، خۇسرەۋ نامىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى. ئاشىق پەرھاد مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن ئىسمىلىك كىشىلەردىن ئەمەسمەن، ئىسمىمنى ئاتاشقىمۇ ئەرزىمەيمەن. ئەجەل تەقدىرى جىسمىمنى تۇپراقتىن ياراتتى، بەلكى ئىسمىمۇ تۇپراق ئىچىدە يوقىلىپ كەتتى. ئىشق ئوتىدىن قەلبىمدە تۇتۇن پەيدا بولۇپ، ئىسمىم بىلەن جىسمىمنى نابۇت قىلدى. ئىشق مېنى ئۆز ئىسمىمنى بىلىشتىن مەھرۇم قىلدى. مېنى ئاتتىن، ئاتنى مەندىن يات قىلىپ تاشلىدى. نەزمە:

مېنى ئات ئاڭلاماقدىن ئىشق ئېتىپ يات،
مەن ئاتتىن ياتۇ مەندىن ئات ئولۇپ يات.

لېكىن، بۇ دۇنيادىكى ئۆزگىرىشچان كىشىلەر مېنى يوقلۇقتا يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇشقان، قاچانكى ۋۇجۇدۇمنىڭ تۇپرىقىنى ئەسلىمەكچى بولغىنىدا «دەردمەن پەرھاد» دەپ ئاتىشىدۇ.

پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلىغان خۇسرەۋ ئەقلى ـ ھۇشىنى يوقىتىشقا ئازلا قالدى. ئۇ بۇرۇن پەرھادنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئۆتكۈر سۆزلىرىنى ئىشىتىپ تېخىمۇ ھەيران بولدى، لېكىن شەيدالىق ئىچىدە رەشك ئۇنى ئۆرتەشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۆز لەززىتىدىن بەھرە تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدىن ماڭا زەھەردىن باشقا نەرسە نېسىپ بولمايدۇ. بۇ رەڭدار سۆزلەر نەقشلەنگەن يىلانغا ئوخشاش كۆڭلۈمنى تەشۋىشكە سېلىپ، جېنىمغا نەشتەردەك ئازار يەتكۈزگۈسى. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچە ئورۇنلۇق ۋە توغرا بولغىنى بىلەن، ماڭا نۇقسان يەتكۈزۈشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئۇنىڭدىن ماڭا قايغۇ ـ مۇشەققەتلەر يېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، مەندەك بىر ئاشىقنىڭ رەقىبىدۇر. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن بىلەن ئورتاقلىشىش ئارزۇسى بار. ئورتاقلىشىشلا ئەمەس، بەلكى يۇرت تالىشىشقا ئورتاقلىشىش ھەۋىسى بار. يولدىكى بۇنداق تىكەننى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا دەككە بېرىش ئۈچۈن جەڭ ناغرىسىنى چالدۇرۇش كېرەك. مېنىڭ بەخت ـ ئىقبالىم ئۇنى تەييارغىنە قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئەمدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم بولۇش لازىم. بۇ تىكەننى چىمەنلىكتىن يۇلۇپ تاشلىسامىلا، ئۇ سەرۋى سۈمەن مېۋىسىنىڭ ئاغزىمغا تېگىشى ئەجەپ ئەمەس. ئۇنى تۇتۇپ، دەرھال ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! ـــ دېدى ـ دە، بەش ئون پالۋاننى ئەۋەتتى.

پالۋانلار پەرھاد تەرەپكە قاراپ


ئۇچقاندەك ئات سېلىش بىلەن، پەرھاد تاش
ئۈستىگە چىقىپ:

— ھەي باتۇر چەۋەندازلار، سىلەرگە
بەخت - دۆلەت يار بولۇپ، تەقدىر كۈلۈپ
باقسۇن! ئەگەر سىلەر خۇسرەۋ بولساڭلار،
سىلەردىن ئىلتىماس قىلىمەنكى، سۆزۈمنى ئاڭ-
لاپ قويۇڭلار، سىلەر ئون - ئون بەش پالۋان
مەندەك بىر بىچارىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئات
سالدىڭلار. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت
قىلغان بولساڭلار، بۇ ئىشنىڭ ماڭا زىيىنى
بولمىغىنىدەك، سىلەرگىمۇ پايدىسى يوق.
مەندەك بىر گۇناھسىزنىڭ قېنىنى تۆككە-
نىڭلەر — خۇددى ئۆز ئىلكىڭلاردىكى قو-
شۇننى قىرغىنىڭلارغا ئوخشاشتۇر. مۇبادا،
بۇ سۆزگە ئىشەنمىسەڭلەر، تەڭرىنىڭ قۇد-
رىتىنى تاماشا قىلىپ كۆرۈڭلەركى، ھازىر
بېشىڭلاردىن دۇبۇلغاڭلار ئۇچۇپ كېتىدۇ.
مانا بۇ تاش بىلەن سىلەرگە خەۋەر يەت-
كۈزدۈم، بايرىقىڭلارنىڭ شەددىسىگە قاراڭلار،—
دېدى ۋە قولىغا ئىككى پارچە تاشنى ئالدى-دە،
ئارقىمۇ ئارقا ئېتىپ، بايراقنىڭ شەددىسىنى
ۋە دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرىۋەتتى.



پەرھاد خۇسرەۋگە قاراپ يۇقىرى
ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

ھەي شاھ، سەن بۇ ئەلنىڭ شاھى،
قوشۇننىڭ سەردارىسەن. مۇھەببەت ئەھلى-
نىڭ قولىنىڭ كۈچى شۇنداق بولىدۇ. بۇنى
سەن قوشۇنىڭ بىلەن بىللە كۆردۈڭ. ئەم-
دى، قوشۇننىڭ قايتىشىغا ئەمىر قىلغىن. ھېلى-
قى تاش بىلەن دۇبۇلغا ۋە شەددىلەرنى
ئۇچۇرغانلىقىمنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى،
بۇ بېشىڭنى ئۇچۇرۇشنىڭ دەلىلىدۇر. قارا،
بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن مىڭلاپ قوشۇنغا
ئىگە سەندەك بىر پادىشاھ بىراۋنىڭ جې-
نىغا قەست قىلغىنىڭ بەدىلىگە ئۇلۇغ تەڭرى
شۇنداق مۇكاپات بېرىدۇكى، مەندەك بىر
مەجنۇن بۇ تاغدىن تاش ئېتىپ، گەۋدەڭ-
دىن بېشىڭنى ئۇچۇرىۋەتكەي. ئەمدى بې-
شىڭدىن كەچكەنلىكىمنى غەنىمەت بىلىپ،
بېشىڭنى ئېلىپ، يولۇڭغا ماڭغايسەن.
مەندەك گۇناھسىزدىن ساڭا ھېچقانداق
يامانلىق يەتمىگەنىكەن، ئەلۋەتتە ماڭىمۇ
قەست قىلمىغايسەن. چۈنكى ئىشق يولىدا
كۆپ زەئىپلەشكەنمەن. ساڭا قانچە ئۆزرە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتسامىسۇ، ئازلىق قىلدۇ. شۇنى بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەككى، ئەگەر ئەرمەن تېغىدا غەزەپ بىلەن ئاداۋەت كۆرسىتىشكە باشلىسام، ئاتقان ھەر بىر تېشىم بىر باشنى نىشانلاۋېرىدۇ. «مەن ھەرقانداق ئىشقا دانا، ھۆكۈمرانلار ئىچىدە قۇدرەتلىك» دەپ ئويلاپ قالما، مېنىڭ تاڭ سەھەردە تەگرى دەرگاھىدا چەككەن ئاھىم توپەيلى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشلارنىڭ مىڭدىن بىرى سېنىڭ قوشۇنلىرىڭنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلۇغ تەگرى ساڭا شاھلىقنى نېسىپ قىپتۇ. تۇپراقتەك تۆۋەنلىكنى ماڭا نېسىپ قىپتۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭچە شاھلىق بىلەن پەخىرلىنىسەن، لېكىن سەن مېنىڭ ئالدىمدا تۇپراق بىلەن تەڭ. سەن شاھلىقتىن مەرتىۋە تېپىپسەن، ئەمما مەندەك بىر گاداي ئۇنداق شاھلىقتىن يۈز قېتىملاپ نومۇس قىلىدۇ. جاپا مەيدانىغا ئات سۈرگەن كىشى ئۇ ئىشدىن قانداقمۇ پەخىرلىنەلىسۇن؟ شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تىغىڭلارنى تارتىپ، قوشۇن بىلەن زاماننى بۇلۇتتەك قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ، خەلقىنى قىرىپ، ئۇلارنىڭ تاجى ـ تەختىنى تارتىۋالماقچى بولىسەن؛ بىراۋنىڭ مەملىكىتىنى بەرباد ئەيلەپ، ئۇنىڭ نازۇك كۆڭلىنى پەرىشان قىلىپ، يارىلانغان كىشىگە زۇلۇم ئوقىياسىنى توغرىلايسەن ـ دە، يەنە مۇھەببەتتىن لاپ ئۇرىسەن. ئەجەبا، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ قائىدىسى، مېھىر ـ ۋاپانىڭ شەرتى، مۇھەببەتتىكى زارلىق ۋە بىقارارلىقنىڭ بەلگىسى شۇنداق بولامدۇ؟!

پەرھاد كۈچلۈك قوللىرى بىلەن شۇنداق تاش ئېتىپ، تىل خەنجىرى بىلەن مۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، خۇسرەۋنىڭ تېنىگە تىترەك چۈشۈپ يا پەرھادنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب ياكى قايتىشقا چارە تاپالماي قالدى. پەرھادقا يېقىنلىشىشتىنمۇ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلدى. قوشۇندىن كۆڭلىگە مالاللىق يەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، قورغاندىكىلەردىن تېخىمۇ خىجالەت بولدى. ئۆز مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، ئاخىرى بارگاھىغا قايتتى. پەرھادنىڭ ئاتقان تېشى ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئەمدى تىل خەنجىرى ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى.

ھەي ساقى، ماڭا شاراب كەلتۈرۈپ، غەم قوشۇننى يەڭگىن، چۈنكى مۇھەببەت ئالدىدا شاھ بىلەن گاداي تەڭدۇر. ئىشق ـ مۇھەببەت ئالدىدا شاھلىقنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن، گادايلىقنىڭمۇ ئۆزگىچە ھالەتلىرى بار ئەمەسمۇ؟ نەزمە:

كېتۈرساقى، مەيۇ غەم خەيلىنى يەڭ،
كى ئېرمىش ئىشق ئارا شاھۇ گەدا تەڭ.
نېچە ئىشق ئىچرە شاھلىق لەززەتى بار،
گەدالىغلارنىڭ ئۆزگە ھالەتى بار.

* * *

سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ھەم مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ ناتىقلارنىڭ ئۇستازى، ھېكايە ئېيتىشتا سۆز قىزىغا تۆۋەندىكىچە زىننەت بەردى:

ۋاقىتىكى، ئاشۇ كۆلى خۇسرەۋ تەڭلىكتە قېلىپ، بارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاخىرى بۇزرۇك ئۇمىد بىلەن بۇ سۆزنى ئارىغا سېلىپ كۆپ مەسلىھەتلەشتى. بۇزرۇك ئۇمىد ئۇنى سۆيۈندۇرۇپ:

— بۇ ئىشنىڭ ھېچقانچە زىيىنى يوق، ئەسلا قايغۇرما. خۇددى تاغلىقلارنىڭ پالاقمانىنى كۆپ ئاتقىنىدەك، سەۋدايىلارمۇ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىۋېرىدۇ. يىلان ئەجدىھانى چاققىنى بىلەن ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلالايدۇ؟ كارۋان ئىتنىڭ قاۋىشىدىن قورقۇپ يولدىن يانامدۇ؟ ئەقىللىق كىشى قانداقمۇ سەۋدايىنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ، ئۇنىڭ ئوتى بىلەن يۈرىكىنى ئېرىتسۇن؟ ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېغىر ئالما، بەلكى ئاڭلىماسلىققا سال. ئەڭ ياخشىسى يەنە بىر سۆزمەننى ئەۋەتەيلى، مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق نەسىھەت قىلسۇنكى: سۆزىدە ھەم ئىلتىپات ،ھەم تەھدىت بولسۇن، ھەم خەۋپ ھەم ئۇمىد بولسۇن. شەكسىزكى، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارمۇ بىز بىلەن يارىشىپ، ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. تەدبىر بىلەن ئىش قىلغىنىمىز ياخشى، قەھر-غەزەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. چۈنكى بۇ قورغان غايەت مۇستەھكەم، زاپاس ئەشيالىرى ھېسابسىز. سەندەك جاھاننىڭ قۇياشى، زاماننىڭ جەمشىدى مۇبادا جەڭ قىلىشنى خالىسا، يۈز يىلدىمۇ بۇ قورغاننى ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما جەڭ بىلەن ئالالمىغان قورغانغا تەدبىر بىلەن مۇيەسسەر بولماق مۇقەررەردۇر. بۇ ئىشنىڭ نەقىشلىرىنى تۈزۈپ، بىر ھىيلىگەرنى تاپىمىز. ئۇ ئەلچىلىك جەريانىدا راست-يالغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، مىكىر-ھىيلە بىلەن ئۇ يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ. ھازىرچە بۇنىڭدىن باشقا تەدبىر يوق، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇزرۇك ئۇمىد بىر سۆزمەن ھىيلىگەر كەمپىرنى تېپىپ، ئۇنى مەمنۇن قىلىپ، مېھىنبانۇ تەرەپكە ئۇزاتتى. بۇ دانا نەيرەڭۋاز ئەلچى قورغانغا كېلىپ، سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

— شاھىمىز پەلەكنى ئۆزىگە رام قىلىپ، سەن ئايغىمۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشىمنى بۇيرۇدى: بۇ يەرگە بەختىيارلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن يورۇقلۇق پىلانىنى تۈزۈپ، ۋاپا دۇمبىقىنى چېلىپ كەلدۇق. بىزنىڭ سوئالىمىزغا دەسلەپتىمۇ تۈزۈك جاۋاب بولمىدى. ئەمدى سەنمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە ئىش قىلغايسەن. ئەگەر سۆزلىرىڭنىڭ ھېسابى ئاۋۋالقىدەك بولسا، ساڭا ئۇ سۆزلەردىن پەرىشانلىق يۈزلەنگەي. ئۇ گۈزەل سەن ئېيتقاندەك جۈپلۈكتىن كۆرە دۇنيانىڭ قۇياشىدەك يېگانە ئۆتۈشنى خالىسا، ئەرلەرگە مەيلى بولمىسا، ئۇلارغا ئىلتىپاتمۇ قىلمىسا، بۇ — بولمىغىنى. ئەمما بۇ يەردە تاش يونۇغۇچى بىر تەلۋە كىشى باركى، سۆزى باشتىن-ئاياغقىچە خاتا ۋە بىھۇدىدۇر. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئەقىل يۈز قېتىم نەپرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ئاقىللار يىرگىنىدۇ. بۇ خىل قىياپەت بىلەن ئۇ ھوشسىزلارچە پەيغان چېكىپ، دۇنيا قۇياشىدەك بىر گۈزەلنىڭ ئىشقى بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ، گوياكى ئۆزىنى «ئاشىق» ئاتاپ، ئۇ گۈزەلنى «مەشۇق» دەپ، بۇ ئالەمدە شۆھرەت تېپىپ يۈرىدۇ. لېكىن ئۇ ئاي بۇ ئىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇنى ئىزدەپ، ھەمىشە مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئۇ ۋاپاسىزغا يۈزلىنىپ، ۋىسالى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىپ، ھىجرانلىق غې-
مىدىن ئازاد قىلار ئىمىش. سەنمۇ سەمە-
مىي سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ،
گۈزەللىنىڭ ۋەسلىدىن ئۇنىڭغا ۋەدىلەرنى
بېرەرمىشسەن. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مۇناسىپ
ئەمەس. يۇقىرىقى ئىشلار يالغان بولسا،
بۇ سۆزلەر نەدىن چىقىدۇ؟ ئەگەر بۇ سە-
ۋەنلىكىڭنى ئىقرار قىلساڭ، ساڭا مەرھەمەت
قىلىپ، گۇناھىڭنى كەچۈرگەيمىز. چۈنكى
ئادەمزات خاتادىن خالى ئەمەس. ئەگەر
توغرا ئىشتا خاتالىق بولسىمۇ، ئازاد بول-
غۇسىدۇر. دىيارىڭىزلارغا مېھمان بولۇپ
كەپتىمىز. سەنمۇ مېھماندارچىلىقنىڭ قائى-
دىسىنى ئادا قىلغىن. ئارىدىن كۆڭۈلنىڭ
غەشلىكى كۆتۈرۈلسۇن. شادلىق ۋە پاراۋان-
لىق بىلەن ئۆتەيلى، — دەپ ئەلچى سۆزى-
نى تۈگەتتى. مېھىنبانۇ جاۋاب بېرىپ
مۇنداق دېدى:

— خۇسرەۋ، «پەرھادنىڭ شەكلى
ئادەمزاتقا ئوخشىمايدۇ» دەپتۇ. بۇ سۆزگە
جاۋاب بېرىشىمىزنىڭ ئورنى قالماپتۇ. چۈنكى
ئۇ ئۆزى ئېيتقان سۆزگە ئۆزى جاۋاب
بېرىپتۇ. بىزدەك يۈز تۈمەن كىشى مىڭ
تىل بىلەن پەرھادنى سۈپەتلىسە، مىڭدىن
بىرىنىمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدۇ. خۇسرەۋ
ئۇ شاھزادىنى «گاداي» دەپتۇ، لېكىن
ئۇ شان-شەرەپتە بىزدىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ
ئارتۇقراقتۇر. ئىلىم-پەن بابىدا ئالەم
خەلقى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇ ھەممى-
دىن ئىلىملىكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئېسىل نە-
سەبى ۋە مەملىكىتى بار. لېكىن ئۇ، ھەر-
قانداق مۈلۈكدار كىشىدىنمۇ ئېھتىياجسىز-
راقتۇر. خۇسرەۋ يەنە: «ئۇ گۈل يۈزلۈك
سەرۋى ئەرلەرگە مېھىرسىز بولۇشتەك سۈ-
پەتكە ئىگە تۇرسا، نېمىشقا پەرھاد ئۇنىڭغا
ئاشىق بولىدۇ-يۇ، شىرىننىڭمۇ كۆڭلى ئۇ-
نىڭغا مۇۋاپىقلىشىپ قالىدۇ؟» دەپتۇ. پەر-
ھاد ئۆزىنىڭ ساپلىقى، غۇبارسىزلىقى بىلەن
يوقلۇق شارابىنى ئىچىپ، يوقلۇق ئوتىدا
ۋۇجۇد خامىنىنى خەس-خەشەكتەك ئۆر-
تىگەن. ئۇ تەڭرىنىڭ زاتىدا شۇنداق يو-
قالغانكى، ئۆزلۈكىدىن ھېچقانداق نىشانە
قالمىغان. لېكىن ئۇ، شىرىنگە باغلانغان،
ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىشى يوقتۇر. ئۇ شىرىننى
ئۈچ نۆۋەت كۆردى، ھەر قېتىم كۆرگىنىدە
ئۇنىڭدا تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى قالمىدى.
شۇنچە بىلىم ۋە ئەقىل بىلەنمۇ يەنە ئۈچ
كۈنگىچە ھاياتلىقى تۈگىگەندەك ھوشسىز-
لىنىپ يىقىلدى. تەڭرى يەنە ئۇنىڭغا جان
ئاتا قىلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك پەرھادنى ھەر-
قانداق غەرەزدىن خالى، دەپ تونۇپ، ئۇ-
نىڭ سائادەتلىك رۇخسارىنى كۆرۈپ، ۋەس-
لىگە جېنىنى پىدا قىلدى. لېكىن پەرھاد
ئۇنىڭدىن كۆپ تارتىنىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۇنى
كۆرگىنىدە ھوشىدىن كېتىدۇ، ئۆزىگە كې-
لىدۇ-يۇ، يەنە ئۆزىدىن كېتىدۇ. شۇ
سەۋەبتىن ئۇ تاغ-چۆللەرنى ماكان قىلىپ،
شىرىننىڭ خىيالى بىلەن دەرد-قايغۇغا
رازى بولۇپ يۈرىدۇ. بىراق، ئۇ ئاي يۈز
لۈكنىڭ كۆڭلىدە پەقەت پەرھادنىڭ ۋىسا-
لىلا بار. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە باشقا چىگىش-
ئىشلار مەۋجۇد ئەمەس. خۇسرەۋ پەرھاد
نىڭ ئەھۋالىنى ئاقىلانىلىق بىلەن كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرۈپ باقسۇن. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى
تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە تىلىم ئاجىز. ئە-
گەر سەن ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭ
تەڭرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنى كۆ-
رۈپباق. شۇ چاغدىلا خۇسرەۋ ئېيتقان سۆز-
لەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىسەن ۋە
ئۇنىڭ يۈزىنىڭ گۈلزارىدىن گۈللەرنى

تېرىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىنسابقا كېلسەن. چۈنـ
كى خۇسرەۋ: «مېھمىنبانۇ بۇ ئىشتا خاتا
قىلدى» دەپتۇ.

مېھمىنبانۇ يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ، سۆـ
زىنى تاماملىدى.

ئەلچى بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ،
ئېيتقانلىرىدىن خىجالەت بولدى ۋە ئورنىـ
دىن تۇرۇپ قايتتى. ئۇ خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئاڭلىغان، چۈشەنگەنلىرىنى ئېيتتى.
بۇ سۆزلەر بىلەن خۇسرەۋ ئۈستىدىن خىـ
جالەتچىلىك غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭغا مالالـ
لىق ۋە جىددىيلىك يۈزلەندى. چۈنكى ئۇ
نېمىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەـ
دىلىگە باشتىن - ئاخىر رەت قىلىنغان جاـ
ۋابنى ئالغاندى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئازار
چەككەن قەلبىنى ئۆلتۈردى. مەھبۇب
ئالدىدا ئۆزىنىڭ رەقىبكە ئايلانغانلىقىنى
بىلدى. ئۇ غەزەپكە تولۇپ، ئىختىيارلىقى
قولىدىن كەتتى. ئۇ يەنىلا شاھلىقىنى ئېتىبارغا
ئالماي تۇرالمىدى. پادىشاھلار غەزەپ قىلىـ
چىنى چىقارسا، گۇناھسىزلارمۇ ئېغىر گۇـ
ناھكارلار قاتارىدا جازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ
خۇددى قومۇشلۇققا تۇيۇقسىز ئوت چۈشسە،
ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقىچە ھۆل - قۇرۇق ھەممىـ
سى كۆيۈپ كۈل بولغىنىغا ئوخشاشتۇر.
قاچانكى سەل كەلسە، ئۇ ئاۋاتلىق بىلەن
ۋەيرانلىقنى تەڭ باسىدۇ.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنى غەزەپ لەشكىرى
مەغلۇپ قىلدى. ئۇ بۇ دىيارنىڭ خەلقىگە
زالىملىق قىلىش ئۈچۈن قورغان تەرىپىگە
قاراپ ئېتىنى سۈردى. ئاسمان قورغىنىغا
سىرتماق سالماقچى بولغاندەك، توپ - توپ
قوشۇنلىرى بىلەن شۇ تەرەپكە يۈرۈش
قىلدى. گوياكى چىرىك دەرياسى چايقالدى.
ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنى خۇددى مەشق

بەتلىرىنى قارا سىياھ باسقاندەك، يەر يۈـ
زىنى قاپلىدى. بۇ قوشۇن قورغاننى قورـ
شاش ئۈچۈن تۇشمۇ - تۇشتىن نەچچە داپـ
قۇر (قېتىم) يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قورغان
ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ شاۋقۇن - سۈرەن
سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرىـ
نى سۈرى ئىسراپىلنىڭ ئاۋازىغا، بەلكى
قىيامەتنىڭ غەۋغاسىغا ئوخشايتتى. بۇ قوـ
شۇن تەپتارتماستىن كېلىپ، گويا ئاسـ
ماننىڭ ئايلانمىسى يەر يۈزىنى ئىھاتە
قىلغىنىدەك، قورغاننى قورشاپ ئۇنىڭ ئەتـ
راپىغا چۈشتى.

ھەي ساقى، ماڭا ئاسماندەك بىر قەـ
دەھ كەلتۈر. ئۇنىڭغا شەپەقتەك گۈل رەڭلىك
شاراب تولدۇرغىن. كۆرۈپ باقاي، بۇ
نەيرەڭۋاز قورغان (كۆك) يەنە قانداق
ئويۇنلارنى كۆرسىتىدىكىن؟ نەزمە:

كېتۈر ساقى، قەدەھ ئانداغكى گەردۇن،
شەفەقتەك بادە سالىپ ئاندا گۈلگۈن.
كۆرەيكىم بۇھىسارى لۇئبەتسىڭ باز،
يانا نې نەۋئى تا لەئب ئەتكەي ئاغاز.

* * *

سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇـ
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەبـ
بەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادـ
لىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق،
غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋاـ
يەت قىلىدۇ:

ئۇ نەيرەڭۋازلىق قورغىنىنىڭ قەلئەـ
دارى نەيرەڭنىڭ يۈزىنى مۇنداق ئاچتى:

ئەلقىسسە، خۇسرەۋ پەرۋىز قورغاننى
قورشىۋالدى. ئۇنىڭ ئاداۋەت ئوتى بارـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غانىىرى كۈچەيدى. قوشۇنلار چۇمۇلە توپىدەك
يەرنى قىزىپ سىپى ئۈزۈلمەي يېتىپ
كەلدى. خۇسرەۋ قوشۇن ئەتراپىغا خەندەك
قازدۇردى. خەندەكنىڭ بىشىغا بىر مۇنار
ياسىدى. بۇ مۇنار گوياكى ئۇ پەرى سۈپەت-
لىكنىڭ قورغاندىكى بايلىقلىرىغا ساندۇق
بولدى. ئەرمەن قەلئەسىنى قورشىۋالغان
قوشۇن، قەلئە ئەتراپىدىكى قورغانغا ئوخ-
شاش قۇببە ئەتراپىغا قالقان بولغانىدى.
ئەلقىسسە، قورغان ئەھلى بۇ ئەھ-
ۋالدىن خەۋەر تېپىپ، كۈندۈزى ئاۋاز
چىقارماي، كېچىسى تاكى تاڭ ئاتقۇچە
يىغان چېكىپ چىقاتتى. ئۇلار شام ۋە پانۇس-
لارنىڭ يورۇقى بىلەن قورغاننى مەشئەل-
دەك روشەنلەشتۈرگەنىدى. پەرھاد قوشۇن-
نىڭ يېقىنلىشىشى مۇمكىن بولمايدىغان
يەرگە ئورۇنلاشقانىدى. دۈشمەن قوشۇنى
ھەر تەرەپتىن مىڭ گەزىراقلىقتا چۈش-
كەن بولسىمۇ، پەرھاد ئاتقان تاشلار ئۇلارغا
چاقماق تېشىدەك تېگىپ، شىرلارنىڭ بېشى-
نىمۇ ئۇچۇراتتى. ئەگەر مىڭ غۇلاچ يىراق-
لىقتىكى بىر تال كۆكنار ئۇرۇقىنى نىشانغا
ئالسا، ئۇنىڭ تېشى شۇ نىشانغا دەل تېگەت-
تى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇنىڭ
ئاتقان تېشى ئىلبىرىس تېغىغا تەگسە، تاغ
كۆكنار ئۇرۇقىدەك چېچىلىپ كېتەتتى. ئې-
تىش ئۈچۈن ئۇ ھېسابسىز تاشلارنى يونۇپ
تەييارلىغانىدى. لېكىن پەرھاد بۇ ئىشلارنى
مۇۋاپىق كۆرمەيتتى. مۇنداق قىلىشتىن
مەقسىتى، پەقەت دۈشمەن گۇرۇھىنى قور-
قۇتۇپ ئۆزىنى سالامەت ساقلاش ئىدى.
بولمىسا بىر پاشىنىڭ قانىتىغا ئازار يەتكۈ-
زۈشمۇ ئۇنىڭ شەنىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى.
بىرەر كىشىگە ئەلەم قىلىش— ئۇ بىچارىنىڭ
ئىشى ئەمەس ئىدى. جېنىغا يەتكەن ۋەھ-
مە ئۇنىڭ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇشىغا سەۋەب
بولغانىدى. كىشى جانانغا بولغان مۇھەببىتىگە
ۋاپا قىلىش ئۈچۈن جېنىنى بېغىشلىغان
بولسا، ئۇ جانىنى قانداقمۇ دۈشمەنلەرگە
پىدا قىلسۇن؟ ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن دۈشمەن-
لەر قورقۇپ، دوستلار خۇشال بولاتتى.
ئۇ قېشىغا كەلگەن ئاجىزلار ئۈچۈن كۆز-
ياش تۆكۈپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتەتتى. يوق-
سۇللارغا مەرھەمەت قىلاتتى. بىراۋنىڭ
ئايىغىغا تىكەن كىرسە، ئۇنى كىرىپىكىنى
يىڭنە قىلىپ چىقارماقچى بولاتتى. پەرھاد
يۇقىرىقى ئەھۋالدا ئىدى.
ئەمما خۇسرەۋ پەرھادنى يوقىتىش
كويىدا ھەرىكەت قىلاتتى. كېچە - كۈندۈز
ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇزرۇك ئۈمىد
بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. «بىر ئىلاج قىلىپ پەر-
ھادنى ئارىدىن يوق قىلغاندىلا، ئۇنىڭدىن
كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولۇپ، قورغاننى ئېلىش
ئاسانغا چۈشىدۇ» دەپ ئويلايتتى. پەرھاد-
نىڭ كارامەتلىرىنى كۆرگۈچىلەر يۈز بەر-
گەن بۇ ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئىزھار قىلسا
بۇنى ئاڭلىغان خۇسرەۋ ئەجەبلىنىش ۋە
غەزەپتىن بېشىنى ئىرغىتاتتى. ئاخىرى ھەر-
قانداق قىيىن ھىيلە - مىكىر بولسىمۇ ئۇنىڭ
ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان بىر ھىيلىگەر
تېپىلدى. قاچانكى، ئۇ مىكىر - ھىيلىسىنى
كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئىبلىسمۇ ئۇنىڭ ئال-
دىدا پەمسىز بىر شاگىرتقا ئايلىنىپ قالاتتى.
خۇسرەۋ ئۇنىڭغا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپ:
— بىز بۇ مەجنۇننى ھالاك قىلىشنى
خالايمىز. ئەگەر سەن بۇ ئىشقا چارە قىلا-
لىساڭ، ھېسابسىز خەزىنىلەرنى بېرىمىز، —
دېدى. ھېلىقى ھىيلىگەر:
— مەن ئۇنى مىكىر - ھىيلە بىلەن
قولغا چۈشۈرەلەيمەن. ئۇ بىھوش بولۇپ،

ھازىر مەقسەت قورغىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلـ
ئۆلۈكتەك يىقىلىدۇ. لېكىن ئۇنى بۇ يەرگە
ئېلىپ كېلىشكە چارەم يوق - شۇڭا بۇ ئىشقا
ئاجىزمەن، — دېدى خۇسرەۋ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئۇنى بىھوش قىلالىساڭ،
كەينىڭدىن ساۋۇت ① كىيگەن يۈز كىشىنى
ئەۋەتىمەن. ئۇلار پەرھادنى ھوشىدىن كەتـ
كەن ھامان تېزلىك بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ، —
دەپ ئۇ زالىم شاھ ۋەدە بەردى. يولدىـن
ئازغان بۇ مەككار تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ
ئىشقا قەدەم قويدى. ئۇ ئۆزىنى كۆرۈنۈشتە
غەمكىن، قايغۇلۇق كۆرسىتىـپ مەجنۇن
سۈپەتكە كىرىپ يولغا راۋان بولـدى. ئۇ
ۋادىدىن بىر خۇشپۇراق گۈلنى ئۈزۈپ،
ئۇنىڭغا ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسىنى چاچتى-
دە، پەرھاد تەرىپىگە قەدەم قويدى. بۇ مەكـ
كار دىۋانىلارچە قەدەم تاشلاپ، ئاشىقانە
ئاھ تارتتى. شۇنداق ئاھ تارتتىكى، ئاھ
تارتقاندا گويا ئاغزىدىـن ئوت ئۇچقۇنلىرى
چىقىۋاتقاندەك بولاتتى.

ۋاقتىكى، پەرھاد بىر دىۋانە ئاشىقنىڭ
پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ
دەردلىك كۈيلىرىنى ئاڭلاپ، سەۋرى -تاقەت
قىلالماي ھوشىدىن كەتتى. كۆڭلىنىڭ ئارا-
مسىزلىقى جېنىغا يەتتى. خاراب بولغان
جېنىنىڭ ئوتى كۆڭلىگە تەگدى ئاخىر
پەرھاد ئۇنىڭغا:

— ھەي دەرد ئوتىدىن يالقۇن
چاچقۇچى، ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ مېنىڭ
ئوتلىرىمنى يالقۇنلاندۇرۇۋەتتى. نېمە سەۋەبـ
تىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ قەيەردىـن
كەلدىڭ؟ قايسى ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشقىدا
بۇنداق تەلۋىلىككە گىرىپتار بولدۇڭ؟
ماڭا بۇ ئىشق ئوتى تېغ ئۇرۇپ ۋۇجۇ-
دۇمنى ئۆرتىۋەتتى. دىلىڭ نېمە ئۈچۈن
ۋە قايسى سەۋەبتىن چاك بولـدى؟ ماڭغۇ
پەلەكتىن بۇنداق جەبىر -زۇلۇم يەتتى. سەن
نېمىدىن نالە - پىغان قىلىسەن؟ ماڭغۇ
ھىجرانلىقنىڭ ئوتى نېسىپ بولدى، سېنىڭ
ھىجرانلىق ئوتىدا مۇنچىلىك ئۆرتىنىشىڭنىڭ
سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭ جىسمىمنىغۇ ئىشق
ئوتى نابۇت قىلدى، سەن نېمە سەۋەبتىن
بۇ قاتارلىق ئاھ تۈتۈنلىرىنى چىقىرىسەن؟—
دېدى. ھېلىقى ھىيلىگەر بازار تېپىپ
پەرھادقا تېخىمۇ كۆپ ئازار يەتكۈزۈشكە
باشلىدى:

— ھەي ئىشق ئەھلىنىڭ پادىشاھى،
قايغۇلۇق كەمىنە پالانى ئىقلىمدىن بولىمەن
ھەممە ئىشلاردىن قول ئۈزگەنىمەن تەڭرى-
نىڭ ھۆكمى ۋە پەلەكنىڭ تەقەززاسى
مېنى بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا
قىلىپ، بۇ ئەلدىكى بىرسىنىڭ ئىشقىدا بىچا-
رە ئەيلىدى. ئۇ دىلرەبانى يىراقتىن
گاھى ئاشكارا، گاھى پىنھان كۆرۈپ تۇراتـ
تىم، ئۇنىڭ ھىجرانىدا ھەرقانچە زار ۋە
غەمكىن بولسامۇ، يىراقتىن كۆرۈشۈم
بىلەنلا يەنە خۇشال بولاتتىم. تەڭرى خۇسـ
رەۋگە جازا بەرسۇن، ئۇنىڭ بالاسىنى بۇ
مەملىكەتتىن يىراقلاشتۇرسۇن! چۈنكى
خۇسرەۋ شۇ كۈنلەردە بۇ شەھەرگە چېرىك
تارتىپ كەلگەچكە شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالدى
ئۇ گۈل بەرگىدەك كۈلۈپ تۇرغان گۈزىلىم
قورغان ئىچىدە. قالدى مەن بولسام بۇ باياۋاندا
ھىجرانلىقتا قالدىم. مەن بىر غېرىب ناتىۋانـ
مەن، مېنى كىشىلەر تونۇمايدۇ. ھېچقانداق
ئاشنا، دوست، مەدەتكارىم يوق. قورغان
تەرىپىگە باراي دېسەم، ئۇ زالىمنىڭ
زۇلمىدىن بېشىمغا ئوق بىلەن تاش ياغىدۇ.

① ساۋۇت — ئوق، تىغ ئۆتمەيدىغان ئۇرۇش كىيىمى.

uyghurkitap.com



ماي، بۇ دەردۇ - غەمدىن ئۆلۈشكە ئازلا قال-
غاندىم، چۈنكى بۇ دەردىمنىڭ دىشۋارلىقى-
دىن باشقا ھەمدەممۇ يوق، سېنى ئىشىق
دەشتىنىڭ يول باشلىغۇچىسى ۋە خار - زار-
لىق ئۆلكىسىنىڭ خۇسرەۋى، دەپ ئاڭلىدىم.
بۇ قىيا تاشنى ماكان قىلىپ، شاھ تەختكە
ئولتۇرغىنىدەك، تاش ئۈستىگە ئورۇنلىشىپ-
سەن، ئەل چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان ھال -
ئەھۋالىمنى ئېيتىش ئۈچۈن ئالدىڭغا كەل-
دىم. مەن ئىشق چاڭگىلىدا پەرياد چېكىپ
ھىجران ئازابىدىن ھەر نەپەستە دادلايمەن.
ئىشق ئوتىدا خەس - خەشەككە ئوخشاش
يېنىۋاتىمەن، مېنىڭ غېرىب ۋە تەنھالىقىمغا
ھېچېكىم تەڭلىشەلمەيدۇ، — دېدى.

پەرھاد بۇ مەككارنىڭ ئاھۇ - زارىنى
ئاڭلاپ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. پەر-
ھادقا ئۈزىچىلىك گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھاجى-
تى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان ھىيلە - مى-
كىرلىرىدىن يۈزمىڭدىن بىرسىمۇ پەرھادقا
كۆپايە قىلاتتى. ھېلىقى سۆزلەرنىڭ تەسىرى-
دىن پەرھادنىڭ ئىشق يالقۇنى كۆككە ئۆر-
لىدى. كۆز ياشلىرى دەشتكە سەلدەك ئاقتى.
ئۇ ھىيلىگەر ئۆزىنىڭ مالالىقتا قالغانلىقىنى
شەرھىلەۋاتقاندەك بىر خىل ئاۋاز بىلەن
خۇددى ئاشىقلىق توپىلىدىن پەرىشان ئەھ-
ۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىگە ئوخشاش
«ھۇ» تارتىپ، شۇنچىلىك غەۋغا قىلدىكى،
ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ قايغۇلۇق جىسمى-
زە ئېيلىشىپ يىقىلدى. يىقىلغان گەۋدە ئۈس-
تىگە ھېلىقى ھىيلىگەر دىۋانىلەردەك دىۋانە
ئەمەس، بەلكى يېقىلغان شام ئۈستىگە يۈگۈر-
گەن پەرۋانىلەردەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، پەر-
ھادنىڭ ماجالسىزلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ
دىمىغىغا ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى سېپىلگەن
گۈلنى تۇتۇپ ھوشىدىن كەتكىچە بىردەم
تۇختاپ تۇردى. پەرھادتا ھوشتىن ئەسەر
قالمىغىنىدىن كېيىن ھىيلىگەر ئورنىدىن
تۇرۇپ پەرياد چەككەن قىياپەتتە يوشۇرۇ-
نۇپ ياتقان قوشۇنغا ئىشارەت قىلدى.

ئەلقىسسە، شاپۇر بىر تاشنىڭ ئۈستىدە
ئۇخلاپ چۈش كۆردى. چۈشىدىن پەرىشان
ھالدا سەسكىنىپ ئويغاندى. ئۇ ئالدىراپ
ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاد تەرەپكە قارىدى. پە-
رىشتە سۈپەتلىك پەرھادنىڭ ھوشىدىن كەت-
كەنلىكىنى، ئۇنىڭ قېشىدا شەيتانغا ئوخشاش
بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە بىر
دىۋىنىڭ پەرھادنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى
پەملىدى. شاپۇر ئىشىنىڭ قولدىن كېتىپ
قالغانلىقىنى بىلىپ پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا
يىغلىغان ھالدا قىيادىن بىر ئېغىر تاشنى
قومۇرۇپ ئالدى. ئۇ ئېگىزرەك يەرگە ئورۇن-
لاشقان بولۇپ، ئاستىدا ھېلىقى ھىيلىگەر
شاپۇردىن خەۋەرسىز تۇراتتى. شاپۇر قومۇ-
رۇپ ئالغان تاشنى ئۇ مەككارنىڭ بېشىغا
كۆچەپ ئاتتى. مەككارنىڭ ئاۋۋال مېڭىسى
پاچاقلىنىپ، ئاندىن كېيىن جېنى چىقتى.
بۇ تاش بىلەن ئۇ قاتتىق باش پاچاقلاندى،
گويىاكى «باشنى تاش يەنچىيدۇ» دېگەن
ماقالدەك بولدى نەزمە:

ئانىڭدەك ئۇردى ئول تاش بىرلە ئانى،
كى ئەۋۋەل مەغزى سوڭرا چىقتى جانى.
ئۇشالدى تاشى بىرلە ئول قاتىغ باش،
مەسەلدۇركىم: «ئۇشاتۇر باشنى تاش».

مەككار خەستە پەرھادقا ئاپەت يەتكۈز-
گەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاپەتنىڭ مۇكا-
پاتىنى ئالدى.

يامان نىيەت بىلەن مەككارنىڭ ئار-
قىسىدىن كەلگەن قوشۇن جاپاكەش پەرھاد-
نىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. بىرى «پەرھادنى

سۆرەپ خۇسرەۋنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارايلى» دېسە، يەنە بىرى بېشىنى ئېلىپ بېرىپ خۇسرەۋنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزەيلى، دەيتتى. لېكىن ئۇلار پەرھادنىڭ جامالىنى كۆرۈپ زۇلۇم قائىدىسىنى ئۇنۇتتى. ئۇنى يۈز ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۆتۈرۈپ خۇسرەۋ تەرىپىگە يۈزلەندى. ئەمما پەرھاد ھىجران ئازابىدىن ئۆلۈكتەك ھوشسىزلىنىپ قالغانىدى.

شاپۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدى. ئۇ تاغلار ئارىسىدا ئاھۇ ـ پىغان چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تاغلارمۇ نالە ـ زار قىلىپ ئەكس سادا قايتۇراتتى. پەلەك پەرھادقا شۇنداق زۇلۇم قىلغانلىقتىن، قورغان ئەھلىگە گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى گۈلدەك گۈزەل شىرىن بىلىپ قالمىسۇن، دەپ يوشۇراتتى. ئەگەر شىرىن ئاڭلاپ قالسا، ئۆزىنى شەكسىز ئۆلتۈرەتتى.

مۇشەققەت تېغىدا روزىغارىدىن ئايرىلغان پەرھادنى ئەسىر قىلىپ، تېزلىكتە خۇسرەۋنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. پەرھادتىن ئىبارەت بۇ مۇكاپاتنى شاھقا يەتكۈزۈپ يارماق ئېلىش ئۈچۈن قالقانلىرىنى تۇتتى. ئۇلار پەرھادنى تۇتۇپ گويا تاغنى تالقان قىلغاندەك بولدى.

ھەي ساقى، قەدەھ كەلتۈرگىن! چۈنكى مەن بىناۋا بولۇپ قالدىم. خۇمار، ھىجران ئىلكىگە مۇپتىلا بولدۇم. مېنى ئۆز ئەھۋالىنى بىلىشتىن يىراقلاشتۇر. ھوشۇمنى قانچە يوقاتقانسېرى شۇنچە بىھوش قىل. نەزمە:

كېتۈر ساقى، قەدەھكىم بىنەۋامەن،
خۇمارى ھەجر ئېلىگە مۇبتەلامەن.
مېنىڭ ھالىمنى ئاڭلاردىن يىراق قىل،
نېچە بىھۇش ئېسەم، بىھۇشراق قىل.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ھەم مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ بىخۇدلۇق يولىنىڭ ھوشيارى مەنىلەرگە شۇنداق نەقىش بەردى:

ۋاقتىكى، ھىلىقى ھالاكەت گۇرۇھى پەرھادنى خۇشال ھالدا شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. خۇسرەۋ بۇ ئىشتىن كۆپ خۇرسەنت بولۇپ، ئۇلارغا شاھانە سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. خۇسرەۋنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ مەجنۇنغا ئېغىر غول سېلىپ ئىككى قولىنى زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلىدى. قىسقىسى، پۈتۈن ئەزاسىنى زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن باغلاپ تاشلىدى. ئاندىن بىر تېۋىپ تېپىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ھېكىم ئۇ ناتىۋاننى دەرھال ھوشىغا كەلتۈردى.

پەرھاد ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ مەجنۇنغا ئوخشاش زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن بەند قىلىنغانلىقىنى كۆردى. ئۇ جايدا شاھانە بىر بارگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سىپاھلار تۇراتتى. بارگاھنىڭ تۆرىدە بىر ئالىي تەخت، تەخت ئۈستىدە بىر پادىشاھ ئولتۇراتتى. شاھنىڭ ئاستىدا كەيانىلارنىڭ تەختى، بېشىدا شاھلىق تاجى بارئىدى. پەرھاد ئەتراپىغا قاراپ بېشىنى ئىرغىتىپ قوللىرىنى سىلكىپ كۆردى. گاھى ئىشق قائىدىسى بويىچە غەيرەت قىلىپ،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گاھى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەيران-لىقتا قالاتتى. ئۇ:

— جاپاكەش پەلەك مېنى بۇ ئىشقا دۇچار قىپتۇ، — دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ئانچە رەنجىپ كەتمەي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇردى. پەرھاد ئەدەب ـ ئەخلاق قائىدىسى بويىچە مەجلىس ئەھلىگە تەزىم بىلەن بېشىنى ئەگدى، لېكىن سۆز سورىمىغانلىغا جاۋاب بېرىش قائىدىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. شۇڭا ئېغىز ئاچماي كۆزىنى يەرگە تىكتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن خۇسرەۋنىڭ ھالىتى ئۆزگىرىپ ئىشق ئوتى قەلبىگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پەرھادنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندى. ئۇنىڭغا قاراپ سوئالغا تىل ئاچتى. پەرھاد زار ـ ناتىۋان، مۇۋاپىق جاۋاب بەردى. نەزمە:

دېدى: قايدىنسەن ئەي مەجنۇنى گۇمراھ؟
دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ؟
دېدى: نېدۇر ساڭا ئالەمدە پېشە؟
دېدى: ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.
دېدى: بۇ ئىشدىن ئولماس كەسب روزى،
دېدى: كەسب ئولسە بەسدۇر ئىشق سوزى.
دېدىكىم: ئىشق ئوتىدىن دە فەسانە!
دېدى: كۆيمەي كىشى تاپماس نىشانە.
دېدىكىم: كۆيمەكىڭنى ئەيلە مەئلۇم!
دېدى: ئاندىن ئېرۇر جاھ ئەھلى مەھرۇم!
دېدى: قاي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست؟
دېدى: روھ ئېرمەس، ئېردى تەنگە پەيۋەست.
دېدى: بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل!
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل!
دېدى: ئاشىقغە ئەتىش كۆپ قىلۇر زور؟
دېدى: فۇرقەت كۈنى ئىشقى بەلا شور.
دېدى: ئىشق ئەھلىنىڭ نېدۇر ھەياتى؟
دېدى: ۋەسل ئىچرە جانان ئىلتىفاتى.
دېدىكىم: دىلبەرىڭىنىڭ دە سىفاتىن!
دېدى: تىل غەيرەتىدىن تۇتمان ئاتىن.
دېدىكىم: ئىشقىغە كۆڭلۈڭ ئورۇندۇر،
دېدى: كۆڭلۈمدە جاندەك ياشۇرۇندۇر.
دېدى: ۋەسلىغە بارسەن ئارزۇمەند؟
دېدى: بارمەن خەيالى بىرلە خۇرسەند.
دېدى: نۇشى لەبىدىن تاپقاي ئەل بەھر؟
دېدى: ئول نۇشدىن ئەل قىسمىدۇر زەھر.
دېدى: جانىڭنى ئالسە، لەئلى يادى؟
دېدىكىم: ئۇشبۇدۇر جانىم سورادى.
دېدى: كۆكسۈڭنى گەر چاك ئەتسە بىباك!
دېدى: كۆڭلۈم تۇتاي ھەم ئەيلە دەپ چاك!
دېدى: كۆڭلۈڭ فىدا قىلسە جەفاسى؟
دېدى: جانىمنى ھەم ئەيلەي فىداسى.
دېدىكىم: ئىشقدىن يوق جۇز زىيان بۇد؟
دېدى: بۇ كەلدى سەۋدا ئەھلىغە سۇد.
دېدى: بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقدۇر؟
دېدى: بۇ شيۋە ئاشقدىن يىراقدۇر!
دېدى: ئال گەنجى، قوي مېھرى نىھانى،
دېدى: تۇفراقغە بەرمەن كىمىيانى!
دېدى: جانىڭغە ھىجران كىنە كەشدۇر،
دېدى: چۇن يار ۋەسل ئومىدى خۇشدۇر.
دېدىكىم: شەھغە بولمە شىركەت ئەندىش!
دېدى: ئىشق ئىچرە تەڭدۇر شاھۇ دەرۋىش!
دېدى: جانىڭغە بۇ ئىشدىن ئەلەم بار،
دېدى: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەمبار؟!
دېدى: كىشۋەر بېرەي، كەچ بۇ ھەۋەسدىن!
دېدى: بىچارە، كەچ بۇ مۇلتەمەسدىن!
دېدى: ئىشق ئىچرە قەتلىڭ ھۆكمىن ئەتكۈم
دېدى: ئىشق ئىچرە مەقسۇدۇمغە يەتكۈم.
دېدى: بۇ ئىشدە يوق سەندىن يىراق قەتل،
دېدى: بۇ سۆزلەرىڭدىن ياخشىراق قەتل.

خۇسرەۋە پەرھادتىن:

— ئەي يولدىن ئازغان مەجنۇن،

نەددن بولسەن؟ — دەپ سورىدى. پەرھاد جاۋاب بېرىپ:

—مەجنۇننىڭ ۋەتەندىن قانداق خەبەرى بولسۇن، — دېدى.

— سېنىڭ جاھاندا ھۈنىرىڭ نېمە؟

— ھۈنىرىم دائىم ئىشق ئىچىدە مەجنۇنلۇقتۇر.

— بۇ ئىشقتىن ئاخىرى تىرىكلىكىڭ پۈتمەيدۇغۇ؟

— ئىشقنىڭ كۆيدۈرۈشى نېسىپ بولسىلا شۇ يېتەرلىك.

— ئىشق ئوتىدىن ھېكايە سۆزلەپ بەر.

— كىشى كۆيمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نىشان تاپالمايدۇ.

— كۆيمەكلىكىڭنى بىزگە مەلۇم قىل.

— كۆيۈشتىن تاج ئىگىلىرى مەھرۇمدۇر.

— قاچاندىن بېرى ئىشق بىلەن مەست بولدۇڭ؟

— تېخى جېنىم بىلەن تېنىم بىرلەشمىگەن ۋاقىتتىن بېرى.

— سەن ئەمدى بۇ ئىشقدىن كەچ!

— سەن بۇ سۆزۈڭگە توۋا قىلغىن!

— ئاشىققا ئەڭ ئېغىر كۆلپەت كەلتۈرگۈچى نەرسە نېمە؟

— ھىجرانلىق كۈنلىرىدىكى بالا كەلتۈرگۈچى مۇھەببەت.

— ئىشق ئەھلىنىڭ تىرىكلىكى نېمە؟

— يارغا يېتىشكەن چاغدىكى جانانىڭ ئىلتىپاتى.

— دىلبىرىڭنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگىن.

— ئۆز تىلىمدىن رەشك قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتىمايمەن.

— ئىشقنىڭ ئورنى سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ كۆڭلۈمدە جېنىمدەك يوشۇرۇن.

— ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانسەن؟

— خىيالى بىلەنلا خۇرسەنمەن.

— ئۇنىڭ ھەسەلدەك لېۋىدىن باشقىلار بەھرە ئالسا نېمە دەيسەن؟

— ئۇ ھەسەلدىن باشقىلارغا تەقسىملەنگىنى پەقەت زەھەردۇر.

— ياقۇت رەڭلىك لەۋلەرنىڭ خىيالى جېنىڭنى ئالسىچۇ؟

— جېنىمنىڭ ئىستىكىمۇ شۇ.

— ئەگەر ئۇ پەرۋاسىزلا كۆكسۈڭنى يارسىچۇ؟

— كۆڭلۈمنىمۇ يارغىن، دەپ تۇتىمەن.

— ئۇنىڭ جاپاسى كۆڭلۈڭنى ئۆزىگە پىدا قىلىشنى ئىستىسە، نېمە قىلىسەن؟

— جېنىمنىمۇ پىدا قىلىمەن.

— بۇ ئىشقتا زىياندىن باشقا ھېچنەرسە يوققۇ؟

— ئاشۇ زىياننىڭ ئۆزى ئىشق ئەھلىنىڭ پايدىسىدۇر.

— بۇ ئىشقتىن ۋاز كەچكىنىڭ ياخشىراقمىكىن؟!

— بۇنداق ئادەت ئاشىقلاردىن يىراقتۇر.

— خەزىنە بېرەي، بۇ ئىشقنى قوي.

— ئالتۇننى تۇپراققا تېگىشمەيمەن.

— ھىجران جېنىڭغا ئاداۋەت قىلىدۇ.

— يار ۋەسلىدىن ئۈمىد كۈتۈش ياخشىراقتۇر.

— شاھقا شېرىك بولمەن دەپ ئويلىما،

— ئىشق ئىچىدە شاھ بىلەن دەرۋىش تەڭدۇر.

— بۇ ئىشتىن جېنىڭغا ئازاب يېتىدۇ.

— ئىشق ئىچىدە كىممۇ جېنىدىن غەم قىلىدۇ؟!

كىتاب نۇر بىكىتى www.uyghurkitap.com

— بۇ ھەۋىسىڭدىن كەچكىن، ساڭا يۇرت بېرەي.

— ھەي بىچارە، سەنمۇ بۇ ئۇلتىراسىڭدىن كەچكىن.

— بۇ ئىشق ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن!

— ھە، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا تىلىكىمگە يەتكەن بولىمەن.

— بۇ ئىشتا ئۆلۈمدىن يىراق ئەمەسسەن.

— بۇ سۆزلىرىڭدىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراقتۇر.

ئەلقىسسە، خۇسرەۋنىڭ خىتابلىرى قانچە قىيىن بولغانسىرى پەرھاد شۇنچە ئاسانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ۋاقتىكى، خۇسرەۋ پەرھادنىڭ مەرۋايىت چاچقاندەك پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىدى-دە، ئىچىگە بىر ئوت چۈشۈپ ھوشىنى يوقىتىشقا ئاز قالدى. ئوتخانىدىن چىققان يالقۇندەك تىلى بىلەن:

— مۇنداق رەزىل، پەس بىر كىشى گەرچە باشتىن ئاياغىچە زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىپ ھاياتلىق نوتىسى سىنىغان تۇرۇپمۇ مەندەك بىر شاھنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەدەبسىزلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق تاغلار، ۋادىلاردا يۈرگەن گادايغا جازا بېرىشىم لازىم. چۈنكى باشقىلارمۇ سۇلتانلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولسۇن، — دېدى. زالىم شاھنىڭ پەرمانى بىلەن قورغاننىڭ ئالدىغا بىر دار ياسالدى. خۇسرەۋ تۆۋەندىكىچە پەرمان قىلدى:

— پەرھادنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىنىپ، دارغا ئېسىلسۇن. لەشكەرلەر ئۇنى دار ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ كۆكلەم يامغۇرىدەك ئوققا تۇتسۇن. خەلق بىرقانچە كۈن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇنىدىن كېيىن گادايلار شاھلار بىلەن تەڭلىشىمەن، دېمەسۇن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دوزاخ ئوتىدەك يالقۇنلۇق ئوت يېقىلىپ، پەرھاد كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن. ئۇ ئوت يالقۇنلىرىنىڭ توپانى ئىچىدە غەرق بولسۇن. كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغاندا كۈلى كۆككە سورۇلسۇن. دۇنيادىن ۋۇجۇدى يوقىلىپ جاھاندىن نامى ئۆچۈپ كەتسۇن.

پەرھاد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز ئاچتى:

— ئەي پادىشاھ، دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالدىم، دەپ تەسەۋۋۇر قىلما، بۇ قىلغان ھۆكمىڭ ئەسلىدە مېنىڭ تىلىكىم ئىدى. مېنىڭ مەقسىتىم ئىشقۋازلىق يولىدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش ئىدى. ئۇلۇغ تەڭرى بۈگۈن مۇرادىمغا يەتكۈزدى. سېنىڭ غەزەپ بىلەن قىلغان جەۋرى-زۇلمىڭ ماڭا يۈز ئويۇن-كۈلكىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھىجران ئازابىدا ھەردەم يۈز ئۆلۈپ تىرىلەتتىم. ھىجرانلىق تىغى ئۆزگە-ئۆگىلىرىمنى ئاجرىتىپ تاشلايتتى. ئەمدى مېنى يوقلۇق يولىغا ئەۋەتىسەن. بىر قېتىم ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇ ئازابلاردىن بىر يولى قۇتقۇزىسەن. جېنىم تېنىمدە بولغانلىقىدىن ماڭا ھەممىشە ئازار يېتىپ تۇراتتى. شۇڭا سۆڭەكلىرىمنىڭ دارغا ياغاچ بولغىنى مۇۋاپىق. چۈنكى، بۇ داردىن ماڭا يۇقىرى مەرتىۋە ھاسىل بولۇپ جېنىم ئاداۋەت دارىدىن قۇتۇلىدۇ. يەنە مېنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇشقا ھۆكۈم قىلدىڭ. لېكىن ماڭا ھىجران قوشۇنى ھەممىشە ئوق يامغۇرىنى ياغدۇرىدۇ. جۇدالىق ۋە ئاشىقلىق بىلەن داۋاملىق ئوق

يامغۇرىنىڭ بالاسىغا قالغانمەن. ئەگەر سېنىڭ
ئوقلىرىڭ ماڭا تەگسە، مەن باشقا بالا ئوق-
لىرىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن. يەنە سەن مې-
نى كۆيدۇرۇپ كۈلۈمنى كۆككە سورۇشقا
ئەمرى قىلدىڭ. ئەمما سەن تېخى پىراق
ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ باقمىغان ئىكەن-
سەن. لېكىن مېنى بۇ ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى
پەلەك ئايرىلىش ئوتىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ
ئۇچقۇنلىرى دوزاخ ئوتىدىن كۈچلۈكرەك-
تۇر. مېنى كۆيدۇرۇش ئارقىلىق بۇ دوزاخ-
دىن خالاس قىلىپ، خۇشاللىق جەننىتىگە
يەتكۈزگەن بولىسەن. ئىبراھىم خەلىلۇللاغا
ئوخشاش ئوتۇمدىن گۈللەر ئېچىلىدۇ. تۇپ-
راقتىن ئىبارەت جىسمىم بۇنداق بەند بو-
لۇپ ياتقىچە كۈلگە ئايلانسا، ئۇ يار ئىشقى-
نىڭ شامىلىدا سورۇلىدۇ. ئۇ چاغدا كۈلۈم
قارا بۇلۇتتەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، دىل-
دارنىڭ بېشىغا سايە سالىدۇ. ئۇ بەزىدە
ھىجرانلىق ياشلىرىدىن يېغىن ياغدۇرسا،
بەزىدە پىراق ئوتىدىن چاقماقتەك ئاھ
تارتقۇزىدۇ. ئۇ يېغىن يار پۇرگەن جايلار-
دىن ياپيېشىل مايسىلارنى ئۈندۈرسە؛
چاقماقلار يارنىڭ باغ ۋە تاغلىرىنى يورۇ-
تىدۇ. ئەمدى، جەبرى قىلغۇچى شاھ مەن-
دەك غېرىب ناتىۋانىنى جازالىماقچى. مەن
ئاشىقلىقتا جېنى قىينالغان، ئىشق ئوتىدىن
يۈز مىڭلىغان ئاپەتلەر يۈزلىنىپ، بېشىغا
كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەر ياغقان بىر
ئاشىق. تېز ئايلانغۇچى پەلەك مېنى ئىشق
جاپاسىغا گىرىپتار قىلىپ قويدى. بىراق
خەلقتىن مېنىڭ سۆيگۈ سۆزلىرىمنى ئاڭلى-
غان بىر شاھنىڭ ئۆزىنى مەندەك بىچارىگە
رەقىب قىلىۋالغانلىقى تولىمۇ ئەجەبلىنەر-
لىكتۇر. بىراۋ مەشۇقنى كۆرمەي تۇرۇپ،
ئۆزىنى ئاشىقلىقتا سادىق دەپ ئاتايدۇ.

قورقۇنچلۇق قوشۇنلارنى يىغىپ يۈز مىڭلى-
غان قان تۆككۈچى قىلىچلارنى ئاسمانغا
تەڭلەيدۇ. ئۇ مەشۇقىنىڭ خەلقىنى قەتلى
قىلىپ، مەملىكىتىنى تالايدۇ. بەدەنلەردىن
باش ئېلىپ، باشلاردىن تاج ئالىدۇ. شۇنداق
زور غەۋغا، ھېسابسىز قوشۇنلار بىلەن كې-
لىپ، ئۇ گۈليۈزلۈكىنىڭ مەندەك غېرىب
بىچارىسىگە شۇنداق بىر شاھ ئۆزىنى رەقىب
قىلىۋالىدۇ. تۇمەنىمىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرگە
مۇپتىلا بولغان بىر غېرىبقا قەست قىلىدۇ.
بىر ناتىۋاننى ياكى ئىلتىپات بىلەن رام
قىلالماي، ياكى ھەقىقىي زەربە بىلەن قەت-
لى قىلالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاتقان ئىككى
تېشى بىلەن دۇبۇلغا ۋە بايراق نەيزىسىنىڭ
ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنچە كۆپ
قوشۇنى بىلەن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قا-
لىدۇ. ئاخىرىدا ھىيلە - مىكىر، خىلمۇخىل
تەدبىرلەر بىلەن بىھوش قىلىپ، باشتىن-
ئايىغىچە زەنجىر بىلەن چەمبەرچەس باغ-
لايدۇ - دە، دورىلار بىلەن ئۇنى ھوشىغا
كەلتۈرىدۇ. يەنە شۇ ھالەتتىمۇ رەھىم قىل-
ماستىن جەۋرى قىلغۇچى شاھ تەنە ئار-
لاش ئۆتكۈر خەنجەردەك سوئاللارنى سو-
رايدۇ. بۇ بىچارە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئورۇن-
لۇق جاۋاب قايتۇرسىمۇ، بۇ ناتىۋاننىڭ
سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمايدۇ. ئەمدى كېلىپ
شۇ غېرىب بىچارىگە زۇلۇم قىلىشقا باشلاي-
دۇ. بۇ مۇنداق رىياسەت ئەربابىغا نىسبە-
تەن تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش! ئۇنىڭغا
شىددەت بىلەن نەچچە تۈرلۈك زۇلۇم قى-
لىدۇ - يۇ، ئۇنىڭدىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ.
خىجالەتچىلىكتە قىينىغىنىدىن، مېنى دەس-
لەپتىلا ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنى ئەلا ئىدى. بۇ
ئادىل شاھ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپمۇ ئاق-
ۋەتتى جاۋابلىرىمغا ئاجىز كېلىپ، شۇنچە

www.uyghurkitap.com

شجائەت بىلەن ئادالەت قائىدىسىنى شۇنداق كۆرسىتىدىكەن-ھە؟ بارىكاللا، ئادالەتمۇ، شجائەتمۇ شۇنچىلىك بولىدىكەن! نەزمە:

ئادالەت ئۇشبۇ بولغاي لەۋھەشەللاھ!
شجائەت مۇنچە بولغاي بارەكەللاھ!

ئىشقىنىڭ ئەسىرى بولۇشتىن ئىلگىرى چىن مۈلكىنىڭ تەختىدە ماكانىم بولغانىدى. ئەھۋالىم ئەقىل-ئىدرەك نۇرلىرىدىن يورۇغانىدى. شۇ چاغلاردا خۇسرەۋ ماڭا يولۇققان بولسا ئىدى، ھازىرقىدىن قانچە يۈز مىڭ لەشكىرى كۆپ بولغاندىمۇ، ھەممىسىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ئاتلىنىپ، ئۆمۈر تارىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا يىگىتلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەغرۇرلۇق ئوتى ئۆچۈپ، شجائەت قائىدىسىنى ئۆگىنىۋالغان بولار ئىدى. ھازىر مادارسىز، ناتىۋان، غېرىبلىقتا ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلغان بىر ئاشىقمەن. خۇسرەۋ ئاشۇ كۈنى مېنى تۇتۇش نىيىتىدە بىر توپ لەشكىرىنى ئەۋەتكەنىدى. بىر تاش بىلەن ئۇرۇپ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنلىكىم ئۆزىگە مەلۇم. ئەگەر بېشىنى نىشانلىسام ئىدى، ھۆكمۈم ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە يېتەتتى. مەن شۇ لەشكەرنىڭ قېنىدىن ھەم خۇسرەۋنىڭ جېنىدىن كېچىپ، ئامانلىق بەرگەنلىكىمدىن ئۇلار قۇتۇلۇپ قالغانىدى، ئەمدىلىكتە خۇسرەۋ مېنى قەستلەپ قاپتۇ. ھاياتلىق قائىدىسى مەندىن يىراق؛ ماڭا بۇ ھىجراندىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. چۈنكى مەن ئۆلۈمنى ھىجراندىن ئارتۇق، دەپ بىلىمەن. بۇ سۆزگە ئىزاھاتنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. مۇبادا چىن تەرىپىگە بىر شامال ئېسىپ، بۇ ئىشلارنىڭ پۇرىقىنى يەتكۈزسە، خاقان بۇ ئاۋارىسى ۋە جىگەر پارىسىدىن خەۋەر تاپسا، جىگەر پارىسىنىڭ بۇنداق غۇربەتچىلىكتە قالغانلىقىنى، يۈز مىڭلىغان ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەريادىغا ھېچكىم يەتمەي، بېشىغا بۇ قاتارلىق ئىشلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلسە، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە ئالەم تار كۆرۈنۈپ، قايغۇدىن ئۆزىگە كېلەلمەي قالىدۇ. ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن قان تۆككۈچى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ كېلىپ، ئىنتىقامىنى ئالغۇسىدۇر. بۇ مەملىكەتتە ئۇ غەۋغا چىقىرىپ، غەرب ئۈستىگە قىلىچ تارتسا، بۇ يەرلەردىكى ئادەمزاتنى تىرىك قالدۇرمايدۇ. مەدايىن شەھىرىدىن ئادەم ئۇرۇقىنى تازىلاپ، تۇپرىقىنى چىن مەملىكىتىگە توشۇتىدۇ. ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى جاھاندىن يوقىتىپ، ئورنىغا چەكسىز دەريانىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىدۇ. تاق ۋە راۋاقلار سۇ ئاستىدا غايىب بولۇپ مۇنارلار ئورنىدا قايناملار ھاسىل بولىدۇ. ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھېسابى تۈگەپ، ئورنىغا سۇ ئادەملىرى پەيدا بولىدۇ. مەن گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلىمەن، بۇ ۋەيرانچىلىقلارغا سەۋەبچى بولغان خۇسرەۋ گۇناھكار بولۇپ، يامان ئاتاق بىلەن ئۆلىدۇ. ئەگەر ماڭا زالىم پەلەكتىن يۈز مىڭ جەبىرى زۇلۇم يەتسىمۇ، بۇ سۆزلەرنى ئېسىمگە ئالماس ئىدىم. بىراق، خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ نادانلىقى — جاھاننىڭ ۋەيرانلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، تاقەت قىلالمىغىنىمدىن، سۆزلىرىم ئۇزىراپ كەتتى. خالايىق: «قورققانلىقتىن سۆزنى ئۇزارتىۋېتىپتۇ» دېمىسۇن. ئەمدى سۆزۈمنى قىسقارتىپ يارنىڭ يادى بىلەن جاھاندىن كېتىمەن، — دېدى.

ئالدىن كېيىن پەرھاد قورغانغا قاراپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ھۈرمەت بىلدۈردى ۋە بۇ ئىشى بىلەن خالايىقنىڭ جېنىغا ئوت ياقتى.

— ئەمدى، — دېدى پەرھاد، — خاھى ئاسامسىلەر، خاھى چاپامسىلەر نېمە قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار!

ئۇ شۇنىڭ بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى.

نەزمە:

دېدى: ئەمدى قىلىڭ، نېكىم قىلۇرسىز،
ئاسارسىز يا چاپارسىز، سىز بىلۇرسىز.

ئەلقىسسە، ئۇ زالىملار خۇسرەۋنىڭ ئالدىدىن پەرھادنى سۆرەپ چىقتى. ئۇنى دار ياسالغان، ئوتۇن ۋە ئوت تەييارلانغان يەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خالايىق: «بىر گۇناھسىز ناھەق ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟!» — دەپ غەلۋە-غەۋغا سېلىشقا باشلىدى. ھېلىگەر پەلەك بۇ خىل ئويۇننى تەييارلىدى. لېكىن قورغان ئەھلىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق ئىدى. خەلق بۇ ئىشنى شىرىن بىلەن مېھىنبانۇدىن مەخپى تۇتۇپ، پەرھادنى يادلاپ ئۇنىڭغا كۆيەتتى. دار ئاستىدا خاراب بولغان جىسمىنى ھەم ئۇنى ئېسىش ئۈچۈن بويىنىغا سېلىنغان تاناپنى كۆرۈپ، قەلئەدىكى خەلقنىڭ كۆڭلى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ گۇناھسىز ئاۋارە ئۆلۈشكە يۈزلەنگەندى.

بۇ تەرەپتە خۇسرەۋ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق خاس كىشىلىرى، خاس كىشىلىرىلا ئەمەس بەلكى، بارلىق ئاما ئۇنىڭ دانالىقىدىن ھەيران قالسا، بىپەرۋالىقى ۋە تەنھالىقىغا قاراپ پىغان چېكىشتى. ئۇلار: «پەرھاد مۇنداق جازاغا لايىق ئەمەس ئىدى» دېيىشەتتى. خۇسرەۋمۇ بۇ ئىشتىن نەپسىلىنىپ ھەسرەت چېكەتتى. لېكىن بۇ ئىشنى توختىتىشتىن نومۇس قىلاتتى. بۇزرۇك ئۈمىد بۇ ۋەقەنى توسۇشنى لايىق كۆرۈپ، دەرھال خۇسرەۋنى بىر خىلۋەتكە چاقىردى ۋە:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھاجەتسىزدۇر. بۇنداق مەجنۇننى بەند قىلىپ زىندانغا تاشلىماق كېرەك. ئۇنىڭ گۇناھى ئازدەك قىلىدۇ. چۈنكى تەبىئەتى دىۋانىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئەقىل يولىدىن ئېزىپتۇ، لېكىن سۆزلىرى راستەك قىلىدۇ. شاھنىڭ ئويلىنىپراق ئىش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە ئېگىزرەك تاغ ئۈستىدىن بىر جاي تېپىپ، ئۇنى شۇ جايدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىساق. ئۈچيۈز قاراۋۇل بىلەن ئىككى، ئۈچ ئايغىچە شۇ جايدا تۇتۇپ تۇرساق، ئەگەر سۆزىدە راستلىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىن غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ. مۇبادا سۆزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپساق، ئۇ چاغدا خالىغىنىمىزنى قىلىمىز، — دېدى. دانا ۋەزىر بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن خۇسرەۋ ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىشقا رازىلىق بەردى.

يېقىن ئەتراپتا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاينىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرەتتى. بۇ تاغدا ئاسماندەك مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، گۇناھكارلارنى شۇ يەرگە قاماپ ساقلايتتى. ئۇ قەلئەنى بىر دېۋە بىنا قىلغانىدى. ئۇ دېۋىنىڭ ئېتى سەلاسىل ئىدى. بۇ قەلئە كىشىلەر ئارىسىدا دېۋىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «سەلاسىل قورغىنى» دەپ شۆھرەت تاپقان ۋە ئاۋات بولغانىدى. پەرھادنى شۇ قەلئەگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ قەلئە دىلدارىنىڭ قەلئەسىگە

ئوخشايتتى. پەرھادقا ھوشيار ۋە سەزگۈر بەش يۈز قاراۋۇلنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار پەرھادنى خۇددى شاھنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ياساۋۇللاردەك ساقلايتتى.

ھەي ساقى، كەل! مەندەك مەجنۇننى مەست قىل. پۈتلىرىمنى چىچىڭنىڭ زەنجىرى بىلەن باغلا! ئەگەر مەن بۇ كىشەنگە مۇپتىلا بولسام، ۋۇجۇدۇمنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولغان بولىمەن. نەزمە:

كەل ئەي ساقى، مەنى مەجنۇننى مەست ئەت،
ساچىڭ زەنجىرى بىرلە پايبەست ئەت.
كى بۇ قەيد ئىچرە بولسە مۇبتەلالىغ،
ۋۇجۇدۇم قەيدىدىن بولغاي رەھالىغ.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەقىل بىلەن باغلانغان ھېكىم جۇنۇنلۇق دەشتىدىكى سۆز مەجنۇنىغا شۇنداق كىشەن سالدى:

ۋاقتىكى، قاراۋۇللار پەرھادنى قورغانغا ئېلىپ ماڭدى. گوياكى ئۇنىڭ يولىغا ئالماس بىلەن قۇمنى تۆكۈپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ماڭدۇرغاندەك ئېلىپ ماڭدى. مۇبادا ئۇلار بىخۇدلۇق قىلىپ پەرھادنى قاچۇرۇپ قويسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە خۇسرەۋنىڭ ھۆكمى بويىچە بەزىلىرىنىڭ بېشى ئېلىنىپ، بەزىلىرى قورغاندىن تاشلىناتتى. بۇ ھۆكۈم بىلەن ئۇلارغا ۋەھىمە چۈشۈپ، كېچە-كۈندۈز ھوشيار بولۇشقا تىرىشتى. لېكىن قاراۋۇللار پەرھادنىڭ ئاھۇ - پەريادى ۋە كۆڭلەرنى ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن غۇبارسىز ئۆتكۈزۈشكە گوياكى لەيلىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولغان مەجنۇندەك شەيدا بولۇپ قالغانىدى. مەلۇمكى، سوقرات ھېكىم پەرھادقا «ئۇلۇمى خەفىيە» ① دىن تەلىم بەرگەنىدى. شۇ ئىلىملارنىڭ ئىچىدە بىر «ئىسمى ئەزەم» ② بولۇپ، بۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتى — ئىززەت - ئىكرام تېپىش ئىدى. كىشى يۈز مىڭلىغان تۇسقۇنلۇقلار ئارىسىدا قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ نەگە يۈزلەنسە، شۇ يەردىكى تۇسقۇنلۇقلار كۈشادە بولاتتى. ئەگەر يولىدا يۈز زىنداننىڭ ئىشىكى بولسىمۇ، ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغۇچى شۇ ئىشىكلەرگە قاراپ قەدەم تاشلىسا، ھەممىسى ئېچىلىپ كېتەتتى. بۇ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغۇچى غەم - قايغۇلاردىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلى نەگە تارتسا، شۇ يەرگە بەخىرامان بارالايتتى. ئۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلغۇچى تائەت قىلىشقا ھەمىشە قادىر بولالايتتى.

ئەلقىسسە، پەرھاد شۇ ئىسمى ئەزەمنىڭ خاسىيىتىدىن تۈن كېچىلەردە ئۆزىدىكى پۈتۈن زەنجىر - كىشەنلەرنى بوشىتىپ، قۇلۇپلانغان دەرۋازىلارنى ئېچىپ چىقىپ شۇ تاغنى ئايلىناتتى. بەزىدە دەشتلەرنى كېزىپ، تاش بىلەن كۆكسىگە ئۇراتتى.

① ئۇلۇمى خەفىيە — مەخپىيلىك ئىلمى.

② ئىسمى ئەزەم — بۈيۈك ئىسىم، ئايەتنىڭ نامى.

ئۇنىڭ ئەھۋالىغا تاغلارمۇ زار-زار يىغلايتتى. ئۇ جېنىغا گۇناھسىزلىق خەنجىرىنى ئۇرۇپ، كۆڭلىنى دەرد ئوتىنىڭ ئازابىدىن خالى قىلاتتى. بەزىدە تاغ ئارىسىدا يۈز قېتىملاپ پەرياد-پىغان چېكىپ، زۇلۇم خەنجىرى بىلەن جېنىنى زەخىملەندۈرەتتى-دە، تېخى تاڭ ئاتمىغان، قاراۋۇللارنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ كەتمىگەن چاغدا ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلەتتى. پەرھاد بۇ ئىشلارنى مەخپىي تۇتاتتى. چۈنكى بۇ ئىشلار ئەل ئارىسىغا يېيىلىپ، خۇسرەۋنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇ قاراۋۇللارنى قەھرى-غەزەپ ئاستىدا قالدۇراتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە سەزدۈرمەسلىكنى، قاراۋۇللارغىمۇ خەۋەر يەتكۈزمەسلىكنى ئىستەيتتى. قاراۋۇللارمۇ بۇ سىردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئىستەكلىرىگە جان-دىلى بىلەن مايىل ئىدى. ئۇ پەلەكتە پەرۋاز قىلغۇچى ھۇما قۇشى نەگە پەرۋاز قىلىشنى خالىسا، شۇ يەرگە بارالايتتى. لېكىن پەرھاد قاراۋۇللارنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىنى زەنجىر-كىشەنگە بەند قىلاتتى.

— ھەي جانانىڭ يېگانىسى، — دەيتتى قاراۋۇللار پەرھادقا، — يۈزۈڭدە ئۇلۇغلۇقنىڭ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بەند قىلىپ، زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ ياتقىنىڭغا خۇشال بولىسەن؟ سېنىڭ بىر تال مويىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ مادارسىز جېنىمىز پىدا بولسۇن. كۆڭلۈڭ نەگە بېرىشنى خالىسا، بىزدەك قايغۇغا چۆككەن كىشىلەر تويىنى تەگرىگە تاپشۇرۇپ كېتىۋەرگىن. خۇسرەۋدىن بىزگە ھەرقانچە جەۋرى-جاپا يەتسىمۇ، ئۇنى غەنىمەت دەپ بىلىمىز. سەن تىنچ-ئامان يولۇڭغا كېتىۋەرگەيسەن.

پەرھاد ئۇلارغا:

— ھەي ناتىۋانلار، پەلەكتىن مەندەك ئازار يېگەنلەر! مۇنداق قىلىش ۋاپا ئەھلىنىڭ، خۇسۇسەن مەندەك مادارسىز ناتىۋاننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسكە كۆڭۈل بېرىپ، بىر قانچىلىگەن بىچارىلەرنى قانداقمۇ بالاغا دۇچار قىلاي! — دېدى.

بىراق، قاراۋۇللار شەيدا پەرھادنىڭ ئازاد-ئەركىن يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلسا، پەرھاد ئۇلارنىڭ تىنچ-ئامان تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى خالايتتى. قاراۋۇللاردا شۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، پەرھادنىڭ كۆڭلىدىن يۇقىرىقىدەك خىياللار كېچەتتى.

ئۇلار پەرھادنى ئازاد قىلىپ قويسا، ئۇ يەنە قاراۋۇللارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. بەزىدە قورغان تەرىپىگە قەدەم قويۇپ، قورغاندىكىلەرنىڭ يېنىدا ئارام ئېلىپ كېلەتتى. قورغاندىكىلەر ئۇنىڭ بەختيار يۈزىدىن كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، شېرىن سۆزلىرىدىن بەھرە ئالاتتى. ئەگەر پەرھادنىڭ ئىشق ئوتى يەنە يالقۇنلىنىپ قالسا، ھوشسىزلارچە پىغان چېكىپ، ئاشۇ ۋادى تەرىپىگە يۈزلىنەتتى-دە، تاغۇ-تۈزلەرنى كېزىشكە باشلايتتى. تەبىئىتى جۇنۇنىدىن بىر ئاز تىنچىسا، كۆنۈكۈپ قالغان ھايۋاناتلار ئۇنىڭ قېشىغا توپلىناتتى. ئۇ ھايۋاناتلارغا خۇددى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تاغۇ-چۆللەردە ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تەختتە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرسا، قۇشلار قاناتلىرى بىلەن چادىر ياساپ ئۇنىڭ بېشىغا سايە سالاتتى. ئىشق ئۇنىڭغا شۇنداق شەۋكەت بەخش ئەتكەن ئىدىكى، ھەتتا شىرلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ياۋاشلىشىپ قالاتتى. پەرھاد بەزىدە ھۆركىرەپ تۇرغان شىرنىڭ

ئۇستىگە مىنىسە، قالغان ھايۋانلار ئۇنىڭغا لەشكەر بولاتتى. بەزىدە ئۇ يولۋاس - قاپلانلارنى شىرىننىڭ ئىتلىرىغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنى ئەركىلىتىپ، خۇشال قىلاتتى. بەزىدە ئەرزۇ - ئەھۋالىنى بۆرىلەرگە كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا شەرھلەپ، شىرىننىڭ جامالىنى ئەسلەيتتى. بەزىدە تۈلكىلەرگە: «يارىنىڭ كوچىسىدىكى ئىتلارنى ئالدىمىغايسەن» دەپ يالۋۇراتتى. بەزىدە ئۇ: «ئاي يۈزلۈك شىرىننىڭ توزىقى يېتىپ كەلدى» دېگىنىچە قۇلۇنلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، قۇچاقلايتتى. ئۇ كىيىكلەر بىلەن ئۈلپەتلەشكىنىدە ئىپار ھىدلىق كىيىككە ئوخشايدىغان گۈزەلنى تەلەپ قىلىپ، زار - زار يىغلايتتى. توشقاننىڭ ئۇخلىشى ئۇنىڭغا دىلبىرىنىڭ توشقاندەك ئۇخلىشىنى ئەسلىتىپ، ھوشىنى ئېلىپ كېتەتتى. كەكلىكنىڭ يۈرۈشلىرىنى كۆرگىنىدە، گۈزەل يارىنىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىرىنى ئەسلەيتتى. بەزىدە ناتىۋان جىسمىنى ھۇما قۇشىنىڭ ئالدىغا خۇددى سۆڭەك تاشلىغاندەك تاشلاپ: «بۇ سۆڭەكنى گۈزەل يارىنىڭ ئىتلىرىغا ئاپىرىپ بەر» دەيتتى. ئالدىدىن قىرغاۋۇللار چىقىپ قالغىنىدا، ئۇ گۈزەل قامەتلىكنىڭ ھىجرانىدىن ئاھ ئۇراتتى. قاغىلارنىڭ ئالدىدا پىغان چېكىپ: «يارىمنىڭ قاپقارا چېچىدىن رەڭ ئېلىپسىلەر» دەيتتى، بەزىدە تۇتىلارنىڭ ئالدىدا ھوشىنى يوقىتىپ: «سۆزلەشنى ئۇ ياقۇت لەۋلىك گۈزەلدىن ئۆگەندىڭلارمۇ؟» دەيتتى. كۆكسى قارا رەڭلىك جانىۋارلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆيگەن باغرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرەتتى. قۇمرىلارنىڭ بويىنىدىكى ھالقىغا ئوخشاش سىزىقتا قاراپ، ھېسابسىز ياش تۆكەتتى - دە، ئۇنىڭغا ئۆز بويىنىدىكى زەنجىر توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەيتتى. ھۆپۈپكە قاراپ پىغان چېكىپ، بېشىغا تۇتاشقان ئوتتىن بەلگە كۆرسىتەتتى. بۇلبۇللارغا قاراپ، ئىشق ئوتىدا كۆل بولغانلىقىدىن ناۋا قىلاتتى. تۈن - كېچىلەردە ھوقۇشلار پەرياد ئۇرۇپ سايرىسا، ئۇ قەلبىدىكى داغلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى يېڭىباشتىن سۆزلەيتتى. بەزىدە يۈز خىل كۈيلەر بىلەن سۆزلەپ، قەقنۇسقا ھىجران ئوتىنىڭ ئۆزىنى قانداق كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى. سەھەر شەرقتىن ئۆز نۇرلىرىنى كۆرسەتكەندە، ئۇ ياقىسىنى خوتەندىن كۆتۈرۈلگەن سۇبھىدەك يىرتىپ، تاڭ قۇشلىرىدەك سايراپ داستان باشلايتتى. ئۇ سۇبھىگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلاتتى:

— ھەي سۇبھى، مەنغۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت ئىچىدە غەمگە چۆككەنمەن. سەن نېمە سەۋەبتىن ياقاڭنى يىرتتىڭ؟ سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش يوشۇرۇن قويۇشىڭ باردەك تۇرىدۇ، سارغايغان يۈزۈڭدىن كۆز ياشلىرىڭ ئېقىۋاتىدۇ. يۈرىكىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆرتىنىپ، ئاغزىڭدىن دائىم سوغۇق ئاھ چىقىدۇ. ئېھتىمال، ھىجراننىڭ قولىدىن جېنىڭغا تەسىر يەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش تاڭ شامىلىدەك ئاھ ئۇرىسەن. ناتىۋان جىسمىڭ مېنىڭ تېنىمدەك كۆيمىگەن بولسا، نېمىشقا تۈنلىرىڭ تۈتۈن بولۇپ، يۇلتۇزلىرىڭ ئۇچقۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

ئۇ دەرد ئىچىدە ئۆرتىنىپ يەنە مۇنداق دېدى:

— ھەي سۇبھى، ئەگەر سەن دەرد ئىگىسى بولساڭ، مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلىپ، مەرھەمەت بىلەن پەريادىمغا يەت.

نەزمە:

چۇ ساھىب دەردسەن ھالىمغا رەھم ئەت،
تەرەھھۇم ئەيلەبان فەريادىمە يەت.

ئۇ تاغقا قاراپ يەنە مۇنداق خىتاب
قىلدى:

— گۈلشەندە گۈللەر ئېچىلغاندا، گۈل
ئۈستىگە سۇمبۇلنىڭ چاچلىرى تۇزۇپ
چۈشكەندە، ئۇ گۈزەل يار گۈل ئۈزۈش
ئۈچۈن گۈل يۈزلۈكلەر بىلەن گۈلشەنگە
قەدەم قويىدۇ. شۇ چاغدا سېنىڭ شامىلىڭ
ئارقىلىق مېنىڭ سوغۇق ئاھىمدىن نىشان
تېپىپ، شەبنىمىڭدىن كۆزۈمنىڭ يېشىنى
بىلىپ ئالار.

جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش ئۇپۇقتىن
كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، پەرھاد ئۇنىڭغا قاراپ
مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ھەي نۇرى قايغۇ بەزمىسىنى يال-
قۇنجاتقۇچى قۇياش، ئەگەر سەنمۇ مۇھەب-
بەت ئوتىدىن ماڭا ئوخشاش ھەسرەتكە
گىرىپتار بولمىغىنىڭدا ئىدى، مۇنچىلىك
ئوتلۇق بولماس ئىدىڭ. مېنىڭدەك مۇرا-
دىڭ ھاسىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆز
يېشىڭ ئەتراپقا دەريادەك ئاقماقتا. سەنمۇ
خۇددى ماڭا ئوخشاش پەلەكتىن ئازاب چەك-
كەن ئوخشايسەن. تاقەتسىزلىكىڭ ۋە ئۆرتى-
نىشىڭ مېنىڭكىدىن كەم ئەمەستەك تۇرىدۇ.
ئەگەر ھىجرانلىقتا قالمىغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى
يوقىتىپ مەن ناتىۋاندەك سارغايماس ئىدىڭ.
جۇنۇنلۇق ئوتلىرىڭغا مېنىڭكىگە ئوخشاش
ياغ قۇيمىغان بولسا، نېمىشقا ئورنۇڭ تاغ-
دىن - شامغىچە تاغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ
قالىدۇ؟ ئەگەر سەنمۇ ماڭا ئوخشاش غەم-
قايغۇ ئىچىدە قالمىساڭ، نېمە ئۈچۈن گاھى
ئوتتا، گاھى سۇدا يۈرىسەن؟ سەن پۈتۈن
ئەھۋالىڭ بىلەن مېنىڭ دەرددىشىم، ھەمدى-
مىم، غەمگۇزارىم بولۇپ قالدىڭ. مۇبادا
ئاي يۈزلۈك گۈزىلىمنىڭ تۇرار جايى ئۈستى-
دىن ئۆتكىنىڭدە، بەخت - ئىقبالغا ئوخشاش
تۇغلۇكىدىن چۈشۈپ، مېھرىبانلىق قائىدى-
سىنى ئۆگىنىپ، مېنىڭ قانداق كۆيۈۋاتقان-
لىقىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغايسەن. يۈزۈم-
نىڭ رەڭگىنى ئۆز رەڭگىڭدىن ئايان قىلىپ،
غەم لەشكەرلىرىمنىڭ كۆپلۈكىنى زەررىلىرىڭ
بىلەن بايان قىلغايسەن.

پەرھاد تاڭ - سەھەردىن باشلاپ تاكى
كۈن چىقىقىچە شۇ ھالدا گاھى ئۇنىڭ
بىلەن گاھى بۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى.
گاھى سەھەردە تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭلا
سۆزلەپ كېتەتتى. كۈن ئۆرلىگەندە شامال-
دەك بىرەر سائەتمۇ ئارام ئالمايتتى. ئۇنىڭ
چىقارغان تىنىقلىرى گويا تاڭ شامىلى
قىزىل بوياقلارنى ئۇچۇرغاندەك شەپەق
ئوتىنىڭ ئەلەڭگىلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئوتلۇق
ئاھىدىن ئالەمگە، بەلكى بۇ كۆك رەڭلىك
ئاسمانغا ئوت تۇتىشاتتى، ئۇنىڭ ئايىغىغا
پاتقان قىرلىق تاشلار پۇتلىرىنىڭ ئارقىسى-
دىن بېشىنى چىقىراتتى. كۆكسىگە ئۇرغان
تاشلار بىلەن كۆكسىنىڭ سۆڭەكلىرىنى پارە-
پارە قىلاتتى. ئۆز جىسمىغا ئىشق تىغىنى
ئۇرۇپ، تۆشۈك ئۈستىگە تۆشۈك، يارا ئۈس-
تىگە يارىلارنى پەيدا قىلاتتى. بۇ تەتۈر
پەلەك ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى تاڭماق ئۈچۈن
سىرتماق ئۈستىگە سىرتماق، تۇزاق ئۈستى-
گە تۇزاق قۇراتتى. ئۇ بالا دەشتىدە مەج-
نۇندەك نالە قىلغىنىدا ئۈنىنى ئاڭلىغان
ئۇچار - قاناتلار ۋە بۇغا - ماراللار زار - زار
يىغلايتتى. ئۆزىگە دەرد - ئەلەم تىغىنى
ئۇرغىنىدا تاغلارغا يېرىقچىلار پەيدا بولات-
تى. جاراھەتلىرىگە ئاھ خەنجەرلىرى بىلەن
دەم سالاتتى. تاغلارنى ئاھ تىغى بىلەن

پارە قىلىپ، ھەربىر پارىنى يەنە يۈز پارە قىلاتتى. ۋادىلار ئارىسىدىكى تۈپتۈز جايلارنى تەپكىنىدە گويا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ ئېقىنلىرىدەك يېرىقلار ھاسىل بولاتتى. ئوتلۇق نەپەسلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى بىلەن تۈتۈنلىرى بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا ئۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ بىردىن دەردۇ-غەم چاقماقلىرى، يەنە بىردىن بالا-قازا بۇلۇتلىرى پەيدا بولاتتى. ئۇ نالە قىلىپ تاشلارنىڭ باغرىنى ئېزەتتى. ئۇنىڭ نالە-زارى تاغلارنى غەم-قايغۇغا سالاتتى. ئۇنىڭ دىلىدىن توختاۋسىز چىقىۋاتقان پەرياد سادالىرىغا سادا قايتۇرۇۋاتقان تاغلارمۇ ھېرىپ دەرماندىن كېتەتتى. ئۇ يۈرەك قانلىرىنى ئىچەر ۋاقتىدا لالە گۈلىنى جام قىلاتتى-دە، ئۇ جام گويا پەلەك جامىدەك شەپەق رەڭ ئالاتتى. ئۇ جامدا لىقمۇلىق تولدۇرۇلغان شارابنى ئىزدىگەندى. لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا دەرد-ئەلەم زەردابى، بەلكى قىپقىزىل لەۋلىرىنىڭ قانلىرىنى يۇتماقتا ئىدى. نەزمە:

كېتۈر، ساقى، قەدەھ گەردۇننى ئەيلەپ،
ئاڭا مەملۇ مەيى گۈلگۈننى ئەيلەپ.
يوق ئېرسە بادە، قۇي زەھرى ھەلاھىل،
ھەياتى ھەجرى مۇشكىل كەلدى، مۇشكىل.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ ۋە مېھرى-شەپقەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ مەي سۈزگۈچى ساقى غەم-غۇسسە بەزمىسىدە ئۆز مەجلىسىنى ھەردائىم شۇنداق بېزىدى: ئۇ غەم دەرياسىنىڭ لەھەڭگى، بالا ۋە دەرد تىغىنىڭ قاپلىنى، سەۋدايىلىق ۋادىسىنىڭ مەجنۇنى، مەجنۇنلۇق باياۋىنىنىڭ ئەجدىھا سۈپەتلىك دىۋىسى بولغان پەرھاد مۇشەققەت غارى ئىچىدە مالامەت جامىدىن بالا زەھىرىنى ئىچتى؛ ئۇ مالامەت شارابىنى سۈمۈرگۈچى، خارۇ زارلىق تىغىنىڭ دىۋانىسىنىڭ كۆڭلى پىراق ئوتى ئۇچۇن ئوتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ دىلى يۈزلىگەن ئوتخانىلاردەك ئاھ چېكەتتى. ئۇ جاھاننى ئۆز ئاھىنىڭ تۈتۈنلىرى بىلەن قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ مۇراد سۈبھىسىگە يېيىلاتتى، پەلەك دېڭىزىغا كۆز ياشلىرىنىڭ ھىممىتى يېتىپ، ئۈمىد قەسرىنى ئاشۇ سەل بىلەن پەست قىلاتتى. تاشلارنى ئاتقاندا باللار ئۇنى كۆرۈپ مەقسەت كۆزىنى كور قىلاتتى. ھىجران تۈنىنىڭ دەردمەن بالىسى بۇ تۈندە قورقۇنچ زەھىرى بىلەن ھالاك بولغۇچىدۇر. بۇ مەككار پەلەكتىن ئۇنىڭ جېنى زۇلۇم تىغىنى يەپ، پۇرقەت تىغىدا پەرھاد بالا-قازالارغا مۇپتىلا بولغانغا ئوخشاش چېكى يوق پۇرقەت، بەلكى داۋاسى يوق دەردكە قالغاندۇر. پەرھاد كۈندۈزنى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ، كېچە بولغانغا قەدەر ھىجران ئازابىدىن نالە-پەرياد قىلاتتى. كېچىسى بولسا تاكى كۆڭۈللەرنى روشەن قىلغۇچى تاڭ پەيتىگىچە ئۇنىڭ ئىشى كۈندۈزدىكىدىنمۇ يۈز ھەسسە زىيادە كۆيدۈرگۈچى دەردلەر بىلەن ئۆرتىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىر كىشىنىڭ بېشىغا بىر كۈندە يۈز مىڭ قېتىم بالا-قازا يۈزلەنسىمۇ، يەنىلا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كۆلى تۇن بالىسىنىڭكىدەك قاتتىق
بولماس. چۈنكى تۇن بالىسىغا نىسبەتەن
ھىجران كۆڭلىرىنىڭ ھەربىر ئاخشىمى ئۇنى
ئۇۋلاش ئۈچۈن مېھنەت چاچلىرىدىن
يېيىلغان قارا قايغۇنىڭ تور - توزاقلىرىدۇر.
ياق، ئۇ تۇن قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، بەلكى،
غەم - قايغۇ مەملىكىتىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، بۇ
قاراڭغۇلۇقنىڭ تۈتۈنلىرى ئالەمنى يېپىۋال-
غاچقا، ھىجراندا ئازاب چەككۈچىلەرنىڭ
نەپەسلىرى بوغۇلۇپتۇ، بۇ قارا تۇمانلار
ئۇيۇقتا قاراڭغۇلۇقنى بەرقارار قىلىپ، ئابى
ھاياتتەك نۇرلۇق قۇياشنى ئاسمانغا چىقىش-
تىن توختىتىپتۇ. پەرھادنىڭ خاراب بولغان
ئەھۋالىنىڭ قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ، ئىسكەن-
دەرنىڭ زۇلماتقا كىرگەندە ئۆزى بىلەن
ھەمراھ قىلغان روشەنلىكمۇ بۇنداق قاراڭ-
غۇلۇقتا يول باشلىيالماسلىقنى بىلىپ، ئۆزى-
نىڭ خىزىردەك يول باشلىغۇچى بولالىشى-
دىن ئۈمىدسىزلىنەتتى. بۇ مەككار پەلەك
بىچارە پەرھادنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆلى
بىلەن ھاۋانى قارا قىپتۇ. ياق، ئۇنى قارا
دېمە، ئۇ غەم تۈنلىرى ياندۇرغان چىراغ-
نىڭ كۆيۈندىسى بولۇپ، ئۇنى ئېزىپ
ئالەمنى قارايتىپتۇ. لېكىن ئۇ قاراڭغۇ
مېھرى - مۇھەببەت ئوتخانىسىنىڭ تۈتۈنى،
ئۇنىڭ ئىچى بولسا زۇلمەتنىڭ كانىدۇر.
يۇلتۇزلار ئۇ تۈتۈننىڭ تۇپەيلىدىن سەييا-
رىلاردەك سەيلى قىلماقتىن خالى، ھەرىكەت
قىلماقتىن ئازاددۇر. پەلەكمۇ بۇ قاراڭغۇلۇق
ئىچىدە گويا قارا پاتقاق ئىچىگە پېتىپ
قالغان ئېشەكتەك، پۇت - قولىنى ئۇزۇن
سۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاجايىپراقى شۇكى، ئوت-
كۇر كۆزلۈك ئەربابلار ئۇ قاراڭغۇلۇق
تۇپەيلىدىن ئۆزىنى ئەما ھېسابلاپ، ھەيران-
لىق ئىچىدە قارا باسقان كىشىدەك بولۇپتۇ.

تۇن لەشكىرىنىڭ چۇمۇلە ۋە چېكەتكىلەر-
دەك تولىلىقىدىن، پارلاق قۇياشمۇ ھايات-
لىقنى تەرك ئېتىپ، خۇددى سۇ ئاستىغا
تەلپۈنگەن بېلىقچى قۇشتەك، تۆۋەن شۇڭ-
غۇپتۇ. بۇ دەۋران ئۇنى تۇپراققا دەپنە
قىپتۇ، زامان ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇشنى باھانە
قىلىپ، يۈزىنى تۇم قارا قىپتۇ. پىراق
ئازابى تارتقۇچىلار ئۈچۈن ھەربىر يۇلتۇز
ئۆز نۇرلىرىنىڭ خەتلىرىنى يازىدىغان قەلەم-
نى قان تۆككۈچى تىغقا ئايلاندۇرۇپتۇ.
سۇبھى گوياكى شوخ قىزلارغا ئوخشاش
سۇرمە تارتىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقىنىمۇ قارايى-
تىۋېتىپتۇ. مۇئەززىنلەر ئاۋاز چىقىرىش
ئۈچۈن بۇ سۇرمىدىن غىزالىنىپتۇ. بۇنىڭ-
دەك قارا تۇندە كۆزلەر قىينىلاتتى. ھەممە
ئالەم گوياكى سۇرمە رەڭگىدە كۆرۈنۈپ،
ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.
قاراڭغۇلۇقتىن ئالەم كۆزگە كۆرۈنمەيتتى،
بۇ ئالەم كۆزلەرگە باشقا ئالەم بولۇپ كۆرۈ-
نەتتى. بۇ تۇندە گويا پەلەك ھەرىكىتىدىن-
مۇ ھېچ نىشانە قالمىغانىدى. بۇ قاراڭغۇدا
كىشى ئەگەر بىر نەرسىنى پەملىگەن تەق-
دىردىمۇ، ئۇنى چوقۇم تەتۈرسىچە پەملەپ
سالاتتى. بۇ ئاخشام قىيامەت سۇبھىسىگە
تاڭ ئاتقۇزماي، كېچىدەك تۇرار ئىدى. بۇ
قارا تۇندە شەپەرەڭمۇ ئۇچۇش ئۈچۈن ئۆز
قانىتىنى تاپالمىدى، ياكى بۇ كۆك گۈمبى-
زىدىن يوچۇقنى ئىزدەپ تاپالمىدى.
بۇ زۇلمەت ئىچىدىن شۇنداق پەردىلەر
تارتىلدىكى، شەپەرەڭلەر ئۆزىنىڭ قاناتلىرى-
نى تاشلاشنى ئىستىسىمۇ تاپالمايتتى. يۈز
تۈمەن قاغىلار پەلەك كۆكلىمىگە قونۇپ
تۇرغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن
باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى
ھەممىسىنىڭ جىسمى ئۇ تۈننىڭ تۇمانلىرى-

دىن يوقالغان، پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىلا يۇلتۇزدەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۈزمىڭلىغان قاغىلار ئۇنىڭ بىلەن جەڭلىشىشتىن ئاجىز كېلىدىغان بۇنداق قاراڭغۇلۇق قاغىسى كەم تېپىلاتتى. ئۇنى قاراڭغۇ تۈن دېمە، بەلكى ئۇ غەم-غۇسسە زىندانىدۇر، غەم-قايغۇ كانلىرىمۇ بۇ زىندان ئىچىدە قېلىپ، سەرگەردان بولۇپتۇ. پەرھادنى ھىجران غېمى خاراب قىلىپ، بۇ قارا تۈننىمۇ جېنىدىن تويغۇزۇپتۇ. بۇ بىپەرۋا زالىم پەلەك ھەر نەپەستە ئۇ تۈننىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، ئۇنى يامان ئەھۋالغا دۇچار قىلىپ، ئۇ تۈننىڭ ياقىسىنى ئۇپۇق سىزىقىدىن يىرتىپ تاشلاپتۇ. ھېچ كىشىگە بۇنداق قارا كۈنلەر كەلمىسۇن. پەرھادنىڭ بېشى مۇشەققەت تاشلىرىدىن جاراھەتلىنىپ، بەلكى ئۇ تاشلارغىمۇ ئۇنىڭ باشلىرىدىن شىكەستە يېتىپ تۇراتتى. غەم-غۇسسە تاغلىرىدىن ئۇنىڭ ئاياغلىرى قاناپ، بەلكى ئۇنىڭ ئاياغلىرىدىنمۇ ئۇ تاغلار قاناپ كېتەتتى. ھىجران چاڭگىلىدا ئۇنىڭ قوللىرى سىنىپ، ھەتتا باشتىن-ئاياغىچە زەخىمدار بولاتتى. بۇ ئازابلار ئۇنىڭ زەئىپ تېنىگە يېمەك-ئىچمەك ئۈچۈن يول بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ تېرىسىدىن سۆڭەكلىرى ئايان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جىسمى ئىچىدە شامدەك يېنىپ تۇرغان مەيۈس جېنى، تېرە ۋە سۆڭەكلىرى قوشۇلۇپ گوياكى شولا چېچىپ تۇرغان پانۇسقا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. جاپاكار پەلەك ئۇنىڭ جىسمىغا تاش ۋە ئوقلارنى ياغدۇرغىنىدا، ئۇنىڭ جىسمى پانۇسى تۆشۈك-تۆشۈك، بەلكى چۇل-چۇل بولاتتى. ئۇ غەم تاغلىرى ئىچىگە ئوتلارنى سېلىپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ناتىۋان ياكى كۆمۈر ئىچىدە بېشى يەنچىلگەن يىلانغا ئوخشاپ قالدى. ئەجەل خەنجەرلىرى ئۇنىڭ جىسمىنى پارە-پارە، ئۆلۈم ئوقلىرى بولسا ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ توختىماستىن بېشىنى تاشلارغا ئۇراتتى. ئۇ تاشلارمۇ ئۆز بېشىنى پارە-پارە قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئاجىز جىسمىدا كۆيدۈرگۈچى ھارارەت شۇ قەدەر كۈچەيدىكى، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئوتنىڭ ھارارىتىدىن تەسكىن تاپاتتى. ئۇنىڭ زەئىپ جىسمى تۇپراق ئۈستىگە چۈشۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن تۇپراق شۇ ھامانلا كۈلگە ئايلىناتتى. زامان بۇنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ جىسمىنى دائىم قارا تۇپراققا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئۇ قىزىتمىنىڭ ھارارىتىدىن تېنىدە قاپارتمىلار پەيدا بولاتتى. بۇ قاپارتمىلاردىن سۇ ئېقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا زەھەردەك تاماتتى. ئۇنىڭ ئېغىزى زەھەر يۇتقاندەك ئاچچىق بولۇپ كېتەتتى. غەم-غۇسسە كېچىسى ئۇنىڭغا ئاشۇ تەرىزدە غەم تاغلىرىنى يۈكلەيتتى. ھىجران قوشۇنى ئۇنىڭ بېشىدىن سەلدەك ئېقىپ ئۆتەتتى. كۆزىگە يۈزلىگەن بالا-قازالار كۆرۈنۈپ، بىر سائەتمۇ ھوشىغا كېلەلمەيتتى. پەرھادنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگەپ يىغا-زارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىرىنچى ئاسمانغا قاراپ مۇنداق پەرياد چەكمەكتە ئىدى:

«ھەي جاپاكار زالىم پەلەك، سەن مېنىڭ بۇ ئاجىز جىسمىم تۇپرىقىدىن چاڭ چىقىرىۋەتتىڭ. مېنى بىر يولى بەرباد قىلدىڭ. زۇلۇمنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە جاپا قىلماقنىڭ ھۈنەرلىرى مۇشۇنچىلىك بولار. كاشكى، ئەجەل تىغىنى ئۇرغان بولساڭ، مېنى بىر قېتىمدىلا ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدىڭ. مەن

غېرىبلىقتا خەستە بولغان، بالا ۋادىسىدا مەجنۇندەك پەرىشان بولغان بىر بىچارە ئەمەسمۇ؟! بىراۋنى ئەگەر ئۆز مەرھەمىتى بىلەن زەبەردەست قىلىپ ياراتسا، يەنە بىراۋنى غېرىبلىق كاچىتى بىلەن ئۇرۇپ پەست قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنىلا زۇلۇم قىلىش رەھىمدىللىقتا مۇناسىپمۇ؟! قاچانغىچە جېنىمغا بۇنداق كېچە بولىدۇ، جېنىم قاچانغىچە بۇ كېچىلەردە ئازاب چېكىدۇ؟ قارىغىنا، سەن بېشىمغا قانداق تۈنلەرنى كەلتۈردۈڭ؟ مېنى قانداق قارا كۈنگە مۇپتىلا قىلدىڭ؟! ئۇ تۈن بىلەن كۈنلەر گويا مىڭلارچە قانخور دېۋە بولدى. سەن مېنى بۇلارغا ئۆلتۈرگۈزمەك ئۈچۈن خارۇ-زار قىلدىڭ. ھەي، سەن مېنىڭ ئويغانماس بەختىمگە ئوخشاش، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ياكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى سەيلە قىلىپ ئەمدى ھاردىڭمۇ؟! ئېيتقىنا، سېنىڭ ھەر كۈنكى قەدەملىرىڭ ھەر ئاخشامدىكى يۈرۈشلىرىڭ قېنى، ئاخىر؟! سېنىڭ ئاياغلىرىڭ مېنىڭ ئاھ ئوقلىرىم تېگىپ، مەجرۇھ بولۇپ قالغانمىدۇ. ئەگەر مەجرۇھ بولمىغان بولساڭ، سۇبھىگە قاراپ بىر قەدەم مېڭىپ باق. ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ھىجرانىدا قالغان بۇ ھالىمغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قارا تۈندە قالغان بۇ خەستىگە رەھىم قىلغىن.»

ئۇندىن شۇنداق بىر ھالەت يۈزلەندىكى، ئۇنىڭ بەختىگە ئاي تۇغۇپ، گويا جاھانغا روشەنلىك ۋە ھارارەت بەخش ئەتكۈچى قۇياشتەك روىي زېمىننى يورۇتتى. پەرھاد ناھايىتى كۆپ تىرىشىش، تىرىشىشلار ئارقىلىق ئورنىدىن تۇردى - دە، قەددىنى يېڭى ئايدەك ئەگكەن پېتى يەر ئۆپتى. ئۇ پەلەككە قاراپ يەنە نالە قىلىشقا باشلىدى: «ھەي پەلەك، قارا تۈنۈمنى يورۇتقىن، ئۆلەر ھالەتتە پەريادىمغا يەتكىن. ھالىمغا رەھىم قىلىپ جېنىمنى ئالغىن - دە، تۇپرىقىمنى ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ كوچىسىغا چاچقىن. مەن يوقلۇق دۇنياسىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ئاخىرقى سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن.»

پەرھاد ئىككىنچى ئاسمانغا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئوق① كۆرۈندى. پەرھاد ئۇ ئوققا قاراپ سۆز باشلىدى: «ئەي دوستلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى يېزىپ تۇرغۇچى، ئەي ئاسمان ۋاراقلىرىدا دائىم قەلەم تەۋرەتكۈچى، كۆزۈمنىڭ قارىلىرىنى سىياھ قىلىپ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنىڭ شەرھىسىنى تولۇق يازغىن. قاچانكى ئۇ قۇياشنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يۈز قويغىنىڭدا بۇ خېتىمنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېشىدا قويغىن.»

پەرھاد ئۈچىنچى ئاسمانغا نەزەر تاشلاپ زۆھرە يۇلتۇزىنى كۆردى. زۆھرە يۇلتۇزى بولسا پەلەكنىڭ سازەندىسى ئىدى. پەرھاد ئۇنىڭغا قاراپ توختىماستىن ئۈن تارتىپ نالە - زار قىلاتتى. نالە - پىغانىدىن ئۇنىڭ قەددى چاڭدەك② ئېگىلگەنىدى. ئۇ مۇنداق نالە قىلاتتى: «ھەي يەر ئۈستىگە كۆكتىن شادلىق ياغدۇرغۇچى، سېنىڭ نەغمەڭ كىشىگە جان بېغىشلاپ، شادلىقنى قوزغايدۇ. سەن بىر پەس تارىڭنى ئۈزگىن، مەندەك ئۆلۈك ئۈچۈن قايغۇ - ماتەم سازىنى تۈزگىن. سەن ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ بەزمىسىدە نەغمە باشلىغىنىڭدا مېنىڭ ھالاكىتىمنىڭ ماتەم سازىنى ياڭراتقىن.»

ئۇ تۆتىنچى ئاسماننى قۇياش ۋە

① بىر يۇلتۇزنىڭ نامى

② چاڭ - باش تەرىپى ئەگرى بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى

يۇلتۇزلاردىن خالى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى: «ھەي يۈكسەك ئاسمان. سەن قۇياشنى خۇددى مېنىڭ قۇياشىمدەك يوشۇرۇن قىلىپ، ھىجران تۈننى ماڭا ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن قىلدىڭ. ئەمدى مېھرىڭدىن بۇ ئالەمنى يورۇتۇپ، مېنىڭ بۇ ھىجران تۈنۈمنى چېكىگە يەتكۈزگىن.» پەرھاد بەشىنچى ئاسماندىكى قەھرىمان يۇلتۇزنى كۆرۈپ، بۇ كېچىنىڭ يامانلىقىنى ۋە ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: «ھەي پەلەك قەھرىمانى①، تىغ تارتىپ قەتلى ئام قىلىش ۋاقتىڭدا قىلىچىڭنى قېنىم بىلەن بويىغىن، بۇ تىرىكلىكتىن مېنى ئارام تاپقۇزۇپ، تېنىمنى ئۇنىڭ كوچىسىغا، بېشىمنى ئۇنىڭ ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىغىن.»

پەرھاد ئالتىنچى ئاسماندا مۇشتەرىنى كۆرۈپ، ئۇ سائادەت يۇلتۇزىغا ئۆز ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى: «ھەي شەرەپ ئوربىتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇچى، بەخت سائادەت تەختۇ تاجىغا ئەمىنلىك بەخش ئەتكۈچى، ئۇلۇغ تەگرىنىڭ مۇرادىمنى بېرىپ، بۇ جاپا ـ مۇشەققەت تۈنىدىن ئازاد قىلىپ، بېشىمدىن ھىجران شېمىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى يوقىتىشى، ۋىسال سۈبھىسىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈمنى روشەن قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن.»

ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا بېقىپ زۆھەلنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە نىدا قىلدى: «ھەي ئۇلۇغۋارلىق دېڭىزى، ئەمگىنلىكنىڭ بۈيۈك تېغى، سەندە ياخشىلىق ۋە مۇلايىملىق مۇجەسسەمدۇر. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ مېنىڭ ھىجران شېمىمنىڭ تاغلىرىدەك ئېغىر، ئاياغلىرىڭ سەۋرچان كىشىدەك ھەرىكەتسىز. مېنىڭ جېنىم ھىجراندا ھاياتلىقىنى يوقىتىپ قويدى. سەن ماڭا، مېنىڭ بۇ دەرد ـ ئازابلىرىم ئۈچۈن سەۋرى ـ تاقەت ئاتا قىل.»

ئۇ سەككىزىنچى ئاسمانغا نەزەر تاشلىدى. ئۇ يەردە بىر قەدەھ سۈپەت ئۈنچىنى كۆردى. ئۇ گۈمبەز ئىچىدە پەرھاد ئۇ بۇرۇجىدىن بۇ بۇرۇجقا كېزىپ يۈرۈپ، ھەر بىر بۇرۇجىدىن ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈكىنى كۆرۈشنى، ئۇ بەخت يۇلتۇزىدىن نىشان تېپىشنى ئىزدەيتتى.

پەرھاد يەنە توققۇزىنچى ئاسمانغا قاراپ ئۇ يەردىكى سەييارىلارغا كۆز تىكتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆز ئەھۋالىنى، پىراق ئىچىدىكى ئاھۇ ـ زارلىرىنى بايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن پۈتكۈل يۇلتۇزلارنى يوق قىلدى ـ دە، ئۆز ئاھلىرىدىن چىققان تۈتەكلەر بىلەن پەلەك ھاسىل قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى پەلەكتىكى يۇلتۇز قىلدى. ئۇ مۇنداق نالە قىلاتتى: «ئاھ، تۇمانلىرىم بىلەن كۆز ياشلىرىمدىن خەۋەر بېرىپ، كۆز ياشلىرىمنىڭ مارجانلىرىدەك راۋان بولۇڭلار. مېنىڭ بۇ غەمكىن كۆڭلۈم يۈزمىڭ پارە بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋايى پىراقىدا كۆپ ئاۋارە بولدى؛ ئۇنىڭ ھەربىر پارىسىنى بىر پارچە قانمىكىن دېمەڭ، بەلكى ئۇ غەم ـ غۇسسە بەرگىدە ئېچىلغان گۈلدىن نىشاندۇر. ئىلتىماسىم شۇكى، ھەر بىرىڭلار ئۇ گۈللەردىن تۇمەنىمگەنى يىغىپ، ئۇ يارنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا تېز بېرىڭلار ـ دە، ئۇنىڭ باشلىرىغا گۈل چاچقۇسى قىلىڭلار. سىلەر گۈل بەرگى چاچتۇق دېمەڭلار، بەلكى يېغىن ئۈستىگە قان چاچتۇق دەڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ ھىجرانى مېنى گۇناھسىزلا جېنىمدىن جۇدا قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كوچىسىنى قېنىم قاپلىسۇن!»

① پەلەك قەھرىمانى — مىررىخ (مارس) سەييارىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەرھاد شۇ يوسۇندا تاكى سەھەر ۋاقتىغىچە نالە-پەرياد، جېدەل-ماجىرالار قىلدى. ئۇ ھەر بىر ماجىراسى ئۈستىگە يەنە مىڭلاپ ماجىرالارنى قوزغايتتى. ئۆلۈمدىن ھەسرەت-نادامەتلەرنى چېكىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى قىيامەتلىك بەزم تۈزمەكتە ئىدى. نالە پىغان قىلىش بىلەن پۈتۈن قۇۋۋەت-مادارىدىن كېتىپ، ئۆز جېنىغا قەست قىلىشقىمۇ مادارى يەتمەي، ئۆلۈكتەك ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ھازىرسى ئۈچۈن ئالەم قارىلىق بولدى، ماتەمدە بولسا سۇبھى ياقىسىنى يىرتىپ، پەلەك ئۆزىنىڭ يۇلتۇز ئۈنچىلىرىنى گويا كۆز يېشىدەك تۆكتى. ئۇنى غەم تۈنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوتلۇق قۇياش نۇرلىرى دەم ئۇرۇپ، سۈپ-كۆچلىكىنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن. بۇ مەككار پەلەكنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن كىشىگە تەرياك① بېرىپ بولۇپ ئاندىن كېيىن يەنە زەھەر بېرىدۇ.

ھەي ساقى، ماڭا جان تەرياكىنى كەلتۈرگىن. ياق، تەرياك ئەمەس، ئۇنى تىرىكلىك دەسمايىسى دېگىن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھىجرانىدىن بەھرىمەن بولۇپ يېڭىلدىم، شۇڭا سەن ئالدى بىلەن جامىمغا تەرياكنى تۆكۈپ، ئاندىن زەھەرنى قۇيغىن. نەزمە:

كېتۈر، ساقى، ماڭا تەرياكى جانى،
دېمە تەرياك ئانى، زىندەگانى.
ياڭىلدىم چۈن تاپىپمەن ھەجرىدىن بەھر،
تۆكۈپ تەرياكنى قۇي جامىمە زەھر.

*　　　*　　　*

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، ئۇ دەرد ۋە غەم قەلىمىنى تەۋرەتكۈچى كىشى بۇ سەھىپىلەردە ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەم خېتىنى تۆۋەندىكىچە يازدى:

شۇ چاغدا ھوشسىز پەرھاد بالا-قازا قورغىنىغا باغلىنىپ قالدى. قاراۋۇللار پەرھادنىڭ سىرىنى بىلىۋالدى: پەرھاد غايىپ سىرلارنى سېزەتتى. ئۇ يوقلۇق ئوربىتىسىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى، ۋاپادارلىق ئۈنچىلىرىنىڭ نۇرلۇق گۆھىرى ئىدى. ئۇنىڭ روھى ئەۋلىيالىق مەشئىلىدىن نۇر تاپقان، كۆڭلى بولسا كارامەت نۇرلىرى بىلەن ئاۋات بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزىنى بەنت قىلىپ تۇرغان غول-زەنجىرلەرنىڭ ئېچىلىشىنى قاچان ئىستىسە، شۇ ھامان ئېچىلاتتى. پەرھادقا كۆزەتچىلىك قىلغۇچىلار بۇنى بىلەتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ، ئۆزلىرىنى قاماش ئارقىلىق، جان-دىلى بىلەن پەرھادنى ئازاد قىلىپ شادلانماقچى ئىدى. لېكىن پەرھادنىڭ بارىدىغان يېرى يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى قانخور پەرۋىز بىلىپ قالسا، غەزەپلىنىپ ئۇ قاراۋۇللارنىڭ قېنىنى تۆكمەستىن، بەلكى پەرھادنىڭ باغلاقتىن بوشانغانلىقىنى بىرەر ھۈنەرنىڭ كارامىتى بىلەن بولغان دەپ قاراپ، بىر بۇيرۇق بىلەنلا سىياسەت قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ پەرھادقا ۋەھشەت

① تەرياك — زەھەر قايتۇرغۇچى دورا.

سالسا قانداق قىلغۇلۇق؟! ئۇلار بۇ ئىشنىڭ
ئاخىرىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە يەنە ۋەھـ
مە كۈچىيەتتى. شۇڭا ئۇ ناتىۋان بىچارە-
نى هوشيارلىق بىلەن ساقلايتتى. ئۇلار
كۆڭلىدە بىزنى تەڭرى بىلەن بۇ بىچارە
ئەپۇ قىلار دەپ ئويلايتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ
ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىدا ئاجايىپ - غارا-
يىپ هالەتلەرنى سېزەتتى - دە، بىر - بىر-
سىگە، «ئەڭ ياخشىسى بۇ بىچارىنىڭ ئەھ-
ۋالىنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىساقمۇ
ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرەيلى» دېيىشەتتى.

پەرھادنى قاماقتا ئالغاندىن كېيىن
خۇسرەۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. لېكىن
بۇ ئىشتىن ئازابلانغان شاپۇر ئۆزىنى قورغان
ئىچىگە ئالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئازاب ياستۇقىغا
اق، ياستۇق ئەمەس، بەلكى لاۋۇلداپ كۆيۈ-
اتقان ئوت ئىچىدىكى تۇپراقتا چۆشكەندى.
ئۇ توختىماستىن نالە - پىغان قىلاتتى. تې-
نىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يۈز پارە قىلاتتى.
شاپۇرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن خالايىق
بىلدىكى، زالىم پەرۋىز يۈز تۈرلۈك هىيلە-
مىكىرلەرنى قىلىپ، پەرھادنى تۇتۇپتۇ ۋە
زۇلۇم قىلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنى ئېسىش ئۈ-
چۈن دار ياسىتىپ، ئۆزى قانخورلۇق يو-
لىنى تۇتۇپتۇ. ئۇ بىچارە پەرھاددىن مەي-
دانىنى خالى قىلىش، ئاجايىپ بىر ئاۋارىلىق
ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۇنى يوقلۇقتا گىـ
رىپتار قىلىش ئۈچۈن يەنە قانداق هىيلە-
مىكىرلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

پەرھاد شۇ هالەتتە تۇرۇپمۇ يەنە
خۇسرەۋدىن قانداق خىتاب كەلسە، ئۇنىڭ
سوئاللىرىغا يېگانە سۆزلەر بىلەن دەل جا-
يىدا جاۋاب بەردى. خۇسرەۋ ئۇنىڭ دېگەن
سۆزلىرىدىن قەھرى - غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى
يەنە ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. پەرھاد ئۇنىڭ بۇ
هۆكمىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ دەبدە-
بىلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. پەرھادنىڭ سۆز-
لىرىدىن ئۆزىنىڭ خىتاي ۋە چىن مەملى-
كەتلىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى پەملەش-
كە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ شان-
شۆھرىتىنى گۆھەر بىلىپ، ئۇنىڭدىن پەخىر-
لىنىپ كەتمەيدىغانلىقىمۇ مەلۇم ئىدى. بۇ
ئەھۋاللار خالايىق ئارىسىغا يېيىلغاندىن
كېيىن، ئۇلار ياخشى - يامان دېيىشتىن
توختاپ، خۇسرەۋ پەرۋىزدىن بىزار بولۇپ،
پەرھادقا شەيدا ۋە مەپتۇن بولدى.

پەرھادنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈل-
گەن ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى خۇسۇسى-
يەتلىرىنى شائىرلار تالاي غەزەللەرگە زىنـ
نەت قىلىپ يازدى. مۇزىكانتلار ئۇنى ئا-
هاڭغا سېلىپ، خۇش ئاۋازلىق بىلەن بەزمە
تۈزۈشتى. دەردمەنلەر ئاشىقلارچە ئاھ - پىـ
غان چەككەن هالدا، ئۇنى مۇڭلۇق ئاۋازلار
بىلەن ناخشا قىلىپ تىۋۇلاشتى. پەرھاد
خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قانداق
سۆزلەرنى قىلغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان بول-
دى. لېكىن هازىر ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى
تىرىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى.
بۇنچە كۆپ خەلقنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى
پەرھادنىڭ ئەھۋالى سەۋەبىدىن ئىدى. بۇ
قىقاس - چۇقانلار مېھىنبانۇغا ئاڭلىنىپ، ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن بىر قىزىتما بولاتتى. بۇ غەم
سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئەقىل ۋە گۈزەللىكى
كېتىپ، هەيرانلىق بىلەن تىلىقىپ زار - زار
يىغلايتتى. لېكىن بۇ غەم - غۇسسىلىرىنى
ئاشكارىلىمايتتى، مېھىنبانۇ بۇ ۋەقەلەر ئاي
يۈزلۈك شىرىنگە ئاشكارىلىنىپ قالسا. ئۇ
شەكسىز ئۆزىنى هالاك قىلىدۇ، دەپ ئەنـ
سىرەيتتى.

گۈل يۈزلۈك شىرىن- بۇ ھەددى - ھې-

سابىسز غەم ـ قايغۇدىن دائىم هوشسزلىناتـ
تى. ئۇ پەرهـادىنىڭ غـېرىبـلىق تۇتـقۇنى،
دۇشمەنلەرنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغانلىقىنى
ـمۇ بىلەتتى. ئۇ گـويا ئـۆزىـنىڭ ناتـىۋان
جىسمىنى كىيىم ئىچىدە يوشۇرغاندەك، غەمـ
قايغۇلۇق كەيپىياتىنى پەردە ئىچىدە يوشۇـ
راتتى. بۇ مۇسىبـەت ئوتـلىرىدىـن ئۇنىڭ
تاشتەك يۈرىكى سۇ بولغانـدى. لېكـىن بۇ
غەم ـ غۇسسلىرىـنى سورىغىلى ئۈلپەتلىرى
يـوق ئىدى. ئۇ پايانـسىز هـىـجران
پەردىلىرى ئىچىدە يوشۇرۇن ئاھ چېكەتتى.
ئۇنىڭ چەككەن ئاھ تۈتۈنلىرىدىن جاهـان
قارىيىپ كەتكەنىدى.

مىسكىن شىرىن پىراق ئىچىدە ئىنتاـ
يىن بىئارام ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى هىجران
تاشلىرى تېگىپ سىنغانـدى. بىر كـۈنى
ئۇ غۇنچىدەك كۆڭلىنىڭ ئېچىلىشىنى كـۆز ـ
لەپ، بىردەم قەسىر ئـۆگزىـسىگە چىقىپ
هاۋالانماقچى بولـدى. تـوساتـتىـن ئۇنىڭ
قۇلىقىغا بىر بىچارە غـەمكىـن كىشىنىڭ
زار ـ زار يىـغلاپ ساز چېلىپ غـەزەل
ئوقۇۋاتـقان ئاۋازى ئاڭلانـدى. ئۇنى بۇ
نەغمە ئاۋازى تېخىمۇ غـەمگە سالـدى،
بۇزۇلغان كۆڭلىگە بۇ ئاۋاز قاتتىق تەسىر
قىلدى. شىرىن بۇ غەزەل ئىچىدىكى بېيىتـ
لەرنى، بۇ مۇزىكا ئارىسىغا يـوشۇرۇنغان
سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق سالـدى.
بۇ غەزەللەرنىڭ هەممىسى پەرهادنىڭ ئەپـ
سانىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەر بىر بېيىـ
تى شىـرىن ئۈچۈن بىر غەم هـۇجرىسى
ئىدى. بۇ تەتۈر پەلەك پەرهادنىڭ بېشىغا
نېمە كۈنلەرنى كەلتۈرگەنلىكى، خـۇسرەۋ
ئۇنىڭ جېنىغا قانداق جاپالارنى سالغانلىقى
قاتارلىقلارنى ئۇ غـەزەلـخان ئاھ ـ پىغان
چەككەن هالدا بىرىنىمۇ قالدۇرماي غـەزەل

قىلىپ ئېيتماقـتا ئىـدى. بۇ ئاي يـۈزلـۈك
شىرىن غەم قوزغاتقۇچى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش
بىلەنلا، گويا باغرىـغا ئۆتـكـۈر خەنجـەر
تەگكەندەك بولدى. شۇنداق ئوتـلۇق ئاھ
چەكتىكى، ئالەمنى يـورۇتـقۇچى قۇياش
ئۇنىڭ تۈتۈنلىرى ئىچىدە ئۆچۈپ قالـدى.
ئۇ توختىماستىن يـۈزىگە كاچات ئۇرۇشقا
باشلىدى. يەرگە بېشىنى يۈزلەرچە ئۇراتتى.
سېرىق گۈلدەك يۈزلىرىگە قانلىق ياشلىرىد ـ
دىن توختىماي قىزىلگۈل نۆكتى. بارماقلىرى
قاندىن خىنا رەڭگىدە، قۇرۇپ كەتـكەن
ياقۇت لەۋلىرى كەھرىۋا رەڭگىدە كۆرۈنەتـ
تى. ئۇ قانلىق كۆز يېشىنى قانغا بويالغان
يۈزلىرىگە ئاقـقۇزۇپ، قان بىلەن قانـنى
يۇماقتا ئىدى. ئۇ گـوياكى تاڭ شامىلى
گۈل ياقىسىنى يىرتقاندەك، گۈل رەڭلىك
كىيىملىرىنى ئۆز قولـى بىلەن يىرتماقتا
ئىدى. كىيگەن كىيىملىرىنى تەرەپ ـ تە ـ
رەپتىن ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن قىزارتىپ،
گۈل رەڭلىك ياقىسىنى يىرتقىنىدا، ئۇ گۈل
ئىچىدىن ئىككى غۇنچە ئاشكارە بولاتتى.
ياق، غۇنچە ئەمەس، بەلكى ئۇ قادالغان
ئىككى ئوق ئىدى، غەم ئوقى ئۇنىڭ كۆكـ
سىدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ نىشانىسى ئىدى.
ئۇنىڭ نەرگىس گۈلدەك ئىككى كۆزلىرى
ئارىسىدىكى يـۈزلەرچە لالەرەڭ تامچىلار
ئۇنىڭ سوغۇق ئاھلىرى بىلەن قوشۇلۇپ
گـۈل رەڭ مـۆلدۈرلەرگە ئايلانغانـدى.
خۇددى كېچىنى شەرق ئۈستىگە يايغانـدەك،
گۈل يۈزلىرى ئۈستىگە سۇمبۇل چاچلىرىنى
يايغانـدى. تۈنـدەك قارا چاچلىرى قۇياش
ۋە ئايدەك يۈزلىرىنى يېپىپ ئۇنى قارا
تەنلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. يۈزىنىڭ
ئوتى ئۈستىدىكى ئەنبەردەك خۇش پۇراق
چاچلىرىغا ياش يېغىنلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇ

چاچلار ئۇستىدىن ئىس چىقىراتتى. ئۇ شۇ قەدەر ناله-پىغان قىلىپ ئېسىدىن كەتتى-دە، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭ بېشىدا يىغلاپ، كۆڭلىدىن سەۋر-تاقىتى كېتىپ تۇرغىنىدا، زامان زەربىسىدىن جىسمى يارىلانغان بىچارە شاپۇر يېتىپ كەلدى. ئۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ مېھىنبانۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى قويدى. ئۇ شاد-خۇراملىقتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: نەزمە:

كى گەردۇن مەسنەدۇ ئەنجۇم سىپاھان،
ھۇمايۇن ئارەزەن ئىسمەت پەناھان.
ھەمول كۆندىنكى شاھى كىشۋەرى ئىشق
بەلا ئەۋجىدە رەخشان ئەختەرى ئىشق.

— ئۇ پەلەكتەك مەرتىۋىگە، يۇلتۇزدەك قوشۇنغا ئىگە بولغۇچى، مۇبارەك جامالىدىن پاكلىق كۆرۈنۈپ تۇرغۇچى، ئىشق قوشۇنىنىڭ خاقانى، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ پارلاق چولپانى، شاھ دېسەم شاھ، دەرۋىش دېسەم دەرۋىش، يەنى غېرىبلىقتا خەستە بولغان بىچارە پەرھاد دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكىر قىلىشىغا چۈشۈپ، تۇتقۇن بولدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ پەرھادنى تۇتقۇن قىلغان كىشىنى كۆرۈپ، قولۇمغا دېۋە ئۆلتۈرگۈچ تاشنى ئېلىپ، شۇنداق ئاتتىم-دە، ئۇنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتىم. لېكىن پەرھاددىن ئايرىلىپ قېلىپ، بىر بۇلۇڭدا ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم. ياكى ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىشقا ۋە ياكى سىنىڭ خىزمىتىڭگە قايتىشقا يۈزۈم قالمىدى. تۈنۈگۈن ھېسابسىز غەمگە پاتقان ھالدا بىر بۇزۇق ۋەيرانە ئىچىدە كۆپ تەشۋىشلەندىم. بۇ قورغان ئىچىدە ناھايىتى تەڭلىكتە قالدىم. ئاخىرى سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ھەريان قەدەم تاشلاپ، ئۆزۈمنى قەلئەدىن تاشقىرىغا ئالدىم. خۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا كېزىپ، ئەتە-ئاخشام ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدۇم. بۇ ئاخشام خۇسرەۋنىڭ ئوردىسىغا كىردىم؛ ھەر بىر يىغىلىشلارغا، ئەيش-ئىشرەت ئورۇنلىرىغا ۋە غەم-قايغۇ كەپىلىرىگە كىرىپ، ئەپسانىلارغا قۇلاق سالدىم. بۇ ئۆزگىرىشچان پەلەك ئۆچلىشىشنى تاشلاپ، ئاجايىپ مەسلىھەت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپتۇكى، بىزگۈن ئۇ يېگانە دەۋران ۋە خەستە ناتىۋاندىن خالايىق ئىچىدە ئاجايىپ بىر ھېكايە تارقىلىپتۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم ئاڭلاپتۇ. دۈشمەننىڭ ۋەھشىتى سەۋەبىدىن ھىجران ئازابى تارتىپ گاھى چۆل، گاھى تاغلاردا يۈرمەكتە ئىدىم. خۇسرەۋنىڭ كۆز نۇرى پەرھادنىڭ ئەۋلىيالىق مەشئىلى بىلەن يورۇپتۇ-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋەھىمە قىلىپ: «ئەگەر پەرھاد بۇ يەردىن يىراقتا كېتىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مەسئۇل قىلغان قاراۋۇللارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىمەن.» دەپتۇ. بىچارە پەرھاد خۇسرەۋنىڭ باشقىلارغا دىل ئازار، جاپا ۋە تىل-ئاھانەت يەتكۈزۈشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ يەردىن يىراققا بارالمايدىكەن. مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا بارماي دەرھال سىنىڭ خىزمىتىڭگە قايتتىم. بۇ ھەقتىكى خەلقنىڭ راست-يالغان خەۋەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆزلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان ئىكەن. مەن ساڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. چۈنكى سىنىڭ پەرھاد ئۈچۈن چېكىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەتلىرىڭنىڭ پەرھاد

تېغىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى، ئۇ گۈزەللەر
شاھى بولغان شىرىننىمۇ تاغ - تاغ غەم -
غۇسسلەر بېسىپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم.
شۇڭا ئالدى بىلەن ساڭا خەۋەر يەتكۈ-
زۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ گۈل بەرگىدەك لەۋ-
لىرىنى بۇ خەۋەر بىلەن خەندان قىلدۇراي.
يەنە سەندىن سۆز ئالغاچ بېرىپ، شۇ
سۆز بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نۇرلاندۇ-
راي، سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى كېچىك
تۇرمەستىن بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتاي، دېگەن
نىيەتتىمەن. ئەگەر سۆزۈك بولمىسا، ماڭا
رۇخسەت قىلغىن مەن تېزدىن يولغا
چىقاي.

مېھىنبانۇ شاپۇرغا قاراپ تۆۋەندىكى-
دەك سۆزلەرنى باشلىدى:

— ھەي خۇش سۆزلۈك، نۇرانە
چىراي يىگىت، سېنىڭ سۆزلىرىڭ جارا -
ھەتلىك كۆڭۈللەرگە مەلھەم بولدى. سېنىڭ
ھىجرانىڭدا كۆپ ناشاد، پەرھادنىڭ
ھىجرانىدا ئىنتايىن ناخۇش ئىدۇق، سەن
ھەرھالدا بىزنى ئۆزۈڭنىڭ ھىجرانىدىن
ئازاد، پەرھاد ھىجرانىنىڭ غەملىرىدىن
شاد قىلدىڭ، — مېھىنبانۇ شۇ سۆزلەرنى
قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كۈمۈش
بەدەنلىك شىرىننىڭ پەرھادنىڭ ۋەقەلىرىنى
ئاڭلاپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلغانلىقى قاتار-
لىق ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى،
ئاندىن يەنە، — خۇداغا شۈكرى، سېنى
كۆرۈپ، ئۇنى كۆرگەندەك بولدۇق، — دەپ
ناھايىتى كۆپ يىغلىدى. شاپۇر بىلەن
مېھىنبانۇ پەرھادنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ،
پەلەكتىن يەتكەن زۇلۇملارنى بايان قىلى-
شىپ ئۇزاق مۇڭداشتى. شاپۇر ئۇ دىلى
سۇنۇق بىچارە پەرھادنىڭ ھالىنى بايان
قىلسا، مېھىنبانۇمۇ ئاي يۈزلۈك شىرىننىڭ
قىيىن ئەھۋالىنى ئايان قىلاتتى. ئۇلار شۇ
تەرىقىدە قىسسلەر سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا
شىرىن تېخىچە ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ
دىمىقىغا ئارقىمۇئارقا خۇش بۇي ئىسرىق-
لارنى پۇرىتىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى.
ئۇ كۆزىنى ئېچىپ غەمكىن شاپۇرنى
كۆردى - دە، يەنە مىسكىن پەرھاد يادىغا
يېتىپ، بىخۇدلارچە ئاھۇ-پىغانلار چەكتى.
ئۇنىڭ چەككەن ئاھلىرىدىن ئوتلار شولا
ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ شاپۇرغا قاراپ بۇ
بېيىتلارنى ئوقۇدى. نەزمە:

كى ئەي شاپۇر، قاندىن بۇيلە يەتتىڭ،
كېلىپسەن فەرد، ھەمراھىڭنى نېتتىڭ؟!
ھەمۇلكىم مېھرى كۈيىن ئۇرمىش ئېردىم،
بارۇر چاغدا ساڭا تاپشۇرمىش ئېردىم،
رەفىقۇ يارلىغ مۇنداغ بولۇرمۇ؟!
ئەمانەتدارلىغ مۇنداغ بولۇرمۇ؟!
ماڭا ئۆز غايىبىمدىن بىر نىشان ئەت،
دېسەڭكىم ھەجرىدىن ئۆلمەي رەۋان ئەت!
گەر ئەتسەڭ مەكس، ناگەھ چىقسە جانىم،
ياقىن بىلكىم ئېرۇر بوينۇڭغە قانىم.

— ھەي شاپۇر، — دېدى شىرىن زار-
زار يىغلىغان ھالدا، — سەن قاياقلاردىن
بۇنداق كەپقالدىڭ، ئۆزۈڭ يالغۇز كەپسەن،
ھەمراھىڭنى قانداق قىلدىڭ؟! مەن مېھرى-
مۇھەببەت ناغرىسىنى چالغان ئاشۇ كۈنى
قايتار چاغدا ئۇنى ساڭا تاپشۇرغانىدىم.
دوستلۇق، قېرىنداشلىق دېگەن مۇشۇنداق
بولامدۇ؟! ئامانەتدارلىق دېگەن مۇشۇنداق
بولامدۇ؟! ئەگەر ئۇنىڭ ھىجرانىدىن مېنى
ئۆلمەي ياشىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈمنىڭ
يوقاتقان ئۇ ئادىمىمدىن بىر ئۇچۇر بەرگىن.
ئەگەر سەن يەنىلا مۇشۇنداق جىم تۇرد-

ۋېرىپ، مۇبادا جېنىم چىقىپ كېتىدىغان بولسا، بۇنىڭ قان دەۋاسى سېنىڭ بويىنۇڭغا چۈشىدىغانلىقىنى ئۇيلا!...

مېھىنبانۇ شىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، جىگەرىمنىڭ پارىسى، ياقۇت لەۋلىرىڭ بۇ خىل ئىزتىراپتىن تەسكىن تاپسىلا، مىسكىن شاپۇر ھەممە سۆزلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز - ھېكمەتلىرىدىن كۆڭۈللەرگە يۈزلەپ راھەت ھاسىل بولۇپ، يېڭى ۋە كونا جاراھەتلىرىمىز شىپا تاپقۇسى، — دېدى.

قۇياش چېھرىلىك شىرىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا:

— ھەي ئۇستا، ھەي ئەزىز قېرىنداش، ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى ئەيىبلىك دەپ بىلمەستىن، سۆزلىرىڭنى بايان قىلغىن، — دېدى.

شاپۇر پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن بىلگەنلىرىنى شىرىنگە دەرھال بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

— ھازىر پەرھاد ھايات، — دېدى شاپۇر سۆز ئاخىرىدا، — لېكىن ئۇنىڭ كۆنلىرى سېنىڭ ھىجرانىڭدا ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئاۋۋال بۇ ئەھۋالدىن سېنى خەۋەردار قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچىمەن. ئەگەر ساڭا ئېغىر كەلمىسە ئۆز ئەھۋالىڭدىن بىر - ئىككى جۈملە ھېكمەتنى يېزىپ بەرگىن. مەن ئۇنى ئاپىرىپ پەرھادقا كۆرسىتىمەن - دە، ئۇنى ئۆلگەن بولسىمۇ تىرىلدۈرىمەن.

— جېنىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى شىرىن ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرىپ، دەرد - ئەلەم بىلەن شۇنداق ئاجايىپ بىر مەكتۇبىنى پۈتۈپ چىقتىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملىسىدىكى سۆزلەر كۆڭۈللەرنى تارتاتتى. ئۇ خەتنى دەرھال چىقىپ شاپۇرغا تاپشۇردى. شاپۇرمۇ شۇ ھامان يول تەرىپىگە قاراپ قەدەم قويدى. كىشىلەر ئاڭغىچە شاپۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاشقانىدى. شۇڭا ئۇ ئەلدىن يوشۇرۇن ھالدا تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرۈپ، سەھەر ۋاقتىدا پەرھاد تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ زار ناتىۋاننىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرگەن دانىشمەن شاپۇر دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار قېچىپ كېتىشتى. شاپۇر پەرھادنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇنى شۇ ھالدا كۆردىكى، بۇنداق ھالەتنى ھېچ كۆز كۆرمىسۇن، ئۇ بىچارىنىڭ جىسمىدا جان، ئاغزىدا سۆز يوق ئىدى. شاپۇر نالە - پىغانلارنى چەككەن پېتى ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ پەرھادنىڭ يۈزلىرىگە كۆز ياشلىرىنى شۇ قەدەر تۆككەنكى، گويا ھوشسىز كىشىگە گۈل سۈيى سەپكەندەك بولدى. پەرھاد شۇ ھامان ھوشىغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرۈش بىلەنلا، بىر - بىرىنىڭ بويىنىغا قول سېلىشىپ، قورقۇنچلۇق ئۈن تارتقان پېتى زار - زار يىغلاشتى. ئۇلار بىرسى بىرسىگە قاراپ شۇنداق يىغلىدىكى، يىغىسىدىن جاھانغا ئوت چۈشۈپ تاغۇ سەھرالارمۇ قان يىغلىدى. شاپۇر پەرھادنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيگەن ھالدا، قويىندىن مەقسەد مەكتۇبىنى چىقىرىپ پەرھادقا تۇتتى. پەرھاد خەتنى ئېلىپ ئاچتى - دە،

قەلەمدەك زەئىپ تېنى هالسىزلىنىپ يىقىل-
دى. ئۇ مىسكىن بىچارە خەتىنى ئوقۇشقا
باشلىدى. ئۇ سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەند-
دىكىچە ئىدى.

هەي ساقى، ماڭا شۇنداق بىر تەڭ-
داشسىز خەتنى كەلتۈرگىن-دە، بۇ خېتىم-
نى كۆزۈمنىڭ قارىسى بىلەن يېزىپ
چىقاي، ئەي تەڭرىم، ماڭا بۇ يولدا شېرىن
لەۋ ئاتا قىلىپ مېنى، سۆز گۈلشىنىدىكى
خۇشناۋا بۇلبۇل قىلغىن. نەزمە:

كېتۇر، ساقى، ماڭا خەتتى مۇسەللەم،
بىتەي كۆزنىڭ قاراسى بىرلە نالەم.
لەبى شىرىنىمدىن، يارەب، نەسىب ئەت،
مېنى سۆز گۈلشەنىدە ئەندەلىب ئەت.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر
ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈ-
چىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇهەببەت
ۋە مېهىر-شەپقەت سەهىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ هۆكۈمرانى
هەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە
شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق،
غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە
رىۋايەت قىلىدۇ:

تەڭرىنىڭ هەمدۇ-ساناسى بىلەن
باشلانغان بۇ دەرد-ئەلەم مەكتۇبى جاهانغا
مۇنداق دەرد-ئەلەم هېكايىلىرىنى
تاراتتى:

تەڭرى ۋاپا ئەهلىگە قەهرىنى ئاش-
كارىلاپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا هىجران جا-
مىدىن زەهەر سالدى. ئۇ ئىشق ئەهلىنىڭ
كۆيۈپ، ئۆرتىنىشىنى ئەلا كۆرۈپ، ئۇلارغا
ئۇلۇغلۇق بىلەن جۇلا بەردى. ئۇ ئىشق

چاقمىقىنى توختاۋسىز چېقىلدۇرغىنىدا سەرۋى
بولسۇن ياكى خەس بولسۇن، هەممىسى
كۆل يۈزلۈككە ئايلىنىدۇ. مۇهەببەت سېلى
شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەندە، مەيلى
ۋەيرانىلىق بولسۇن ياكى ئاۋاتلىق بولسۇن،
ئۇنى ئوخشاشلا يىقىتىپ تاشلايدۇ. غەم بو-
رىنىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگىنىدە
ئەيشى-ئىشرەت شېمى ۋە مەشئىلى تەڭلا
ئۆچىدۇ. تەڭرى دەرد-مېهنەت تۇتۇن-
لىرىنى ئاشكارا قىلغانىدا، مەيلى ئوتكۈر
كۆزلۈك كىشىلەر بولسۇن ياكى قارىغۇ كى-
شىلەر بولسۇن ئوخشاشلا ياش تۆكىدۇ.
ئەگەر غەم تېشىدىن قەهرى كەلسە، مەيلى
ياقۇت بولسۇن ياكى شىشە بولسۇن، ئوخ-
شاشلا سىنىدۇ. تەڭرى ئەگەر بىر خەسكە
جاپا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇسا، كەهرىۋالارنىمۇ
ساماندەك سارغايتىدۇ، بۇلبۇللارنىڭ نالە-
پىغان قىلىشى، گۈللەرنىڭ ياقىسى يىرتىق
بولۇشى، زەررىچىلەرنىڭ ئىزتىراپلىق تىپىر-
لاشلىرى ۋە نۇرلۇق قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ
هارارەتلىرى شۇ سەۋەبتىندۇر.

ئاسايىشلىق كەلتۈرگۈچى شاپۇر ئۇ
مېهنەت سىياسى بىلەن يېزىلغان خەتنى
پەرهادقا بەردى. گوياكى ئۇ خەت شامدىن
پەرۋانە تەرەپكە ۋە ياكى سەمەندەردىن
ئوتخانا تەرەپكە يېتىپ كەلدى. خەت مۇن-
داق يېزىلغانىدى:

شىرىنىنىڭ پەرهادقا ئەۋەتكەن خېتى

«ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ قەلبىنى يو-
رۇتقۇچى، ئۇلارنىڭ جامالىغا جۇلا بەرگۈچى،
ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل تۈگۈنلىرىنى،
يەنى ۋىسال سىرلىرىنى يەشكۈچى ئۇلۇغ
تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
ئىشق-مۇهەببەت خەزىنىسىنىڭ نۇرى

ۋە ئىلهامى، مېهىر - شەپقەت كانىنىڭ نىشانى ۋە مۆجىزىسى، ئۈمىدسىزلىك كوچىسىنىڭ بىناۋا قەلەندەرى، جاهاننى كۆيدۈرۈپ، جاننى ئۆرتىگۈچى جاپا ۋە مېهنەت ئوتىنىڭ بىپەرۋا سەمەندەرى؛ ۋىسالىم دۆلىتىدىن مەهرۇم بولۇپ، غەم - غۇسسە تاغلىرىنىڭ سېپىلى ئىچىدە تاغ - تاغ دەرد ۋە پىراقتا مۇپتىلا بولغۇچى ئاشۇ بىچارە پەرهادقا مالامەت قەلئەسىگە پاسىبان بولغان مەندەك زەئىپ ۋە خەستە جاندىن مىڭلارچە سالام. جۇدالىق سالامىدىن كېيىن سورايدىغىنىم شۇكى، غەم تاغلىرىنى كۆتۈرۈپ، ناتاۋان جىسمىڭ «جىم» (ج) دەك ئېگىلگەندۇر، قاتتىق غۇربەت ۋە ئاچچىق پۇرقەت ئىچىدە بىچارە جىسمىڭ مېنىڭ ئىشقىمدا ئوت ئۈستىدىكى قىلدەك تولغىنىۋاتقاندۇر. هازىر سېنىڭ هالىڭ نېچۈك؟» دەپ يازغاندىن كېيىن يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە بېيىتنى قاتار تىزدى.

نەزمە:

«كۆزۈم فىكرى فىچىڭگە سالسا قايغۇ،
بەلا هەر گۇشەدىن تۇغيان قىلۇرمۇ؟
بۇ مىژگانىم غەمىدىن چىقسا هۇيۇڭ،
بولۇرمۇ بىر تىكەن هەر تارى مويۇڭ؟
قاراغىمنى تەخەييۇل ئەيلەگەن چاغ،
خەيالىڭ شەخسى ئۆرتەرمۇ ياڭى داغ؟
ئەگەر گۇل بەرگىدىن بولغاندا مەهزۇن،
يۈزۈڭ گۇلگۇن قىلۇرمۇ ئەشكى گۇلگۇن؟
قىلىپ خالىم غەمى كۆڭلۈڭگە قىنلەر،
قونارمۇ ئول يارىڭ ئۆزرە چىبىنلەر؟
يۈزۈم هەجرىدە تۆكسە كۆزلەرىڭ سۇ،
قۇياش رۇخسارىغە باققۇڭ كېلۇرمۇ؟
كۆزۈڭلەئلىم غەمىدىن تۆكسە قان - ياش،
بولۇرمۇ لەئل هەرقان بىرلە هەر تاش؟
تىلىڭ قىلسە هەدىسىمدىن رىۋايەت،
ئۆزۈڭ بىرلە قىلۇرسەنمۇ هېكايەت؟
تىشىم يادىدا كۆڭلۈڭ چەكسە نالە،
ياشىڭنى ساۋۇغ ئاه ئەيلەرمۇ ژالە؟
زەمىرىڭ قىلسە ئاغزىمنى تەۋەههۇم،
ئەدەم يولىدا ئەيلەرمۇ ئۆزىن گۇم؟
زەنەخدانىم بىلە زۇلفى گىرىهگىر،
هەزىن كۆڭلۈڭدە ئېركىن چاهۇ زەنجىر؟
قۇلاقىم دۇررى ئەشكىڭ قىلسە كەۋكەب،
بولۇرمۇ كۆزلەرىڭ دۇررى لەبا لەب؟
قەدىم هىجرانى بولسە كىنەخاهىڭ،
چىقارمۇ سەرۋى يەڭلىغ دۇدى ئاهىڭ؟
خەيال ئەتسەڭ خىرامىمدىن شەمايىل،
رەۋانىڭ چىقغالى بولۇرمۇ مايىل؟
بېلىمدىن سەئب بولسە كۆڭلۈڭگە هال،
بولۇرمۇ مويەدىن مو، نالەدىن نال؟
تېنىم سىيمى ئىچىڭنى قىلسە مەهزۇن،
بولۇر ئېركىن يۈزۈڭ ئولغەمدىن ئالتۇن؟»

ئاندىن كېيىن شېرىن يەنە نەسرى ئىبارىلەرگە قەلەم سۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى يازغاندى:

«كۆزۈمنى ئېسىڭگە ئېلىپ، ئىچىڭگە قارا قايغۇ چۈشسە، ساڭا بالا - قازا هەرتەرەپتىن هۇجۇم قىلامىدىغاندۇ؟ كىرپىكلىرىم غېمىدە ئاهۇ - نالە چەككىنىڭدە هەر بىر تۈكلىرىڭ بىردىن تىكەنگە ئايلىنامدۇ؟ كۆزۈمنىڭ قارىسىنى خىيال قىلغىنىڭدا، خىياللىرىڭ كۆڭلۈڭدە يېڭى - يېڭى جاراهەتلەرنى پەيدا قىلامدۇ؟ گۇل بەرگلىرىدەك مەڭزىم سەۋەبىدىن غەمگە چۆككىنىڭدە، گۇل رەڭگىدىكى قانلىق كۆز ياشلىرىڭ يۈزۈڭنىمۇ گۇل رەڭگىگە كىرگۈزەمدۇ؟ خالىم غەملىرى كۆڭلۈڭگە كىرىۋېلىپ، كۆڭۈل جاراهەتلىرىڭ ئۈستىگە چىۋىندەك قونۇۋالامدۇ؟ چىرايىمدىن

www.uyghurkitap.com

جۇدا بولغانلىقتىن كۆزلىرىڭ ياش
تۆكسە، قۇياشنىڭ جامالىنا قارىشۇڭ كېلەمە-
دۇ؟ لەۋلىرىم غېمىدە كۆزلىرىڭ قان - ياش
تۆكسە، ئۇ قان - ياشلارنىڭ ھەربىر تامچىسى
بىردىن ياقۇت ۋە مەرۋايىتقا ئايلىنامدۇ؟
تىلىڭ مەن توغرۇلۇق رىۋايەت باشلىسا،
ئۆز - ئۆزۈڭ بىلەن ھېكايە ئېيتىشامسەن؟
چىشلىرىم يادى بىلەن كۆڭلۈڭ نالە - پىغان
چەكسە، سوغۇق ئاھلىرىڭ كۆز ياشلىرىڭنى
مۇلدۇرگە ئايلاندۇرامدۇ؟ كۆڭلۈڭ ئېغىزىم
ۋەھىمىلىرىنى ئويلىغىنىدا، يوقلىش يولىدا
ئۆزىنى نابۇت قىلارمۇ؟ زىناقلىرىم بىلەن
بۇدۇر چاچلىرىم غەمكىن كۆڭلۈڭدە قۇدۇق
ۋە زەنجىرلەرنى ھاسىل قىلدىمكىن؟ قۇ-
لاقلىرىم كۆز يېشىڭنىڭ ئۈنچىلىرىنى يول-
تۇزغا ئايلاندۇرسا، كۆزلىرىڭگە ياش ئۈنچى-
لىرى لىپمۇلىپ تولامدىغاندۇ؟ بويلىرىمدىن
جۇدا بولغىنىڭ ئۈچۈن ئاھ تۈتۈنلىرىڭ سەر-
ۋىدەك تۈز چىقتىمىكىن؟ قەدەم تاشلىغان
ۋاقتىمدىكى كۆرۈنۈشلەرنى خىيال قىلساڭ،
روھىڭ تېنىڭدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشى-
لەمدىكىن؟ بېلىمنى خىيال قىلىش بىلەن
كۆڭلۈڭگە قىيىن ئەھۋال يۈزلەنسە، يىغا-
زارە سەۋەبىدىن قىلدەك ياداڭىزۇ بولۇپ
ئاھۇ - نالە تۈپەيلىدىن نالدەك ئېگىلىپ كې-
تەمدىغانسەن؟ كۈمۈشتەك بەدەنلىرىم ئېچىڭ-
نى غەمگە تولدۇرغىنىدا، ئۇ غەم - غۇسسە
سەۋەبىدىن يۈزلىرىڭ ئالتۇندەك سارغىيىپ
كېتەمدىكىن؟ تاغۇ - سەھرالار ئورنۇڭ، قاتتىق
تاشلار ياستۇقۇڭ بولغانمىدۇ؟ ئەيشى - ئىش-
رەت قۇشلىرىڭ يوقلىپ، بېشىڭغا ھۇقۇشلار
سايە سالدىمكىن؟ ساڭا ئۇ دەشت - باياۋاندا
كېيىكلەر يول باشلىغۇچى، قۇلۇنلار سېنىڭ
مېنىشىڭ ئۈچۈن ئۇچقۇر ئات بولۇپتۇ.

شان - شەرەپتە گويا سۇلايمان بولۇپسەن،
لېكىن مەن بىلەن پۈتۈشكەن ۋەدىنى ئۇنۇت-
مىغايسەن. تامامى ۋەھشىي ھايۋانلار ئالدىڭدا
چاكار بولۇپ پۈتۈن ۋەھشىي جانۋارلار سې-
نىڭ دەرگاھىڭدىكى مۇلازىمغا ئايلىنىپتۇ،
پۈتكۈل ھايۋاناتلار سېنىڭ پەرمانىڭغا تەۋە
بولۇپتۇ. پۈتكۈل ئۇچار قاناتلار سېنىڭ ھەر-
تەرەپكە ئەۋەتىدىغان خەۋەرچىڭگە ئايلىنىپ-
تۇ. سەن شۇقەدەر يۈكسەك ئورۇنغا، يەنى
سۇلايمانلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولساڭمۇ،
لېكىن مەن ساڭا مېنى سۇلايمان ئەلەيھىس-
سالام بىلقىسنى ①ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەت-
لە دېيەلمەيمەن. گەرچە مەن سېنىڭ بىل-
قىستەك يارىڭ بولالمىساممۇ، كېنىزىكىڭ
بولارمەن. ئەگەر مېنى بىلقىس قىلىشىڭغا
بىرەر ئىش توسقۇن بولسىمۇ، لېكىن كې-
نىزىكىڭ بولۇشۇمغا توسقۇن بولماس. چۈن-
كى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بارلىق پەرى-
لەر تەۋە بولغانىدى. ساڭا بىلقىس بولۇشقا
ھەددىم بولمىسىمۇ، لېكىن پەرىلىرىڭدىن
بىرسى بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسەن. زۇ-
لۇم قىلىشنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلىۋالغان بۇ
پەلەك مېنى سەندىن ھەمىشە جۇدا قىلماق-
تا. مەن ساڭا يۈرەردە يولدىشىڭ، تۇرار
چاغدا قولدىشىڭ بولغان بولسام نەقەدەر
ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! كاشكى، سا-
ڭا كۈندۈزلىرى قۇياشتەك ھەمراھ بولۇپ،
كېچىلىرى سەن بىلەن سايىدەك بىللە بول-
سام؛ ئايىغىڭغا زۇلۇم تىكەنلىرى سانچىلغى-
نىدا، ئۇنى كىرپىكىمنى يىڭنە قىلىپ چى-
قارسام، پۇتلىرىڭنى سۇنغىنىڭدا دائىم يېنىڭ-
دا غەمگۇزارىڭ بولسام ئىدى. سېنىڭ بېشىڭ
دائىم مېنىڭ قوينۇمدا بولسا ئىدى. ئەگەر

① بىلقىس — سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ئايالى.

www.uyghurkitap.com

ياتقان ئورنۇگدا يوشۇرۇن ئەخلەتلەرنى
كۆرۈپ قالسام، ئۇنى چىچەم بىلەن سۈپۈر-
سەم؛ چاڭ - توزاندىن كۆكلۈكگە مالاللىق
يەتكەنلىكىنى سەزگىنىمدە، يەر يۈزىگە
كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇ سەپسەم ئىدى.
بېشىڭغا جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى
چۈشكىنىدە، چىرايىمنى ئېچىپ، قۇياش پەيـ
دا قىلسام؛ ئۇزۇن كۈنلەر جىنىڭغا قەست
قىلغاندا، ساڭا چاچلىرىمنى يېيىپ، ئىپار
رەڭگىدەك قاپقارا تۈن ھاسىل قىلسام ئىدى.
يۈزلىرىڭدىن مەگزىمنى ئالمىسام؛ ياشلىرىڭـ
نى مەگزىم بىلەن سۈرتسەم ئىدى. سېنى
سەۋدايىلىقا مايىل كۆرگىنىمدە، قولۇمنى
بوينۇڭغا سالسام ئىدى. يۈزۈڭنى كۆرۈش
ئۈچۈن ئەينەك ئىستىگىنىڭدە، يۈزۈمنى يۈـ
زۈڭگە ئۇتتۇر تۇتۇپ بەرسەم؛ سۇ ئىزدەپ
ئۇتلۇق كۆكلۈكگە ھاياجان چۈشكىنىدە،
ساڭا لېۋىم بۇلىقىدىن سۇ بەرسەم ئىدى.
ساڭا ھەر نەپەستە ھەمدەم بولۇپ، كېچە -
كۈندۈز مەھرەملىكىڭنى قىلسام ئىدى. كېـ
چىلىرى مەجلىسىڭنى يورۇتقۇچى شام بولۇپ،
كۈندۈزلىرى يېقىن ئۈلپىتىڭ بولسام ئىدى!
ھەي ئېسىت! بۇ مەككار پەلەك، بۇ جاپاـ
كار ئالەم سېنى بىر ياققا، مېنى بىر ياققا
ئايرىپ تاشلاپتۇ. ئەگەر كىشى كۆكسىنى
يۈز پارە قىلسىمۇ، پەلەك زۇلمىغا نېمە
چارە؟! بۇ زالىم پەلەكنىڭ زۇلمىدىن كېـ
مىكى كۆڭۈلسىز بولغان بولسا، ئاڭا بۇ پەـ
لەك يەنە زۇلۇم ئۈستىگە زۇلۇم سالدۇ.
سەن نەچچە مۇددەتتىن بېرى بالا - قازا
بەندىگە باغلاندىڭ، سېنىڭ غەم ۋە دەرد-
لىرىڭگە تەڭ كەلگۈدەك يەنە بىر دەردنى تېـ
پىشنىڭ ئىمكانى يوق، تارتقان جاپا ۋە
مېھنەتلىرىڭنىڭ پايانىمۇ يوق. لېكىن جاـ
ھان ئەھلىگە شۇنىسى ئايانكى، سېنىڭ قوـ
لۇڭدا قاتتىق تاشلارمۇ مۇمغا ئايلاندىدى.
دەرد - ئەلەم چېكىشكە چىرئىتلىق بار، بالاـ
قازا ئالدىدا سەۋر - تاقىتلىق بار. گەرچە سەن
مېنىڭ جۇدالىقىمدا ناتىۋان بولۇپ قالغان بولـ
ساڭمۇ، يەنىلا بىر مەردانە ئەر، غەيۇر پەھـ
لىۋانسەن. ئەگەر ھىجران ئازابى قوزغالسا،
ئاھ چېكىش بىلەن ئۇنىڭدىن كۆڭلۈكنى
خالى قىلسەن. مۇشەققەت ئوتلىرى جىسـ
مىڭنى كۆيدۈرگىنىدە ئۇنى كۆز يېشىڭنىڭ
سېلى بىلەن تىنچىتىۋاتىسەن. بېشىڭغا دەرد
كەلسە، ئاھۇ - پىغانلار بىلەن ھەر تەرەپكە
پىرقىراپ، ئۇنى يوقىتىسەن. ئەگەر كۆكسۈكـ
گە غەم - قايغۇ تاشلىرىنى ئۇرۇپ، جېنىڭغا
قانچە جاپا سالساڭمۇ، بۇنىڭغا سۆز سىغمايـ
دۇ. چۈنكى ئاشقلار ئىشى شۇنداق بولىدۇ.
مەن پۇتلىرىم سۇنغان بىچارە ناتىۋانمەن،
پۇتۇملا ئەمەس، بەلكى باشتىن-ئاياغ جىسمى
ئەزالىرىم سۇنغان زەئىپ بىچارىمەن. پىراـ
قىڭ تىغىدىن جېنىم، بەلكى ناتىۋان جىسـ
مىم يۈز پارە بولدى. ھىجرانىڭ ئوتىدا
جىسمىم بىلەن جان ۋە دىلىم كۆيۈپ يۈز
قېتىم كۈلگە ئايلاندى. ئىچىمگە ئىشقىڭ
شولىسى تۇتاشتى، تۇتۇشۇپلا قالماي، ئۇ شوـ
لىلار يالقۇنى بېشىمدىن ئاشتى. ئىچىمدە
يۈزلىگەن ئوتلار پەيدا بولسىمۇ، نەپەس
تۈتۈنلىرىنى چىقىرىشقا قۇدرىتىم يوق. كۆزـ
لىرىم گەرچە ياقۇت ۋە مەرۋايىتلارنىڭ كاـ
نىغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن
بىرەر تامچە ئاققۇزۇشقا ئىمكانىم يوق. ئەـ
گەر ئايال كىشى گۈزەللىكتە ۋە ئازادەلىكتە
سەرۋى ھەم سەنەۋبەرگە ئوخشاش بولسىمۇ... سەرۋى ھەم سەۋسەندەك، ھۆسنى جامالدا
ئايدەك، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىـ
لىۋېلىپلا، ۋاپا ئەھلىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىـ
سۇن. ئاياللاردىن ئىبارەت ئاجىز بىچارىلەرنىڭ

بىراۋ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ قې-
لىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا جۇدالىقنىڭ
مۇشكۇل ئىشلىرى چۇشۇشىدىن، ئۇلارنىڭ
بېشىغا ئىشق سەۋداسىنىڭ چۇشۇپ قېلىشى-
دىن تەڭرىم پاناھ بەرسۇن. ئۇ بىچارىلەر-
نىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيگۇدەك ماجالى، ياكى
ئۇنىڭدىن قۇتوۇشقا ئامالى يوق. ئاياغ ئاس-
تىدا قالغان بىر ئاجىز چۇمۇلىنى ئۆلتۇ-
رۇش ئۇچۇن يۇز ئەجدىھا بىسىپ كەلسە،
خالايىقنىڭ تاپىنى ئاستىدا يۇرگەن چۇمۇ-
لىنىڭ يۇزلىگەن ئەجدىھالار جېڭىدە هالى
نېمە بولماقچى؟! پۇتكۇل ئالەمدە چاقماق-
لار چېقىلىپ، ئوت چاقناپ كەتسە، ئۇنىڭ
ئوتتۇرىسىدا خەس ۋە خاشاكلارنىڭ تۇرا-
لىشى مۇمكىنمۇ؟! هەممە ئىشلاردىن مۇش-
كۇلرەكى شۇكى، مەندەك غەم- قايغۇ باس-
قان بىر بىچارىگە سۆيگۇ- مۇهەببەت ئىشى
ئىنتايىن قىيىن بولماقتا. بىر تەرەپتىن،
قايغۇ- ئەپسۇس، يەنە بىر تەرەپتىن، هايا-
نوموۇس مېنى قىينىماقتا. ئىچىمدە يۇزتۇمەن
ئوتلار كۆيۇپ، كېچە- كۇندۇز ئۆرتىنىۋات-
قان بولسامۇ، ئۇنى ئاشكارىلاشقا ئامالسىز-
مەن. چۇنكى ئار- نوموۇس قولىدىن كەتسە
هەممە تۇگىشىدۇ. شوڭا ئاشىق- مەشۇقلار
هەرقانچە مۇشكۇل ئەهۋالغا قالسىمۇ، شەر-
مى- هايا، ئار- نوموۇس مىزانىغا رىئايە
قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاهۇ- زارلىرى يەتتە قات
ئاسمانىنىڭ پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئۆز يۇزلىرىدىن شەرمى- هايا
پەردىسىنى ئاچمايدۇ. سەن مېنىڭ تارتقان
دەرد- ئەلەملىرىمنى ئۆزۇڭنىڭكىدىن ئاز
دەپ قارىما، سېنىڭ دەردىڭمۇ كۆپ، مې-
نىڭمۇ تولا. نەزمە:

دېمە مەندىن سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر كەم،
سېنىڭ هەم كۆپدۇرۇر دەردىڭ، مېنىڭ هەم.

لېكىن مۇنچە دەرد- ئەلەم بىلەن،
مۇنچىۋالا غەم-غۇسسە بىلەن بولسامۇ، يە-
نىلا سېنىڭ دەرد ۋە غۇربەتلىرىڭنى ياد
ئېتىمەن. سېنىڭ دەرد- ئەلەملىرىڭنى ئوي-
لىغىنىمدا مىسكىن جېنىمغا يۇزلەرچە جاپا
ۋە زۇلۇم يېتىدۇ. سېنىڭ ئىشقىڭ ئەسىرى
بولغاندىن بېرى گەرچە ئاھ ئاۋازلىرىم پە-
لەكلەردىن هالقىغان بولسىمۇ، لېكىن نالە-
ئەپغان ئىچىدە بىر تىنىقنىمۇ خۇشال تىنال-
مىدىم، هىجران ئىچىدە بىر نەپەسىمۇ خۇ-
شال بولالمىدىم. دۇشمەنلەر مەملىكىتىمنى ۋە
خەلقىمنى تالان- تاراج قىلىپ، سىپاهلىرىم
بىلەن تەختىۇ تاجىمنى تارتىۋالدى. مېنى لەش-
كەرلىرىم بىلەن بىر تاغنىڭ ئىچىدە ئۆڭكۇرلەرگە
قاماىدى. بۇ يۇرتنىڭ شاھ ۋە پۇقرالىرىغىچە
هەممىسى باشتىن- ئاياغ دۇشمەن ئەسىرى
بولدى. تۇتۇلغانلار جانلىرىدىن ئايرىلدى.
قۇتۇلغانلىرىنىمۇ غەم ۋە قورقۇنچ ئۆلۇكتەك
هالەتكە كەلتۇرۇپ قويدى. خالايىقنىڭ هەم-
مىسى بۇ ئىشلارنى مېنىڭ ئىشقىم سەۋەبى-
دىن بولدى دەپ قارىدى. شۇڭا ئەلنىڭ قارغى-
شىنى تولا ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىم گاس بولدى.
ئەلدىن قىلغان ئۇياتلىرىم جېنىمغا قەست
قىلسا، مېهىنبانۇ ئالدىدىكى خىجىلچىلىق ها-
ياتىمنى تۇگەشتۇرۇۋەتتى. لېكىن بېشىمغا
مۇنداق قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەردىن
يۇزلەپ كەلسىمۇ، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ يۇزمىڭ
هەسسە شىددەتلەر يۇز بەرسىمۇ، ئەگەر
سېنى پات- پات كۆرۇپ تۇرالىغان بولسام،
خۇدا هەققى ۋە يەنە خۇدا هەققى هېچ
بىر غېمىم يوق ئىدى. نەزمە:

سېنى كۆرسەم ئىدى ناگاھ- ناگاھ،
غەمىم يوق ئېردى، بىللاھ، سۇممە بىللاھ.
شۇ تاپتا پىراقىڭدا ئۆلدۇم، بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز قېتىم ئۆلگەندىن ئارتۇقراق بولدۇم.
ئەمما ۋىسالىڭ ئۈمىدى بولغاچقا ھاياتمەن.
دائىم تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋارمەن.
ھىجرانىڭدا يۈز يىل غەم - غۇسسە تارت-
ساممۇ، لېكىن ۋىسالىڭ ئۈمىدى بولسىلا
خۇشالمەن. سەندىن كۈتىدىغىنىم شۇكى،
ساڭا مەپتۇن بولغان مەشۇقۇڭ بۇ پەرىشان
خەتنى يازدى، ئۇنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن
خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەرھەمەت قىلىپ
جاۋابىنى ئەۋەتكەيسەن. بۇ خېتىڭ مەن
ئۈچۈن غەم - ئەلەملەردىن جېنىمنى قۇت-
قۇزغۇچى تۇمار بولۇپ قالغۇسى. ئۇنى مەن
بالا - قازا ۋە غەم - غۇسسەلەردىن ئامانلىق
خېتى قىلىپ، بوينۇمغا سالغايمەن. ئەگەر
مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر تاپساڭ، خۇدا
بۇيرۇسا چوقۇم جاۋابىنى بەرگىن. نەزمە:

چۇ بولساڭ ھالىمە ئاگاھۇ ئەئلەم،
جەۋابىن ھەم ئىبەر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

خېتىم تامام، ۋەسسەلام.»

پەرھاد بۇ خەتنى زار - زار يىغلىغان
پېتى ئوقۇپ چىقتى، جىسمى ئۆرتىنىپ
گويا كى نالدەك ئېگىلدى. ئۇ گاھ ھوشسىز-
لارچە نالە - پەرياد چېكەتتى، گاھى ئور-
نىدىن تۇرۇپ بىر نەپەستىلا يۈز پىرقى-
رايتتى. ئۇنىڭدىن سەۋدانىڭ ئالامەتلىرى
كۆپلەپ ئاشكارا بولماقتا ئىدى. تۇرۇپ
ھوشىغا كەلسە، يەنە تۇرۇپلا ھوشىدىن
كېتەتتى. گەرچە ئۇنىڭ سەۋدا سەۋەبىدىن
نالە - ئەپغانى ھەددى - ھېسابسىز بولسىمۇ،
لېكىن جاۋاب خەت يازماقتىن باشقا چارە
ۋە ئىلاجى يوق ئىدى. شاپۇر پەرھادنىڭ
جاۋاب مەكتۇپى يېزىشى ئۈچۈن كېتەرلىك
ئەسۋابلارنى ھازىرلاپ، ئىپار بىلەن كاپۇر-

نى ئارىلاشتۇرۇپ بەردى. بىچارە پەرھاد
بىر پەس ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە، مۇلاھى-
زە قىلغان ھالدا ئاشۇ دەرد ۋە بالا مەك-
تۇپىنىڭ شەرھىسىنى يېزىپ، شاپۇرغا بەر-
دى. پەرھاد شاپۇرنى يولغا سالغاندىن كې-
يىن، ئۆزى يەنە دەرد ئوتىغا مۇپتىلا بول-
غان پېتى شۇ يەردە قالدى. شاپۇر مەك-
تۇپنى ئېلىپ، گويا كى خەت توشۇغۇچى
كەپتەردەك ئۇچۇپ، بىر ئاماللار بىلەن ئۆ-
زىنى قورغان ئىچىگە ئالدى. شاپۇر شىرىن-
نىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، خەتنى ئۇنىڭ ئالدىدا قو-
يۇپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۈمۈش تەن-
لىك شىرىن خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ياش
تۆككەن پېتى ئىستىراھەت سارىيىدىن دەرد
ۋە مېھنەتنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىردى.
ئۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ
غەم داستانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى.

ھەي ساقى، ماڭا قەدەھتە گۈل رەڭ-
لىك شاراب كەلتۈرگىن، مەن ئۇنى ئىچىپ،
غەم - غۇسسىلىرىمنى تېخىمۇ ئاشۇراي، مۇ-
ھەببەت مەكتۇپىنى كۆزلىرىمگە سۈرتۈپ،
پەرى سۈپەت يارنىڭ يادىدا ھوشسىز بو-
لاي، نەزمە:

كېتۈر، ساقى قەدەھ گۈل رەڭگى بادە،
غەمۇ ئەندۇھنى ئەيلەي زىيادە.
مۇھەببەت نامەسىن سۈرتەي كۆزۈمگە،
پەرىۋەش يادىدا كەلمەي ئۆزۈمگە.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى-
لەر ۋە يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈ-
گۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت
ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەل-
لىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى

ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۆللەرگە شاد-
لىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق،
غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە
رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ دەرد - ئەلەم مەكتۇپىنىڭ يازغۇ-
چىسى پۈتۈن ئالەمنىڭ قارىسىنى ئۆز قەلە-
مىگە سىياھ قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن
باشلانغان بۇ خەتنى مۇنداق يازدى:

تەڭرى قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز جامالى-
نىڭ شېمىنى يورۇتۇش ئۈچۈن، ئىشق - مۇ-
ھەببەت چاقمىقىنىڭ ئوتلىرىدىن نۇر چې-
قاردى، ئىشق ئوتىنىڭ تۈتۈنلىرىنى چىقى-
رىپ، دەردمەنلەرنىڭ خانۇمانىنى قارا قىل-
دى، قۇياشتەك گۈزەل ۋە ئاپەتلىك چې-
رايلارنى پەيدا قىلىپ، خەلقنى كۆز ياشلىرى
بىلەن گوياكى زەررىچىلەرنى قوزغى-
غاندەك قوزغىدى. ئۇ پەرھادنى
ئاشىق قىلىپ، ئۇنى زەررىچىلەردەك
سەرگەردانلىق بىلەن خۇشال قىل-
دى. ئۇنىڭغا ئۆز مەملىكىتىدىن نېسىۋە
بەرمەي، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمان ئېغىزلىرىنى
غېرىب - مۇساپىرلىق مېيى بىلەن زەھەردەك
ئاچچىق قىلدى. ئۇنىڭ يار ۋە دىيار قايغۇسى-
نى قاتتىق، پىراق ۋە ھىجران قەدىھىنى
ئاچچىق قىلدى. ئۇنىڭغا غېرىبلىق ئېلىدە
ئورۇن بېرىپ، جاھان ئەھلىنى ئۇنىڭ جې-
نىغا دۈشمەن قىلدى. ئۇ پەرھادنى ئۆز
مەشۇقى بىلەن خۇشال قىلىپ، دۈشمەنلىرىنىڭ
خەۋپىدىن بىپەرۋا قىلدى. خالايىقنى
دىلبەرنىڭ مەكتۇپى بىلەن خۇشال قىلىپ،
ئۇلارنى غەم - غۇسسىدىن ئازاد قىلدى. بالا-
قازا تېغىنى باشتىن - ئاياغ قاتتىق تاشلار-
دىن پۈتتۈرۈپ، ئاشىقلارنى ئۇنىڭ بىلەن
ئاۋارە قىلدى. مۇھەببەت چۆلىنى بىر بالا-
قازا، ئۇنىڭ ھەربىر چۆمۈلىسىنى بىر ئەج-

دىھا قىلدى. بۇ جاپا - مۇشەققەت داستانى-
نىڭ ھەممۇ سانالىرىنى ئادا قىلغاندىن كې-
يىن، ئۇ بەختسىز بىتەلەي پەرھاد مۇھەب-
بەت ئوتىنىڭ داستانى ۋە غەم - غۇسسە
تۈتۈنلىرى قارىسىنىڭ نىشانى بولغان بۇ
مەكتۇپىدا مۇنداق ھېكمەتلەرنى تىزغانىدى.

«ئۇ سەرۋى - ياسىمەنگە، بەلكى پىر-
دەۋىس جەننىتىنىڭ ھۆر - پەرىسىگە، بۇ
غېرىب - ناتىۋاندىن، بەلكى كۆڭلى غەملىك
خەستە جاندىن، ئاھ تارتقىنىدا، ھەربىر ئا-
ھى ئالدىدا دوزاخمۇ بىر ئۇچقۇندەك بو-
لۇپ قالغان؛ كۆڭلى ئۆز جېنى ئۈچۈن با-
لا بولۇپ، ئۆز مەشۇقىنىڭ كۆڭلىنى ئې-
لىش ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن بىر مىسكىن
ئىنساندىن سالام! مېنىڭ ئۇنى جانان دې-
يىشكە، جانان ئەمەس، بەلكى جان دېيىش-
كىمۇ ھەددىم يوق. بىراق مەن سەۋدايى-
لىق بىلەن جاھاندا داڭ چىقاردىم، سەۋ-
دايىلار نېمە دېسە ئەپۇ قىلىنىدۇغۇ. ماڭا
بۇ ئاپەت ئاشۇ پەرىدىن، ياق، پەرى ئە-
مەس، ئاشۇ ئىنسانلار سەرداردىن كەلدى.
شۇنىڭدىن بېرى ئىشىم تەلۋىلىكتىن ئىبارەت
بولدى. شۇڭا سەۋدايىلارچە سۆزلىسەم
ئەجەب ئەمەس. ساراڭلارنىڭ خىلمۇخىل
سۆزلىرى ھوشيار كىشىلەر ئالدىدا بىھۇدە
بىلىنىدۇ. شۇڭا پەرىلەر ئەپسانىلىرىدىن نە-
قىل كەلتۈرگىنىمدە، سەۋدايىلىقىم تۈپەيلى-
دىن خاتا سۆزلەپ قويسام ئەجەبلەنمەڭ،
لېكىن ئۇ ماڭا لەيلى سۈپىتىدە كەلدى،
شۇڭا مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى مەجنۇنغا
ئوخشاش خالى ۋە تازا قىلاي.»

پەرھاد ئۆز سۆزى شۇ يەرگە كەل-
گەندە، نەچچە بېيىتلارنى قاتار تىزغانىدى:

نەزمە:

«نىگارا، مەھۋەشا، ئىسمەت پەناھا،
جەھان مەھۋەشلەرىغە پادىشاھا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساڭا ھەددىم يوق ئۇلماق نۇكتە پەرداز،
تىلەرمەن ئىتلەرىڭغە ئايتماق راز.
نېدۇر كويۇڭ ئارا ئىتلارغە ھالەت،
فەراغەت بىرلەدۇرلار يا مەلالەت؟
كېچە ئول كوي ئارا قىلغاندا فەرياد،
قىلۇرلارمۇ بۇ يۈتكەن ئىتنى ھەم ياد؟
يىغىلىپ ھەلقە ئۇرغان ماجەرادا،
مېنى يوقلارمۇ ئېركىنلار ئارادا؟
سۆڭەك چايناردا ئەيلەپ قەھرۇ كىنلەر،
قۇرۇغ جىسمىم ساغىنۇرمۇ ئىكىنلەر؟
قىلۇردا تۇئمە تاشتىن يانچىغان باش،
بىلۇرلارمۇكى يەر باشىم تىلەر تاش؟
سۇ سارى تىللارى قىلغان زەمان مەيل،
ساغىنۇرلارمۇ ئەشكىم سۈيىنى سەيل؟
بويۇنلارىغە سەگبان چەگسە زەنجىر،
ساغىنۇرلارمۇ زەنجىرىمنى بىر - بىر؟
كۆلادەك تەۋقدىن ھەردەم تاپىپ زەۋق،
ساغىنۇرلارمۇ تۇشكەن بوينۇمە تەۋق؟
ياتىپ باش قويسەلەر ئول ئاستانغە،
قالۇر ئېركىنمۇ يەر بۇ ناتەۋانغە؟
بەلىيەتكىم ماڭا يەتمىش قەزادىن،
ئالۇرلارمۇ ئىكىن ھەرتۈن ئەزادىن؟
ھىنادىن قوللارى كۆرگەندە رەڭگىن،
كۆزۈم قانى ساغىنۇرلارمۇ ئېركىن؟
رەسەن تاپسە بويۇنلارىغە پەيۋەند،
بىلۇرلارمۇ ئىكىن بوينۇمدا يۈز بەند؟
بۇلار ئىچرە بار ئېردى بىر زەئىف ئىت،
مېنىڭدەك زارۇ مەھزۇنى نەھىف ئىت.

ھەي پاك ۋە نومۇسچان گۈزەل،
ھەي جاھاندىكى ئاي يۈزلۈك گۈزەللەرنىڭ
پادىشاھى، ساڭا ھالىمنى ئېيتىشقا ھەددىم
ئەمەس. پەقەت سېنىڭ ئىتلىرىڭ بىلەنلا
سىردىششنى ئىستەيمەن. كوچاڭدىكى ئىت-
لارنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇر؟ ئۇلار راھەت -
پاراغەتتىمىكىن، ياكى جاپا - مۇشەققەت بى-
لەنمىكىن؟ ئۇ ئىتلار كوچاڭدا پەرياد قى-
لىشقاندا، مېنىڭدەك يوقالغان بىر ئىتنىمۇ
يادىغا كەلتۈرەمدىكىن؟ ئۇلار يىغىلىپ، دا-
ئىرە ھاسىل قىلغان چاغلىرىدا، ئۆز ئارى-
سىدا مېنىمۇ يوقلاپ قويامدىكىن؟ سۆڭەك-
لەرنى قەھرۇ - غەزەپ بىلەن چاينىغىنىدا، بۇ
قاقشال بولۇپ كەتكەن جىسمىم يادىغا يې-
تەمدىكىن؟ ئۇلار تاش بىلەن يانچىلغان
باشلارنى ئۆزلىرىگە غىزا قىلغىنىدا، بۇ بې-
شىمنىڭ تاش يېيىشنى تىلەۋاتقانلىقىنى
بىلەمدىكىن. ئۇلار سۇغا تىللىرىنى سوزغى-
نىدا، كۆز يېشىم سۈيىنىڭ سېلىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرەمدىغاندۇ؟ ئىت باققۇچىلار
ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەنجىر سالغىنىدا،
ماڭا سېلىنغان زەنجىرلەر كۆز ئالدىغا كې-
لەمدىكىن؟ ئۇلار كۆلدەك بويۇن تاسمىلى-
رىدىن ھاياجانغا چۈشكىنىدە، مېنىڭ بوينۇم-
غا چۈشكەن تاقاقلار يادىغا يېتەمدىكىن؟
ئۇلار ئۇ ئاستانىگە باش قويۇپ ياتقىنىدا
مېنىڭدەك بىر ناتىۋان بىچارىگىمۇ ئورۇن
قالامدىكىن؟ ماڭا تەقدىر - قىسمەتتىن بالا-
قازالار يەتتى، ئۇلار ھەركېچىسى بۇنىڭغا
ھازا تۇتۇۋاتقانمىدۇ؟ خىنا بىلەن قىزارغان
قوللارنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىمدىن ئاققان
قانلىق ياشلارنى يادىغا ئالامدىكىن؟ ئۇلار
ئۆز بويۇنلىرىنىڭ ئارغامچا بىلەن باغلان-
غانلىقىنى كۆرگىنىدە، مېنىڭ بوينۇمنىڭمۇ
يۈز يەردىن باغلانغانلىقىنى بىلەمدىكىن؟
بۇ ئىتلارنىڭ ئارىسىدا بىر زەئىپ ئىت بار
ئىدى، ئۇ مېنىڭدەك بىچارە، غەمكىن ۋە
مەجرۇھ ئىدى. ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنىڭ
سۆڭەكلىرىگە بوغۇلغان بوغۇم ۋە بېغىشلار
مۇشەققەت تارىغا چېكىلگەن پەدىلەرگە
ئوخشايتتى. باشقا ئىتلار ئالدىدا يۈزىنى
ئېچىشقا خىجىل بولۇپ، ئىككى قولىقىنى

يۇزلىرىگە پەردە قىلىپ ياپقانىدى. قۇيرۇقى-
نى سۆرەپ، بۇ يۈكنى تارتىپ بولالماي
ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. گويا ئۆلۈك-
لەر ئۈستىگە قونغان قاغا - قوزغۇنلاردەك،
چىۋىنلار ئۇنىڭ جىسمىغا قونۇپ مەجرۇھ
قىلغانىدى. ئۇنىڭ خەستە جىسمىنىڭ جارا-
ھەتلىرى خۇددى كۆڭلۈم يارىلىرىدەك، ئۇ-
نىڭ دەرد تۇپرىقىدىكى تاشتەك باشلىرى
مېنىڭ بېشىمدەك ئىدى. مېنىڭ ئىچىمگە
ھىجران ئوقلىرى يارا سالغاندەك، ئۇنىڭمۇ
ھەر بىر قوتۇرلىرىدىن يۇزلىگەن جاراھەتلەر
ئاشكارا ئىدى. مېنىڭ جاراھەتلىرىم قانلار-
نى يوشۇرسا، ئۇنىڭ قانلىرى جاراھەتلىرىنى
يوشۇراتتى. ئۇ ئىتنىڭ جېنىمۇ زەئىپلىك
ئوتىدا خۇددى مېنىڭدەك ئۆرتىنىپ، يۈزۈڭ-
نى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى
تۆت ئىدى. ۋاپادارلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ
شەرتلىرى جەھەتتە دائىم ئىككىمىز دەۋال-
شاتتۇق. ئۇ ناتىۋان ئاستانەڭدە ساڭا يې-
قىن بولۇپ، ئۆز مۇرادىنى تېپىپتۇ. مېنىڭ
ھالىمغا ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىسا، ئۇنىڭ ھالى-
غا نازۇ - نېمەتلىرى بار كىشىلەر رەھىم
قىلاتتى. ئۇنىڭدا دوستلۇق نىشانلىرىنى
كۆرگىنىم ئۈچۈن، ئۇنى كۆزۈم ئىچىدە
كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلاپ كەلمەكتىمەن،
كۆزۈمنىڭ قان - ياشلىرىنى كۆرگىنىدە، ئۇ-
نىڭمۇ كۆزلىرىدىن قان - ياشلار ئاقاتتى، ئۇ
ماڭا، مەن ئاڭا دوست ئىدۇق، مېنىڭ ھا-
لىمغا رەھىم قىلىش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.
ئەي تەڭرىم، زەئىپلىك ئىچىدە ئۇ ئىتنىڭ
ھالى نېچۈك بولدىكىن، ئۇمۇ مېنىڭدەك
ئەھۋالغا قالدىمىكىن؟ ئۇ سېنىڭ ئاستانەڭدە
پاناھ تاپقىنىدا، مېنىمۇ ئانچە - مۇنچە ياد
ئېتىپ قويامدىكىن؟ ئۇ سېنىڭ يوشۇرۇن
دەردلىرىڭ ئورۇن ئالغان كۆڭلىگە بەزىدە
مېنىمۇ كەلتۈرەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆز جاراھەت-
لىرىنى يالىغىنىدا مېنىڭ جاراھەتلىرىمگە
مەلھەم يوقلۇقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئىتنىڭ
قەدىمى بەزى - بەزى سېنىڭ كوچاڭغا يەت-
كىنىدە مېنىمۇ يادىغا ئالامدىكىن؟ ئۇ ئىت
سېنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش ھەۋىسىدە
بولغىنىدا، مېنىڭمۇ شۇ خىيالدا بولۇشقا
ھەددىم ئەمەس. شۇڭا ئاشۇ ئىت ئۈچۈن
جېنىم پىدا بولسۇن. سېنىڭ ھالىڭنى سو-
راشقا قۇدرىتىم يوق، پەقەت سېنىڭ كو-
چاڭدىكى ئاشۇ ئىتنىڭ ھالىنى ئاشكارا سو-
رالسام ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئىككىن-
چى ئەھۋال، سەن خېتىڭدە مەنە ئۇنچىلى-
رىنى تىزىپ، پاساھەت گۆھەرلىرى بىلەن
خېتىڭنى زىننەتلىگەن ئىكەنسەن. ئۇنىڭ
ئۆزرىخاھلىقىنى بايان قىلىشقا تىلىم ئاجىز-
دۇر، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرپى ئۈچۈن جې-
نىم سەدىقە بولسۇن. خېتىڭدە: مەندىمۇ
دەرد - ئەلەم ناھايىتى كۆپ دېگەن ئىكەن-
سەن، بۇ سۆزۈڭدىن جېنىم ئۆرتەندى.
مېنىڭدەكلەردىن تۈمەن مىڭى ساڭا ھەر نە-
پەستە قۇربان بولغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ
مۇبارەك خاتىرىڭگە غەم - غۇسسە يەتمى-
سۇن. سەن مېنى: ناتىۋان جىسمىڭ غەم
يۈكىنى كۆتۈرۈشكە كەلگەندە دائىم پەھ-
لىۋان، ئەگەر تاغلار ئىلىبىرىس تېغىدەك
يۈكسەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سېنىڭ مېتى-
نىڭ ئالدىدا پەست، شىر - يولۋاسلار سې-
نىڭ قولۇڭنىڭ پەنجىسى ئالدىدا ئاجىزدۇر،
دەپسەن. مەندە ھازىر ئۇ زور كۈچ - قۇد-
رەت ۋە شەۋكەت قالمىدى. تېنىمدە نەپەس
ئالغۇدەكمۇ قۇۋۋەت يوق. مەن شۇنداق
ئاجىز بىر چۈمۈلە بولدۇمكى، ھېچ بىر
چۈمۈلە ئاجىزلىقتا ماڭا يېتەلمەيدۇ، كۆز
ئالدىمدا بىر تال ئەخلەت گوياكى بالا-

www.uyghurkitap.com

قازا تاغلىرىدەك، بىر تال يىپ خۇددى بىر
ئەجدىھادەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. غېمىمنىڭ تېنىمنىڭ
ماغدۇرى، دەرد - ئەلىمىمنىڭ جېنىمنىڭ قۇۋۋەت
ۋە ئوزۇقى بولماقتا، ئىشقىڭ مېنىڭ جىس-
مىمنى تاۋلاپ، چېنىقتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن ئىشق - مۇھەببەت دېگەن ئەجدىھا-
لارنىمۇ چۈمۈلىدەك قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر
چۈمۈلە ئاياغ ئاستىدا يانجىلسا، ئويلاپ
باق، ئۇنىڭ هالى نېمە بولماقچى؟ يەنە
سەن خېتىڭدە بۇ ئىشق سەۋەبىدىن شاهلىق
تەختىڭ بىلەن قوشۇن ۋە سەركەردىلىرىڭ
دۈشمەن زۇلمىغا ئۇچراپ، تالان - تاراج
قىلىنغانلىقىنى، مېھىنبانۇ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ
سېپىل ئىچىدە قامىلىپ قالغانلىقىڭنى يې-
زىپسەن. بۇ سۆزلىرىڭنىڭ جاۋابىغا ئاجىز-
مەن. دېگەن سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست،
ئەمما بۇ بولسا ئەزەل قىسمىتى، تەڭرىنىڭ
ئىرادىسىدۇر. بەندىگە تەقدىردىن ھەرقانداق
ئىش كەلسە، ئۇنىڭ رىزا بولماقتىن ياخ-
شىراق ئىلاجى يوقتۇر. لەشكەرلىرىڭگە،
خەلقىڭگە كەلگەن ئىشلارنى بىلىمەن. لې-
كىن خەلقىڭ، لەشكەر ۋە سەركەردىلىرىڭ
بولسا، پەرمانىڭنىڭ سادىق ئىجراچىلىرىدۇر.
مېنىمۇ شۇلاردىن بىرى، بەلكى ئەڭ تۆ-
ۋەنلىرى قاتارىدا كۆرگەيسەن. ئۇلارغا سا-
داقەت ۋە ئىنساپنى ئارىغا سېلىپ، بۇ ما-
جىرالارغا سەۋر قىلغىن. ساڭا ۋە ئېلىڭگە
كەلگەن بالا - قازالار ۋە مۇشەققەتلەرگە
مېنى لايىق ئىدىڭ دېسەڭ، بۇ پەلەكنىڭ
ئېلىڭگە سالغان زۇلۇملىرىنى تارتىش ئۈ-
چۈن بۇ خەستە جېنىم پىدا. ناتىۋان جېنىم-
نى نېمە قىلساڭ، شۇنىڭغا تەييارمەن. بۇنىڭلىق
بىلەنمۇ كۇپايە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ قان -
قەرزىنى بويىنۇمغا يۈكلەپ، يولۇڭدا تۇپ-
راقتىنمۇ تۆۋەنرەك بولۇپ، يوللىرىڭ تۇپ-
رىقىدىن چىقمايمەن.

مېنىڭمۇ يۇرتۇم، لەشكىرىم ۋە كۈچ -
قۇدرىتىم بار ئىدى. ئاتام نەچچە ئىقلىم-
نىڭ خاقانى ئىدى. مېنىڭمۇ بېشىمغا تاج،
ئايىغىمغا تەخت نېسىپ بولغانىدى. خىتاي
ۋە چىنىنىڭ ئون ئىككى مىڭ شەھىرى مې-
نىڭ ھۆكمۈمدىن بەھرىمەن ئىدى. شۇنىڭ-
غا لايىق قوشۇن، سەركەردىلىرىم ۋە شاھ-
لىق سەلتەنىتىم بار ئىدى. ئىشق - مۇھەب-
بەت گۇرۇھىنىڭ لەشكىرى (ئۇ ھەقىقىي
ئىشق ئەمەس، بەلكى مەجازى ئىشق ئىدى)
يېتىپ كېلىۋىدى، بۇ بالا قوشۇنى ئالدىدا
بىچارە بولۇپ، يۇرت - مەملىكىتىمدىن ئاي-
رىلدىم. تۈمەنمىڭ بەندىلەر ۋە لەشكەرلەر
كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزدى. ئاتام
بىلەن ئانام بۇ قايغۇ بىلەن قارىلىق بولدى.
نەچچە مىڭ شەھەرنىڭ خەلقى رەنجى -
مۇشەققەتكە قالدى. ئۇلارنى بۇ تەتۇر پە-
لەك نابۇت قىلىپ، مېنىڭ ناتىۋان جىسمىم-
نى تۇپراق بىلەن تەڭ قىلدى. پەلەك ھا-
ۋادىسىلىرىنىڭ تاش - بورىنى بۇ تۇپراق-
تىن توختىماي چاڭ چىقاردى. تەقدىرى
ئەزەلدىن ماڭا تەقسىم بولغىنى ئىشق - مۇ-
ھەببەت ئىكەن. بۇ ئىشلاردىن كىمگە تاپا-
تەنە تىغىنى ئۇرىمەن؟! كىمگە مالامەت
قىلىمەن؟! ئەگەر مېنىڭدەكتىن ۋە ئۇ
خۇسرەۋدەكلەردىن يۈز تۈمەن ئادەم بىر
بولسىمۇ، ئۇلار تەقدىر ئالدىدا بىر تال
ئارپىغا ئەرزىمەيدۇ. پەلەكتىن يەتكەن تەق-
دىر قىسمەتلەرنى كىشىلەردىن كۆرگىلى
بولمايدۇ. سەۋدالىق مېنى ھەرياققا سۆ-
رەپ، سۆزلىرىم بىھۇدە بولماقتا. بۇ خەتنى
يېزىش ۋاقتىدا ھوشۇمدىن كەتكەنىدىم.
سەۋدالىق تۈپەيلىدىن ھېچنەرسىنى بىل-
مەيتتىم، قانداق سۆزلەرنى يېزىۋەتتىم-

كىن؟! مەن دىۋانە ھوشۇمنى بىلەلمەي
قانداق خاتا سۆزلەرنى يازدىمكىن؟! بۇلار-
نى كەچۈرۈۋېتەرسەن. قەلىمىم قۇرلارغا
تىزغان بۇ خاتالارنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى
سەۋدايىلار بولسا ئەپۇ قىلىنغۇچىلاردۇر.»
پەرھاد يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن
قەلەمنىڭ ساياھىتىنى توختىتىپ، سۆزلىرىنى
تاماملىدى. پەرى سۈپەت شىرىن خەتنى
ئوقۇپ بولغىچە ئىچ-ئىچىدىن يۈز قېتىم
ئۆرتىنىپ، خەت ئۇنىڭ تېنىگە يىپ چىر-
ماشقاندەك چىرماشتى. ئۇ يىپتا چىرمىشىش
ھەرىكىتى بولسىمۇ، لېكىن، شىرىننىڭ جىس-
مى بىتاپ ۋە ھەرىكەتسىز ئىدى. ئۇ قى-
يىنچىلىق، دىشۋارلىقتىن يۈزلىرىنى يەرگە
قويغانىدى. ئۇنىڭ بويلىرى غەم تۆپەيلىدىن
ھېلى ئېگىلسە ھېلى تۈزلىنەتتى. ئاھىنىڭ
يالقۇنلىرىنى چىقىرىپ، بۇ يالقۇنلار ئارقى-
لىق ئۆزىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى ئۆرتەيتتى.
ئۇ بىر پەس پەرھادنىڭ تىرىكلىكى ئۈ-
چۈن ئۆز كۆڭلىنى شاد تۇتسا، يەنە بىر
دەم ئۇنىڭ ھىجرانىدىن ئاھ-ۇ-پىغانلارنى
چېكەتتى، يەنە بىردەم ئۇنىڭ قايغۇسىدىن
«ۋاھ، ھەسرىتا!» دەيتتى. شىرىن باشتىن
ئاخىرى يېقىملىق يېزىلغان بۇ خەتنى مې-
ھىنبانۇغا سۇندى. ئۇنى كۆرگەن مېھىنبا-
نۇمۇ گويا مەكتۇپتەك تۈگۈلۈپ كەتتى. لې-
كىن بۇ دەردكە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى.
ئۇلار خەستە پەرھادنىڭ ئەسلى ۋە نەس-
لىنى، يەنى ئۇنىڭ شاھلىق دەرياسىدىكى
نادىر گۆھەرلەردىن ئىكەنلىكىنى تولۇق
بىلدى. ئۇلار ئىككىلىسى كۆز ياشلىرى
بىلەن ھېسابسىز ئۈنچىلەرنى چېچىشىپ
يىغلاشتى ۋە پەرھادنىڭ ئەھۋالىغا ھەي-
ران قېلىشتى. ئۇلار شاپۇرغا ئىززەت ۋە
ھۆرمەتلەر قىلىپ، ئورۇن - مەرتىۋىسىنى
تېخىمۇ ئۆستۈردى. ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ
ھالىنى بىر-بىر سوراپ ۋە بايان قىلغۇزۇپ
زار-زار يىغلاشتى. ئاشىقلار ھىجران ئازابىدا
قىينالغىنىدا، ئۈمىدۋار بولىدۇ. مەشۇقىنى
تاپقاندا بولسا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ،
بەخت-سائادەتكە ئۇلىشىدۇ.
ئەي تەڭرىم، تەلەپكارلىقنى نەۋائىنىڭ
شوئارى قىلغىن، ئۇقانچە ئۈمىدسىزلەنگەنسې-
رى ئۈمىدۋار قىلغىن. ھەي ساقى، ماڭا شاراب
كەلتۈرگىن، يېنىمدىن بىردەممۇ يىراقلاشما.
مېنى دەر-ئەلەم بىلەن ئۈمىدسىزلەندۈرمە.
مېنى تىلەكلىرىمگە يەتكۈزۈپ سۆيۈندۈر-
گىن. مېنىڭ تىلىكىم شۇكى، سەنمۇ مۇرا-
دىڭغا يەتكىن. نەزمە:

نەۋائىغە تەلەب، يا رەب، شىئار ئەت،
نېچە نەۋمىد ئېسە، ئۈمىدۋار ئەت.
كېتۈر، ساقى، مەيۇ بىردەم ئايىلما،
مېنى ھەمدەردىدىن نەۋمىد قىلما.
ئۈمىدىمغە مېنى خۇرسەند ئەتكىل،
ئۈمىدىم بۇكى، ئۈمىدىڭغە يەتكىل.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇ-
ھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرى-
نىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈم-
رانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆ-
ڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ
يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن
تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:
يوشۇرۇن ھېكمەتلەرنىڭ تۈگۈنلى-
رىنى يەشكۈچى كىشى بۇ مەنىلەرگە مۇن-
داق يولباشچىلىق قىلدى:

www.uyghurkitap.com



شاپۇر ئۇ ئىككى ناتىۋان ۋە جىنى ئازار يەپ، جىسمى شىكەستە بولغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سىغىنىش مەكتۇپلىرىنى يەتكۈزگىنىدە، سىغىنىش ئوتلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئايغاقچىلار خۇسرەۋگە خەۋەر يەتكۈزۈپ: «بىر خەۋەرچى، ياق، خەۋەرچى ئەمەس، بىر بىمەنە جاسۇس تەلۋە پەرھاددىن شىرىنىڭگە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، شىرىندىنمۇ ئۇنىڭغا مەكتۇپلارنى توشۇپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىشق-مۇھەببەت بازىرى ناھايىتى قىزىپ كەتتى. پات-يېقىندا يۈزلىگەن پىتنە-پاساتلار پەيدا بولغۇسى. بىر تەرەپتە چۆلدىكى دىۋانە پەرھاد، يەنە بىر تەرەپتە قەلئە ئىچىگە قامالغان پەرى سۈپەت شىرىن بىر-بىرىگە يۈزمىڭ ھىيلە-نەيرەڭ ۋە ئەپسۇنلار بىلەن تولغان مەكتۇپلارنى ئەۋەتىشىپ، بىر ياقلارغا كەتمەكنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. ئۇچاغدا جانابىي خۇسرەۋ ئۇلارنىڭ چاڭ-توزىنىمۇ يېتىشەلمەيدۇ. بۇ ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەردىنى تارتقانىنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر ئۇلارنى يۈزمىڭلىغان جاپا-مۇشەققەتلەر ئارقىلىق تاپسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش يولىدا كۆپلىگەن كۈلپەت ۋە دىشۋارچىلىقلار يۈز بەرگۈسى. ئەگەر ئۇ دىۋانە ئۆزىنىڭ پەرى سۈپەتلىك گۈزىلىنى يېنىغا ئېلىپ، دېۋىدىن تۇغۇلغان ئاشۇ ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىۋالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا رۇستەمدەك پالۋاندىن يۈز مىڭى بولغان تەقدىردىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. پەرھاد تاغ قەلئەسىدە تۇرۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جۇدالىق ئازابى بىلەن ئېزىلگەن، بويلىرى غەم تاشلىرى بىلەن ئېگىلگەنىدى. ئۇ شۇ قەدەر ئاجىز تۇرۇپمۇ بىر تاشنى ئېلىپ، ئۆز دۈشمىنىگە قارىتىپ ئاتقىنىدا، خۇسرەۋلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ پەلەكتەك ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىۋېلىپ، قولىغا قان تۆككۈچى قىلىچىنى ئالىدىغان بولسا، خۇسرەۋ بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىرىنى دەريادەك ئېقىتىدۇ. ئۇچاغدا ئۇ بارغان تەرەپكە قەدەم تاشلاش بولمىغۇر ئىش، پىشمىغان خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» دېدى.

خۇسرەۋ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەراسىمىگە چۈشۈپ، مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: «پەرھاد قاياققا ماڭسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىللە مېڭىش كېرەك، چۈنكى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. يەنە پەرھاد بىلەن ئۇ سەرۋى بويلۇق شىرىننىڭ ئارىلىقىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە پىستۇرما قويۇلسۇن. ئۇ يەرگە قويۇلغان غەزەپ قىلغۇچى پالۋانلار يولنىڭ سىرتىدا پايلاپ تۇرۇپ، كەلگەن-بارغان كىشىلەرگە دىققەت قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى كۆزىتىپ، گۇمانلىق كىشىلەر سېزىلسە دەرھال تۇتسۇن.» قانخور خۇسرەۋ پەرۋىز ئەشۇنداق پەرمان چۈشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ يوللاردا قولغا چۈشكەن ئادەمنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆزى بىلگىنىنى قىلماقچى بولدى.

بۇ ئىش بولۇپ ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن شاپۇر پەرھادنىڭ ئايدىغىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارماقچى بولۇپ، پەرى سۈپەت شىرىندىن يەنە بىر پارچە مەكتۇپنى ئالدى-دە، تاڭ شامىلىدەك تېز قەدەم بېسىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ كېتىۋاتقىنىدا، مەزكۇر پىستۇرمىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار شاپۇردىن گۇمانلىنىپ،

ئۇلىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقانىدى، خەت چىقىپ
قالدى.خەت بىلەن شاپۇرنى بىر تالاي گۇناھلارغا
بۇيرۇپ، خۇسرەۋ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. زامانىنىڭ
مۇشۇنداق ئىشلارنى پەيدا قىلغىنى ئۈچۈن
خۇسرەۋ ھەددى - ھېسابسىز سۆيۈندى - دە،
ئۇنى تۇتقانلارغا ئۆزى ۋەدە قىلغان تار-
تۇقلارنى ئىنئام قىلدى. چۈنكى بۇ مۇش-
كۇل ئىشلارنى شۇلار ئاسان قىلىغانىدى.
خۇسرەۋ ئۇ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇش بىلەنلا،
ئۆزىنىڭ بېشىنى گويا قەلەمدەك ئەگ-
دى. ئۇ ئەنبەر پۇراقلىق خەتنى ئوقۇغان
خۇسرەۋ گويا قەلەمنىڭ سىياھىدەك قارا
ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ بېشىدىنمۇ قاپ - قارا
تۇتۇن چىقىپ كەتتى. بۇ خەتنىڭ قارىسى
ئازاب - كۇلپەت شېمىنىڭ كۆيۈندىسىدىن،
بالا - قازا بازىرىنىڭ ئېزىلگەن ئىپارىدىن
پۈتكەنىدى. بۇ خەت قايغۇ ئەھلىنىڭ قارا-
ماتىمىنىڭ نىشانىسى، ياق، يېگىلىشتىم،
ئۇلۇغ قارىلىقلارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.
بۇ خەت باشتىن - ئاياغ دەرد - ئەلەم بىشا-
رەتلىرى ۋە مېھرى - مۇھەببەت داستانى
ئىدى. بۇ خەت ھىجران خازانى كېتىدىغان-
لىقىنىڭ خۇش خەۋىرى، ۋىسال نەۋباھارى
كېلىدىغانلىقىنىڭ ئۈمىدى ئىدى. بۇ خەتنىڭ
سىياسى مۇھەببەتنىڭ كۆكۈلىنى تارتقۇچى
ئىپارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىپلى-
رىدىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ يېقىملىق
پۇراقلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى
ھېكايەتلەردە چوڭقۇر دوستلۇق ئىزھار
قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر سۆزلىرىدىن مەھ-
رەملىكىنىڭ يۇزلەرچە نىشانلىرى كۆرۈ-
نۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆز
ۋاپادىن پۈتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلار-
نىڭ بىر - بىرىگە جان پىدا قىلماقچى
بولغانلىقلىرى بىلىنەتتى. بۇ خەتتە بۇرۇن-
قى مەكتۇپلار توغرىسىدىمۇ ئۇرغۇن سىر-
لار ئېيتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مەزمۇنى
پۈتۈنلەي مېھرى - ۋاپا توغرىسىدا ئىدى.
ۋاپادارلىق توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بېرىشىپ،
بۇ ۋەدىلەرنى قەسەملەر ئارقىلىق ئىشەنچ-
كە ئىگە قىلىشقانىدى. خەتتە يەنە خۇسرەۋ
پەرۋىز توغرىلىق سۆزلەپ، ئۇنى گاھ زا-
لىم دېسە، گاھى قانخور دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ
ئەرمەن ۋىلايىتىگە كېلىپ، خەلقنى خانى-
ۋەيران قىلغانلىقى ۋە ئەلنى جېنىدىن جۇ-
دا قىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ يازغانىدى.
ئىشق بابىدا ئۇنىڭغا يۈزمىڭلىغان تەنە-
قارغىشلارنى ياغدۇرغانىدى: «ئەگەر بىر
كىشى ئىشق سىرلىرىنى بىلىدىغان بولسا،
نېمە ئۈچۈن ئۇ تىغ تارتىپ كېلىپ، ئىشق
لاپلىرىنى ئۇرىدۇ؟ مۇنداق كاززاپلىق ۋە بىھۇ-
دە سۆزگە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئىشق ئەھلى بولغان
كىشىلەر بىھۇدە سۆزلەرگە قۇلاق سالمايدۇ.
چۈنكى، پادىشاھلىق باشقا ئىش، ئاشىقلىق
باشقا ئىش. ئاشىق دېگەن ئۆزجېنىنى
مەشۇقى ئۈچۈن پىدا قىلىش كېرەك. ئاشىق
ئەگەر خۇسرەۋدەك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق
ئاشىقنىڭ ۋىسالدىن مەھرۇم بولۇپ ئۆلگى-
نى ياخشى. ئۆزىنى مۇراد - مەقسەت چوققى-
سىغا لايىق كۆرگەن بۇنداق ئاشىقتىن
تەڭرى پاناھ بەرسۇن. خۇسرەۋ ئىشق تەلى-
پىگە يېتىشنى ئۆزىگە مەقسەد قىلىۋاپتۇ.
لېكىن ئۇنىڭ ۋىسالىمنى خام خىيال قى-
لىپ، ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەت ۋە
ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ
سەرپ قىلغان ھەممە تىرىشچانلىقلىرى زايا
بولىدۇ. جىسمىمدا بىر تىنىق مىقدارى جان
بولىدىكەن، قورغاندا ئۆزۈمنى چىڭ ساق-
لايمەن. ئەگەر تەقدىر ئىرادە بىلەن ئۇنىڭ-
غا ئەسىر بولۇپ قالسام، ئۆز ۋىسالىمدىن

www.uyghurkitap.com

ئۇنى شاد قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆز تېنىمنى
خەنجەر بىلەن پارە - پارە قىلىپ تاشلاي-
مەن.» شىرىننىڭ خېتىدىكى بۇ ئوتلۇق
ئىبارىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇغان خۇسرەۋ-
نىڭ جېنىغا دەردى - بالا ئوتلىرى چۈشۈپ
بۇزۇق جىسمىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئىنسـ
ـاپ بىلەن ئويلاپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممە-
سى راست ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ شۇ
تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن ئۆزى-
نىڭ شاھلىق نومۇسى ۋە نەپسىنىڭ قايغۇ-
سى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنساپ
تەرىپىگە ماڭمىدى. نەپسىنىڭ خاھىشى ئۇ-
نىڭ كۆڭلىگە تۈرلۈك ئەگرى پىكىرلەرنى
سالاتتى. ئۇ شاپۇرغا بەند ۋە تاقاق سېلىش-
نى ئىشارەت قىلدى. ئۆزىنىمۇ گويا شاپۇر-
نىڭكىدەك غەم تاقاقلىرى ئىچىگە سالدى.
ئۇ بۇزرۇك ئۈممىدنى چاقىرىپ، بۇ مەخپىي
ماجىرانى ئارىغا سالدى:
— بۇ ئىشلارنىڭ غەم - غۇسسىلىرى
تۈپەيلىدىن، — دېدى خۇسرەۋ بۇزرۇك ئۈ-
ممىدكە، — يۈرەكتىكى قان - زەردابلىرىم كۆز-
لىرىم تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. مې-
نىڭ بۇ دەردىمگە چارە قىلمايدىغان بول-
ساڭ، ھالاك بولىمەن. ئاشۇ دېۋەسۈپەت دىۋانە
پەرھاد ئۇ گۈزەلنى گويا دېۋە ئادەمنى
ئازدۇرغاندەك، يولدىن چىقىرىپ، ئۆزىگە رام
قىلىۋاپتۇ. ئەمدى بۇدەردئەلەمنى ئىچىمگە يۇتـ
ـىدىغان بولسام، قايغۇدىن ئۆلۈشۈم كېرەك. خا-
لايىق مېنىڭ ئۆلۈمۈمدىن كۈلۈشى كېرەك،
خالايىق يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلىدىغان
مۇنداق ئۆلۈمنى جاھاندا بىرەرسى كۆرۈپ
باققان بولغىيتتىمۇ؟! ئەگەر مەن زۇلۇمغا،
قىيىن - قىستاققا، زوراۋانلىققا تايانسامـمۇ
يەنىلا بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم شاد بولمايدۇ.
ئۇ دىۋانىدا گۇناھ يوق، گۇناھسىز قان تۆ-

كىش ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ. سەن ئەم-
دى پىكىرلىرىڭنىڭ باغلىنىپ قالغان يىپلى-
رىنى ئۈزۈپ، ماڭا بىر مەسلىھەت
كۆرسەتكىن.
ئەلقىسسە، ئۇلار ھەددى - ھېسابسىز
ئەپسانىلەرنى بايان قىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ
مەسلىھەتلىرىنى رەت قىلىشتى. ئاخىر ئۇلار
بۇ ئىشقا شۇنداق تەدبىر تاپتىكى، ئۇ تەد-
بىر ھىيلە - مىكىر تۈزىقى ئىدى: نەسەبى
نەسلىك بىلەن تولغان بىر ھىيلىگەر، ئەپ-
سۇنچى موماي بولسا، ئۇ يەجۈجى سۈپەت
مومايىنىڭ پىكىر - خىيالىدا قان تۆكۈش،
پىتنە - پاسات تېرىشتىن باشقا ھېچ ئىش
مەۋجۇت بولمىسا؛ بىز ئاشۇنداق قېرى مو-
ماينى تېپىپ ئىشنى تاپىلىساق. ئۇ پەر-
ھادنىڭ قېشىغا بېرىپ، نەپەسلىرىدىن نەس-
لىك ئوتلىرىنىڭ يالقۇنلىرىنى چېچىپ،
پەردىھاقا: «خۇسرەۋ ئەرمەن مەملىكىتىنى ئال-
دى. پەلەك ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئىستەك-
لىرىنى ئۆز قولىغا بەردى. ئۇ ھازىر شى-
رىن بىلەن ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ.
مېھىنبانۇ بىلەن بەزمە قۇرۇپ قەدەھ كۆتۈ-
رۈشمەكتە. شىرىن بىلەن خۇسرەۋ ھەسەل
بىلەن شېكەردەك بىرلىشىپ، ياستۇقداش
بولغان ھالدا ئەيشى - ئىشرەتكە تۇردى.
مېھىنبانۇ شىرىنغا نىسبەتەن سەندىن خۇس-
رەۋنى لايىق تاپتى. ئەمدى ئاشىقلىقىڭ
شىرىنگە مۇتلەق مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ سەن-
دىن كەچكەن ئىكەن، سەنمۇ ئۇنىڭدىن
كەچ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۆز جايىغا بېرىپ
قالدى. ئەمدى سەنمۇ قوپۇپ، ئۆز يۇرتۇڭ-
غا يانغىن» دېسە، بۇ سۆزلەر پەرھادنىڭ
كۆڭلىدىن شىرىن پىراقىنى پەسەيتىشى
شەكسىز. بۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى سو-
ۋۇپ، ھەر تەرەپكە مايىل بولغۇسى ۋە بې-

شىلى بىر ياقلارغا ئېلىپ كەتكۈسى. ئۇ چاغدا شىردىن بىلەن مېھمىنىبانۇ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، پەرھادتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا رەنجمۇشەققەت قالمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ كۈچىمىز ئالدىدا شۇ قەدەر كۈچسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئاي يۈزلۈك شىرىنمۇ ئەلۋەتتە مېھرىبانلىق كۆرسەتكۈسى. ئەگەر بۇ ئىشىمىز ۋە تەدبىرىمىز كار قىلمىسا، يەنە باشقا چارە تاپارمىز، دېيىشتى. ئۇلار سۆز رىشتىسىنى ئەنە شۇنداق دىققەت بىلەن تۈگدى. ئاندىن خۇسرەۋ ئاغزىنى قەدەھتەك ئېچىپ كۈلگەن پېتى، بەزمە تۈزۈپ، شاراب ئىچىشكە باشلىدى.

هەي ساقى، سەن ماڭا بىر قەدەھ شاراب كەلتۈرگىن. چۈنكى مېنىڭ بىر غېمىم بار. بۇ غەم تۈپەيلىدىن ئاجايىپ بىر ماتىمىم بار. قايغۇ ۋە مالاللىق قوشۇنى جېنىمغا قەست قىلدى. ماڭا تېزرەك قەدەھ تۇتقىن، چۈنكى قولۇمدىن چارە كەتتى.

نەزمە:

كېتۈر، ساقى، قەدەھكىم، بىر غەمىم بار،
كى ئول غەمدىن ئەجايىپ ماتەمىم بار.
مەلالەت خەيلى قەسدى جانىم ئەتمىش،
قەدەھ تۇتكىم قولۇمدىن چارە كەتمىش.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، بۇ ماتەمنىڭ يىغا - زارە قىلغۇچىسى، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنى ئۆرتەپ سۆز يۈزىگە شۇنداق تىرناق ئۇردى:

خۇسرەۋ شۇ تەرىقىدە تەدبىر تاپتى. ئالدىغا بىر ھىيلىگەر موماينى چاقىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەللىرى قېرىلىقتىن پۈكۈلگەن بولۇپ، ئۆزى قاقباش پەلەكتەك نەيرەڭۋاز ئىدى. ئۇ شۇنداق مەككار ئىدىكى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئالدامچىلىق سىزىقلىرىدىن يۈزلىگەن قورۇقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ تىلىدىن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ راست سۆز ئۆتۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ھىيلە ئەپسۇنلىرىنى باشلىسا، قولىدا تاشنى مومدەك يۇمشىتار ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر نەيرەڭۋاز ئىدىكى، ئەگەر ئۆز نەيرەڭلىرىنىڭ ماجىرالىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىسا، ئاتىغا قىزنى، ئوغۇلغا ئانىنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ھىيلە - مىكىر پېنىگە كۆڭۈل قويغىنىدا قۇياشنى زۇھەل يۇلتۇزىغا ئاشىق قىلىۋېتەتتى. بۇ قېرى ھىيلىگەر پەلەك ئۇنى «هامماتاچا» دەپ چاقىرسا، نەيرەڭۋازلىقتا كاتتا شۆھرەت قازانغان دەللەتۇل - مۇختالەمۇ ئۇنى «ئانا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالىدىغان بولسا، هامماتاچىلارنى، يەنى دەللەتۇل - مۇختالەدەك قېرى هامماتاچىلارنىمۇ هەر ئاخشىمى قىزغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى ۋە كۈيئوغۇل بولغۇچىلارغا بۇ نىكاھتىن پايدا كۆرسىتەتتى. ئەگەر ئۇ كۈيئوغۇل دانىشمەن ئارىستوتىلنىڭ ئۆزى بولغان تەقدىردىمۇ بۇنى سېزەلمەستىن، تېخى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇ بىر ئىشتى تەتۇرسىگە بۇراشتى خىيال قىلسا، بىر سۆز بىلەنلا يۈز خانە

دانىنى بۇزاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پال ئاچىدىغان نوقۇتلىرىدىن بىرمۇ-بىر ھۆكۈملەرنى كۆرستىشكە باشلىسا، خالايىق ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئارىپىچىلىكمۇ شەككەلتۈرمەيتتى. ئۇ بۇنداق ھۆكۈملىرى بىلەن يۈزلىگەن بۇقراتلارنى مات قىلاتتى. ئۇنىڭ بىساتىدا بۇنداق ھىيلە-مىكىر نوقۇتلىرى گويا يۇلتۇزدەك كۆپ ئىدى. زۇلۇم تىغىنى ئۇرۇشتا ئۇ ئىنتايىن چىچەن بولۇپ، پەرھادنى ئۆلتۈرۈشمۇ قولىدىن كېلەتتى. خۇسرەۋ ئۇ مەككار دەللىنى ھازىر قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەھۋالنى يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. خۇسرەۋ كۆپ ۋەدىلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قىزىتىپ، سۆيۈندۈردى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يولغا چىقىش ۋاقتىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئەگەر فەرھاد بولسۇن كوھى فۇلاد،
بېرەي ئەفسۇن بىلە بىردەمدە بەرباد.

ئۇ دەللە: «پەرھاد ئەگەر پولات تاغ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بىر نەيرەڭ بىلەنلا بىر نەپەستە بەرباد قىلىمەن» دەپ يولغا چۈشتى. ئۇ چۆللەرنى كېزىپ، ۋادىلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر پەرھاد تۇرغان تاغقا كەلدى. ئۇ دەرھال كۆڭلىدە يۈزلىگەن قورقۇنچلۇق نەيرەڭلەرنى ياساپ، پەرھاد تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئۇ ئۆزى قىلماقچى بولغان ھىيلە-نەيرەڭلەرنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دانىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بوينى سىنغۇدەك دەرىجىدىكى ئېغىر تەسۋىنى بوينىغا ئېسىۋالدى. ئۇنىڭ روپاشلىق لىچىكىنىڭ ئارقاق ۋە ئۆرۈشلىرى ھىيلە-مىكىر ۋە ئالدامچىلىق يىپلىرىدىن توقۇلغان ۋە ئۇنىڭغا قىسما-قىسما رەڭلەرنى بېرىپ، يۈزىگە چۈمبەل قىلىۋالغانىدى. ئۇ-

نىڭ بۇ سالاپىتىنى كۆرگەن كىشى بىۋۆي مەريەم ئۆز ھەرىمىدە كۆڭلى پاراغەت تاپالماي، تۇر تېغىغا ئىستىراھەت ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى.

پەرھاد ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئېلىپتەك قامىتىنى دالدەك ئەگدى. ئاندىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

— بۇ ياقىقا قانداق نىيەتتە كەلدىڭ؟ — دېدى.

— مەن بىر زەئىپ بىچارىمەن، — دېدى ئۇ مەككار سۆز باشلاپ، — ئالەم خەلقىدىن ئالاقەم ئۈزۈلگەن بىر ناتىۋان بەندىمەن. بەش-ئون يىلدىن بېرى خىلۋەتتە ئورۇن تۇتۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە تائەت-ئىبادەت قىلماقتا ئىدىم. جاھان ئەھلى بىلەن ھېچ ئىشىم، تەڭرىدىن باشقا ھېچ كىشىم يوق ئىدى. ئەرمەن مەملىكىتىنىڭ تىنىچ ۋاقتىدىكى ئەھۋالىم ئەنە شۇنداق ئىدى. ھازىر خۇسرەۋ پەرۋىز ئاتلىق بىر پادىشاھ كېلىپ، پىتنە-پاسات ئوتىنى شۇنداق ئۇلغايتتىكى، ئەلنىڭ ئۆي ۋە تىرىكچىلىكتىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتى بۇزۇلدى. بۇنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولساڭ كېرەك. ئەلنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ ھالىممۇ خارابلاشتى. تائەت-ئىبادەتتىن ھۇزۇرۇم قالمىدى. شۇڭا مەن ئەتە كەچ بولۇش بىلەن تەڭلا خالايىقتىن يىراقلىشىپ قاراڭغۇ غارغا كىرىپ ياتاي، غىزا بىلەن قۇۋۋىتىم تەڭرىنى ياد ئېتىشتىن ئىبارەت بولسۇن. شۇنداق چىدام ۋە غەيرەتلىك بولايكى، ھەرگىز ئۇ يەردىن چىقماي. ئەگەر ئۆمرۈم قوشۇنىغا ئەجەل يەتسە، ئۇ قاراڭغۇ غار ماڭا گۆر بولسۇن،

دېگەن ئىيەتكە كەلگەنىدىم. مۇشۇ سەۋدا
بىلەن ئۆمۈردىن ئىلكىمنى يۇيۇپ، مۇشۇ
يەرلى كۆڭلۈم تارتىپ كەلدىم. تاكى تىـ
رىك بولسام مۇشۇ تاغدا تۇرىمەن. لېكىن
ئادەم ئەۋلادى دېگەن ۋاپاسىزدۇر. ۋاپاسىز
ئىنسانىنى كىشى ئېمىشقا ئەسلىسۇن. ئادەم
بالىسىدىن ۋاپا تەمە قىلغاندىن كۆرە تاش
تىن مېھرى - ۋاپا تەمە قىلغان ياخشى.

پەرھاد ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىـ
دىن كېيىن، ناھايىتى سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ
باسقان تەۋەرۈك ئىزىغا سۆيدى. چوڭقۇر
ئىلتىجا بىلەن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ
قىلدى.

— يۇزلىرىڭدىن، — دېدى پەرھاد
ئۇنىڭغا، — نۇر نامايان بولۇپتۇ. قەلبىڭ
ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ خەزىنىسى ئىكەن.
جاھان خەلقىدىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئاپسەن.
تەڭرى ھەققى، سەن جەزمەن بىر ھەقـ
قەتچى ئىكەنسەن. جاھان ئەھلىگە ۋاپاسىزلىق
ئادەت بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلاردىن ۋا-
پادارلارغا كېلىدىغىنى زۇلۇم ۋەجاپادىن ئىبارەت.
بىر كۆڭۈلسىز ئىش كۆڭلۈڭنى غەش قىلغان
ئوخشايدۇ. ئەرمەن مەملىكىتىدە بىرەر غەيـ
ردي ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، كۆڭلۈڭگە ئۇـ
نىڭدىن ئازار يەتكەن بولسا كېرەك.

ئۇ مەككار قېرى پەرھادنىڭ سۆزىنى
تەستىقلاپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ئوغۇل، بۇ سۆزلىرىڭ تاما-
مەن راست، مەنمۇ راست ئەھۋالنى ئېيتـ
سام، ئۇ ئەلدىن ئامانلىق ۋىدالاشتى، ئۇ-
نىڭ ئورنىغا يامانلىق ئەۋج ئېلىپ، ھەددى-
ھېسابسىز غەم - قايغۇلار پەيدا بولدى.
چەك - چېگرىسىز بالايىئاپەتلەر يۈزلەندى.
مېھىنبانۇ بىلەن خۇسرەۋ ئىتتىپاقلاشتى.
خۇسرەۋ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭغا كۈيئو-

غۇل بولۇش ئىشىنى ئارىغا سالدى. مېھىنـ
بانۇمۇ بۇ ماجىراغا رازى بولدى. ئىككى تەرەپ
بىر - بىرىگە ئىتتىپاقلىق بىساتلىرىنى سېـ
لىشتى. كىشىلەر ئەيشۇ - ئىشرەتنى غەنىمەت
بىلىشتى. يۇرتتا شۇ قەدەر پاسىقلىق ۋە
يامان ئىشلار باش كۆتەردىكى، دىنىي ئىسـ
لام بىر ياقتا قالدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىـ
سى مەي - شارابقا چىلىشىپ كەتتى. قابىلىـ
يەت ئىلگىرى غەمكىن بولغان ھالدا ئارىـ
دىن چىقىپ ھەر تەرەپلەرگە كېتىشتى. پە-
لەك مەن غەمكىننى بۇ ياققا يولغا سالدى.
لېكىن ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرى شۇكى، بۇ
جامائەت سالامەتلىكنىڭ رەسمىيىتىنى ئۇنۇتـ
تى. شۇڭا تەڭرى ئۇلارغا ئاغرىق سېلىپ،
ھەممىسىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزمىدى. ئۇلار-
نىڭ نازۇ - نېمەت شاملىرىنىڭ نۇرى كېـ
تىپ، خۇشاللىقى ماتەمگە ئالماشتى. ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا بىر گۈل يۈزلۈك گۈزەل بار.
ئىسمىنى شىرىن دېيىشىدۇ. ئۇ گۈزەل بۇ
ئىشلاردىن چەكسىز قايغۇردى. ئۇ ئۆزىگە
بۇيرۇلغان نىكاھ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېـ
يىن، پەلەككە قاراپ نالە - پىغانلار چەكتى.
ئاخىرى بۇ غەم - قايغۇ تۈپەيلىدىن ئۇ ئۆ-
زىگە ئۆلۈم خەنجىرىنى ئۇرۇپ، قازا تاپـ
تى. بەزىلەر ئۇنى زەھەر ئىچىپ ئۆلـۈۋال-
دى دېيىشىدۇ. ۋاي ئېست، دۇنيا لەززىتىـ
نى سۈرەلمىگەن ئۇ ياش نوتا باقىي ئالەمـ
گە قەدەم قويدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر غەمـ
كىن ئاشىقى بار بولۇپ ئىسمى پەرھاد
دەر ئىمىش. ئۇ ئۆز مەشۇقى ئۈچۈن غېـ
رىب بولغانىمىش. شىرىن ئۇنىڭ پىراقىدا
ئۆز جېنىدىن قول يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئىشقى
تۈپەيلىدىن ئاھۇ - پىغانلارنى چېكىپ، ئۇنىڭ
ۋىسالىغا يېتەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپتۇ.
ئەمما ئۇ ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيـ

www.uyghurkitap.com



دېغان بىر ئىشنى قىلدى: ئۇنىڭ روھى بۇ دۇنياغا پاك كېلىپ، ئاخىرى يەنە پاك پېتىچە كەتتى. پەرھاد ئۇچچۇن ۋەھىمىلىك ئاھۇ-پىغانلارنى چېكىپ، پاك جېنىنى ئۇنىڭ يادىدا قۇربان قىلدى. ئۇ ئاغزىدا «ئاھ پەرھاد» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇ غەمكىن خىيالدىن باشقىسى يوق ئىدى. ئۇ خۇسرەۋنىڭ تارتقان بارلىق رىيازەتلىرىنى زايا قىلىپ، ئۆزى پەرھاد يادى بىلەن جان بەردى. ئۇنىڭ بۇئىشىغا يۈزلەرچە تەھسىن ۋەئاپىرىنلار بولسۇن.

ئۇ مەككار قېرى دەللە تىلىدىن تىغ ئوينىتىپ، ھەر نەپەستە «ئاھ»، «ئىبىست» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدى. ئۇ يۇقىرىقى ئەپسانىلەرنى سۆزلىگىنىدە، پەرھادنىڭ ئىچىگە يۈز تۈمەن تىغلار تەگدى. ئۇ مەككار قېرى ھالاكەت ئەپسانىسىنى ئۆزۈنغا سوزۇپ سۆزلىگەنسىرى، پەرھادنىڭ كۆزىنى ئاخىرقى ئۇيقۇ باسماقتا ئىدى.

قېرى مەككار ئۆزىنىڭ سوغۇق ئاھلىرى بىلەن ئۇ يەردىكى تۇپراقتىن چاڭ-توزانلارنى كۆككە چىقاردى. ئوتلۇق تىغلىرىدىن توختىماي شولا چىقىرىپ، ئۇ خەشەكتىن ئىس-تۈتەكلەرنى پەيدا قىلدى. پەرھاد بولسا چۇقان سالغان پېتى ۋارقىرىدى:

— ئەمدى بولدى قىل! قىسسەڭ ئايان بولدى. بۇ جانىنى ئالدىڭ، ئۆلۈك تەندىن يەنە نېمە ئىستەيسەن! يۈرەك قانلىرىمنى ئىچىپ تويغىن! ئەمدى مېنى ئۆز مېھنىتىمنى تارتقىلى قوي!

پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ، جاھاندىن قولىنى سىلكىپ، يوقلۇق چۆلىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاغۇ-دەشتلەردە سەل بولۇپ ئاقتى. ئۇ سەل پۈتكۈل تاغۇ-سەھرالاردا قىيامەت قوپاردى. ئۇنىڭ بەدەن قەسرى شۇ سەلدىن بەرھەم يېدى. ئۇنىڭ ھايات لەشكىرى ئاشۇ سەل ئىچىگە غەرق بولدى.

ھەي ساقى، سەن ماڭا شارابنى سەلدەك كۆپ كەلتۈرگىن. ئۇشارابنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە مايىل بولسۇن. مەن ئاشۇنداق شارابنى ئىچىش بىلەن ماتەمگە تۇتۇش قىلاي-دە، پەرھادنىڭ ھازىسىنى تۇتۇش ئۇچۇن يولغا چۇشەي. نەزمە:

كېتۈر، ساقى، قەدەھ، ئول نەۋئىكىم سەيل،
كى قىلغاي رەڭگى ئانىڭ قان سارى مەيل.
ئانىڭدەك مەي ئىچەردىن مۇيە تارتاي،
تۈتۈپ فەرھاد سۇگىن مۇيە تارتاي.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۇچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

بۇ ماتەمنامىنى يازغان ئۇچقۇر قەلەم ئۆز ياقىسىنى يىرتىپ، شۇنداق قارا كىيدى:

ھىجران دەشتىنىڭ مۇپتىلاسى بولغان پەرھادنىڭ كۆكسى شۇ قەدەر زەخمىلەنگەن ئىدىكى، ئاشۇ ئۆتكۈر قىلىچتىن يەتكەن ئېغىر يارا ئۇنىڭ باغرىنى ئىككى پارە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ پىغان تارتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرمىشاتتى، لېكىن نەچچە

قىتىم قوپۇپ، لەچچە قىتىم يىقىلاتتى. ئە-
جەل قاراقچىسى ئۇنىڭ جىسىمىدىن كۈچ-
قۇۋۋەتنى تارتىۋېلىپ، يورۇق دۇنيانى ئۇ-
نىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ گۆر قىلىپ كۆر-
سەتتى. ئۇ قاتتىق تاشلار ئۈستىگە تەلپۈ-
نۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى سۆ-
ڭەكلەر سۇنغىلى تۇردى. ئۇ بېشىغا تاشلار-
نى ئۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى
تارام-تارام ئاققۇزغان هالدا: «هەي كۆز-
لىرىم، يىغلاشتىنمۇ قۇتۇلدىغان بولدۇڭلار»
دەيتتى. ئۇ كۆكسى جاراهەتلىرى ئۈستىدى-
كى مەلهەملەرنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ
يۈرەك يارىلىرى پۈتۈپ، ساقىيىش ۋاقتىدىن
ئۆتۈپ كەتكەنىدى. جاراهەتلىك تېنىگە يې-
پىشتۇرۇلغان ماموق-پاختىلارنى ئېلىپ هەر-
يان تاشلاپ، بەدىنىدىن يۈزلىگەن قان بۇ-
لاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. قانغا بويالغان
ماموق ۋە پاختىلارنىڭ توزۇندىلىرى بىلەن
تاغنى لالىزار چىمەنگە ئايلاندۇردى. ئۇ جارا-
هەتلىرىنى تىككەن قانلىق يىپلارنى هەرتە-
رەپكە ئۈزۈپ تاشلاپ، بەدىنىدىكى جاراهەت-
لىرىنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ شۇن-
داق قىلىپ ئۆز بەدىنىگە ئەجەلنىڭ كىرىپ،
جانىنىڭ چىقىشى ئۈچۈن يول هازىرلىدى.
ئەجەلنىڭ ئۆز كۆكسىنى پارە-پارە قىلىپ،
ئۇ يەردىكى غەم-غۇسسە قوشۇنىنى چىقى-
رىۋېتىشى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق چارە تاپتى.
ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى غەم-غۇسسە تۇتۇنلىرى
چىقماقتا ئىدى. تاغ ۋە دەشتلەرنى با-
لا ۋە مېهنەت بۇلۇتلىرى قاپلىغان بولۇپ،
بۇلۇتلار بىچارە پەرهادنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ
ئېچىنىشلىق ئەهۋالىغا يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ
جىسمى جاراهەتلەردىن پۈتۈنلەي گۈلزار-
غا ئايلانغان. ئۇ تامچە-تامچە قانلىرى ئار-
قىلىق ئەتراپقا گۈللەرنى چاچاتتى. بۇ هال

گويا پۈتۈن ئەتراپقا گۈل بەرگىلىرى تۆ-
كۈلگەندەك، ياق، بەلكى ئوت ئۇچقۇنلىرى
چېچىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پەلەككە قاراپ:

— هەي ئالتۇن جىسىمكىلىك پەلەك،
بېشىمنى يانچىغىن! چۈنكى بۈگۈندىن
باشلاپ بېشىمنىڭ مەندىن نېرى بولغىنى ياخ-
شى. كۆزۈمنى ئويغىن! چۈنكى بۈگۈندىن
باشلاپ كۆزلىرىم ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. تىلىم-
نى قورقماستىنلا تىغ بىلەن كېسىپ تاشلى-
غىن! چۈنكى ئۇ ئەمدى سۆزلەشنى خالىماي-
دۇ. نەپەسلىرىمنىڭ يولىنى توسقىن! چۈن-
كى ئەمدى نالە ۋە ئاھ چېكىشتىن توختاپ
قالاي. ئاياغلىرىمنى سۇندۇرغىن! چۈنكى
ئەمدى يۈرمەك ئۈچۈن تىرمىشىش ۋاقتى
كەتتى. كۆڭلۈمنى يۈز مىڭ پارە قىلىپ،
ئۇنى يوقلۇق تەرەپلىرىدە سەرگەردان قىل-
غىن! باغرىمنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغىن.
چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن مې-
نىڭ ئالاقەم ئۈزۈلسۇن، — دەپ نالە قىلدى.

پەرهاد ئىشققە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— هەي سۆيگۈ، سەن ماڭا مەردانى-
لىق بىلەن دەرداش بولدۇڭ. بېشىمدىن
هىجران غەملىرى كەچتى. لېكىن سەن
هېچبىر كەچلىك كۆرسەتمىدىڭ. خۇدا
ساڭا يار بولسۇن. بۇ ناتىۋان تېنىمنى
تۇپراق بىلەن تەڭ قىلدىڭ. مەندىن ساڭا
هەر قانداق ئازار يەتكەن بولسا، ئەپۇ قىل-
غىن، كەچۈرگىن!

پەرهاد تاشلارغا قاراپ يەنە مۇنداق
دەپ خىتاب قىلدى:

— هەي تاشلار، بېشىمدىن ئاشقىن!
سېنىڭدىن يۈزۈمگە هەر نەرسە كەلسە
رازىمەن.

ئۇ ئايغا قاراپ:

— هەي ئاي، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزە-

uyghurkitap.com

لىم تەرىپىگە قاراپ سەپەر قىلغىن! جېنىم-
نى ساڭا قوشاي. سەن ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن
ھەمراھ قىلىپ، ئۇنىڭ يولىغا چۈشكىن!

— ھەي دەرد ۋە غەم ئەھلىنىڭ تا-
ۋاپگاھى، توپا - تۇپراق بولغانلارنىڭ ئۇل-
پىتى، — دېدى ئۇ سەھرالارغا قاراپ، —
ئاياغلىرىم زەربىسىدىن رەنجىدىڭ. كۆز ياش-
لىرىمنىڭ سېلى بىلەن باغرىڭ تىلىندى. ھەر
تەرەپكە يۈگۈرۈپ پىرقىراش بىلەن چاڭ -
توزانلىرىڭنى ئۆرلەتتىم، مېنى ئەپۇ قىلغاي -
سەن. ھازىردىن باشلاپ سەن ئەمدى مې-
نىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىمدىن قۇتۇلدۇڭ.
مېنىڭدىن رازى بول. مېنى كەچۈرگىن.

ئۇنىڭ ماتەمدىن دەشتلەر غەمگە
پاتتى. ۋادىلارمۇ ياقىلىرىنى يىرتتى. پەر-
ھا. تاغلارغا قاراپ يەنە سۆز باشلىدى:

— ھەي تاغلار، قەددىڭنىڭ ئۇلۇغلۇ-
قى پەلەككە تاقاشقان، چىدام ۋە تاقىتىڭ-
نىڭ شان - شەۋكىتى گويياكى ئېغىر تاشتەك
مۇستەھكەمدۇر. ئېتەكلىرىڭدە ناتىۋانلارغا
پاناھ، تاشلىرىڭ بىلەن خەستە جانلارغا تەك-
يەگاھ بولىسەن. مەندىن ساڭا يات ئىشلار
يەتتى. سېنىڭ يۈزۈڭگە قاراشتىن خىجىل-
مەن. گاھى باغرىڭ بېشىمغا غىلاپ بول-
سا، گاھىدا جىسمىڭ تېنىم ئۈچۈن تۆ-
شۈك بولدى. بەزىدە قان ياشلىرىمدىن يۈز-
لىرىڭ قان يۇقى بولسا، بەزىدە ئاھلىرىم-
دىن بېشىڭنى ئىس - تۈتەكلەر قاپلىدى.
ئەمدى سەن مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمغا
ئەپۇ تىغىنى سۇرۇپ، كېتەر ۋاقتىمدا مېنى
كەچۈرگىن.

پەرھادنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان تاغلار ئاھ -
پىغان چەكتى، بەلكى ئەكس سادالار بىلەن
يۈزلەرچە نالە - پەريادلارنى كۆتۈردى. پەر-
ھاد غېمىدىن ئۆز باغرىنى پارە - پارە قىلىپ
ئۇنىڭ قانلىرى بىلەن ھەربىر پارە تاشنى
ياقۇتقا ئايلاندۇردى. پەرھاد يەنە ئاسمانغا
قاراپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي زالىم، جاپا بابىدا مېنىڭ
بەخت يۇلتۇزۇمغا ۋاپا قىلماي، جەۋر زۇلۇم
قىلدىڭ. سېنىڭ ئادىتىڭ دائىم جاپا قىلىش-
تىن ئىبارەت بولسىمۇ، يەنىلا مەن سېنىڭ-
دىن ئاغرىنمايمەن، سېنىڭدىن رازىمەن.
چۈنكى مېنىڭ ئادىتىم ۋاپا قىلىشتىن ئىبا-
رەت. گەرچە جېنىم سېنىڭدىن ئازار يېگەن
بولسىمۇ، لېكىن سەنمۇ مەندىن ئەلەم تارت-
تىڭ. ئاھۇ ئەپغانلىرىمدىن غەمگە چۆكۈپ،
ئاھ ئوقلىرىم تۆپەيلىدىن مەجرۇھ بولدۇڭ.
ماڭغان قەدەملىرىم تۈپەيلى يۈزۈڭگە چاڭ -
توزانلار يېپىشتى. ئاھىم تۈتۈنلىرىدىن قۇ-
ياشىڭنىڭ يۈزىنى قارا باستى. يۇلتۇزلارنىڭ
ئالتۇن چېچەك تۈرۈشى مېنىڭ ئاھىمدىن
چىقىلغان ئۇتلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.
مانا بۈگۈن ئاھ - پىغانلىرىمنىمۇ يوقلىسەپ،
بەلكى ئۆزۈمدىن نامۇ نىشانىمۇ قالمىدى.
ناتىۋان جىسمىم تۇپراققا ئايلىنىش ئالدىدا
تۇرماقتا. شۇڭا ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئىچىڭدە
كىر قالمىسۇن. مېنى يوقلىشىم بىلەنلا،
يوق ئىدى دەپ بىلگىن. ئەگەر بار ئىدى
دېسەڭمۇ ئۇنۇتقىن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەلەكنىڭ دەر-
دى تېخىمۇ ئۇلغايدى. شەپەقلەردىن ئۇنىڭ
جېنىغا ئوت تۇتاشتى. بىردەم تۇرغىنىدەك
تۇرۇن تاپالماي بېشى ئايلاندى. پەرھادقا
قىلغان جەبىر - زۇلۇملىرى ئۈچۈن يۈزىمىڭ
پۇشايمان قىلدى. پەرھاد مېتىنى بىلەن
كەكىسىگە قاراپ مۇنداق ئىندا قىلدى:

— ھەي دوستلىرىم، مۇشەققەت كۆنلى-
رىدە قولداش بولدۇڭلار. مەندىن سىلەرگە
تالاي رەنجىشلەر يەتسە، سىلەردىن ماڭا

چەكسىز پەرۋىشلەر يەتتى. بېشىگلار بىلەن
ئۇچاگلارنى تاشقا ئۇرۇپ، سالغان جاپا ـ
مۇشەققەتلىرىمگە چىداپ، مېنىڭ خىزمىتىم
ئۈچۈن بېشىگلارنى ئاياغ قىلدىگلار. مەندىن
سىلەرگە شۇ قەدەر جەبىر ـ جاپالار يەتتى.
مانا بۈگۈن مېنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمدىن
قۇتۇلۇپ، ئىككىگلار بۇ قاتتىق شىددەتلىرىم-
دىن ئازاد بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسلەر.
ئەمدى مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمغا رەھىم قىلىپ،
كېتەر چېغىمدا مالال بولماي مەندىن يەت-
كەن جاپالارنى كەچۈرۈگلەر، جېنىمغا ۋاپا
مىننەتلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇگلار.

پەرھادنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان
مېتىن بىلەن كەكە باشلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ،
ماتەملىك كىشىلەردەك نالە پىغان چېكىشكە
باشلىدى. ئۇ ئىككىسى گويا ئاتىسى ئۆلىيەك-
چى بولغان كىچىك باللاردەك پەرھادنىڭ
بېلىگە ئېسىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ هال تىلى بى-
لەن ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار:

— بىز سەن بىلەن تاغۇ دەشتلەرنى
ۋە قىر ـ داللارنى يېرىپ، مۇشەققەت تارت-
قىنىگدىمۇ بىللە هەمراھ بولغانىدۇق. ئەمدى
قارا تۇپراققا كىرسەگمۇ بىللە كىرىمىز! —
دېدى.

پەرھاد ئۆز ئەتراپىدىكى يىرتقۇچ،
ئوتخور هايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارغا قاراپ:

— هەي مېنىڭ كىچە ـ كۈندۈز يول-
داشلىرىم، قۇرداشلىرىم بولغان هايۋانلار،
سىلەر مېنىڭ كۆگلۈمگە ئۇلپەت
بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز مەن بىلەن بىللە
ئىدىگلار. سىلەرنىڭ تەبىئىتىگلار زۇلۇم
قىلىشتىن، ئاداۋەت ساقلاشتىن، ئىتتىپاق-
سىزلىقلاردىن خالى. لېكىن ئادەملەر ئۇن-
داق ئەمەس. سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇگلار مېھر-
ۋاپا بىلەن يۇغۇرۇلغان. سىلەر مېنىڭ

رەنج ـ مۇشەققىتىمگە دوست، دەرد ۋە پۇر-
قىتىمگە ئۇلپەت بولدۇگلار. بەزىلىرىگلار
لەپىمگە قۇۋۋەت ۋە غىزا بولدۇگلار، بە-
زىلىرىگلار بېشىمغا سايە سالدىگلار. يالغۇز-
لۇقۇمدا مېنىڭ قوۋم ۋە قوشۇنۇم بولدۇگ-
لار، قاياققا ماگسام ئەگىشىپ تەك باردىگ-
لار. مېنىڭ هېچكىمىم يوقلۇقىنى بىلدۈرمە-
دىگلار، ئۆز يۇرتۇمدىن يىراقتا ئىكەنلىكىم-
نى سەزدۈرمىدىگلار. مېنىڭ چەككەن ئاھۇ-
ئەپغانلىرىمدىن دىشۋارچىلىقلارنى تارتساگ-
لارمۇ، ئۇنى بىرەرىگلەر ئېغىر ئالمىدىگلار.
سىلەردىن چەكسىز خىجالمەن. سىلەردىن
قايسى تىلىم بىلەن ئەپۇ سورايمەن؟! —
دەپ ئۆزرە ئېيتىپ زار ـ زار يىغلىدى.
هايۋاناتلارمۇ پەرھادتا باشقىچە بىر دەرد-
نىڭ بارلىقىنى پەملەپ، ئاھ ـ پىغان چې-
كىشىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن سالدى، خۇددى
ماتەملىك كىشىلەردەك ئۈن تارتىپ، نالە-
پەرياد قىلىشتى. ئۇلار ئادەملەردەك بىۋاپا
ئەمەس ئىدى. پەرھاد ئۇلار بىلەن بىر
پەس سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەجەل دەرد
ئوقىنى ئۇنىڭ جېنىغا ئۇردى. ئۇ بۇ سۆز-
لەردىن بىر پەس ئۆزىنى توختىتىپ، ئۆز
ئەھۋالىغا مەشغۇل بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغا يېتىپ قالغانلىقىنى پەملەپ، سو-
غۇق ئاھ تارتتى. ئاتىسىنى ئەسلەپ، ئانى-
سىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىدىن
ئىككى قانلىق دەريا هاسىل قىلدى. قان-
خور پەلەك ئۇنىڭ بېشىغا قان تۆككۈچى
خەنجەرنى ئۇرۇپ، كۆكسىگىچە ئىككى پارە
قىلدى. پەرھاد ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ پەر-
ياد قىلدى:

— هەيهات، هەيهات، بۇ نېمە ئەھ-
ۋال! هەي ئەجەل، تېزرەك جېنىمنى ئال-
ساڭ نېمە بولىدۇ؟! مېنىڭ ئەجەلدىن بۇ-

رۇن يۈز قېتىم ئۆلۈشۈمنىڭ سەۋەبى نې-
مە؟! مېنى يۈز تىغ بىلەن قىيناشنىڭ
سەۋەبى نېمە؟! كۆيۈك تەننى يەنە كۆي-
دۈرۈش، ماۋۇق ئۈستىگە چېقىن ئۇرۇشنىڭ
نېمە مەنىسى بار؟! كاشكى ئىچىمدە ئاتا-
ئانا خىيالى باش كۆتۈرۈپ بولغۇچە، بې-
شىم تۇپراق ئىچىگە كىرسە ئىدى. ھەي
پەلەك، ئاخىرى ئۆز بۇزۇقلۇقۇڭنى كۆر-
سەتتىڭ، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى يەنە بۇزدۇڭ.
ھەي جاھان ساقىسى، ماڭا ئۆلىدىغان چاغدا
يەنە زەھەر بىلەن لىپمۇلىق تولدۇرۇلغان
قەدەھنى تۇتتۇڭ. بۇ قانداق ئىنساپ؟!
ئۆلگەن باشقا يەنە تىغ ئۇرۇشنىڭ مەنىسى
نېمە؟!»

پەرھاد سۆزلەۋېتىپ نالە-پەريادى
چېكىگە يەتتى. ئۇ. ھەددى-ھېسابسىز
يىغا-زارە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھەي تاڭ شامىلى، ئۇلۇغ تەڭرى
ھەققى، ئورنىڭدىن تۇرغىن-دە چىن ۋە
خىتاي مەملىكىتىگە بېرىپ يەر سۆيگىن!
خاقانغا مەن ئوغۇلدىن ئەمەس، بەلكى غې-
رىبلىقتا بىچارە بولغان مەن ناتىۋان قۇل-
دىن سالام ئېيتقىن! ئۇنىڭغا: «سېنىڭ
ئۆي-جايدىن ئايرىلغان ئۇ سەرگەردانىڭ،
سېنىڭ باغرىڭدىن بولغان ئۇ بىر تامچە
قېنىڭ، سېنىڭ ئۇ جىگەر پارەڭ ئالەمدە
يۈزۈڭنى كۆرمەي، ھەسرەت ۋە ئارمان بى-
لەن ئۆلدى. باغرىدىن ياش ئورنىغا قانلار
ئاقتى. ئۇنىڭ بېشىغا پەلەكتىن نى-نى
زور ئىشلار چۈشتى. بىر ھىيلە قوزغىغۇچى
نەيرەڭۋاز ئۇنىڭغا ھىيلە-مىكىر بىلەن
شۇ قەدەر زۇلۇملارنى سالدى. ئۇ مەككار-
نىڭ ئىسمى خۇسرەۋدۇر. ئۇ نەيرەڭۋاز
زالىم ئەگەر راستلىق بىلەن چەك قىلىشنى
خالىغان بولسا، ئۇ ناتىۋان ئۇنداقلاردىن
مىلىق كىشىنىڭ جاۋابىنى بەرگەن بولاتتى.
ئۇ مەككار ھىيلە-مىكىرلى، ئەگرىلىكنى
كۆرسەتتى. يۈز خىل يالغانچىلىق ۋە ھىي-
لە-نەيرەڭلەرنى ياساپ چىقتى.» دېگىن.
تەقدىر توغرىلىق بىلەن ياراتقان ئادەم
قانچە يالغان سۆز بولسىمۇ ئىشىنىۋېرى-
دىكەن. ئۇ زالىمنىڭ ماڭا قىلغانلىرى
ھەممىسى تەقدىرنىڭ قىسمىتى. مۇرادىم
شۇكى، قەھرىمان بەھرام مېنىڭ يېقىن
بۇرادىرىم ئىدى. ئۇ چېرىك يىغىپ بۇ ياققا
يۈرۈش قىلسۇن. خۇسرەۋنى جېنىدىن توي-
غۇزۇپ، بىگۇناھ تۆككۈلگەن قېنىمنى ئۇنىڭ-
دىن تەلەپ قىلسۇن. خاقان بۇ ئوتلۇق ئەپسا-
نىلەرنى ئاڭلاپ باشلىرىدىن ئوتلار شولا ئۇرسا،
مېنىڭ يامان ئەھۋالىمغا ياقا يىرتىپ، ئۆزد-
نى تۇپراققا تاشلىسا، بۇ ئاۋارىسىنى، ياق،
بەلكى ئاۋارە بولغان جىگەر پارىسىنى قو-
شاققا قوشۇپ، «بالام!» دەپ يىغلىغان
پېتى جاپا تاشلىرىنى كۆكسىگە ئۇرسا، تەخ-
تىنى سۇندۇرۇپ، تاجىنى يەرگە ئۇرۇشقا
تەمشەلسە، سەن توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي
جاھانگىر پادىشاھ، تەڭرى تائالانىڭ تەقدى-
رىگە چارە يوقتۇر.» دېگىن. مېنىڭ ئەزەل
تەقدىرىمدىن پېشانەمگە پۈتۈلگىنى سۆيگۈ
ئىبرىتى بىلەن ئۆلۈش ئىكەن. ھەركىمگە
ئۇلۇغ تەڭرى تەقدىردە نېمىنى يازغان
بولسا، شۇنى تارتماي ئامال يوق. تەقدىر
ھۆكمىدىن ئالدىڭغا نېمە كەلسە، ئۇنىڭغا
رازى بولماقتىن ئۆزگە ئامال يوق. گەرچە
بۇ پەلەك مېنى ئۆز ئۆمرۈمدىن ئۈمىدسىز
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جاھان مەملىكى-
تىدە، خاقان بىر ئۆمۈر تەخت ئۈستىدە
بولسۇن. گەرچە ھۇجرا يىقىلسىمۇ، لېكىن
قەسىر ۋە گۈمبەزلەر تازا ۋە ئاۋات بول-
سۇن. مايسا قۇرۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ

ئەركىن ئۆسكەن سەرۋى ئەبەدىي سالامەت بولسۇن.

ئەگەر ئانامغا بۇ خەۋەردىن بىتاقەتلىك چۈشسە، مېنىڭ غېمىمدىن يۈزىنى تۇپراققا قويۇپ، نالە-پىغاندىن جاھانغا توختىماي ئوتلار سالغۇسى. بۇ يالغۇز جىگەر پارىسىنى سېغىنىپ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ، سۈرەن-چۇقانلار كۆتۈرۈپ، ئىزتىراپقا چۈشكۈسى. يۈزىدىن چۈمپەردىنى ئېلىپ تاشلاپ، پەردىلەر ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىققۇسى ۋە بۇ غەم پەردىسىنى ياد ئېتىپ، ھەر تەرەپكە پىرقىرىغان ھالدا: «ھەي جېنىمنىڭ باغلانغان رىشتىسى! ...» دەپ سۈرەن سانغۇسى. ھازا-ماتەمدىن يۈزلىرىنى قان قىلىپ، ئاپئاق چاچلىرىنى يۇلۇپ، ھەددى-ھېسابسىز ئازاب چەككۈسى. سەن شۇ چاغدا مېنىڭ ئاھىمنىڭ ئىس تۈتەكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خالايىق كۆزىدىن ئۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پەردە ھاسىل قىلغىن. ئۇنىڭغا مېنىڭ نامىمدىن: «ھەي يۈزۈڭ جېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، ئىزىڭ تۇپرىقى كۆزۈمنىڭ تۇتىياسى بولغان ئانا، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى بۇ دەرد ۋە غەمدە ئاپىرىدە قىلغىنى يېتەرلىك ئىدى. لېكىن سېنىڭ «پەرزەنتىم بولسا» دېگەن ئارزۇيۇڭ ھەددى-ھېسابسىز كۈچلۈك ئىدى. مېنىڭ قايغۇم تۈپەيلىدىن كۆڭلۈڭ بىر نەپەسمۇ سۆيۈنۈپ باقمىدى. ھەمىشە زارلىق ۋە تەشۋىشلىك بولدۇڭ. باشقا باللارنىڭ ئورنى كۆكلەم باغلاردا بولسا، مېنىڭ قىسمىتىم كىچىكىمدىن باشلاپ دەرد ۋە داغلاردىن ئىبارەت بولدى. سېنىڭ ناتىۋان جىسمىڭمۇ مېنىڭ دەردىمگە ئورتاق بولۇپ، مېنىڭ دەرد-ئەلىمىم بىلەن ئۆرتەندىڭ. ياقۇت پارىسىنى ئارزۇ قىلىپ، قارا تاشنى تاپتىڭ؛ قۇياشنى تەلەپ قىلغانىدىڭ، كۆيدۈرگۈچى ئوت پارچىسىغا ئېرىشتىڭ. مەن چوڭ بولغانسېرى بىچارە بولدۇم، يۇرت-مەملىكىتىمدىن ئايرىلىپ ئاۋارە بولدۇم. سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامغا بۇ مەككار ۋە سەرگەردان پەلەك سالغان جۇدالىق سەۋەبىدىن كۆيۈپ ئۆرتەندىڭ. پىراقىمدا كۆيگىنىڭمۇ يېتەرلىك ئىدى. مانا ئەمدى كۆيە-كۆيە ئاخىرى خەس-خەشەكتەك كۆيۈپ كۈل بولدۇڭ. مېنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن بۇ زىيانلىرىم يەتمىگەندەك، يەنە كۆز ياشلىرىم سېلى بىلەن غەم دەرياسى ھاسىل قىلىپ، ئۆز ئېلىمنى ۋەيران قىلدىم. ماڭا مۇنداق ئۆلۈش نېمىدېگەن نومۇس، مەن خەلقنىڭ كۈلۈشىگىمۇ ئەرزىمەيمەن. مېنىڭ بۇ دەردۇ بالاغا مۇپتىلا بولغانلىقىمغا يۈزلەرچە ئەپسۇس. سەن گەرچە مېنىڭ دەردىم تۈپەيلىدىن ھېسابسىز رەنجۇ-مۇشەققەت تارتقان بولساڭمۇ، لېكىن رىزالىقىڭدىن مېنى ئۈمىدسىز قىلمىغايسەن. مېنى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشكە گىرىپتار قىلمىغايسەن.» دېگىن.

ھەي تاڭ شامىلى، ئەگەر مېنىڭ ئىشلىرىم ۋە ئەھۋالىم قانداق بولغانلىقىنى مۇلكئارا بىلەن بەھرام پەلىپ قالغۇدەك بولسا، يۈزلىرىنى قارايتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قان-ياشلىرى سىزىقلارنى چىقىرىدۇ. ئۇلار گوياكى سىياھ ئۈستىگە قىرمىز بىلەن خەت چېكىدۇ. قارا كىگىزلەرنى بويىنىغا سېلىشىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كىگىز يۈزىدىن رەڭ ئالىدۇ. ئۇلار ئالەم قۇياش ماتىمىدە تۈن پالاسلىرىنى كىيگەندەك، ماتەم لىباسلىرىنى كىيىشىپ، ياقىلىرىنى يىرتىشىدۇ. قايغۇ-مۇسىبەت تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى گاھ چۆللەرگە، گاھ تاغلارغا، گاھى

تۇپراقلارغا ئۇردۇ. سەن مۇلكئاراغا تەسەللى بېرىپ: «ئاقىل كىشىلەر قازاغا نارازى بولمايدۇ» دېگىن. چۈنكى ماڭا پەلەك قىسمىتى يەتتى. ئۇنى تارتماسلىققا نېمە ئىلاجىم بار.

ھەي تاك شامىلى، سەن يەنە بەھرامغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بۇ ۋەسىيەتلىرىمنى تاپىلىغىن: «ھەي جېنىمغا باغلانغان مۇڭداش ۋە ئېمىلداش ئىنىم، ئەگەر سەن مېنىڭ ماتەمىم ئۈچۈن ئاھنىڭ تۈتۈنلىرىنى كۆكلەردىن ئاشۇرساڭمۇ، ئۇنىڭدىن نە ماڭا، نە ساڭا پايدا يوق. ئەگەر خەستە جېنىم سەندىن سۆيۈنۈپ، يېنىمنىڭ يەرگە تېگىشىنى ئىستىسەڭ، جەڭ تىغلىرىنى ئويناتىشتىن توختىمىغايسەن. دەرمال لەشكەرنى يىغىپ، بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغايسەن. جېنىمنىڭ راھىتى ئۈچۈن قاتىلىمنى تۇتۇپ، قان دەۋايىمنى تەلەپ قىلىپ ئالغايسەن.»

ھەي تاك شامىلى، كېلىدىغان قوشۇنۇمغا مېنىڭ سۆزلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېنىق يەتكۈزگىن. ئۇلار ھەممىسى بەھرامنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرسۇن. ئۇ نېمىنى بۇيرۇسا، بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرمەي، نۇقسانسىز ئورۇنلىسۇن.

ھەي تاك شامىلى، خوتەن مەملىكىتى جەننەتتىن نىشاندۇر. ئۇنىڭ قارىشىدا نامايان بولغان جەننەت كىشىگە جان بېغىشلايدۇ. ئەگەر سەن ئۇ تەرەپلەرگە سەيلە قىلىشنى ئىختىيار قىلىپ، باغلار تەرىپىگە قەدىمىڭ يەتسە كۆرىسەن، ئۇ يەردە جەننەتتىن نەمۇنە كۆرسىتىپ تۇرغان تۆت باغ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ زىننەتلەنگەن تۆت قەسىر بار. ئۇلار مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن تەييار بولغان. ئۇ يەردە گۈل-چېچەكلەر ھۆكەر پۈلتۈزدەك توپ-توپ ئېچىلغان. ئەگەر سەن بېرىشىڭ يېنىشتا ئۇ يەردىن ئۆتسەڭ، ئۇلار سېنىڭ جىلۋىگاھىڭ بولغۇسىدۇر. باھارلىق باغ تەرىپىگە يۈرۈش قىلغىنىڭدا مېنىڭ ھازامنى تۇتۇپ گۈل رەڭ ياشلىرىڭنى تۆككىن. يازلىق باغقا كىرگىنىڭدە، شاخ ۋە ياپراقلارنى كۆرسەڭ، مېنىڭ ئۆلگەنلىكىمنى يادىڭغا ئالغىن. كۈزلۈك باغقا كىرگىنىڭدە ئۇ ياقلارغا مېنىڭ سارغايغان چىرايىمدىن سالام يەتكۈزگىن. ئەگەر قىشلىق باغقا قەدەم تاشلىساڭ، تىنىقلىرىمنى ئېسىڭگە ئېلىپ، سوغۇق ئاھ چەككەيسەن.

ھەي تاك شامىلى، سەن مانىغا مۇنۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈز: «ھەي چىن نەققاشى، نەققاشلىقتا تەقدىر قەلىمىمۇ ساڭا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. سەن نەقىش چەككۈچى قەلىمىڭنى تەۋرەتكىنىڭدە تۆت قەسرىمگە تۆت خىل سۈرەتنى سىزغانىدىڭ. بىرى باھارلىق قەسىرنىڭ بىرىنچى سۈرىتى ئىدى. ئۇنىڭدا يۇنان تەرىپىگە ئات سالغانلىقىمنى ۋە ئۇ يەردە ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلغانلىقىمنى تەسۋىرلىگەنىدىڭ. يازلىق قەسىرنىڭ ئىككىنچى سۈرىتىدە بولسا، ئەھرىمەن دېۋىگە پەھلىۋانلىق قىلىچىمنى ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆز قېنىغا غەرق قىلىپ، ھالاك قىلغانلىقىمنى سۈرەتلىگەنىدىڭ. كۈزلۈك قەسىرنىڭ ئۈچىنچى سۈرىتىدە ئىسكەندەر رۇمىينىڭ تىلسىمىنىڭ جىسمىنى ئېچىپ ئۇ تىلسىمىنىڭ جىسمىنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ، قولۇمغا ئالغانلىقىمنى سىزغانىدىڭ. قىشلىق قەسىرنىڭ تۆتىنچى تەسۋىرىدە ئارىستوتىلنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ، غار ئىچىگە ئەجدىھادەك كىرگەنلىكىمنى سۈرەتكە ئالغانىدىڭ. ئالەم بىنا بولغاندىن

بېرى بۇنداق ئىشنى ھېچ ئادەمزات قىلىپ
باقمىغانىدى. سەن مېنىڭ بۇ جۇرئەتلىك
ئىشلىرىمنى كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق
قەلەمگە ئېلىپ، سىزىپ تەسۋىرلىگەندىك. ئەمدى
بۇ تۆت سۈرەتنى، ئەلۋەتتە ۋە ئەلۋەتتە،
باشتىن - ئاياغ يېزىۋەتكەيسەن. ئاندىن
كېيىن ئۇنىڭ رەختلىرىنى قەسىر تاملىرى -
دىن سويۇپ ئېلىپ، سېغا ياكى ئوتقا سال-
غايسەن. چۈنكى مېنىڭ بۇ جان ۋە جىس-
مىم يوقىلىپ، بۇ جاھاندىن نامۇ - نىشانىم
ئۆچتى. ھەركىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرەي
دېسە، بۇ كونا پەلەك گۈمبىزىدىن كۆر -
سۇن. كىمكى مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلەي
دېسە، بۇ ئاسمان ۋاراقلىرىدىن كۆرۈپ
بىلسۇن. بۇ پەلەك مېنىڭ ياخشىلىقىمنى
كۆرەلمىدى. شۇڭا سۈرەتلىرىمنىمۇ تام
ئۈستىدە كۆرەلمىسۇن.

ھەي تاك شامىلى، سەن يەنە قارىن.
گە مەندىن سالام ۋە تاپشۇرۇقلارنى يەت-
كۈزۈپ، مۇنداق دېگىن: «مېنىڭ مېتىن ۋە
كەكەم قانچىلىك تاشلارنى ئۇشاتقان بولسا،
پەلەك ئۇنى يىغىپ ھەممىسىنى بېشىمغا
قارىتىپ ئاتتى. پەلەك ھەرنەپەستە يۈز تۈ-
مەن تاشلارنى ياغدۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىدا
قالغان بىر سۇنۇق باش نېمىمۇ قىلالىسۇن.
ئاسمان كەبى تاغلارنى كېسىپ، يەر بىلەن
يەكسان قىلغانىدىم. لېكىن تەقدىر تۈپەيلى-
دىن بارچە تاغلارنىڭ ئاستىدا قالدىم. بۇ
مەككار پەلەك مېنى ئۆلتۈرەر ۋاقتىدا،
سىزىۇنۇپ ياتقان تۇپرىقىمنىڭ ھەربىر تېشى
گوياكى بىر تاغدەك ئېغىر بولدى. مەن
ئەمدى ئۆزۈمنى غەم - قايغۇ تېغى دېگىنىم
تۈزۈك. چۈنكى مەن غەم - قايغۇ تاغلىرى -
نىڭ ئاستىدا قېلىپ ئاللىقاچان يوقالدىم.
ھەي قارەن، سەن قايسى تاشنى چوقۇپ،

ئۇنىڭ بېشىغا مېنىڭ ئىسمىم ۋە لەقىمىنى
يازغان بولساڭ، يەنە قايتىدىن مېتىنىگنى
ئىشقا سال - دە، تاشلار يۈزىنى تىرمىلاپ،
مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ئاۋا-
رە قىلغان ھالدا دۇنيا يۈزىدىن يوقات.
مېنىڭ جىسمىم تاش ئاستىدا قالغاندىن
كېيىن، ئىسمىم ئۇنىڭ ئۈستىدە قالمىسىمۇ
بولۇۋېرىدۇ.»

ھەي تاك شامىلى، سەن پۈتكۈل
ئالەمدىكى شەھەرلەر، تاغلار، ۋادىلارنى كې-
زىپ ئاشىقلارغا جار سالغىن: «پەرھاد
ئاشىقلىق رەنجى - مۇشەققىتى بىلەن ئۆلدى!
ئۇنىڭغا خۇسرەۋ جەبىر - زۇلۇم سالدى! ئۇ
سىز ۋە بىز ئاشىقلارنىڭ سۇلتانى ئىدى.
بىز ئۇنىڭ پۇقراسى ئىدۇق. بۈگۈن سۇل-
تانىمىزلارغا زۇلۇم يېتىپ، جاھاندىن ناتى-
ۋانلىق بىلەن كەتتى. ئەمدى سىلەر يىغى-
لىپ، قوشۇن تارتىپ كېلىڭلار - دە،
پادىشاھلار ئۆلگەندە ماتەم تۇتقاندەك ھازا
ئېچىڭلار. ئاۋۋال خۇسرەۋنىڭ ئۈستىگە
يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاھ ئوقلىرىڭلارنى
باھار يامغۇرىدەك ياغدۇرۇڭلار. نالە - پىغا-
نىڭلار ئوتىدىن ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۆرتەپ،
تاجۇ - تەختىنى ۋە بارلىق سەركەردىلىرىنى
كۈل قىلىڭلار. بۇ بىچارە بەختسىز ئۈچۈن
يىغلاپ، خۇسرەۋنىڭ يوقىنى يوقلۇق سې-
لىڭە باستۇرۇۋېتىڭلار ۋە قەسىرىنى شۇ يو-
سۇندا ئاۋات قىلىپ، روھىمنى ئۆزۈڭلار-
دىن مەمنۇن قىلىڭلار!» دېگىن.

ھەي تاك شامىلى، سەن شاپۇرغا مەن
ئۈچۈن خەير - خوش دەپ قويغىن. ماڭا
ۋەكالىتەن ئۇنىڭغا: «ھەي ئارزۇ - ئىستەك-
لىرىگە يېتەلمىگەن دوستۇم، سەن ماڭا
ھەمدەم بولغاندىن بېرى قانچىلىگەن قان-
لارنى يۇتتۇڭ. ماڭا سىرداش بولۇپ،

تالاي غەم ـ قايغۇلارنى تارتتىڭ. ماڭا
ھەممەپەس بولغاندىن باشلاپ بالا ۋە ما-
تەمگە قالدىڭ. ۋاپا قىلىشنىڭ قائىدە ۋە
شەرتلىرى ھەرقانچە بولسا، شۇنچىلىك بو-
لار. ساڭا مەن ئادا قىلالمىغان ئۆزرىخاھ-
لىقنى تەڭرى ئادا قىلغاي. سەن ھەرۋاقىت
قەبرەم تېشىدىن خەۋەر ئالغىن، تۇپراق
بېشىمدىن ئايىغىڭنى ئۈزمە!» دەپ نىدا
قىلغىن.

پەرھاد سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە
قىينالغىنىدىن جېنى ئاغزىغا كېلىپ قالدى.
ئۇ ھەممە ۋەسىيەتلىرىنى تاپىلاپ بولغاندىن
كېيىن، ئۆز ئوتۇقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ،
بۇ سۆزلىرىنى ئۈچۈن تىڭرىدىن كەچۈرۈم
سورىدى. ئۇ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە» دەپ
باشلىنىدىغان ئىستىغپار كەلىمىسىنى ئوقۇپ
دىل ۋە جېنى بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ بۇزۇلغان جېنى جانانىغا قوشۇلۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ ۋەيرانە جېنىغا ئىشق ئوتى
تۇتىشىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۆل
قىلدى. ئۇ جانانىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان
ھالدا جان تەسلىم قىلدى. «ھەي ئەقىل
ئىگىلىرى، بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىڭلار»①
بۇ ماتەمنىڭ ئىچىدە ئىشق گۈلخىنى ئۆزى
قىلغان ئىشقا پۇشايمان قىلىپ، بويىنىغا قارا
كىگىز سېلىپ ھازا تۇتتى. غەم ـ غۇسسە
ۋە بالا ـ قازالار يارىسىز، ئىشسىز قالغانلىق-
دىن ھەسرەت چەكتى. ھىجران كېچىسىنىڭ
شامى ئۆچۈپ، مەجلىسى قاراڭغۇلاشتى.
پەلەك پەرھادنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۇلارغىمۇ
پەرھادنىڭ يوقلۇقىدىن غەم ۋە ماتەم ئوت-
لىرىنى سالدى. ھايۋاناتلار پەرھادنىڭ ھا-
لىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھىيلىقى

جادىگەر مەككار قىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ
تاشلىدى، ئۇ قىرىنىڭ بىر تامچە يېشى، بىر
قەترە قىنىنىمۇ يەر ئۈستىگە ئاققۇزماي
ۋە تامغۇزماي ئۇنىڭ تېنىنى چىشلىرى،
چاڭگال ۋە تىرناقلىرى بىلەن يىرتىپ تاش-
لىدى. ئۇلار گۇناھسىز بىچارە پەرھادنىڭ
ماتىمىدىن ھەسرەتلەر چەكتى. چۈنكى
ئۇ بىۋاپا مەككار قىرىدىن ئاشۇ ھايۋانلار
مىڭ ھەسسە ياخشى ئىدى.

ھەي ساقى، سەن ماڭا بىر پىيالە
ئۆلتۈرگۈچى شاراب بەرگىن. ئۇ پىيالە
ئىچىگە شاراب ئورنىدا زەھەر تولدۇرۇلغان
بولسۇن. چۈنكى مەن سۆيگۈ ئىچىدە پەرھادقا
ئوخشاپ قالدىم. ئەمدى ئۇ پىيالىنى پەرھادقا
ئوخشاش سۈمۈرۈۋېتەي. نەزمە:

كېتۈر، ساقى ماڭا بىر جامى قاتىل،
لەبالەب ئەيلەبان زەھرى ھەلاھىل.
چۇ تاپتىم ئىشق ئارا فەرھادۋەشلىغ،
قىلاي ئول جامنى فەرھادكەشلىغ.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەب-
بەت ھەم مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە
شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق،
غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە
رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۇ يولۇچى بۇ جاھاندىن يۈكىنى
يىغىشتۇردى. چۈنكى بۇ مەنزىل ئاسايىش-
لىق ئورنى ئەمەس. بۇ جاھاننى نېمىشقا
«رۇبئى مەسكۇن»② دەيدۇ؟ چۈنكى، باشقا

① «قۇرئان كەرىم» 28 ـ پارە، 39 ـ سۈرە، 2 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

② رۇبئى مەسكۇن ـــ يەرنىڭ ئادەملەر ياشايدىغان قىسمى، چارىكى.

ئۇچ قىسمى سۇلىق ماكاندۇر. مۇراد
مەقسىتىگە يېتەلمەي، قايغۇغا چۆمۈلگەن
كىشى خۇددى سۇ يۈزىگە چۈشكەندەك ئەمە-
ۋالغا قالىدۇ. ھادىسىلەر بورىنى بىر دولقۇن
پەيدا قىلسا، قالغان چارەك يەرنىمۇ سۇ
بېسىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شۇنداق
ئىكەن بۇ جاھاننى تىنچلىق - ئامانلىق ئورنى
دېمەي، سۇ بىلەن بىنا بولغان چېدىر بەلكى
بىر كۆپۈك دەپ بىلگىن. كۆپۈك گۈمبەزگە
ئوخشاش سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. لېكىن
سۇ باشقا، كۆپۈك باشقا، ئاقىللار بىر پۈۋ-
لەش بىلەن بەرباد بولىدىغان مۇنداق
ئۆيىنى بىنا قىلمايدۇ. بۇنداق ئۆيدە
تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇ يەردە بىمالال بىر
نەپەس ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. بىر دۆۋە
تۇپراقنىڭ شۇنچە سۇ ئىچىدە نېمە بولىدى-
غانلىقىغا قاراپ باق. سۇنىڭ تېگى سۇغا
چۈشكەن تۇپراققا ماكان بولىدۇ. بۇ تۇپ-
راقنىڭ چۆرىسىدە ئاسمان ئۈگىسى ئەتىرا-
پىدا ئايلىنىۋاتقان قۇشلاردەك ئايلىنىدۇ.
بۇ قاتمۇقات ئاسمان ئاجايىپ بىر
قۇشكى، ئۇنىڭ ئىشى كەپتەردەك موللاق
ئېتىشتۇر. كەپتەرغۇ كىشىلەرگە رام بولىدۇ
ۋە ئارام ئالىدۇ. ئەمما ئۇ ئايلانغۇچى
پەلەكنىڭ رام بولۇشى ۋە ئارام ئېلىشى
مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بۇ پەلەك بىر كەپ-
تەرخانىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇلتۇزلار
ئۇنىڭ چاچقان دانلىرىدۇر. قازا ئۇستازىنى
كەپتەرۋاز دەپ بىلىپ، ئۇ قانداق ھۆكۈم
قىلسا، ئۇنى ئەلا ھېسابلاپ رازى بولغىن. كەپ-
تەرنى ئۇۋلىغۇچى ئۇۋچىدۇر،ئۇنى ئۇۋچى دېمە،
بەلكى ئۇ بىر جاللاتتۇر. ھىلال ئاي پەلەك
جاللاتىنىڭ قان تۆكىدىغان قىلىچى، قۇياش
ئۇنىڭ تاۋىقى بولۇپ، كىشىلەرنى نابۇت
قىلىشتا ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن

زەررىگە ئوخشاش ھېسابسىز ئاي يۈزلۈك-
لەرنىڭ باغرى تىلىنغان. زىيانكەش جال-
لات مىڭ قېتىملاپ قان تۆكسىمۇ، يەنە
تىغىنى يوشۇرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.
كۈندە مىڭ كىشىنى قەتلى قىلغان قۇياش-
نىڭ تىغىنى يەرگە كۆمۈشى ئەنە شۇنىڭ
دەلىلىدۇر. ئۇ شۇنداق مىڭلاپ كىشىنى
قەتلى قىلىشنى كەسىپ قىلغان تۇرسا، ئۇنى
كىممۇ «ئادەم» دېيەلەيدۇ؟ بۇلارنىڭ
ھەممىسى شاھ بولسۇن، شاھزادە بولسۇن
ياكى قۇل ياكى ئازاد بولسۇن، بۇ يەردىكى
گەپ ئۇ جاللاتنىڭ ئۇلارنى ئوخشاشلا
قەتلى قىلىدىغانلىقىدا كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق
ئىكەن مەن ۋە سەندەكلەر نېمىمۇ دېيە-
لەيمىز! كىشىنىڭ گۆھىرى قانچىلىك
پاك بولغانسېرى ئۇ جاللاتنىڭ زۇلمىدىن
دەرد قايغۇسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەمما
ئۇنىڭ باغرىنى تېشىپ قېنىنى ئۇنىڭغا
قۇۋۋەت قىلغان. پۈتۈن كائىنات قۇياشتىن
نۇر ئالسىمۇ، يەنە شۇنى ھەر كېچىسى قارا
تۇپراققا يوشۇرىدۇ. ئۇ قاندىن كۆپلىگەن
قەدەھلەر لىپمۇلىپ تولۇپتۇ. لېكىن ئۇ-
نىڭدىن بىر پاسىق ھەر نەپەستە خۇشال
بولىدۇ. يۈزلىگەن پاكىزە جەۋھەرلەرنى
توپىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىر بەگىنى
خۇشال قىلىدۇ. دەرەخنى يىقىتىپ ئۇنىڭ
ئوتىنىڭ يالقۇنىدىن بىر ئاتەشپەرەسنىڭ
كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ. پەرھادنىڭ قېنىنى
ئايىماي تۆكۈپ، خۇسرەۋ شۇقان مەيدىن
بەزمە تۈزىدۇ.

ئەلقىسسە، پەرھاد جىگىرىنى ئۆرتەپ
يوقلۇق بەزمىسىنىڭ مەجلىسىنى يورۇتۇشقا
باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھايۋانلارنىڭ كۆپ
قىسمى شۇ غەمدىن ئۆزىنى ھالاك قىلدى.

uyghurkitap.com





باشقىلىرىنىڭمۇ بۇ ئەلەمدىن ھالى خاراب بولدى. ھايۋاناتلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى ھالقا شەكلىدە ئوراپ، ھازا ئېچىپ نالە پىغان قىلاتتى. ئۇلار پەرھادنىڭ ئەتراپىنى ئېگىلەپ ئالغاچقا، كىشىلەرنىڭ يېقىنلىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋاقتىكى، پەرھاد جان ئۈزۈش پەيتىدە بىر ناتىۋان كىشى ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغانىدى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، سۆيۈنمەكچى بولغانىدى. بىراق پەرھادنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى بىر تاشنىڭ يېرىقىغا ئالدى-دە، پەرھادنىڭ ھالىغا ھەيران قالدى. بۇ پەرھادنىڭ جېنى تەڭرى دەرگاھىغا ئۇلاشقىچە بولغان پۈتۈن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلدى. ئۇ پەرھادنىڭ قەبرىسىنى تىكلەپ ئۇنىڭ بېشىدا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن شىر، قاپلانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنى كۆرۈپ، قانلىق ياش تۆككىنىچە قايتتى. ئۇ خالايىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئوتلۇق ئاۋاز ياڭرىتىپ، ھەرقايسى مەجلىسلەرگە خەۋەر بەردى. ئۇنىڭ زار-زار يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ بىللە قوشۇلۇپ يىغلايتتى.

ۋاقتىكى، پەرھادنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەتراپقا تارقالدى. بۇنى خۇسرەۋغىنە ئەمەس، بەلكى شىرىنمۇ ئاڭلىدى. خۇسرەۋ پەرھاد ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ كۆپ تەھلىل قىلدى. بۇ غەمدىن نەچچە كۈنلەپ كۈلكىسى كەلمىدى. قورقۇنچتىن نەچچە تۈنلەپ ئۇيقۇسى كەلمىدى. شىرىن پەرھادنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، دېگەن ئۈمىد خۇسرەۋنى خۇشال قىلدى. لېكىن پەلەك بۇ ئىشنىڭ كەينىدىن نېمە قىلار، دېگەن ۋەھىمە ئۇنى قايغۇغا سالاتتى. ئۇنىڭ جاھىللىقى غالىب كېلىپ، نەپسى تىلىپىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەمما ئۇ ئۆزى تۇتقان زەھەرلىك قەدەھنى ئىچىپ تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلمىدى. بۇ خۇددى ئوت يېقىش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن پىلىكنىڭ شۇ ئوت بىلەن ئۆزىنىڭمۇ كۆيگىنىگە ئوخشايدۇ. كىشى يىلاندىن زەخىملەنسە، شۇ زەخىمنىڭ ئۆزى ئاخىرى ئىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. خۇسرەۋ: «بۇ ئىش مۇنداق

بولماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمدى مۇنداق
ئىش بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشتىن بوشى-
شىپ قېلىش ياخشى ئەمەس» دەپ بىر
نەچچە ئىش بىلەرمەنلەرگە ئىختىيارى
سۆزلەپ تەھدىت سېلىش بىلەن بىللە
ئۇممىدلەندۇرۇشنى، كۆپ سۆزلەر بىلەن
مۇلازىمەتتە بولۇپ، ئىككى شاش ئاتنى
كۆندۇرۇشنى تاپىلاپ قورغان تەرەپكە
يولغا سالدى. سۆزمەنلەر بۇ سۆزلەرنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن قورغانغا باردى.
مېھىنبانۇغا كۆپلەپ دۇئا - سالالارنى ئېيت-
تى. ئاي يۈزلۈككىمۇ خۇسرەۋنىڭ ھېساب-
سىز دۇئا - سالىمنى يەتكۈزۈپ كۆپ مېھرى-
بانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئالدىداتۇۋەنچى-
لىك بىلەن يالۋۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ناتى-
ۋانلىقنى بىلدۈرۈشتى. سۆزمەنلىك بىلەن
كۆپلىگەن دەللەلەرنى كەلتۈرۈپ، مېھىن-
بانۇنى بۇ ئىشقا مايىل قىلدى. دۆلەت
ئەربابلىرىمۇ ئارىغا كىرىپ، بۇ ماجىراغا
سۆز قىستۇرۇشتى. مېھىنبانۇنى خالى
يەرگە تارتىپ:

— خۇسرەۋ بولسا جاھاننىڭ ھۆكۈمە-
راندۇر، نەسەبتە بارچە سۇلتانلارنىڭ
پادشاھىدۇر. شان - شۆھرەتتە مەخپىي
ئىشلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇ سىز بىلەن
تۇغقان بولۇشنى خالاپتۇ، بۇ ئىشقا خۇشال
بولماقتىن باشقا قانداق جاۋاب بېرەلەيمىز.
ئەگەر غەمكىن پەرھاد ھايات بولسا ئىدى،
خۇسرەۋگە تاقابىل تۇرۇپ غەزەپلەنگەن
بولار ئىدى. ئەمدى ئۇ ۋاپات بولدى،
ئورۇنسىز ئاداۋەتمۇ كەتتى. شۇڭا خۇسرەۋ-
نىڭ رايىغا كىرگەن ياخشى. ئاقىللار پايدى-
سى ئاز، زىيىنى كۆپ مۇنداق ئىشلارنى
قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەدە ھەم شەرتىگە
كىرمەك كېرەك. بولمىسا، ئەلنىڭ قېنىنغا
ئورۇنسىز زامىن بولۇپ قالىمىز. ئۇنىڭ
زۇلمى بۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلدى.
ئەمدى ئۇنىڭ ئادالىتى بىلەنمۇ ئاۋات
بولۇپ قېلىشى ئەجەب ئەمەس. چۈنكى،
شىشە تاشقا قارشى تۇرالمايدۇ. خامانغا
ئوت چۈشسە كۆيدۈرگۈسىدۇر، — دەپ
مەسلىھەت بېرىشتى.

مېھىنبانۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، مۇۋاپىق تېپىپ بىر پەس جىم
تۇرۇپ قالدى. بىچارە پەرھادنىڭ ۋاپات
بولغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم بولغاندى. ئۇنىڭ
دەردىدە قان يۇتۇپ، ئانىلاردەك ھازىسىنى
تۇتقانىدى. ئۇ لالە يۈزلۈك سەرۋىمۇ
پەرھادنىڭ ماتىمىدىن يۈزىنى تىرناپ
دەردلىك جىسمىنى مىڭلاپ زەخىملەندۈ-
رۈپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولغانىدى.
نەچچە قېتىم مەخپىي زەھەر سىراپ ئېلىپ
ئىچمەكچى بولغاندا كىشىلەر بىلىپ قالغان-
لىقتىن ئىچەلمىگەنىدى. ئوتخانىغا ئۆزىنى
تاشلاپ كۆيدۈرمەكچى بولغاندا، ئۇرۇق-
جەمەتى بىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ
مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. مېھىنبانۇ ئۇنىڭغا
نەچچە كۆنلەپ كۆزەتكۈچىلەرنى قويغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاسراشقا ۋە خىيالىنى
بىلىشكە ئاجىز ئىدى. ئۇ مەجنۇنغا ئوخشاپ
قالغان بولۇپ ئۆز جىسمىنى چىشلەپ
گۆشلىرىنى پارە - پارە قىلاتتى. ئۇنىڭ
نالە - غۇۋغاسى ئاھ - پىغانى بىردەم تىنچى-
مايتتى. ھىجرانلىقتىن «پەرھاد، پەرھاد!»
دەپ پەرياد ئۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ غۇر-
بەتلىكتىكى ھالى - زارىنى، دۈشمەنلەرنىڭ
ھىلىسىدىن ئازار تاپقانلىقنى ئېيتىپ نالە
قىلسا، بەزىدە ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىنى ۋە
ھۈنەرمەنلىكىنى، بىلىمدانلىقنى تەرىپلەپ
پىغان چېكەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ھىجرانلىق
ئازابىنى چېكىپ زارلىق بىلەن نائۈمىد

uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن يىغلىسا، بەزىدە ئۇنىڭ تارتقان زۇلمىنى، ۋىسالىدىن مەھ- رۇم قالغانلىقىنى ۋە ئەسىر بولغانلىقىنى قوشۇپ ياد ئېيتەتتى. سۆزى كىچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىيالى بىلەن، خىيالى بولسا، ئاي ۋە يىل ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بەند بولاتتى.

مېھىنبانۇ بۇ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ھەيران بولسا، بۇ ئەھۋال بىلەن كۆڭلىنى ۋەيران قىلاتتى. بىر پەس بىرەر ئىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولالماي، بۇ تەھلىكىلىك غەمدىن جېنى قىينالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زاپاسمۇ تۈگەپ، خەلقمۇ، مېھىن- بانۇمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. كىچىك- لەر جېرى-زۇلۇمدىن ئاھ تارتسا، چوڭ- لار تاپا-تەنە قىلىپ سۆزلەيتتى. بۇ ئىشقا خالايىق ماقۇل بولغانىدەك، دىلكەش بولغان- دەك قىلسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار خۇشال ئەمەس ئىدى. خەلق مۇشەققەت چېكىپ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنىنىڭ ئۇستىگە جاھان خەلقى ئارىسىدا بەدنامغا قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار:

— مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بول- سۇن يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا ئۇ ئاجايىپ يىگىت سەۋەب بولدى. بىز ئۇنىڭغا قانچە كۆپ خىزمەت قىلساق زايە كەتمەيتتى. بەلكى ئۆلگۈچە خىزمەت قىلساقمۇ ئازلىق قىلاتتى. ھازىر ئۇ سەۋەبچى ئارىمىزدىن بىر تەرەپ بولدى. بۇ ئورۇنسىز ماجىرالار- دىن نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ خۇسرەۋ بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى قورشىدى. ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىلتىماسلارنى قىلىپ، بۇ خىل خۇشاللىقنى لازىم تاپتى. بىز بۇ ئىشنى غەنىمەت بىلىشىمىز كېرەك ۋە خۇسرەۋ- نىڭ تۇغقانچىلىقى بىلەن شادلىنىپ، خالا- يىقنى زىنداندىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىسا، ئەلنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگەپ مېھىنبانۇدىنمۇ بىزار بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق گەپ-سۆزلەر كۆپىيىۋەرسە خۇس- رەۋگە قورغاننى ئېچىپ بېرىشىدۇ،— دېيىش- مەكتە ئىدى.

مېھىنبانۇ ئەتراپتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە ھېسابسىز ۋەھىمە چۈشتى. ئۇ شىرىنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ ۋەقەلەرنى ئاچتى:

— پەلەكتىن بىزگە مۇنداق ئۆرتىنىش ئازابى يېتىپ كەلدى. ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، بۇ جىسمىم ۋە جېنىم يۈزۈڭگە ئىنتىزار. سېنىڭ ئالدىڭغا ئېيتقىلى بولماي- دىغان، يوشۇرۇشقا تېخى بولمايدىغان بىر ئىش بىلەن كىردىم. خەلق مۇنداق ھېكا- يىلارنى سۆزلەپ يۈرگۈدەك-مىش، — دەپ ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. شىرىن دېدىكى:

— ھەي ھاياتىمنىڭ قۇۋۋىتى، گەرچە ئۇيات توسقۇنلۇق قىلسىمۇ بىر ئىشنى ئېيتاي، ئالەم خەلقىنىڭ يېگانىسى بولغان پەرھاد ماڭا جورا بولۇشقا لايىق ئىدى. كۆڭلۈم ئۇنىڭ دەردى بىلەن ئوزۇقلىناتتى. ئۇ دۇنيادا يەككە-يېگانە بولغان كىشى جورىسىز ئۆتكەنىكەن. مەن قانداقمۇ جورا كۆزلىيەلەيمەن. ۋاپا ئەھلىنىڭ ئىشى شۇنداق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ پىراقىدا بۆگۈن يا ئەتىلىكىم قالدى. مەن ئۇنىڭ قايغۇسىدا گوياكى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتا ئوخشاپ قالدىم. سۇدىن جۇدا بولغان بېلىق ئەلۋەتتە سۇغا تەلپۈنۈپ ئۆلىدۇ. پەرھادنىڭ ھىجرانىدا تەلپۈنۈپ ئۆلۈپ تىنىم تاپماق مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم بولۇپ قالدى. تىرىكلىكىنىڭ نىجاتلىقى ئەمدى

ماڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ. ئەلنىڭ مەسلىھەتى
شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئىزدۈك
قىلغايسەن. خالايىقنى كۆپلىگەن قىيىنچى-
لىقلارغا دۇچار قىلىپ قايغۇغا قالدىم. گەر-
چە مەن يەتكۈزمىگەن بولسام‌مۇ بۇ
قىيىنچىلىقلارغا مەن سەۋەبچى بولدۇم.
تىرىكلىكىمدە ئەلنى خاپا قىلدىم. ئەمدى
ئۆلەر ۋاقتىمدا بولسىمۇ ھېچكىمگە زۇلۇم
قىلمىغايمەن.

مېھىنبانۇ شىرىندىن ئىجازەتنى ئېلىپ
خۇشال بولدى ۋە پۇرسەتنى غەنىمەت
بىلىپ ئۆيدىن چىقتى-دە، دەرھال يارىشىقا
بەل باغلىدى. ئۇ خۇسرەۋ قېشىدىن كەل-
گەنلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ كىردى-دە،
ئۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى دېدى:

— بېرىپ شاھقا سالامىمنى ئېيتىڭلار،
بۇ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈڭلار. زامانىنىڭ
داراسى خۇسرەۋنىڭ تەختى ئەبەدى بەر-
قارار بولسۇن. تۇغقانچىلىقنى ئېلان
قىلىپ بۇ سۆز بىلەن مېنىڭ بېشىمنى
يۇقىرى قىلغانىدى. ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپ
تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ كۆزۈمگە سۈرتكەن
ئىدىم. ھەتتا ئۇ خەتنى باش ئاغرىقىغا
يېزىلغان ئەپسۇندەك بېشىمغا قويغانىدىم.
ئەلچىگە قوبۇل قىلىش مۇئامىلىسى بويىچە
مۇئامىلە قىلىپ، پەخىرلىنىش ناغرىسىنىڭ
ئاۋازىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدىم. لېكىن
قايغۇ ھەم ئەندىشە ئىچىدە ئۆز ئەيىبىمنى
ئىزھار قىلىپ جىسمىم گۆھىرىنىڭ سۇنۇق-
لىقىنىمۇ بايان قىلغانىدىم. بۇ سۆز بىلەن
ئۆز ئەيىبىنى كۆرسىتىشنىڭ ئەيىب ھېساب-
لىنىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ھازىر بولسىمۇ
شاھنىڭ يېتىپ كەلگەن ھۆكمىدىن مەمنۇن
بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. ئەگەر شاھ
كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمىغانلا بولسا،
جان-دىل بىلەن خىزمىتىدە بولىمىز.
بىراق ھازىر ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرى-
ۋاتىدۇ. بىزنىڭ شەھىرىمىز ھازىرغىچە
قامال قىلىنىپ پەلەكتەك سەرگەردانلىقتا
قالغانىدۇق. ئاتەشتەك شامال چىقىپ، ھاۋا-
نىڭ ھارارىتىدىن خالايىقنىڭ كۆپلۈكىدىن
قورغان ئىچىدە بەدبۇيلۇق پەيدا بولدى.
شۇڭا ئۇ لەتاپەت ئېقىنىنىڭ قىرغاۋۇلى،
گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ ئەركىن سەرۋىسى،
جامال ئايۋىنىنىڭ دىلىغا ئارام بەرگۈچى
ئېيى بولغان شىرىن (ئۇنىڭدىن شاھنىڭ
مۇرادى ھاسىل بولغاي!) ھاۋانىڭ ناچار-
لىقىدىن ئازاب چېكىپ گويا ئۇنىڭ خۇشال-
لىق بۇلبۇلى ناۋا قىلىشتىن توختىدى.
خۇددى كۆل ئۈستىگە چوغ چۈشكەندەك
كۆرپە ئۈستىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالدى. تارتىۋاتقان ئازابى شۇنداق ئېغىر-
كى، ھەر نەپەستە ئەھۋالى ئۆزگىرىپ
تۇرۇۋاتىدۇ. شاھ ئىلتىپات بىلەن ياردەم
قىلىپ، بىزنىڭ بۇ ئىلتىماسىمىزنى ئېتى-
بارغا ئالغاي. مەرھەمەت قىلىپ بىر نامە
ئەۋەتىپ خاتالىقلىرىمىزنىڭ يېزىقىنى ئەپۇ
قەلىمى بىلەن ئۆچۈرۈپ بىزنى خۇشال
قىلغاي. شۇنداق قىلغاندا خەلق قامالدىن
ئازاد بولۇپ قورغانمۇ بەدبۇيلۇقتىن
نىجاد تاپقان بولار ئىدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك
سەرۋىمۇ بۇ سېسىقچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ساپ
ھاۋادىن خۇشاللانسا، تېۋىپلار بىرنەچچە
كۈن داۋالاپ بۇ شىددەتلىك كېسەلدىن
خالاس قىلغاندىن كېيىن شاھ ئەگەر
ئۇنى ئىززەتلىسە ئەزىز بولار، ئەگەر خار
كۆرسە كېنىزىكى بولۇپ قالغۇسىدۇر.

ئەلچىلەر بۇ جان بېغىشلىغۇچى
سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بېرىپ خۇسرەۋگە
خۇش خەۋەر يەتكۈزدى-دە، سۆيۈنچىسىنى
ئالدى. خۇسرەۋمۇ بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى

يوقىتىپ قويدى. خۇشاللىقىدىن تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئىشارەت بىلەن دەرھال شادلىق ناغرىسىنى چېلىشقا بىشارەت بەردى. سۆيۈنگەنلىكى تۈپەيلى ئەتراپتىن ھاي-ھۇي سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ئىتتىپاقلىق ئاۋازى ياڭراپ، بېكىتىلگەن دەرۋازىلار ئېچىلدى. قامالغان خالايىقلار قەپەستىن ئازاد بولغان قۇشلاردەك ھەۋەس بىلەن ئەتراپنى كېزىشكە باشلىدى. خۇسرەۋ پەرۋىز ئەيشى-ئىشرەت تەييارلىقىغا كىرىشتىكى، بۇ ئايلانغۇچى دۇنيا ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇ پادىشاھلارغا خاس بىر ئالى مەپە ياسىتىپ دۆلەت ئەربابلىرى ئارقىلىق مېھىنبانۇغا ئەۋەتتى ۋە:

— بانۇ بۇ مەپىگە چۈشۈپ كېلىپ، بىزنىڭ ئالىي دەرگاھىمىزنى يورۇتسۇن، — دېدى.

مېھىنبانۇ خۇسرەۋنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، خۇسرەۋنىڭ بارگاھىنى روشەنلەشتۈردى. ئارىدىن گىنە-ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ، ئەيش-ئىشرەت تۈزۈلدى. تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز سۆھبەت باشلاندى. پادىشاھ شۇ ئەسنادا گۈزەل شىرىننى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مېھىنبانۇ قايغۇرغان ھالدا ياش تۆكۈپ:

— ئۇ تەبىئىتىدىكى كېسەللىكتىن ئېغىرچە كۆپ ئازاب چېكىۋاتىدۇ، — دېدى، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تېۋىپلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ماڭا ئېيتىشىچە: ئۇ نازۇك قورغاننىڭ ناچار ھاۋاسىدىن كېسەل بولغان. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ. ئۇ جان بېغىشلىغۇچى ساپ ھاۋاغا موھتاج ئىكەن.

خۇسرەۋ مېھىنبانۇغا:

— قەيەرنىڭ ھاۋاسى پايدىلىق بولسا، سەن ئۇنىڭ يولىنى بىلسەن، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بەر. مەپىنى شۇ يەرگە تارتايلى ۋە شۇ جاي ئۇ قۇياشقا ماكان بولسۇن، — دېدى.

— ئەرمەن شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر تاغ بار، — دېدى مېھىنبانۇ، — تاغنىڭ ئۈستىدە بىر قەسىر بىلەن باغ بار. ئۇ يەرگە كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سۇ كەلتۈرۈلگەن. پادىشاھمۇ ئۇ جاينى كۆرگەندۇر. ئەگەر شاھدىن پەرمان بولسا، شىرىنمۇ شۇ يەرنى ئارمان قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خۇسرەۋنىڭ كۆڭلى خاپىلىققا تولدى. چۈنكى، ئۇ سۇنى پەرھاد كەلتۈرگەنىدى، لېكىن ئۇ زۆرۈرىيەتتىن رازىلىق بەردى. ئۇنىڭ رازىلىق بېرىشتىن باشقا چارىسىمۇ يوق ئىدى.

مېھىنبانۇ دەرھال مەپە ئەۋەتىپ ئۇ پەرىنى ئاشۇ قەسىرگە ئېلىپ باردى. گويا ئۇ ئاي يۈزلۈككە پەلەكنى مەپە قىلدى. بۇ چىمەنلىكنى ئۇ گۈلگە ماكان قىلدى. خۇددى پەرى «ئابىھايات» چەشمىسىگە بارغاندەك، ئۇ قۇياش جان بېغىشلىغۇچى ئايۋان — قەسىرگە باردى.

ھەي ساقى، سەن ماڭا جان بېغىشلىغۇچى بىر پىيالە مەي بەر، چۈنكى بۇ رەڭمۇ رەڭ چىمەنلىك بەكمۇ ۋاپاسىزدۇر. شۇنداق مەس بولايكى، ئۆزۈمنى ئۇنتاي، چۈنكى پەلەك ئالدىدا پەرھاد ۋە شىرىنلا ئەمەس، بەلكى خۇسرەۋمۇ بىر دانە ئارپىدەك قەدىرسىزدۇر. نەزمە:

كېتۈر ساقى، مەيىڭكىم جانفەزادۇر،
كى بۇ رەڭگىن چەمەن بەس بىۋەفادۇر.
بولاي ئۇسرۇككى، بار ئالدىدا بىر جەۋ،
دېمەي فەرھادۇ شىرىن، بەلكى خۇسرەۋ.

* * *

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلىنغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشىق-
مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىد-
لىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ
ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر
كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجا-
يىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسى-
دىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

سۆزگە ئېغىز ئاچقۇچى كىشى بۇ
سۆزلەرنى باشلاپ ئاخىرىنى مۇنداق
تاماملىدى:

ئۇ گۈزەل يۈزلۈك سەرۋى پەلەك قور-
غانىدىن نۇرلۇق قۇياش چىققانىدەك
قەلئەسىدىن چىقىپ ئانار رەڭلىك مەيىگە
كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ گوياكى كېيىك
بالىسىنىڭ لالىزار ئېچىگە كىرگىنىگە ئوخ-
شايتتى. ئۇنى كېيىك بالىسى دېمە، ئۇ
كېيىك بالىسى ئەمەس، بەلكى ئالتۇن
كېيىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەپەقتىن
لالىلەر ئېچىلغاندەك بولدى. چىمەنغا چۈش-
كەن تىترەك ۋە ئوتلۇق ھارارەت ئۇنىڭ
رەڭگىنى قۇياشتەك زەپىران قىلغانىدى.
ئۇ ساغلاملىق ئايۋىنىدىن ئورۇن ئېلىش
ئۈچۈن مەيىنى ئەرمىنىيەدىن تاغ تەرىپىگە
سۈردى. خۇسرەۋنىڭ بارلىق قوشۇنى تاما-
شا قىلىش ئۈچۈن شىرىننىڭ يولىغا قاراپ
راۋان بولدى. ئۇلار ئاي يۈزلۈكنىڭ مەيى-
سى ئەتراپىغا ئاتلىرىنى تارتىپ، قۇياش
ئەتراپىدىكى زەررىلەردەك يۈرۈشەتتى.

زامان يېڭىلىقلىرىدىن بىر ھادىسە
يۈزلىنىپ، خۇسرەۋنىڭ مۈلكىگە ئاجايىپ
بىر شاھزادىنى ۋارىس قىلغانىدى. ئوتىنىڭ
ئۈچقۇنلىرى گوياكى ئوتنىڭ پەرزەنتى
بولغىنىدەك، ئوقىنىڭ ئۈچى تۆمۈردىن
ئۈزۈلگەندەك خۇسرەۋنىڭ شىرۇيە ئىسىملىك
بىر پەرزەنتى بار ئىدى. شىرۇيە بىلەن
خۇسرەۋ بىر-بىرىدىن رازى ئەمەس ئىدى.
ئاتىسىنىڭ ئىشلىرى بالىسىغا خوش ياقمايتتى.
ئاتىسى ھەرگىزمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە باقماي،
ئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ پەيلى ياقماي ئۆتەتتى.
ئاشۇ كۈنى سانسىز خەلق شىرىننىڭ تاماشا-
سى ئۈچۈن يولغا چىققىنىدا شىرۇيەمۇ
بىللە چىققانىدى. شۇ ئەسنادا قاتتىق بىر
شامال چىقىپ، قۇياش يۈزلۈك شىرىن
چۈشكەن مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلى-
دى-دە، بۇلۇت كەتكەندە ئاي كۆرۈنگەندەك
شىرىن نامايان بولدى. ئۇنى ئاي دېگەندىن
كۆرە ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياش دېگەن
تۈزۈكرەك ئىدى. شىرۇيە ئۇ گۈزەلنىڭ جا-
ھاننى ئۆرتىگۈچى ھۆسن-جامالىنى كۆ-
رۈپ يۈرىكىگە ئىشق ئوتىدىن بىر ئۆرتە-
نىش چۈشتى-دە، ئىختىيارىدىن كەتتى.
ئۇ دىلىغا ئارام بەرگۈچى شىرىن بىرىپ
مەنزىلىگە چۈشتى. بىراق شىرۇيەنىڭ كۆ-
ڭۈل ئاراملىقى يوقالدى. شىرۇيە كېچە-
كۈندۈز يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇيقۇدىن قې-
لىپ، سائەتمۇ-سائەت تاقەتسىزلىنەمەكتە
ئىدى. ئۇ مۇشۇ قايغۇ بىلەن شەكسىز ئۆل-
دىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. كۆڭلىدە: «بۇنداق
ئۆلۈشتىن تىرىك قالغان ئەلا، بىرەر تەد-
بىر ئويلاپ كۆرەي، بەلكىم ئۇنىڭ ۋىسالى-
دىن ئۈمىد قىلىشقا مۇمكىن بولار» دەپ
ئويلىدى ۋە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە
كەلدى:

— بۇ ئىشتا ئىشق غەۋغاسىنى قىلىش
زۆرۈر، چۈنكى ئاشىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە
پەرۋا قىلمىغان يەردە ئۆزگىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە

uyghurkitap.com



قانداقمۇ پەرۋا قىلسۇن؟ ئەگەرخۇسرەۋ ئارىدىن يوقالسا، ئۇ دىلرەبادىن مۇرادىم ھاسىل بولغۇسىدۇر. ئەگەر ئۇنى يوقاتسام، ئالەم مېنىڭ بولىدۇ. بۇ ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياشمۇ مېنىڭ بولىدۇ. بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋەسلى يۈز پادىشالىقتىنمۇ ئارتۇقراقتۇر، — دېدى شىرۇيە.

بۇ خاتاچارىلارنى ئويلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز كىشىلىرىگە يوشۇرۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ، خۇسرەۋنىڭ كىشىلىرى ۋە قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە تارتتى. نەتىجىدە ئۇلارمۇ شىرۇيە تەرەپكە مايىل بولۇپ قالدى. چۈنكى خۇسرەۋنىڭ زۇلمى چەكتىن ئېشىپ، جاپاسى سەلدەك تاشقانىدى.

ۋاقتىكى، ھىيلىگەر پەلەك بۇ ئويۇنلارنى كۆرسەتكەچكە خۇسرەۋنىڭ بارلىق لەشكىرى شىرۇيەگە باش ئېگىپ، خۇسرەۋنى تۇتۇپ قاماپ، يۈزىگە يەرتىق پەردىلەرنى ياپتى. ئۇلار خۇسرەۋنى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى تۇپراققاتاپشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. چۈنكى بۇ قۇش تۇزاقنى ئۈزۈپ چىققۇدەك بولسا، بۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ، ھېچبىر ئىككىلەنمەي قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن تازىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شىرۇيە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قوشۇلدى ۋە ئاتىسىنىڭ قېنى بىلەن قىلىچىنى بويىدى. بىلىش لازىمكى، ئەسلىدە ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلغان ئوغلى بولماستىن، بەلكى بۇ دەۋران ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلدى. گەرچە خۇسرەۋ پەرھادقا زۇلۇم قىلغان بولسىمۇ بۇ تېز ئايلانغۇچى پەلەك تېز پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئۆچىنى ئالدى. خۇسرەۋ پەرھادقا زۇلۇم قىلىچىنى سۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇ دەۋرانمۇ پولات قىلىچىنى سۈردى. ئۇ خەلقنىڭ جاراھەتلىك باغرىدىن قان ئاققۇزغان بولسا، خۇسرەۋنىڭ قېنى ئۆز يۈرەك پارچىسىنىڭ قولىدىن ئاقتى، ئەگەر ئۆلتۈرگۈچى گادايى بولسىمۇ مەيلى شەرىئەتتە، مەيلى ئىشق تەرىقىتىدە قانغا قان مۇقەررەر. پەلەك زۇلۇم قىلىشقا قانچە تېز بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىمۇ شۇنچە تېزدۇر. ئەگەر بىراۋغا بىراۋدىن ئاپەت يەتسە، ئۇنىڭغا بېرىدىغان جازاسىمۇ قاتتىقراقتۇر. ئەگەر بىراۋ جاپا بىلەن بىر رىشتىنى ئۈزسە، شۇ رىشتىنىڭ ناھايىتى تېز ئەجدىھا بولۇپ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەك. بىراۋ بىر ئۇچقۇننى يوشۇرسا چاقماق ئۇنى ئاخىر كۈنگە ئايلاندۇرىدۇ. دەۋران قىساس ئېلىشتا ناھايىتى ئەپچىلدۇر. دەۋرانلا ئەمەس، توققۇز ئاسمانمۇ شۇنداقتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، جەۋرى زۇلۇمدىن قولىنى تارتىپ مېھىر-ۋاپا ئۇرۇقىنى تېرىش ياخشىراق. سەن يەرگە قانداق ئۇرۇق چاچساڭ جەزمەن شۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىدۇ. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھوسۇلىدىن قاچالمىغانىكەن، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چېچىشى لازىم. خۇسرەۋ زۇلۇم قىلىچىنى ئۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ قان تۆككۈچى پەلەكمۇ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىچىنى ئۇردى. ئەگەر شىرۇيەمۇ زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ پەلەكتىن زۇلۇم يەتكۈسى.

ۋاقتىكى، شىرۇيە ھېچ بىر ئويلاپ كۆرمەستىنلا يوقىرىقى ئىشلارنى قىلىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق شاھلىق ناغرىسىنى چالدۇردى. ئۇ تەختكە چىقىپ، بېشىغا تاج كىيدى. تاج كىيگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا موھتاج بولۇپ قالدى. مېھمانىغا ئۆتكەن ماجىرالارنى بايان قىلىپ، شىرىنگە باغلىنىش

ئارزۇسى توغرىسىدىكى سۆزلەرلى ئارىغا سالدى.

— ھازىر ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ مىجەزى يوق، — دېدى مېھىنبانۇ، — ئۇ كېسەللىكتە ناتىۋان بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ساغلاملىق يار بولسا، ئىختىيارى ئۆز ئىلكىدە ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن ئۆزگە كىشىم يوق. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئىستەكلىرىڭنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ كۆرگىن.

ئەمما، ئاشىق جاھىل، مەشۇق بولسا قاتىل ئىدى. شۇڭا شىرۇيە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۇ گۈزەلگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە يېزىلغانىدى:

«ھەيھات! سېنىڭ ھۆسنۈڭنى بىر كۆرۈش بىلەنلا، ئوتتىن كۆڭلۈم ھارارەتكە تولدى. ئۇنىڭدىن جېنىمغا يالقۇن چۈشۈپ، تېنىمدىكى قاننى قۇرۇتتى. ئۇ ئوت مېنى شۇنداق يالقۇنلاندۇردىكى، پەرھاد بىلەن خۇسرەۋمۇ ئۇنچىلىك كۆيمىگەندۇر. بۇ دەۋايىمغا دەلىل تەلەپ قىلماقچى بولساڭ، ئىشقىڭدا ئۆز ئاتامنى ئۆلتۈرگەنلىكىم گۇۋاھ بولسۇن. ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە ماڭا چۈشكەن ئىشقنىڭ بۇ خىل جەبىر - جاپاسى ھېچكىمگە چۈشمىگەندۇر. پەلەك ۋاراقلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ كۆرسەم، سېنىڭ ئىشقىڭدا مەندەك رەسۋايى جاھان بولغانلار تېپىلمايدۇ. مېنىڭ ئىشلىرىم رەسۋالىقتا تەڭداشسىز، بۇ جاھان ئەھلىگە مەسەل بولۇپ قالغۇسىدۇر. سەن ئەمدى ۋاپا قىلىش بىلەن مېنى مۇرادىمغا يەتكۈز. ۋىسالىڭ توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ۋاپا قىلغايسەن. لېكىن بۇ ئىشتا نومۇس قىلىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. ئېنىق بىلىپ قويغىنكى، نېمىنى خالىسام، قىلىمەن. بۇ ئىشق ئىچىدە ماجالىم قالمىدى. ۋەدەڭ بىلەن مادارا قىلغايمەن.»

مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگۈچى شىرىنگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ سەرۋى قامەتلىك گۈزەل ئۆزىنى يوقاتقۇدەك ھالغا يېتىپ، چېچىغا ئوخشاش تولغاندى. لېكىن سۆزگە ئېغىز ئاچماي، چىدام بىلەن توغرا تەدبىر تاپتى. ئۇ شىرۇيەنىڭ يەڭگىلتەك ۋە بىپەرۋالىقىنى بىلدى. مەرتىۋە ئۈچۈن ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمىغان كىشى مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇنى كۆرۈش مەندىن يىراق. بەلكى ئۇنى كۆرۈشتىن ئۆلۈم ياخشىراق. ئەگەر ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلسەم، ئۇنداق ئۆلۈم ماڭا مەڭگۈ ھاياتلىقتىنمۇ ئەلادۇر» — دېدى. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاپ، مۇۋاپىق بىر پىكىرگە كەلدى. كېيىن مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگۈچىگە ئالىي مەرھەمەت كۆرسىتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئېلىپ كەلگەن سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق. شاھقا مېنىڭ دۇئايى - سالىمىنى يەتكۈز، ئاندىن كېيىن، ئىلتىماسىمنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە مەلۇم قىل، — دېدى شىرىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قازادىن يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىشقا رازىلىق بىلدۈرۈش مۇۋاپىقتۇر. خۇسرەۋ ئاسمان قازاسىنىڭ ھۆكمى بىلەن پانى دۇنيانى ساڭا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرى تەختنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپتۇ. ئاتاڭنىڭ قەتلى قىل-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىشى سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. تەگرىدىن ئەقىل ئاتا قىلىنغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشقا ئېتىراز بىلدۈرۈشى توغرا ئەمەس. ساڭا ئىشقىنىڭ بالاسى يۈزلەنگەن بولسا، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئىشقىنىڭ مۇپتىلالىقى چۈشكەندى. ئاتاڭنىڭ جەبرى-زۇلمى ئاستىدا ئۆلگەن ئىشق ئەھلىنىڭ سەردارى پەرھادنىڭ ئىشق-مۇھەببەت زەنجىرىگە باغلىنىپ، ئۇنىڭ سۆيگۈ تۇزىقىغا ئەسىر بولغانمەن، ھەرقانداق ئېپلاسلىقتىن پاك بولغان بۇ ئىككى ئىشقنى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغاندۇر. پەرھاد مېنىڭ ئىشقىمدا جېنىدىن كېچىپ يوقلۇقنىڭ باش مەنزىلىدىن ئورۇن ئالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ھىجرانىدا كېسەل ۋە ھەسرەتلىكمەن، خۇددى چالا بوغۇزلانغان قۇشقا ئوخشايمەن. مېنىڭ زەئىپلىشۋاتقانلىقىممۇ ئۇنىڭ قايغۇسىدىن، ھالاك بولۇۋاتقانلىقىممۇ ئۇنىڭ ماتىمىدىندۇر. ئۇ مېنىڭ ئىشقىمدا ئۆرتەنگۈچى ئالەمدە يېگانە، ۋاپا بابىدا تەنھا ئىدى. ئۇ ۋاپات بولدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ قايغۇسىدا ماتەم تۇتمىسام، ھازا ئاچمىسام ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن. ئېيتىپ باقىنە، ئۇنىڭ قايغۇسىدىن كۆڭلۈم قانداقمۇ خالى بولالايدۇ. پادىشاھ ماقۇللۇق ئىشارىتى بىلەن مېنى شادلاندۇرسا، شاپۇرنى قايغۇ زەنجىرىدىن ئازاد قىلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرقانچە كىشىنى ئېلىپ، يېگانە ھالدا پەرھاد ئۆلۈپ ياتقان جايغا بارسام، قارا كىيىپ، ھازىسىنى ئېچىپ، جېنىمدىن ئىشقىنىڭ بالاسىنى ئازايتسام، جىسمىمنى بۇ مۇشەققەتلەردىن خالاس قىلىپ كۆڭلۈمنى پىراقتىن قۇتۇلدۇرسام دەيمەن. بۇ ئىشلارنى ئادا قىلغىنىمدىن كېيىن پادىشاھ قانداق بۇيرۇق بەرسە، ئۇ ماڭا خۇش خەۋەردەك تۇيۇلغۇسىدۇر. مەنمۇ كېچە-كۈندۈز قېشىدا سايىسىدەك يۈرۈپ قانداق پەرمان قىلسا، بېجىرسەم. ئەگەر پادىشاھ بۇ ئىشقا رازى بولمىسا، ئۇ دىرىكىمنى ئالغۇچە، مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى تاپىدۇ.

ئەلچى يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھ شىرۇيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا شىرىننىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرىنى يەتكۈزدى. شاھنىڭ كۆڭلى غايەت سۆيۈنۈپ كەتتى. دەرھال تۇرۇپ شاپۇرنى بوشىتىشقا بۇيرۇق بەردى ۋە:

— ئۇ گۇل يۈزلۈك سەرۋى ئېيتقانلىرىنى قىلىپ مۇبارەك كۆڭلىنى شاد ئەيلىسۇن، — دېدى-دە، شاپۇرنى ئەۋەتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك پەرى خۇددى ئاتارۇد يۇلتۇزى بىلەن قۇياش ئۇچراشقاندەك شاپۇر بىلەن كۆرۈشتى. شاپۇر ئۆزىنى تۇپراققا تاشلاپ، قانلىق يېشى بىلەن كىرپىكلىرىنى قانغا بوياپ يىغلىدى. ئۇ پەرىزاتمۇ شاپۇرنى كۆرۈشى بىلەن پەرھادنى ئەسلەپ، مەجنۇنلارچە پەرياد چېكىشكە باشلىدى. بىر زامان شۇنداق ماتەم قىلىشتىكى، بۇ پىروزا رەڭلىك ئاسمان ئۇلارنىڭ ماتىمىدىن قۇرۇمدەك قارايدى. يىغا-زارە توپانى پەسەيگەندىن كېيىن، شىرىن شاپۇرغا شىرۇيەنىڭ ئەلچىسىدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى، ئۆزى ئىلتىماس قىلغان پۈتۈن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن شاپۇرغا ئۆزىنىڭ تەخت قويۇلغان مەپىسىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى يۈزچە مۇلازىمنى قوشتى. ئىسرىق سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان خۇش پۇراق تارقاتقۇچى سەندەل ۋە ئىپار قاتارلىقلارنى تەييارلاپ شاھانە تەرتىپلەر بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتى بويىچە ئۇلارنى يولغا سالدى. ئۇلار تاغ قازغۇچىنى

بالاتىپىغىدەك جانسىز بەدەننى تىپىپ،
ئۇنى مەپە ئىچىدىكى تەختكە شاھانە ھۆر-
مەت بىلەن ياتقۇزۇپ، جانسىز بەدەننى ۋى-
سالغا، بەلكى جاننى جانان ئالدىغا يەتكۈز-
مەكچى بولدى. شاپۇر ھىلىقى مۇلازىملار
بىلەن بىللە، قايغۇلار ئىچىدە ئالەمدىن
ئۆتكەن شۇ گۇناھسىز پەرھاد ياتقان جاي-
غا يېتىپ كەلدى. پەرھادنىڭ ئەتراپىنى
تۇرلۇك ھايۋاناتلار ئوراپ تۇرغانلىقىنى،
ئۇنىڭ چەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتىدەك
ياتقانلىقىنى كۆردى. كىلىۋاتقانلارنى كۆر-
گەن ھايۋاناتلار تارقىلىپ كەتتى. ئۇلار
ھايۋانلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، پەرھادنىڭ
ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇبا-
رەك جىسمى نۇر ئىچىدە ياتقانىدى. ئۇنى
نەپىس يوپۇقلار بىلەن يىپىپ، شاھانە
ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلەن گۈزەلنىڭ مەپە-
دىكى تەختى ئۈستىگە ياتقۇزدى. شاپۇر
نالە - زار قىلىپ ئۆز جىسمىنى ئۆزى ئۆ-
زۈپ - ئۆزۈپ ئالاتتى. ئاخىرى مەپە بىلەن
يولغا چۈشتى. ھايۋاناتلار بولسا، پىغان
چەككىنىچە ۋىدالىشىپ پەرھاد ياتقان جاي-
دا نۇرۇپ قالدى. ئۇلار پەرھادنى ئەرمەن-
گە ئىلىپ كەلدى. ئاي يۈزلۈكتىن يوشۇ-
رۇپ قەسىر ئىچىگە ياتقۇزدى. ھەممە
ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن گۈزەلگە
خەۋەر يەتكۈزدى. شىرىن قانداق ئەھۋال
يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە كەچكى ئارامگاھىغا
قايسى مىھماننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. بۇ
خۇشخەۋەردىن يۈزى گۈلدەك ئىچىلدى. ئۇ
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مىھمان سارايىغا
قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىھمىنىغا مىھ-
رىبانلىق قىلىشقا، مىھرىبانلىقلا ئەمەس،
بەلكى جىنىنى بىغىشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
پۈتۈن دەرد - مۇشەققىتى، مالاللىقى يوقى-
لىپ، زىكرى قىلغىنىچە ۋىسال كۈيىنى
كۈيلىدى. شىرىن مىھمىنىغا ئىلتىماس
قىلىپ:

— خالايىق مىنى بىردەم تەنھا قال-
دۇرسۇن. ئۇ شۇنداق يار ئىدىكى، ئۇنىڭ-
دىن مەھرۇم بولغانىدىم. قايغۇسىدا جىنىم-
دىنمۇ كەچكەنىدىم. ئۇ مىسكىن: «شىرىن
ئۆلۈپتۇ» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ، مىنىڭ
دەردىمدە جىنىنى پىدا قىپتۇ. ئىشقىمغا
بولغان ۋاپادارلىقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈز-
مەپتۇ. ئەمدى ماڭا نۆۋەت يەتكەن بولسى-
مۇ نىمە ئىلاج قىلالايمەن. ئۇ گەرچە
ئىشقىمدىن مەھرۇم بولۇپ كەتتى. لىكىن
ئۇ ئىشقىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىس-
پاتلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئىشقىدىن لاپ
ئۇراتتىم. ئەمدى لاپلىرىمنىڭ يالغان بولۇپ
قالماسلىقىنى تىلەيمەن. ئۇ ۋاپا يولىدا ئۆ-
زىنىڭ ئىنسابىنى بەجا كەلتۈردى. ئەمدىكى
ئىشق ماڭا قالدى. ئۈمىدىم شۇكى، ماڭا
بىرەر ئەھۋال يۈزلىنىپ مىھماندىن خىجا-
لەتچىلىككە قالمىسام، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنى
جىنىمنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ساقلاپ، مىھ-
مان بولۇپ كەلگەن قەدىمىگە جىنىمنى ھە-
دىيە قىلاي. گەرچە سىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىد-
لىرىڭىزنى ئورۇندىيالمىدىم. ئەمدى ئۆلەر
ۋاقتىمدا تولىمۇ خىجالەتمەن، — دىدى - دە،
رازىلىق تىلەپ دەرھال تەزىم بەجا كەل-
تۈردى. ئۇ خىلۋەتكە كىرىش ئۈچۈن ئورنىدىن
تۇردى، جىنىدىن قولىنى يۇيۇپ ئۆي تەرەپكە ماڭ-
دى. ئۆيگە كىرگەندىن كىيىن ئىشىكنى ئىچى-
دىن مەھكەم ئەتتى. كۆڭلىدە قىلچە مالال-
لىق قالماي، تەبەسسۇم قىلغىنىچە مەپىگە
قاراپ ماڭدى. گۈل يۈزلۈك سەرۋى مەپە
ئىچىگە كىرىپ قارىغانىدى، مىھمىنى ئۇخ-
لاپ يىتىپتۇ. بۇنداق ئۇيقۇنى ھىلىغىچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېچكىم كۆرمىگەندۇ. چۈنكى ئۇ ئاي يۈزلۈك بېشىغا كەلسىمۇ ئويغانمىدى. ئۇ كېلىشكەن سەرۋى پەرھادتىكى بۇ خىل ئۇيقۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىللە ئۇخلاشنى ھەۋەس قىلدى. ئۇ گۈزەل پەرھادنىڭ يۈزىگە يۈزىنى كۆكسىگە كۆكسىنى قويۇپ دەردمەن ئاشىقنى قۇچاقلىدى. يۈرىكىدىن يالقۇنلۇق ئاھى ئۇرغۇپ چىقتى. بىللە ئۇخلاۋاتقان مەشۇقنىڭ كۆزى ئويقۇغا كەتتى. بۇ ئويقۇ مەڭگۈ قانمايدىغان، قىيامەتكىچە ئويغانمايدىغان ئويقۇ ئىدى. ئەگەر ئويقۇ شۇنداق بولىدىغانلا بولسا، ئويغىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قىينىشنىڭ نېمە كېرىكى؟

ھەي ساقى، ماڭا قوش قەدەھتە مەي كەلتۈر، چۈنكى مەن ئۆز گۈل يۈزلۈكۈم بىلەن قۇچاقلاشقانمەن. سەن سۇنغان مەيدىن شۇنداق بىر ئويقۇ يۈزلەنسۇنكى، بىز ئىككىمىز قىيامەت تېڭىدا ئويغىنايلى!

نەزمە:

كېتۈر ساقى، قەدەھ تولغىل ماڭا قوش،
كى بولدۇم گۈلرۇخۇم بىرلە ھەمئاغوش.
بىر ئويقۇ بولسۇن ئول مەيدىن پەدىدار،
كى بولغايمىز قىيامەت سۇبھى بىدار.

* * *

سىرلىق مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر كۆڭۈللەرگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاجايىپ يېقىملىق، غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ:

يىغلىغۇچى ماتەمخانىدا يىغىنىڭ كۆيلىرىنى شۇنداق باشلايدۇ:

ۋاقتىكى، ئۇ ئايغا ئوخشاش گۈزەل دەرھال ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى. مېھىنبانۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر شىرىننى قانچە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، جاھانغا شام پەردىسى يېيىلسىمۇ، ئۆيدىن تاشقىرىغا قەدەم باسمىدى. ئاخىرى ئۇلار تاقەتسىزلىنىپ ئۆيىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىشىك ئېچىلمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى قومۇرۇپ ئالدى - دە، مەپىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ شىرىننى كۆردى. شىرىن پەرھادنى قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە، كۆزىنى كۆزىگە، قېشىنى قېشىغا قويۇپ، بىر تال چېچىكچە پەرقلەنمىگەن ھالدا ياتقانىدى. ئۇ ھېسابسىز ئايرىلىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئۇلاشقانىدى. ئۆلۈك ئاشىق بىلەن جانسىز مەشۇق سەرۋى بىلەن ھەشقىپېچەكتەك چىرمىشىپ ياتاتتى. ئاشىق ئۆز مەشۇقىنى قۇچاقلىغاندەك مەشۇقمۇ ئۆز ئاشىقىنى قۇچاقلاپ ياتقانىدى. ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا، پەرھاد بىلەن شىرىن ئىككىسى جەننەت بېغىدا ياتقانىدى. ئىككىيلەننىڭ پاك روھى پەلەك ئالىمىدىن ئورۇن ئېلىپ، پەقەت تۇپىدىن يارىتىلغان جىسىملىرى تۇپراقتا قالغانىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مېھىنبانۇ جېنىغا تەھدىت يەتكەنلىكىدىن پەلەككە قاراپ بىر ئاھ چەكتى. بۇ ئاھ بىلەن جېنىمۇ بىللە چىقىپ كەتتى.

ئاپتور مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەھۋالنى مۇنداق مەزمۇن بىلەن يەكۈنلەيدۇ: شىرىن مېھىنبانۇنىڭ جېنى ئىدى. شىرىنسىز ئۇنىڭ ھاياتىمۇ توگەيتتى. بۇ پەيتتە ئۇ شىرىندىن ئايرىلدى، دېمەك، جېنىدىنمۇ ئايرىلدى ياكى

جېنىنىڭ كەينىدىن ئاھى چىقتى. ياكى ئاھى بىلەن بىللە جېنى چىقتى. لەزمە:

چۈشىرىن جانى ئېردى، ئانىسىز ئولدى،
دېمەكىم ئانىسىز ئۆلدى، جانىسىز ئولدى.
مەگەر جان كەينىچە چىقتى پىغانى،
ۋە يا چىقتى پىغانى بىرلە جانى.

ئۇلارنىڭ ھايات كۆچمىتىسىندى. ئۇلاردىن زامانىنىڭ كۆڭلىمۇ تىندى. ئۇ ناتىۋانلارنىڭ مۇنداق ئۆلۈمىگە جانلار پىدا بولغاي!

ئاپتور يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ:

شۇ كېچىسى تەقۋادارلاردىن قىرىق كىشى مۇنداق چۈش كۆردى: جەننەت بېغىدا بىر تال ياقۇتتىن ياسالغان، مۇشۇ ئالەمنىڭ كەڭلىكىدەك بىر ئالىي قەسىر يارىتىلغانىدى. ئۇ ئىككى دىلكەشنىڭ پاك روھى بۇ جايدا بەختىيارلىققا چۈمگەنىدى. ئۇ يەرنىڭ پاكلىقى ۋە گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشكە ئىمكان يوق ئىدى. تەرىپلىگەندىنمۇ زىيادىراق ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشكە قەلەم تەۋرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى جەننەتنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ قەسىردە نۇردىن پۈتكەن بىر تەخت بولۇپ بۇ تەخت نەپىس، ئېسىل يوپۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەنمىش. پەرھاد بىلەن شىرىن شۇ تەختنىڭ ئۈستىدە گۈلشەندىكى سەرۋى بىلەن نەستەرىن ① گۈلىگە ئوخشاش ئولتۇرارمىش. ئۇلار ھۆسنى-جامالدا ۋە زېبۇ-زىننەتتە بۇ ئالەمدىكىدىن يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىمىش. پەرھادنىڭ يېنىدا ئاتا-ئانىسى، شىرىننىڭ يېنىدا بولسا، مېھىنبانۇ تۇرغان ئىمىش. ھەر بىرىنىڭ ھۆسنى جامالى، مەرتىۋىسى بۇ ئالەمدىكىدىن مىڭ ھەسسە يۇقىرى ئىمىش، ھېلىقى تەقۋادارلار:

— بۇلار نېمە تائەت ۋە تەقۋاسى ئۈچۈن بۇ قەسىر ئىچىگە ئورۇنلىشىپ، بۇ مەرتىۋىلەرگە يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. جەننەتنىڭ ھۆرى-غۇلمانلىرى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— پەرھاد جاھاندا ئىشق بىناسىنى قۇرۇپ، جاھان مۈلكىدىكى سۇلتانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، خانلىقنى تاشلاپ باشقا ھاۋايى-ھەۋەس، ئارزۇ-ئىستەك ۋە ئۆز نەپسىدىن قول ئۈزۈپ، پەقەت مەشۇقتىن يەتكەن ئازاب بىلەن خۇشاللىناندى. بالا ۋە ھىجرانغا ئۆزىنى ئاتتى. ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتىدا ئۆرتىدى. ئۆي-جايىدىن، جان ۋە جاھانىدىن كەچتى. شۇڭا ئۇلەر ۋاقتىدا پانىي مۇتلەق بولدى. تەڭرى ئۇنىڭ ئىشقىنى مەڭگۈلۈك دەرىجىگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆيۈش، يېنىشى ئۆز ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ مەجازى ئىشقى ھەقىقەتكە ئالماشتى. ۋەھدەت ساقىيسى② تەۋپىق جامىنى③ تۇتۇپ تەڭرى ئۇنىڭغا ھەقىقەت يولىنى نېسىپ قىلىپ، ئەبەدىلىك شەھرىدە سۇلتانلىق، بەلكى ھەقىقەت مۈلكىدە خانلىقنى ئاتا قىلدى. پەرھاد ۋە شىرىننىڭ كۆيۈپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىن ۋە پايانسىز دۆلەت بايلىقلىرىدىن كەچكەنىدى. ئۇلار ئەمدى بەلكى جانلىرىدىنمۇ قول يۇغانىدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ تارتقان جەبرى-جاپاسىنى زايا قىلمىدى. پەرھادنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ پىراقىدا تۈگىدى. مېھىنبانۇ شىرىننىڭ ھىجرانىدا قايغۇ بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. تەڭرى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەڭگۈ كە-

① نەستەرىن — ئاق ئېچىلىدىغان چىرايلىق بىر خىل گۈل.

② ۋەھدەت ساقىيسى — بىرلىك، يەككانىلىق ساقىيسى.

③ تەۋپىق جامى — ئۇيغۇنلۇق قەدەھى.

www.uyghurkitap.com

چۆرۈپ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ يۈز خاتـ
رىسى ئۈچۈن ئۇلارغا رەھمەت دەرياسىنى
ئېيسىپ قىلدى. شۇنداق جەننەت بېغىنى ۋە
جەننەتتىكى بۇ دۆلەت قەسىرىنى ئۇلارغا
ئەبەدى بېغىشلاپ يۇقىرى مەرتىۋە بەردى.
چۈنكى ئۇلار پەرھادقا جېنىنى باغلىغان.
شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ۋەسلى بىلەن جەننەتكە
سازاۋەر بولدى. لېكىن پەرھادنىڭ پاك جېنى
ۋەھدەتتە تەڭرى دەرگاھىغا ئۇلاشتى.

ھېلىقى تەقۋادارلار بۇ چۈشنى كۆرۈپ
ئويغاندى. جاھان خەلقى ئۇلارنىڭ كۆرگەن
چۈشىدىن ۋاقىپ بولدى.

ئەلقىسسە، مەن دەۋرلەرنىڭ ھەددى ـ
ھېسابىسىز ۋاراقلىرىنى ئاختۇرۇپ، مۇنداق
ىر رىۋايەتنى تاپتىم. ۋاقتىكى، پەرھاد
ئاشىقلىق ۋە ھىجرانلىقتا پۈتۈن دۇنياغا
تونۇلدى. بۇ خەۋەر كىشىلەردىن ـ كىشىلەرگە
يېتىپ ئاڭلىغانلار ھەسرەتلەندى. بۇ خەۋەر
خىتاي بىلەن چىنغىمۇ يېتىپ كەلدى. بىـ
راق تەقدىر ئىلاھى چىن مەملىكىتىنىڭ
ئەھۋالىغا تالاي ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرگەـ
نىدى. خاقان پەرھادنىڭ ھىجرانىدا ئالەمـ
دىن ئۆتۈپ ئورنىغا ئىنىسى خاقان بولغانىدى.
ئانىسىمۇ ئۇنى ئىزدەشكە بەل باغلاپ يوقـ
لۇق مەملىكىتى تەرىپىگە راۋان بولغانىدى.
شۇ چاغلاردا باتۇر بەھرام قان دەرياسى ئىـ
چىدە لەھەڭدەك ئۈزگۈچى بولغانىدى. ئۇنىڭ
قىلىچى خەۋپ دەرياسىغا، قىلىچىنىڭ ياقۇتـ
لىرى ئاپەت دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئەـ
گەر ئۇ پەلەك بەھرامىغا غەزەپلەنسە، پەـ
لەك بەھرامى ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بوـ
لاتتى. ئۇنىڭ ئېتى پەلەك ئېتىنى يېڭەتتى.
ئۇنىڭ سىرتمىقى زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ قەدـ
دىنى ئېگىۋەتەتتى. ئۇنىڭ ئوقى قاراڭغۇ
كېچىلەردە يادىن چىقسا، پەلەك تاقىدىن
ئۆتۈپ سۇھەييا يۇلتۇزىغا تېگەتتى. چىن
ۋە خىتا ئەھلى ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتتە

پەرھادتىن كەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، قايىل
بولغانىدى. بەھرام باشقا ئەلـلەردىن ۋە
كىشىلەردىن ھەممىشە پەرھاد توغرىسىدا ئىـ
شانە سورايتتى. يۇقىرىقى ۋەقەلەر ھىندىسـ
تاندىن رۇمغىچە شۆھرەت تېپىپ، خىتا
ئەھلىگىمۇ مەلۇم بولغانىدى. خۇددى پەرھاد
ئاي يۈزلۈكنىڭ پىراقىدا قالغاندەك، بەھرامـ
مۇ پەرھادنىڭ پىراقىدا قالغانىدى. خاقانمۇ
پەرھادتىن قايغۇرۇپ بىر نەپەسمۇ غەمسىز
ئۆتمەيتتى. بەھرام خاقاننىڭ ئالدىغا كېلىپ،
پەرھاد توغرىسىدا مۇنداق خەۋەر ئاڭلىغانـ
لىقىنى ئېيتتى:

— غەرب تەرەپتە ئەرمەن دەپ ئاتىـ
لىدىغان بىر شەھەر بار ئىمىش. گۈزەللىكتە
ئېرەم بېغى ئۇنىڭدىن خىجىل ئىمىش. ئۇ
شەھەردە بىر پەرىزات بار ئىمىش. پەرھاد
شۇ پەرىزاتنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ
قاپتۇمىش. ئەگەر خان ماڭا مەرھەمەت قىـ
لىپ رۇخسەت بەرسە، چىن ۋە خىتادىن
چېرىكلەرنى يىغىپ، غەربكە يۈرۈش قىلـ
سام، غەمىلىك پەرھاد بىلەن دىدار كۆرۈشـ
سەم. ئەگەر ئىلاج بولسا ئۇنىڭغا ياردەم
قىلسام، بولمىسا تەقدىرى قىسمەتتە نېمە
كەلسە، شۇنى كۆرسەم، — دېدى.

خان بەھرامنىڭ رايىغا قاراپ ئىجاـ
زەت بەردى. خان بەھرامدىن ناھايىتى كۆپ
ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «پەرـ
ھاد ئۆلۈپ كەتكەنلا بولسا بۇمۇ يوقالسۇن،
كۆڭلى نەگە تارتسا شۇ يەرگە كەتسۇن»
دەپ ئىختىيارىنى ئۆزىگە بەردى.

ۋاقتىكى، سائادەتمەن بەھرام قوشۇن
يىغىپ، غەرب ئۆلكىسىگە ئاتلاندى. ئۇ ئەرـ
مىنىيىگە يېتىپ كېلىپ دۆلەت سايىسىنى
سالدى. خەلقنى چاقىرىپ ئەھۋالنى تەكشۈـ
رۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىنچىكىلىك ۋە ئېھتىـ
ياتچانلىق بىلەن ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى
تەكشۈردى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەرھادنىڭ

قايغۇ ئوتى يالقۇنلىنىپ، قەبرە تەرىپىگە راۋان بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق جاراھەتلەندى. گوياكى زالىم پەلەك پەرھادنىڭ خەلق ئىچىدىكى ماتىمىنى ئاخىرلاشتۇرماستىنلا ئىككىنچى ماتەمنى كۆرسەتتى. ئەرمەن ئەھلى قىيامەت ئەھلىگە ئوخشاش تاقەتسىزلىك بىلەن ھەسرەت چەكتى. بەھرام كۆڭلى سىقىلغان ھالدا شاپۇرنى تېپىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولدى. بەھرام بۇرۇن شاپۇرنىڭ پەرھادقا ھەمدەم بولۇپ ئۇنىڭ دەردىگە تەسەللى بەرگەنلىكىگە ئوخشاش سۆيەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شاپۇر يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپ يىغا - زارە قىلىشتى. بەھرام شاپۇردىن سوراپ، شۇ گۇمبەزدە ئۇلارنىڭ قەبرىسى بارلىقىنى بىلدى. گۇمبەزگە كىرىپ شۇنداق يىغلاشتىكى، ئۇلارنىڭ يىغىسىدىن كۆك گۇمبىزىگە ئوت تۇتاشتى. شۇنداق ھازا ئاچتىكى، بىر - بىرسىنىڭ ئاھىدىن مۇمدەك ئېرىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. بىر كېچە - كۈندۈزلۈك يىغا - زارىسىدىن جاھانغا ئوت ياقتى. بەھرام پەرھادنىڭ ئايىغىغا يۈزىنى قويۇپ، بۇ بېيىتلەرنى كۈيلەپ مەرسىيە ئوقۇدى، نەزمە:

كى ئەي جاندىن مېنى نەۋمىد قىلغان،
بەلاۋۇ مېھنەتىم جاۋىد قىلغان.
كۆزۈم چىقسۇن سېنى كۆرگۈنچە مۇنداغ،
كېسىلسۇن تىل، سۆزۈڭ سورغۇنچە مۇنداغ.
نەلەر كەلمىش باشىڭغە غۇربەت ئىچرە،
نە غۇربەتلەر چېكىپسەن فۇرقەت ئىچرە؟!
نەسىبىڭ سوزۇ ئاھى بولغان ئېرمىش،
تېنىڭ كوھى چۇ كاھى بولغان ئېرمىش.
قەنى ئول ئەجدىھاغە سۇرمەك ئاخىر؟
قەنى ئول ئەھرەمەن ئۆلتۈرمەك ئاخىر؟
قەنى ئولكىم، چۇ بولغاچ كىنىغە مايىل،
بۇلۇتنى چەرخ ئېتىپ ئالدىغە ھايىل؟
قەنى تىشەڭدىن ئولماق تاغ ئارا دەرز؟
قەنى گۇرزىڭدىن ئولماق دەشت ئارا لەرز؟
فىراق ئەييامى تاۋشۇلغان ئىمىشسەن،
بەس، ئاغىر ئۇيقۇغە قالغان ئىمىشسەن.
كۆزۈڭ ئاچىپ، كۆتەرگىل باشىڭ ئاخىر،
كى كەلمىش بىر ھەزىن قولداشىڭ ئاخىر!
نېدۇر ئۇيقۇ كى يەتتى كۆككە ھۇيۇم،
جەھانغە ئوت سالدى گۇفت - گۇيۇم.
يېتىپ گەردۇنغە ئول سەسكەنمەكىڭ يوق،
چۇشۇپ ئالەمغە ئوت تەبرەنمەكىڭ يوق.
كۆز ئاچماسسەن، دەبان - كەلگەن قولۇمدۇر،
مەسەل چىن بولدىكىم: «ئۇيقۇ - ئۆلۈمدۇر!»
مېنىڭدەك قۇل ساڭا ئالەمدە مەۋجۇد،
سەن ئەندا زۇلمىدىن بۇ نەۋئى نابۇد.
بۇ ئىشنىڭ تاقەتى مەندىن يىراقدۇر،
مۇنى كۆرگۈنچە ئۆلسەم ياخشىراقدۇر.
سېنىڭ قانىڭغە تارتىپ تىغ كىننى،
تەڭ ئەتسەم يەر بىلە مەغرىب زەمىننى.
قىزىپ تاغىنى دەرياسىغە سالسام،
تېڭىز سۇيىنى سەھراسىغە سالسام.
بىلادى بەھر ئىچىدە بولسە ناياب،
مىنارىدىن نىشانلار بولسە گىرداب.
تۈمەنىمىڭ قانىڭ ئولسام رەزم سازى،
سېنىڭ قانىڭغە بولغايمۇ مۇۋازى؟!
بۇلاردىن تاپماسام رۇھۇڭنى خۇشنۇد،
بۇ قانلاردىن ماڭا نې بولغۇسى سۇد؟
نېتەي مۇندىن نارى تىغۇ كەمەرنى،
باشىمغە تاج يەڭلىغ دەردىسەرنى؟
زىرىھنى نە قىلاي، خەفتاننى نەيلەي،
ئوقۇ يانى نېتەي، قالقاننى نەيلەي؟
نې دەپ ئۆزنى خەيال ئەيلەي دىلاۋەر،
نېدىن ئەيلەي ھەۋەس مىنمەك تەكاۋەر؟
نې دەپ ئەمدى قىلاي مەيدانغە ئاھەڭ،
باشىمغەمۇ ئۇراي گۇرزى گىران سەڭ؟
نې نەۋئ ئەمدى تۇتاي بەزم ئىچرە ئارام،
نە كۆڭلۈم بىرلە تارتاي لەئلگۇن جام؟
ماڭا ھەجرىڭدە مەي زەھر ئولدى، بىللاھ!
تەرەبدىن ئۇمىز بىبەھر ئولدى، بىللاھ!
نەسىبىم غۇسسەۋۇ دەرد ئەيلەدىڭ لا،
ۋۇجۇدۇم تۇفراغىن گەرد ئەيلەدىڭ لا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەي مېنى جېنىمدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى، مېنى مەڭگۈلۈك بالا - قازا، جاپا - مۇشەققەتتە قالدۇرغۇچى، سېنى بۇ ھالدا كۆرگىچە كۆزۈم چىقسا بولماسمىدى؟ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى مۇنداق سوراپ يۇرگىچە تىلىم كېسىلسە بولماسمىدى؟ غېرىبلىقتا بېشىڭغا نېمىلەر كەلمىدى؟ ئازاب ئىچىدە شۇنچە غېرىبلىق تارتىپسەن. سېنىڭ نېسىۋەڭ ئۆرتىنىش، ئاھ تارتىش بولۇپتۇ. تاغدەك جىسمىڭ ساماندەك سارغىيىپتۇ. ئەجدىھاغا ئات سۆرگەنلىرىڭ قېنى ئاخىر؟ ئەھرىمەن دېۋىنى ئۆلتۈرگەنلىرىڭ قېنى ئاخىر؟ سەن غەزەپلەنگەندە ئاسمان بۇلۇتلارنى ئالدىغا پەردە قىلىۋالغانلىرى قېنى؟ كەكەڭ بىلەن تاغلارنىڭ باغرىنى يارغان ئەمەسمىدىڭ؟ گۇرزىڭ بىلەن چۆللەرنى زىلزىلىگە سالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ھىجران كۈنلىرى سېنى خورىتىپتۇ. شۇنچە قاتتىق ئۇيقۇغا پېتىپسەن. كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئاخىرقى قېتىم بېشىڭنى كۆتۈر، مۇڭلۇق ئىنىڭ يېنىڭغا كەلدى. ئويغانساڭچۇ، ئاھلىرىم پەلەككە ئوت تۇتاشتۇردى، ئاۋازىم كۆككە يەتتى. ئاھىم پەلەكتىن ئاشتى، سەسكىنىپمۇ قويمىدىڭ. ئالەمگە ئوت تۇتاشتى، تەۋرەپمۇ قويمىدىڭ. «ئۇيقۇ — ئۆلۈم» دېگەن ماقال راست ئىكەن. قۇلۇم كەلدى، دەپ كۆز ئېچىپمۇ قويمىدىڭ. مەندەك بىر قۇلۇڭ دۇنيادا مەۋجۇدلا بولىدىكەن، رەقىبلەر زۇلمى بىلەن نابۇت بولۇپ مۇشۇنداقلا كېتىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئىشلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. بۇلارنى كۆرگىچە ئۆلگىنىم ياخشىراق. سېنىڭ خۇنۇڭنى تەلەپ قىلىپ ئاداۋەت قىلىچىنى تارتسام، بۇ غەرب مەملىكىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسام، تاغلىرىنى قېزىپ دەرياسىغا تاشلىسام، دېڭىزىنىڭ سۇلىرىنى سەھراسىغا باشلىسام، شەھەرلىرى دېڭىز ئىچىگە غەرق بولسا، مۇنارلىرىنىڭ ئورنىدا قايناملار كۆرۈنسە، كۆرەش قىلىپ تومەنمىگىلىغان قانلارنى تۆكسەم، سېنىڭ قېنىڭغا تەڭلىشەرمۇ؟ ئەگەر شۇلار بىلەنمۇ روھىڭنى خۇشال قىلالمىسام ماڭا بۇ قانلارنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئەمدى قىلىچ بىلەن كەمەرنى، بېشىمدىكى دەردىسە تاجىنى ئەمدى نېمە قىلاي؟ ماڭا بۇ ساۋۇت، دۇبۇلغا، ئوقيا ۋە قالقانلارنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى بار؟ ئەمدى ئۆزۈمنى قانداقمۇ باتۇر دەپ ئويلىيالايمەن؟ ئەمدى ئات مىنىشنى قانداقمۇ ھەۋەس قىلالايمەن. ئۇرۇش مەيدانىدا ئەمدى قانداقمۇ ماھارەت كۆرسىتەي؟ ئەمدى تاشتەك گۇرزىلىرىمنى قانداق ئۇراي؟ ئەمدى بەزمە ئىچىدە قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن؟ ياقۇت رەڭلىك قەدەھلەرنى قانداقمۇ كۆڭلۇم تارتسۇن؟ خۇدا ھەققى، ھىجرانىڭدا مەي ماڭا زەھەر بولدى! خۇشاللىقلاردىن ئۆمرۈم بەھرە ئالالماي ئۆتىدىغان بولدى. ھاياتتىكى نېسىۋەمنى غەم - غۇسسە، ۋۇجۇدۇمنىڭ تۇپرىقىنى چاڭ - توزان قىلىۋەتتىڭمۇ!

ئەلقىسسە، شۇ خىلدا يىغا - زارە، نالە - پىغان قىلىپ، كۆز يېشى بىلەن كىشىلەرگە قان يۇتقۇزدى. ئۇ دەرد - ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتقىنىدا قايغۇلۇق شاپۇرمۇ يېنىدا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، يىغا - زارە قىلاتتى. بەھرامنىڭ بۇ تاقەتسىزلىك بىلەن قىلغان پەريادى بىر ئاز تىنچىغاندىن كېيىن، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، زىيارەت قىلىپ تاشقىرىغا قەدەم قويدى. ئۇ:

— شىرۇيە ئالدىمغا كېلىپ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرسۇن، ئەگەر ئۇنى گۇناھسىز دەپ بىلسەم مەرھەمەت بىلەن خۇشال قىلىمەن. ئەگەر گۇناھسىزلىقىغا گۇمان تۇغۇلسا، ئۇچاغدا قانداق جازا بېرىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپ شىرۇيەنىڭ ئالدىغا بىر كىشىنى ئەۋەتتى.

شىرۇيە بۇ سۆزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «شاھ غەزەپكە كەلگەندە ئۇنىڭ

ئالدىدىكى گۇناھسىز كىشى گۇناھ قىلغاندىنمۇ بەتتەر گۇناھكار بىلىنگۇسىدۇر.» دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى. گەرچە شىرۇيە جاھىل شاھلاردىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر تىننى قىيا تاش تېغى يوقىتالايدۇ ئەمەسمۇ. سۆزنىڭ قىسقىسى، شىرۇيە شاپۇرنى چاقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئىلتىماس قىلىپ كۆپ يېلىندى:

— بۇ سۆز ئارىسىدا سەن بىردىنبىر گۇۋاھچىسەن، پەرھادنىڭ ئىشىدا مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق. ئۇنىڭ قاتىلىنى ئاتام بولۇشىغا قارىماي ئۆلتۈردۈم. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى بەھرام شاھقا بېرىپ ئېيتقىن. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى پەرز دەپ بىلىمەن. ئەگەر مېنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارمىسىلا، قانداق ھۆكۈم قىلسا بېجىرىشكە جېنىم بىلەن تەييارمەن. ئۇنى كۆرۈشتىن ناھايىتى قورقىمەن. سېنىڭ ئالدىڭدا قىلغان ئىلتىماسىم شۇلاردىن ئىبارەت. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سەن ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىپ، بەھرام شاھنى مەرھەمەت يولىغا باشلىغايسەن، ئەگەر ماڭا شۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلساڭ، سەندىن قىيامەتكىچە مىننەتدار ۋە مەمنۇن بولۇپ قالىمەن.

ۋاقتىكى، شاپۇر شىرۇيەنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىلدى:

— بۇ ئىشلاردا شىرۇيە گۇناھسىز. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭغا گۇۋاھ. لېكىن ئالدىڭغا كېلىشكە كۆپ ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ كېلىشىنى ماڭا بېغىشلىساڭ، ئاندىن قانداق پەرمان قىلساڭ ئۇ بىجانىدىل ئادا قىلىشقا ۋەدە بەرسۇن، — دېدى.

بەھرام شاپۇرنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ كېلىشىدىن كەچتى. بىراق شاھ بەھرام:

— خۇسرەۋ چېرىك تارتىپ كەلگەندىن بۇيان ئەلگە قانچىلىك زىيان يەتكەنلىكىنى بۇ مەملىكەتنىڭ ھېسابچىلىرى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقسۇن، شىرۇيە خەلققە شۇ زىياننى تۆلەپ بەرسۇن. ئاندىن ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ يەنە شۇ زىياننىڭ بارىۋىرىدە بىزگە مەبلەغ ئەۋەتىپ بېرىشى لازىم، — دەپ پەرمان قىلدى. شاپۇر بۇ ھۆكۈمنى ئۇ ناتىۋانغا يەتكۈزدى. شىرۇيە بۇنى ئاڭلاپ جان-دىلى بىلەن مىننەتدار بولدى. ئەرمىنىيە خەلقى تەلەپ قىلغان دەرىجىدە خەزىنىلەرنى تۆكتى ۋە يەنە شۇنچىلىك خەزىنە ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىپ، يۇرتىغا راۋان بولدى. تېز تۇتۇش قىلىپ، قالغان خەزىنىنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى.

ئاندىن كېيىن شاھ بەھرام ئەرمەن خەلقىنى يىغىپ زۇلۇمغا رەددىيە بېرىشكە باشلىدى:

— خۇسرەۋدىن سىلەرگە قانداق زىيان يەتكەن بولسا، بىرەر كىشى: «بۇ ئىشلارغا پەرھاد سەۋەبچى» دەپ قارىسا، ئېيتسۇن. زىيان بولغان نەرسىلەرنىڭ تۆلىمىنى بىزدىن ئېلىپ پەرھادتىن رازى بولغاي، — دېدى شاھ بەھرام. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەتراپتىكىلەر قىقاس-چۇقان، نالە-پىغانغا چۈشتى، ئۇلار:

— ھەممىمىزنىڭ تەڭرىگە قىلغان ئىلتىماسىمىز پەرھادقا جېنىمىزنى پىدا قىلىش ئىدى. بىز بۇ سۆزلىرىمىزنى ئۇنىڭ يولىدا جېنىمىز بىلەن ئېيتىۋاتىمىز. ئەمدى بىز ئۇنىڭدىن مال تەلەپ قىلالاتتۇقمۇ؟ تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەلنىڭ رايى مۇۋاپىقلىشالماي قالدى. تەقدىر قانداق بولسا، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج قىلغۇلۇق. بىز ھەمىشە پەرھادنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇلمىز. ئۇنىڭدىن قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا ئۇنى كەچۈرىمىز، ئۇنىڭدىن ئەبەدىي رازىمىز، — دېيىشتى. بەھرام ھې-

ساپچىلارغا بۇيرۇدى، ئۇلار خەلققە خۇسرەۋدىن قالغان خەزىنىلەرنى تەقسىملەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتتە پادىشاھلىق ئاساسىنى قۇرۇش ئۈچۈن خالايىق ئىچىدىن مېھىنبانۇنىڭ ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىنى چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھەممىدىن مۇۋاپىق ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىغا لايىق بىر كىشىنى تاپتى. ئۇنى ئەرمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى، مەملىكەت ئەھلىنىڭ پاناھى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۇ ئادالەت قائىدىسىنى تۇرغۇزۇپ، ۋەيران بولغان جايلارنى ئاۋات قىلدى. خۇسرەۋ قايسى جاينى ۋەيران قىلغان بولسا، ئۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى. بەھرام ئۇنىڭغا شاھلىق ئاساسىنى، تاج - تەختىنى ۋە ھېسابسىز خەزىنىلەرنى بەردى. يېڭى شاھنىڭ قەدىمىدىن تەخت يۈكسەلدى. بېشىغا بەخت چادىرى سايە سالدى. شاھ بەھرام ئۇنىڭ سۇلتانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقىرى مەرتىۋە بېغىشلىدى. ئاندىن كېيىن چىندىن بىللە كەلگەن كىشىلىرىگىمۇ ھېسابسىز مال ۋە ئالتۇنلارنى تۆكۈپ:

— كۆپ جاپا چەكتىڭلار، ئەھلى ئاياللىرىڭلارنىڭ ئالدىغا — دىيارىڭلارغا قايتىڭلار، — دەپ ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆپ يىغلاشتى، ئاخىرىدا نائىلاج قايتىپ كېتىشتى. يەنە قوشۇنلىرىغا:

— خاقانغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭلار ۋە پەرھاد بىلەن بەھرام تېپىشتى، دەپ، بولغان ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلىڭلار، ئۇلار خۇشاللىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، سەنمۇ قەيەردە بولساڭ ياخشى قال دەيدۇ دەڭلار، — دەپ قوشۇنلىرىنى ئۇزاتتى، ئۇلارنى خىزمەت كىشەنلىرىدىن خالاس قىلدى.

ئاندىن كېيىن بەھرام پەرھادنىڭ قەبرىسىنى قايتىدىن ياساپ، شاپۇر بىلەن بىللە قەبرە يېنىدا ماكانلاشتى. قاچانىكى ئۇلار يوقلۇق توپرىقى بىلەن ئۆزىنى تەڭ قىلدى — بارلىقىنىڭ پەيزىنى ئۆزلۈكسىز سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ شاھلىقىنى تاشلاپ، كەمتەرلىكنى قوبۇل قىلدى. ياخشىلاپ قارىغاندا شۇنىڭ ئۆزى شاھلىق ئىدى.

ئەي نەۋائى، ئەگەر سەن پەرھاد بىلەن بەھرامنىڭ يولىدىن ماڭماقچى بولساڭ يوقلۇقنى ئىزدە!

ئەي ساقى، سەن ماڭا يوقلۇق قەدەھىنى سۇنغىن. ئۇنى قانچە تېز ئىچىپ تۈگەتسەم، يەنە بەرگىن. تاكى بۇ قەدەھلەر مېنى ئۇلارغا ئوخشاش ئارقا - ئارقىدىن يوقلۇق توپرىقى بىلەن تەڭلەشتۈرسۇن!

نەزمە:

نەۋائى فانىي بول، ئىستەر ئېسەڭ كام،
نەچۈككىم بولدىلار پەرھادۇ بەھرام!
كېتۈر ساقى، ماڭا جامى فەنا بەر،
نەچۈككىم ئانى سىپقارسام يەنا بەر!
مەگەر قىلغاي مېنى بۇ جام پەيۋەست،
ئۇلار يەڭلىغ فەنا تۇفراغىغە پەست!

(تۈگىدى)




## موللا سابىر بىننى ئابدۇقادىر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

ناقىسى بىخانىمان مۇجتەسسى زاۋىيەئى ھىرماننىڭ ئىنسانلىغدەكى نۇقسانى خەفا نىھانخا-
نەسىدىن ئەيان جىلۋەگاھىغە باش چىقارغانى ۋە كىتابى مۇستىتاب ۋەل - ئىنتىخاب
«بەھارى دانىش» كىم، ئانىڭ ئەۋسافىدىن ھەر لىسان قاسىرۇل - بەياندۇر،
تەھزىب ئاستانى ئالىي شانىغە قەدەم قويغان يەگىلىغ ئاغاز داستان
تەۋلىدى سەرگۈزەشت قۇررەتۇل - ئەين ۋالىئى ھىندۇستان شەھ
زادەئى جەھاندار سۇلتانىغە ئاغىز ئاچقانى *

جەھان دەشتىنى كەزگەن پەھلەۋانلار،
دىمەيكىم پەھلەۋان، پەرۋانە جانلار.
كۇشايانى تىلسىمى گەنجىنى ئەسرار،
شۇناسان مەزاجى نەبزى ئەسمار.
ئالىپ ئىلكىگە ئەژدەرۋەش قەلەمنى،
يازىپدۇر سەفھەگە مۇنداغ رەقەمنى.
كى بۇ ئالەمكى دەرلەر «رۇبئى مەسكۇن»
كۆرۈنۈر ھەر تەرەفدە دەشتۇ ھامۇن.
ئېرۇر ھەر بۇرجىدا دەريايى خۇنخار،
داغى ھەرياندا تاغى چەرخى دىۋار.
يەنە ھەرياندا بىر كەگرۇ بەيابان،
داغى ھەرياندا بىر شەھەرى نەمايان.
ئېرۇر ئەمما بۇلاردىن ھېچ سەرھەد،
ئەمەس ھىندۇستان يەگلىغ قىزىل خەد.
فەرىدۇنكىم ئېتىپ ئالەمنى تەقسىم،
قىلىپدۇر بۇ جەھاننى يەتتە ئىقلىم.

بۇ تەقسىمدە گەر ھىندۇستاننى،
ئەمەس ھىندۇستان، جەننەت نىشاننى.
«يېرىم ئىقلىم» دەپدۇر بىخىرەددۇر،
ئەگەر «بىر» دىسە ھەم يۈز قاتلا رەددۇر.
دىسە گەر «بىر يېرىم» كۆرمەي دىگەندۇر،
دىسە «ئۈچدۇر» ئەگەر بىلمەي دىگەندۇر.
دىسە گەر «نىسفى ئالەم» بۇ سۆزى خۇب،
ئانى كۆرگەن كىشى كۆڭلىگە مەرغۇب.
نېچۈككىم ئول دىيارى ۋۇسئەت ئاباد،
ئۇ ھەددىنى بۇ ھەددى قىلماغاي ياد.
نەكىم باردۇر جەھاننىڭ بارچەسىدە،
ھۇۋەيدادۇر ئانىڭ بىر پارچەسىدە.
ئىشىتتىڭ رۇبئى مەسكۇنكىم ئېرۇر ئول،
ھەمە ئەۋسافى بىرلە گويىيا بول.
داغى بىلگىلكى ئالەمنىڭ ئىچىدە،
ئەمەس ئالەمكى، ئادەمنىڭ ئىچىدە
ئەمەس ئىلمۇ ھۇنەردەك ھېچنىمە كەم،

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

كەمالى كەملىكىدىن كۆپ مۇكەررەم.
بۇ ئىككى نەرسەنىڭ دۇككانى ئولدۇر،
دۇكان ئېرمەس، دېگىلكىم كانى ئولدۇر.
يەنە كۆرگىل مۇنىكىم بۇ جەھاندا،
جەھان ئېرمەس ئەيانداۋۇ نىھاندا
ئەمەسدۇر ھۇسن يەڭلىغ ھېچ نېمە خۇش
بۇ گەۋھەر ھەم ئۇ دەريادىن ئېتەر جۇش.
بۆلەك يەرلەردەكى بوستانۇ گۇلزار،
مۇنىڭ بىر غۇنچەسىدىندۇر نەمۇدار.
مەگەر ئول ئىككى مەۋزەئىكىم مۇكەررەم،
«بىرىن ئالەم بىرىنى ئىككى ئالەم»؛
دېسە، ئايغان كىشىدۇر ئەقلى كوتەھ،
بىرى مەككە بىرى ئېرمىش مەدىنە.
ئەمەس تەقسىمى ئەفرىدۇندا داخىل،
ئەمەس داخىل دېمەي، ئىمكانى يوق بىل.
كەل ئەمدى، ناقىسا، ھىندۇستانغە،
ئەمەس ھىندۇستان، كەل داستانغە.
بار ئېردى خۇسرەۋى ئاندا جەھانگىر،
ئەدالەت پىشەۋۇ ئايىنە تەخمىر.
ئىدى خۇرشىددەك ئالەم پەناھى،
ئەدەددىن تاشقارى خەيلۇ سىپاھى.
فەلەك ئىقبالى تەختىنىڭ سۇتۇنى،
زەمان شەمشىرى ئەمرىنىڭ زەبۇنى.
ھەمە ئەسبابى سۇلتانلىغ مۇھەييا،
ئەمەس ھېچ ئارزۇ كۆڭلىدە پەيدا.
مەگەر شەمئىكى كۆز كاشانەسىنى،
يارۇتقاي نۇرىدىن ۋەيرانەسىنى.
يوق ئېردى خاھى ئەركەك خاھى مادە،
ئىدى بۇ ۋەجھىدىن دەردى زىيادە.
تىلەر ئېردى خۇدادىن سۇبھە ئىلە شام،
شەبىستانىغە بىر شەمئى سەفا فام①.

ئالۇر ئېردى دۇئا دەرۋىشلەردىن،
تەجەررۇد پىشەلىك دىلرىشلەردىن.
مۇنىڭ بىرلە ئۆتۈپ كۆپ روزگارى،
بولۇپ مەقبۇل قىلغان ئاھۇ زارى.
ئەتا قىلدى شەھەنشاھى جەلالەت،
ئاڭا بىر ئەختەرى بۇرجى كەرامەت②.
ئەجەب گەۋھەركى نۇرىنىڭ شۇئائى،
فەلەك ئەنجۇملارىنىڭ ئىنتىبائى.
ئاتا كۆرگەچ يۈزىنى بولدى خۇررەم،
قۇدۇمىدىن ئاناسى ھەم مۇكەررەم.
قىلىپ شۇكرانە دەرگاھى ئەزەلگە،
ئۈلەشتۇردى جەۋاھىرلارنى ئەلگە.
ھەمە ھىندۇستان ئەھلىنى يەكسەر،
ئۆزى يەڭلىغ غەنى قىلدى تەۋانگەر.
قىلىپ مەتلەب ھۇسۇلىن ئەلگە ئىزھار،
ئوغۇل ئاتىنى قويدىلار «جەھاندار».
تاپىپ كەلتۈردىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۇل يۈزلۈككە ئانى قىلدى دايە.
چۇ تاپتى دايە مۇنداغ ئىززۇ ئىقبال،
ھۇما يەڭلىغ يازىپ ھەردەم پەرۇ بال.
سالىپ شەھزادە باشىغە تەلالىن،
داغى ئاغزىغە ئەمچەك شەھدى بالىن.
سالىپ گاھىدا مەھدى مۇھتەرەمغە
ئالىپ گاھىدا ئاغۇشى كەرەمگە.
يۇيۇپ جىسمىنى گۇلنىڭ سۈيى بىرلە،
ئارىتىپ ئەنبەرئەفشان مويى بىرلە.
قىلۇر ئېردى بۇ يەڭلىغ پەرۋەرىش كۆپ،
مۇنىڭدىن ئۆزگە ھەر تۈرلۈك رەۋىش كۆپ.
ئۆتۈپ تۆرت يىل داغى تۆرت ئاي ئارادىن،
قۇتۇلدى دايە مۇنداغ ماجەرادىن.
تاپىپ دانا مۇئەللىم زۇ فۇنۇنى،

① بۇ مىسرا قول يازما نۇسخىنىڭ قۇر ئىچىدە «گۇلىستانىغە بىر سەرۋى گۇلئەندام» دەپ يېزىلغان. ھاشىيەسىدە يۇقىرىقىدەك ئۆز گەرتىلگەن.
② بۇ مىسرا قۇر ئىچىدە «ئاڭا بىر گەۋھەرى بەھرى سەئادەت» دەپ يېزىلغان، ھاشىيەدە يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىلگەن.

جەمئى ئەھلى دانىش رەھنەمۇنى.
بىلىندۇرمەك ئۇچۇن ئايىنى ئىسلام،
كەمالاتى فەزايىل بىرلە ئەھكام.
ئاڭا تاپشۇردىلار بۇ گەۋھەرىنى،
دىبەيكىم گەۋھەرى، تاجى سەرىنى.
داغى بىرنەچچە دانىشۋەر خىرەدناك،
جەھان ئەمرىگە ماھىر باتىنى پاك.
مۇئەككەل قىلدىلار شاھى جەھانغە،
ئەمەس شاھى جەھان، مەھبۇبى جانغە.
كى تا كەسب ئەيلەگەي ئەخلاقۇ ئاداب،
فۇنۇنلار ھەمكى شەھلىغ شەئنىگە باب.
قىلۇر ئىردى مۇئەللىم سۇبھۇ شامى،
فەزايىل ئۆرگەتۇرگە ئىھتىمامى.
بۇ دانا زۇ فۇنۇنلار ئەرتە - ئاخشام
ئانىڭ ئىسلاھى تەبئىگە ئۇرۇپ گام.
قىلىپ تەئلىم رەسمى شاھلىغنى،
داغى ھەر ئەمرىدىن ئاگاھلىغنى.
بۇ يەڭلىغ ئەيلەر ئىردى ئۇمرىنى سەرف
نە لازىم ئىرسە قويماسدىن بىرەر ھەرف.
ئانىڭدىنكىم ئۇلۇغلارنىڭ بالاسى،
ئەزەلدە بار ئۇچۇن تىينەت زىياسى
خۇدايىم قابىل ئەيلەپ جەۋھەرىنى،
قىلۇر ئىركەن گەران سەڭ گەۋھەرىنى.
كى بۇ شەھزادەئى خۇرشىدى ئىقبال،
ياشى ئون تۆرتكە يەتتى بۇ مۇنەۋۋال.
ئۇلۇماتى غەرىبە قىلدى ھاسىل،
فۇنۇناتى شەرىفە بولدى ۋاسىل.
مەئاشى خۇب ئىلە تەھزىبى ئەخلاق،
مىئادى سالىھە ئايىنى ئافاق.
داغى قەسدى دۇرۇستۇ ھەزمى كامىل،
ئۇلۇۋۋى ھىممەتۇ تەدبىرى شامىل.
فەراخى ھەۋسەلەۋۇ رىفئەتى شان،
تەمامىيەۋۇ قارۇ فەرتى ئىھسان.
ئۇلۇغ دائىيەلەرى بىر ئۇلۇغ چال،
دۇرۇست ئەندىشەلەر بىرلە سۈچۈك قال.
تەۋانايى بەدەن ھەم قۇۋۋەتى دىل،
چىرايلىغ سۇرەتۇ رەۋشەن چىراي زىل.
يىگىنچكە فىكر بىرلە رايى مەزبۇت،
خۇتۇتى ھۇسن بىرلە خەتتى مەنقۇت.
مۇناسىب ئەقدلەر بىرلە فەساھەت،
ھەمە تەركىبى زىينەت ھەم بەلاغەت.
ئۇلۇپ ھاسىل ئاڭا بولدى مۇكەررەم،
شۇبۇ ئەۋساف ئىلە مەشھۇر ئالەم.
كەل، ئەي ساقىكى، خۇسرەۋ بولدى خۇشھال،
قولۇڭغە جامى جەم يەڭلىغ قەدەھ ئال.
ماڭا تۇت ئىلتىفاتىڭ جۇش قىلغاچ،
شىكار ئەيلەي كۆڭۈلنى نۇش قىلغاچ.

**شەھزادەئى سۇلتان جەھاندارنىڭ تائىرانى ھۇمايۇن بال ۋە غەزالانى فەررۇخ ئىقبال شىكارى ئۇچۇن گۇلگۇن سەبا رەفتارغە سەۋار بولۇپ، سەھراغە ئەزم قىلىپ، تۇتىئى شەكەر گۇفتار دامىغە ھۇدھۇدۋار گىرىفتار بولغانى؛ يوقكىم، سەيد قىلماق ئۇچۇن چىقىپ، سەييادى بەھرام شىئار قەيدىغە دۇچار بولغانى**

بۇ مەرجانلارنى تىزغان دىلىستانلار،
قىلۇر سۆز دىلبەرىدىن مۇنداغ ئەيانلار.
كى ئول شەھزادەئى ئەيۋانى دەۋلەت،
سىپىھرى ئىززەتۇ كەيۋانى ھىممەت.
دىلى پاكىدا ئىردى دائىم ئەلھال،
خەيالاتى شىكارى ساھىبى بال.
نىچۈنكىم شاھلىقنىڭ مۇقتەزاسى،
بۇ ئىشدۇركىم ئىرۇر ئانىڭ رىزاسى.
بۇ بائىسدۇركى تەبئى شاھزادە،
ئىدى مۇندىن بۆلەككە بىئىرادە.
كى ئەكسەر كۆڭلەرى رەخش ئەيلەبان زىن،
ئالىپ كۆپ نەۋ جەۋاتى ئىلفەت ئايىن.

www.uyghurkitap.com

قىلۇر ئېردى شىكار ئەتمەككە ئاھەڭ،
بېرىپ ئالەمگە نەخجىر قانىدىن رەڭ.
كۆزنى ئول ئادەتى مەئھۇد بىرلە،
نەچە تەن نەۋكەرى مەۋئۇد بىرلە.
زەمىن ۋەھشىلەرىن قىلماق ئۈچۈن سەيد،
ھەۋا تائىرلارىن ئەتمەك ئۈچۈن قەيد.
مىنىپ ئاتى سەبا رەفتارى گۈلگۈن،
ئىنانىن ئەتفى سەھرا قىلدى ئول كۈن.
يېتىپ سەھراغە بۇ ئىش قىلدى فىلھال،
كى قويدى ھەر تەرەف شاھىنى خۇش بال.
بۇ شاھىنلار ئۇچۇپ ئەۋجى فەلەككە،
نەمايان ئەيلەشىپ ئۆزنى مەلەككە.
ئىگىز ئەيلەپ بۇلۇتدىن ئەۋجى مىئراج،
ئاتىپ يەرگە يولۇقغان كەپكۇ دۇرراج.
يەنە ھەر يان قويۇپ شەھبازلارنى،
ئۇچۇردى ئول ئىگىز پەرۋازلارنى.
بۇلار ھەم دىلبەرانى خۇش لىقادەك،
ئەمەسدۇر خۇش لىقا، كۆزى قارادەك.
كى كىرپىك پەنجەسى بىرلە كۆڭۈلنى،
ئالۇرلار چاڭگالىغە مۈلكى دىلنى.
بولۇپ بىر ـ بىرلەرىدىن ھەم سەبوك پەر،
ئالۇرغە قىرغاۋۇل بىرلە كەبۇتەر.
بۇلاردىن چۈن جەھاننى قىلدى خالى،
بولۇپ شەھزادەنىڭ كۆپ گىرم ھالى.
قويۇپ تايغانلارىكىم بەبرى تىرناغ،
كىيىكلەر قانىدىن سەھرا بولۇپ باغ.
قىزىغ بولغانچە سەۋتى تەبلى پەرداز،
ئىگىز پەرۋازلىقنى قەسد ئېتىپ باز.
بولۇپ غايىپ نەزەردىن لاچىنى ھەم،
بۇلۇتلار بۆركۈتىگە بولدى ھەمدەم.
ھەۋا ئىسسىغ ئىدى ھەددىن زىيادە،
ئىدى شەھزادەئى ۋالا پىيادە.
ئۆزى چۈن ناز ئىلە بولغان ئىدى چۈك،
كېزىپ سەھرانى گاھى چەپ، گەھى ئوڭ.
گۈلى رۇخسارىغە يەتكەچ ھەرارەت،
ھەرارەتكە تۇتالماي تابۇ تاقەت.
يانىپ كەلگۈنچە ناگەھ سەيدگەھدىن،
كۆرۈندى باغى دىلكەش مېھرۇ مەھدىن.
ئەجەب باغىكى ھەر دىۋارى ئانىڭ،
شەرافەت سايەسى يەڭلىغ ھۇمانىڭ.
ئىچىدە يۈز تۈمەن گۈلھايى خۇشبۇي،
كى ھەر گۈل ئۈستىدە يۈز مۇرغى خۇشگۇي.
داغى ھەر ياندا بىر سەرۋى سەنەۋبەر،
نىشانى قامەتى مەھبۇبى دىلبەر.
يەنە ھەر بۇرجىدا بىر تۇرفە گۈلشەن،
كى ھەر گۈلشەندە يۈزمىڭ گۈل مۇبەرھەن.
كۆرۈپ شەھزادە مۇنداغ باغى دىلكەش،
بولۇپ شەيدا كۆڭۈل بولدى مۇشەۋۋەش.
قەدەم تەشرىف ئەيلەپ بولدى داخىل،
كى بىر گۈلنىڭ تۈۋىگە بولدى نازىل.
قىلىپ نەززارە ھەريان بولدى ھەيران،
جەۋانى باغ ئارا بولدى نەمايان.
جەۋانىكىم خەمۇ چەم① قىلسە ئىزھار،
بولۇر كۆڭلى سەنەۋبەر تار ئۆزە تار.
لەبى شىرىنى قىلسە كۆلكۈنى ياد،
بېرۇر شىرىن جانىن شەمشادى پەرھاد.
چەمەنگە نەرگىسىدىن فىتنە تۈشكەن،
ئۇزارىنىڭ بەھارى رەشكى گۈلشەن.
قىلىپ ئۆز ھۇسنىگە گۈللارنى ھايىل،
تەبەسسۇم ناز ئىلە لەھنىگە مايىل.
كى ھەر مەرغۇلەسى بىر زۇلفى تەرسا،
بولۇر ئاندىن خىجىل گۇشى نەگىسا②.

① قول يازما نۇسخىنىڭ ھاشىيەسىدە بۇ سۆزگە «خەمچەم — ناز بىرلە يول يۈرگەننى ئايتۇرلار» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

② قول يازما نۇسخىسىدا بۇ سۆزنىڭ ئۇدۇلىغا «نامى خۇسرەۋ پەرۋىز» دىگەن ئىزاھات قوشۇپ قويۇلغان.

سەداسى شۇئلەسى يەتسە ئەھەدكە،
سالۇر تەسۋىر ئوتىن بىر باربەدكە①.
ئوقۇر ھەردەم ئەشىدى ئاشىقانە،
بولۇر ئاشىق ئىشىتكەن غايىبانە.
ياندا تۇتىنى تاۋۇسى چىندەك،
تۇرۇپدۇر سۇفىنى خىلۋەتگىزىندەك.
قەفەس بىر خانىقاھى ئاھەنىندۇر،
ئانىڭدا سۇفىنى ئۇزلەت نىشىندۇر.
كى باغلاپدۇر ئىشىكنى ئەل يۈزىگە،
خىرەد ھەيران قالۇر قىلغان سۆزىگە.
لىباسى ياخشىلاردەك سەبزە ھۇللە،
باشى ئۆزرە قىزىل قىرغاق سەللە.
ئەجەب زىرەككى، دانالىق يۈزىدىن،
گەرەۋ ئالغان سۇلەيمان ھۇد ھۇدىدىن.
ھۇمايۇن تائىرىكىم مەئدەنى ھۇش،
لەبى ھۇررا لەبىدىنىدۇر شەكەر نۇش.
ھەمە سەردارى مۇرغانى ياشىل بال،
جەمئى تۇتىيانى شەككەردىن قال.
كى باشىغە كۆتەرمىشدۇر ئەلەملەر،
بولۇپ ئۇستازى مۇرغانى ئىرەملەر.
مۇنىڭدىن ئۆرگەنۈر گوياكى كۇفتار،
مۇبارەك پەي ئەجەب فەرخۇندە كىردار.
كۆرۈپ شەھزادە تۇتىيۇ جەۋانىنى،
مۇنىڭدىن نەغمە، ئاندىن داستانىنى.
زىيادە خۇش بولۇپ كەلدى يەقىنراق،
سەلام ئەتتى ئاڭا سۇلتانى ئافاق.
جەۋان تەنناز ئىدى ھەم نەغمە پەرداز،
ئالىپ ئىبردى ئانىڭ ئەقلىنى ئاۋاز.
نەزارە قىلمادى شەھزادەگە ھەم،
سەلامىنىڭ جەۋابىن ئەيلەدى كەم.
چۇ كۆردى تۇتىنى دانا خۇداۋەند،
كى ئىستىغنا بىلە قىلدى ئاغىزبەند.
تەغەييۇر قىلدى پەيدا شاھزادە،
قىلۇر ناگەھ غەزەب قىلماق ئىرادە.
قىلىپ دىلدارلىغ شىرىن سۇخەنلەر،
كى رەڭگىن سۆز بىلە ئەيلەپ چەمەنلەر.
غەزەب ئوتىنى شەھدىن پەست قىلدى،
ھەدىسى بادەسىدىن مەست قىلدى.
تۇشۇپ ھەيرەتكە سۇلتان قالمادى ھال،
خەيال ئايىنەسىگە بولدى تىمسال.
بۇ شىرىن سۆز بىلە فەرھاد كىردار،
بۇ تۇتى دامىغە بولدى گىرىفتار.
ئالىپ بىردانە لەئلى ئاتەشىن رەڭ،
بەھاسى يەتتە ئىقلىم باجىغە تەڭ.
جەۋاننىڭ ئالدىغە قويدى بولۇپ خەم،
دىدى: «ئەي نەۋ جەۋانى دۇشمەنى غەم.
مۇنى ئالىپ بۇ تۇتىنى ماڭا بەر،
كى قىلمىش بەھرى ئىشقى دامەنىم تەر.»
جەۋاندا يوق ئىدى تابى جۇدالىق،
قەبۇل ئەتمەي دىلىن قىلدى يارالىق.
دىدى شەھزادە: «ئەي نائاشنا خۇي،
گۈلۈمدىن تاپماغان بولساڭ ئەگەر بۇي.
مۇنى بىلگىل بۇ سەرھەد ھارىسىمەن،
كى تاج ئىلە نىگىنىنىڭ ۋارىسىمەن.
ئەگەر بەختىڭ ئويانىدۇر، ئەختەرىڭ يار،
بۇ پەردىن ئۆت، بۇ تاشنى ئەيلە دەركار.
ۋەگەرنە ئىبلەتەسەن تۇرلۇك نەدامەت،
يېتىشكەچ جانىڭا خارى مەزەللەت.
بىرۇرسەن ئاندا قۇشنى رايگانە،
تاپالماي بەرمەسىڭگە ھىچ بەھانە.»
جەۋان بەس سائەتى قىلدى تەئەممۇل؛
دىدى: «سۇلتان خىلافىن ئىستەگەن قۇل.
ئۆزىنىڭ قانىدىن يۇغاي قولىنى،
تاپائالماس بۇ يۇماسلىق يولىنى».

① قول يازما نۇسخىنىڭ ھاشىيەسىدە بۇ سۆزگە پارسچە «نامى مۇغەننىيەستكى دەر زەمانى خۇسرەۋ پەرۋىز گۇزەشتە (خۇسرەۋ پەرۋىز زامانىدا ئۆتكەن بىر مۇزىكانتىنىڭ ئىسمى)» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

مۇنى دەپ لاجەرەم تۇتىنى بەردى،
جۇدالىقدىن ئىچىدە قالدى دەردى.
بولۇپ خۇش ئالغانىدىن شاھزادە،
گۇمان قىلدى ئۆزىن ئانداغ زىيادە.
كى گويا ئىلكىگە بىۋەھمۇ بىبىيم،
كېلىپ قالدى نىگىنى يەتتە ئىقلىم.
بولۇپ كۆڭلى ئارا بۇ نەۋئى پىندار،
كى بولمىش رۇبئى مەسكۇنغە جەھاندار.
تاپىپ، ئەلقىسسە، بەھەد شادما نلىق.
يانىپ ئەيۋانىدا تاپتى ئەمانلىق.
بولۇپ تۇتى بىلە ھەمدەم مۇساھىب،
ئانىڭدىن ئۆزگەنى دەر ئېردى غايىب.
چىقارىپ ئالدىغە ھەرلەھز ئانى،
جۇدا بولماس ئىدى ئەسلا زەمانى.
بۇ تۇتى ھەم قىلىپ شىرىن ھىكىيات،
داغى رەڭگىن سۇخەنلەردىن رىۋايات.
ئۇتۇپ شەھزادەنىڭ كۆڭلىنى ئاندىن،
كۆرۈندۈرمەس ئىدى غەمنى جەھاندىن.
كەل، ئەي ساقى، قولۇمغە كەلدى مەقسۇدە
قۇلۇڭغە جامى ئىشرەت ئال، چالىپ ئۇد.
ماڭا تۇتقىل قىزىغ بولغاچ تەرەننۇم،
كى قىلسۇن تۇتىنى كۆڭلۇم تەبەسسۇم.

ئاسمانى ئىشرەتى جەھاندارى سۇلتان مىھرپەرۋەر ماھپارەنىڭ خۇدبىنلىق ۋە
پىندارى غەلەتى سەھابىدىن تىيرە بولغاچ، تۇتەئى شىرىن گۇفتارنىڭ
نەفەسى سۇبھ ئاسارى نەسىمى بىلە ئافتابى ئالەم سوز ئىشق
بەھرەۋەر بانۇ باتىنى مەشرىقىدىن باش چىقارىپ
زەررەۋار ئىزتىرابىغە تۈشكەنى

قەزا دىۋانىغە باقان مۇفەككىر،
ھەقايىق پايىنى ئاچقان مۇدەببىر.
بۇ يەڭلىغ ئەيلەمىش بۇ سۆزگە تەمھىد،
قىلىپ سۆز ۋەھشىسىن كاغەزغە تەقيىد.
كى ھەر ئىش بولسە ئول كائىن ئەزەلدە،
بولۇر بولغان ئىسە بولغان مەھەلدە.
قەزا خادىملارى ھەمۋارە دائىم،
ئانىڭ سامانىغە پەيۋەستە قائىم..
بولۇپ ئانىڭ پەيىدە كۆز تۇتارلار،
ئىرادەت شاھىدى سارى باقارلار
كى تا ئول ئىشنى كەلتۇگەي ئاراغە،
دېگەيلەر ۋەقتى بولمىشدۇر قەزاغە.
بولۇپ ناچار ئەۋۋەل قوزغايلار،
سەبەبلەردىن بىرىنى ئىلغايلار.
يۇ ئالەم رەسمى بىرلە ئول چېكەر باش،
تەئەززۇرسىز بولۇر ئىش بولغۇسى پاش.
بۇ سۆزگە بەيىنە بۇدۇركى بىر كۈن،
كى ئول شەھزادەئى خۇرشىد مەزمۇن.
ئىدى بىر خىلۋەت ئىچرە شاغىلى ئەيش،
يوق ئېردى ئاندا خادىملار بىلە جەيش
بار ئېردى بىر كەنىزى سەئىد ئەختەر،
يۈزى ئايدەك ئاتى ھەم مېھر پەرۋەر.
ئاچۇق سۆزلۈك ئۈچۈن ھەم خۇش سىتارە،
دەر ئېردى بىر ئاتىنى «ماھپارە».
ئىدى شەھزادە ئاشىق ئول پەرىگە،
ئانىڭچە مەيلى يوق ئېردى بىرىگە.
تۇتار ئېردى ھەمىشە بىرلە ئۇلفەت،
بۇ كۈن ھەم ئۇ بىلە گەرم ئېردى سۆھبەت.
ئىچەر ئېردى دەمادەم جامى گۈلگۈن،
كەنىزەك لەيلى ئېردى، شاھ مەجنۇن.
قىزىغاچ بەزمى ئۇلفەت دېدى ئول ھۇر:
«كى ئەي شەھزادە سۆز ئايتاي قاراپ تۇر.
مەنىكىم ئولتۇرۇپدۇرمەن كۆرۈرسەن،
ۋىسالىمنى ئەزىز جاندەك بىلۈرسەن.

دېگەلىكىم، ھەزرەتى خەللاقى بىچۈن،
قىلىپدۇرمۇ كىشىنى مەنچە مەۋزۇن.
نېچۈككىم بار ماڭا ئانداغ چىرايى،
كى بىر ئالەمگە ۋەجھى ماجەرايى؟»
جەۋابىغە لەبىن ئاچماسدا شەھزاد،
تەبەسسۇم بىرلە تۇتى قىلدى پەرياد.
چۇ كۆلدى تۇتىنى شىرىن شەمايىل،
بۇ بولدي غۇنچە يەڭلىغ غەمگە قايىل.
دېدى: «ئېي نېمەدۇركىم، كۆلەر بۇ؟
ماڭا ئايغاي ئالىپ قالماي سەرۇ مو.
ۋە گەرنە ئۆلتۇرمەنكىم ئۆزۈمنى،
تىرىك كۆرمەس كۆزۈك ھەرگىز يۈزۈمنى.
دېدى تۇتىغە ئول دەم شاھزادە:
«بەيان قىلغىلىكى قىلسە ھەر ئىرادە.»
«دېگىل» دەپ قىلدىلار تەكرار بىھەد،
بۇ تۇتى ئاغزىغە باغلاندى بىر سەد.
كى گويا بولبۇلى تەسۋىر بولدى،
دېمەكلىكنى دېمەك تەئخىر بولدى.
ھەسەبدىن تاشقارى بولغاچ بۇ گۇفتار،
ئاچىپ دېدى تىلىسمى گەنجى ئەسرار.
كى «ئەي خاتۇن ساڭا بۇ سۆز نە لازىم،
بولۇرسەن نەفئى يوق سەۋداغە ئازىم.
خەيالىڭدىن چىقار مۇنداغ ھەۋەسنى،
ئىش ئەيلەپ نې قىلۇرسەن، ئىش ئەمەسنى.»
ئۇ يەردىنكىم ئەزەلدىن بۇ فەرىقە،
ئەقىل كەملىك بىلە بولغاچ خەلىقە.
باشىدىن كەتمەدى بۇ سۆز ھەۋاسى،
زىيادە بولدى داغى ماجەراسى.
بولۇپ ناچار مۇرغى قەندى گۇفتار،
تۆكۈپ دېدى جەۋاھىرھايى ئەسرار.
كى «ئەي شەھزادە، بىلگىلكىم، دېسەممەن،
تەبەسسۇم بائىسى بۇدۇركى رەۋشەن.
بۇ خاتۇنىنىڭ غەلەت پىندارى ئېردى،
كى ئۆزىنى ئۆزگەلەردىن ياخشى بىلدى.
مۇنى بىلمەسكىم ئول بۇ كارخانە،
ئەمەس مەۋجۇدى ۋاھىدغە بەھانە.
ئېرۇر باغى ئىلاھى ئۇشبۇ ئىمكان،
قاچان بىر گۈلغە بولغاي مۇنچە بوستان.
فەلەك تەھتىدە چەندان گۈلشەنىدۇر،
كى ھەربىرىسىدە يۈزمىڭ گۈلبۈندۇر.
بىرى بىردىن چىرايلىقدۇر بۇ گۈللەر،
بىرى سۇرخۇ بىرى ئەسفەر بىرى زەر.
ئېرۇر بىر كىشۋەرى ئۇشبۇ يەقىندە،
ئانىڭدەك ياخشى يەر يوقتۇر زەمىندە.
بۇ كىشۋەرگە ئانى گەر قىلسە مەنسۇب،
ئېرۇر يۈز مەرتىبە مۇندىن بىنيىك خۇب.
شەھەرىنىڭ بىر چىرايلىق دۇختەرى بار،
دېمەي دۇختەركى، دەي بىر گەۋھەرى بار.
ئاتىدۇر «بەھرەۋەر» خۇرشىد سۇرەت،
چىرايلىقلىق بىلە ئالەمگە شۇھرەت.
بۇ كۈنكىم يول كېزەر ھەر كۈن شىتابان،
بۇ رەۋشەن كۆز بىلە ھۇسنىگە ھەيران.
بۇ خاتۇنكىم سېنىڭ يانىڭدا تۇرمىش،
ئانىڭ يانىدا تۇرسە گەر بۇ بولمىش؛
كى كۈندۈز كۈن يانىدا بولسە ئەنجۇم،
جەھانغە كەلمەگەن يەڭلىغ بولۇر گۇم.»
ئىشىتتى ئېرسە بۇ سۆزنى جەھاندار،
تۇمەن مىڭ دىل بىلە بولدى گىرىفتار.
بولۇپ ئاشىق ئانىڭغە غايىبانە،
ئۆزى قالدى كۆڭۈل بولدى رەۋانە.
كۆڭۈل كەتكەچ بەسى فەرياد قىلدى،
ئۆزىنى ئۆزگەدىن ئازاد قىلدى.
يۈز ئۆيرۈپ بارچەدىن قويدى ئاڭا يۈز،
خەزان بولدى گۈلى بولماي تۇرۇپ كۈز.
ئانىڭ مەيدانى ئىشقىدا چاپىپ ئات،
كۆڭۈل شاھىنى قىلدى ئات بىلە مات.
نە يالغۇز ئىشق كۆرمەك بىرلە قوپقاي،
تولادۇركىم ئىشىتمەك بىرلە قوپقاي.
ئەگەر قىلسە قۇلاقدىن جىلۋە دىيدار،
بۇجان ئارامۇ دىل ھۇشدىن بولۇر ئىر.

كى كۆرمەكدىن ئەسەر بولماي بەھانە،
قىلۇر ئاشىق كىشىنى غايىبانە.
كەل، ئەي ساقىكى ئىشق ئۇلدى جىگەرسوز،
كۆڭۈلدىن ئۆزگەنىڭ قىلغان سۆزىن بۇز.
ماڭا مەي تۇت كۆڭۈل ئۇلفەتكە كەلسۇن،
كۆڭۈل ئايىغان كىشى سۇرەتكە كەلسۇن.

بۇ گۇفتار شەھزادەئى جەھاندار سىينەسىگە تونداكى ئوت ھەرارەتىدىن مۇئتەكەفان پا-
يەئى سەرىر سەلتەنەتى جانلارىغە ئازار يېتىپ، تەھەممۇل ئەقتىدارى كەملىكىدىن خۇسرە-
ۋى ئالىي تەبار ھۇزۇرىدا كەيپىيەتى ئەخبارىنى ئەرزمە قامىنە يەتكۇرگەنى ۋە خۇسرەۋ
كەڭەشدانى ئەختەر شۇناس مەسلەھەتى بىرلە بىمەنزىر نام نەققاشنى بەھرەۋەر بانۇ
سۇرەتى ئۇچۇن شەھرى مىنۇسەۋادغە ئىبەرگەنى ۋە ئول نەققاشى جادۇنىگار،
ئەشھەبى تىز رەفتار ھىممەتكە سەۋار ئولغاچ، ئول دىيارى فەرخۇندە ئاسارغە
ۋاسىل بولۇپ، شەھزادەئى جەھاندار ئورنىغە قەلەم فىكرەت پەركارى
نەۋكى بىرلە ئول دىلدارى پەرى رۇخسار سۇرەتىنى نىگارىش
ئەيلەپ كەلتۇرگەنى

ئىشىت، سامىئ، بۇ ناقىس ئۆزىدىن سۆز،
داغى كۆر بۇ رىسالە، بولسە گەر كۆز.
كى ئېردى بۇ كۆڭۈلنىڭ مۇددە ئاسى،
ئەرۇسى سۆزگە كىيدۇرمەك لىباسى.
بۇ يەڭلىغكىم مۇنىڭ يوقارىسىنى،
ئالىندى تۈركى تىلغە فارسىنى.
مۇسەننىف نۇسخەسىنى ئەيلەپ ھازىر
بولۇپ بىر خەتكە بەش - ئون مەررە نازىر.
كىنايات ۇ ئىشاراتىن قىلىپ جەمئ،
تەۋەججۇھنى كۆڭۈل ئىچرە قىلىپ شەمئ.
لۇغەتلەرنى ئالىپ، ئەيلەپ تەئەممۇل،
ھەمە مەزمۇنلارىنى ھەم تەخەييۇل.
بېرىپ تەرتىب ئەۋۋەل فەقرەلەرگە،
سۇخەنرەسلەركى قويغان زەخرەلەرگە.
مەزامىنلارنى ھەم مەفھۇم ئەيلەپ،
شۇلارگە كىيدۇرۇپ مەنزۇم ئەيلەپ.
رىسالار نەزدىدە مەنزۇر قىلسام،
قەبۇل ئۇلسە دىلىم مەسرۇر قىلسام.
دېگەن فىكرى بىلە تا ئۇشبۇ تۇغرا،
قىلىپ ئېردىم ئىبارەتلەرنى ئىنشا.
ئىدىم بۇ يەرگە يەتكەن بىر كۈنى مەن،
كىرىپ كەلدى ھۇزۇرۇمغە نەچە تەن.
كۆرۈپ باشدىن ئۇقۇپ بۇ يەرگە تەگرۇ،
دېدىلەر: «ياخشى ئىش بولمىش ئەجەب بۇ،
ۋەلې بىزدەك سەۋادى خاملارغە،
ئەمەس خام، بەلكى مۇتلەق ئاملارغە.
ئاچۇغراق بولسە ئېردى، خۇب ئېردى،
كۆڭۈللەرگە داغى مەرغۇب ئېردى.
كى مۇنداغ تەرزىدە بولسە سەرا سەر،
بىزىڭدەكلەر ئوقۇپ «قايداغ كىتاب؟» دەر.
ئەگەر بىزلەر دېگەن يەڭلىغ پۈتۈلسە،
بولۇرمىز بەھرەۋەر گاھى ئوقۇلسە.
داغى بولغاي دۇئا قىلماقغە بائىس،
دۇئا قىلغان كەبى مەۋرۇسغە ۋارىس.
رىسالار بولسە تالىب ئاڭلاماقغە،
نە سۆز بار ئېركەنىنى چاغلاماقغە.
كۆرەرلەر نۇسخەسىنى كۆرگەنىچە،
بىلۇر ھەر سۆزكى بولسە بىلگەنىچە.
مۇنىڭغە ھاجەتى يوقدۇر ئۇلەرنىڭ،
ئۇلار غەۋۋاسىدۇر بەھرۇد - دۇرەرنىڭ.»
بۇ ناقىس تەبئىگە مەئقۇل كەلگەچ،
بەرادەرلەر سۆزى مەقبۇل كەلگەچ.

قىلىندى ئىبتىدا بۇ قىسمى مەنزۇم،
كى قىلمىش ياخشىلار بۇ لەۋزى مەرقۇم.
ئىشتىكىل بۇرنا ئۆتكە ياخشى ئەرلەر
مۇنىڭدەك ياخشى سۆز بۇ يەردە دەرلەر.
قاچانكىم تۇتىدىن ئوت تەگدى شەھگە،
قاراپ يىغلار ئىدى بىر كېچە مەھگە.
گەھى كۈنگە قاراپ يىغلار ئىدى فاش،
كۆزىدىن ئاقىزىپ دەريا كەبى ياش.
گەھى باغلارغە بارىپ يىغلار ئېردى،
نىگارىدەك گۈلنى ئىستەر ئېردى.
بۇلاردىن مەتلەبىن ھاسىل قىلالماي،
ئۆزىنى يارىغە ۋاسىل قىلالماي.
قىلۇر ئېردى كېچەلەردە مۇناجات،
تىلەر ئېردى خۇدادىن ئۇشبۇ ھاجات.
كى «ئەي بارا، خۇدايا، كىردىگارا،
ساڭا ھالىم مېنىڭدۇر ئاشكارا.
مېنى خەلق ئەيلەگەن قادىر خۇداسەن،
يولىن يوق ئەيلەگەنگە رەھنەماسەن.
كەرەم ئەيلەپ مېنى يارىمغە يەتكۈر،
مېنى يەتكۈرمەسەڭ يارىمنى كەلتۈر.
يەنە ئەرزىم بۇدۇر، ئەي ھەييى قەييۇم،
بۇ ھىجران دەردىدىن بىچارە بولدۇم.
ماڭا رەھم ئەيلەگىل بۇ ئىشقنى ئال،
مېنىڭدىن ئالماساڭ يارىمغە ئوت سال.
بۇ ئىشنى قىلماساڭ جانىمنى ئالغىل،
قاۋۇشتۇر ھەشردە جەننەتكە سالغىل.
بۇ يەڭلىغ يىغلابان زار ئەيلەر ئېردى،
مەلەكلەرگە يىغى كار ئەيلەر ئېردى.
يېمەس ئېردى نېمەرسە كېچە - كۈندۈز،
كۆزى بىدار ئىدى گوياكى يۇلدۇز.
بار ئېردى شاھلىغ ئايۋاندا كۆپ ئەل،
ئۇلۇمى بارچە ئىشلاردا مۇكەممەل.
ھەمە ئالىي نەسەب ئەۋلادى ئەئيان،
ئۇمۇرى مەملەكەتكە زەبتى ئەركان.
كۆرۈپ شەھزادەدە بۇ نەۋئى ھالەت،
قىلالماي ھېچ قايىسى سەبرۇ تاقەت.
ئىلاجىن بىلمەگەندىن چارۇ - ناچار،
شەھەنشەھغە كېلىپ قىلدىلار ئىزھار.
ئىشتىكەچ پادىشەھدىن ھوش كەتتى،
كۆڭۈل چاچۇشىدىن سەرپۇش كەتتى.
بۇ ئىشدىن بىنىھايەت بولدى ناشاد،
دەر ئېردى: «روزگارىم كەتتى بەرباد.»
يىغىلدى مەسلەھەتدان زۇ فۇنۇنلار،
ھەمە دانىشۋەرى ساھىب ئورۇنلار.
دېدىلەر: «پادىشاھا، چەكمەگىل رەنج،
مۇنىڭغە سەرف ئېتەلى ئەندەكى گەنج.
تاپالى ھەم داغى بىر ئۇستە نەققاش،
كى بولغاي قىلسە نەقشى كۈن كەبى پاش.
بېرەلى نەچچە ئاتلاردا جەۋاھىر،
ئۆزىگە ئات قويۇپ ھىندۇيى تاجىر.
بەش - ئون چاكەر ئالىپ چىقسۇن بۇ يەردىن،
زىرىكمەي ئەزم قىلسۇن بۇ سەفەردىن.
نەچە بولسە جەۋاھىر سەرف قىلسۇن،
يۈرۈپ يول شەھرى مىنۇغە ئۇلاشسۇن.
بىر ئىش بىرلە كۆرۈشۈپ شاھ بىرلە،
داغى ئول بەھرەۋەرخان ماھ بىرلە.
كۆرۈشكەچ بىر نەچە كۈن سۆھبەت ئەيلەپ،
تاپىپ ۋەقتىنى بىر كۈن سۇرەت ئەيلەپ.
ئىجازەت بىرلە يانسۇن بۇ تەرەفكە،
كى يەئنى بارگاھى باشەرەفكە.
شۇبۇ سۇرەت بىلە شاھى جەھاندار،
مۇنىڭدەك كېچە - كۈندۈز بولماغاي زار.»
بۇ سۆز مەئقۇل ئولۇپ، ئەلقىسسە، خۇسرەۋ،
كۆلۈپ مەجلىس ئېلىگە سالدى پەرتەۋ.
دېدىكىم: «ئۇستە بىر نەققاش تاپسۇن،
خەيال بولماي دېرەكلەپ رەخش چاپسۇن»
مۇلازىملار چىقىپ ئىستەپ، دېرەكلەپ،
شەرەفنى ھەر بىرى ئۆزگە كېرەكلەپ.
بىرى بىر ئادەمىي كەلتۈردى ئول دەم،
قارارلارىكىم ئىمىش سۇلتانىغە مەھرەم.

ئاتى ئىردى ئانىڭكى بىنەزىرى،
ئۆزى شەھزادەنىڭ ئىردى ۋەزىرى.
ئەجايىب ئۇستە بىر نەققاش ئىردى،
ئۆزى شەھزادەگە سىرداش ئىردى.
ئەگەر نەقش ئەتسە ئول بىر جانۋەرنى،
فەراسەت ئىشلەتىپ ئەيلەپ ھۈنەرنى.
خەلايىق ئايتۇر ئىردى: «بۇ تىرىك قۇش»
ئۇچۇپ كەتمەي تۇرۇپدۇر پۇتلارى بوش؟!»
ئەگەر نەقش ئەتسە گاھى بىر نىمەرسە،
ئانى سۇرەت دىمەس ئىردى كىمەرسە.
زەمىنۇ ئاسماننىڭ سۇرەتىن ھەم،
قىلۇر ئىردى ھەيال بولماسدا بىردەم.
قاچانكىم ئالسە ئىلكىگە قەلەم ئول،
ئىشى تاپماي تۇرۇپ ئەسرارىغە يول.
ئانىڭكى سۇرەتىنى تارتۇر ئىردى،
ئانىڭدىن ھەم زىيادە ئارتۇر ئىردى.
ئەگەر بولسە قولىدا پارە ياپراغ،
ئاڭا سىغدۇرغاي ئىردى بىر چەمەن باغ.
ئەگەر بىر پارە كاغەز بەرسە ھەركىم،
مۇڭا نەقش ئەيلە دىسە يەتتە ئىقلىم؛
ئۇشۇل سائەت سىزار ئىردىكى، ھەيھات،
سىزالمايدۇر دىگەن بولغاي ئىدى مات.
ئەگەر كۆرسە ئۇ قىلغان نەقشىنى فاش،
قەدىم ئۆتكەن خوتەنلىك مانى نەققاش؛
خىجالەتدىن قەسەم قىلغاي ئىدى ئول،
كى «قويماي ئەمدى ھەرگىز نەقشگە قول»
مۇنى، ئەلقىسسە، كۆردى شاھزادە،
ئىنايەت ئەيلەدى ھەددىن زىيادە.
بۇ ئىشلارنى ئانىڭغە قىلدى ئىزھار،
بۇ ھەم خۇش بولدى بۇ خىزمەتكە بىسيار.
قىلىپ جابدۇغ ئالىپ بىرنەچچە گەۋھەر،
يەنە بىرنەچچە ساندۇق مۇشكۇ زەئفەر.
چىرايلىق ئات بىلە كىمخابۇ ئەتلەس،
مۇڭا تاپشۇردىلار، بۇ كەتتىلەر، بەس.
قىلىپ تەي نەچچە كۈن مەنزىل - مەراھىل،
دىيارى بەھرەۋەرگە بولدى ۋاسىل.
بار ئىردى ئاندا بىر باغى تەرەبناك،
ياشىل تونلۇغ ۋەلىينىڭ كۆڭلىدەك پاك.
يېتىپ ئول باغ ئىچىگە بولدى داخىل،
دەرەختىنىڭ تۈبىگە بولدى نازىل.
ئىدى بۇ باغ مەلىكە بەھرەۋەرنىڭ،
تاشىدا ئىردى ئەمما بۇ شەھەرنىڭ.
بۇكەلگەننى ئىشىتتى بارچە ئادەم،
ھەمە لەشكەرلەرى ھەم، پادىشەھ ھەم.
ئۇزۇن بولغان ئىدىكىم مۇندا ھەرگىز،
بىرەرمۇ سەۋداگەر قىلماپ ئىدى ئىز.
ئىشىتكەچ شەھ بەغايەت شاد بولدى،
جەمىئى قايغۇدىن ئازاد بولدى.
چىقاردى شول زەمان ئىككى ۋەزىرنى،
كۆرۈپ كەلمەك ئۈچۈن ئول بىنەزىرنى.
بۇلار يەتكەچ ئۇ ھەم بولدى نەمۇدار،
كۆرۈشمەك جامى بىرلە بولدى سەرشار.
بۇلارگە قىلدى ئۇلفەتلەر بەسى خۇب،
يەنە ھەر بىرگە سورغە بەردى مەرغۇب.
داغى شەھگە بىرىپ مەرغۇب سورغە،
مەتائى تاشىدا بىر ئاتى يورغە.
سەرئەفراز ئەيلەدى ھەددىن زىيادە،
بۇلار ياناماق ئۈچۈن قىلدى ئىرادە.
ئالىپ رۇخسەت بۇلار ئوردىغە كەلدى،
ھۇزۇرى خۇسرەۋى ۋالاغە كەلدى.
يانىپ كەلگەچ ئۇلار چۇن بارگەھغە،
دىدىلەر كۆرگەننى پادىشەھغە.
ئىشىتىپ بولدى خۇسرەۋ ئەسرۇ خۇررەم،
ئاڭا تۇشكۇن چىقاردى قوي بىلە يەم.
تاڭ ئاتقاچ پادىشەھ بولدى رەۋانە،
بارىپ باغ ئىچرە تىكتى شامىيانە.
ئىبەردى دەفئەتەن ئىككى ۋەزىرنى،
ئالىپ كەلمەك ئۈچۈن ئول بىنەزىرنى.
ئالىپ كەلدى بولار بولماي ھەيالى،
كۆتەرگەچ كەلدىلەر بىرمۇنچە مالى.

uyghurkitap.com

سەلام ئەتكەچ دۇنا قىلدى ئۇشۇل دەم،
كۆرۈشتى پادىشەھ بولدى مۇكەررەم.
مەتائى پۇربەھالار قىلدى تارتىق،
ئانىڭدىن پادىشەھ بولدى ئۇياتلىق.
بۇ ماللارنى كۆرۈپ ھەيرەتدە قالدى،
قەبۇل ئەيلەپ سەراسەر قولغە ئالدى.
داغىسوردى: «نە يەرنىڭ بۇلبۇلسەن،
قاياندىن كەلدىڭو كىمنىڭ گۇلسەن؟
بۇ يەڭلىغ ياخشى ماللار قايدا باردۇر،
جەھاندا يوق، نە يەڭلىغ بايدا باردۇر؟
ئاتىڭ نېدۇر داغى ئانى بەيان قىل،
بۇ يەرگە كەلگەنىڭنى ھەم ئەيان قىل.»
دېدى شەھغە:«يېرىم ھىندۇستاندۇر،
بۇ يەڭلىغ مال بىرلە گۇلستاندۇر.
ئاتىمدۇر بىنەزىرۇ ئىش تىجارەت،
قىلىۇرمەن دائىما ئالەم سەياھەت.
ئىشىتتىم شەھرىڭىزنى، داغى سىزنى،
نەسىبە كەلتۇرۇبدۇر مۇندا بىزنى.»
بولۇپ خۇش پادىشەھ ئىكرام قىلدى،
ئەدەتتىن تاشقارى ئىنئام قىلدى.
يانىپ شەھ ئوردۇسىدا تۇتتى ئارام،
ئىشىتتى بۇ خەبەرنى ئول دىلئارام.
ئىبەردى بىر كەنىزى گۇل بەدەننى،
يۈزى لالە، قەدى سەرۋى چەمەننى.
«ئالىپ كەل سەۋداگەرنى مالى بىرلە،
ئالىپ كەلگەن ھەمە ئەمۋالى بىرلە.»
كەنىزەك كەلدى ئايدي :«ئەي مۇسافىر،
مەلىكەم سىزنى دەيدۇر ئەيلە ھازىر.»
دېدى: «بۇ ئىلتىفات ئۇبدان بولۇپدۇر،
مېنىڭدەك تاش دۇرى ئۇممان بولۇپدۇر.
ۋەلېكىن يول يۈرۈپمەن، چۆل كېزىپمەن،
ماڭىپ يىلدام بۇ يولدا يەنجىلىپمەن.
بۇ كۈنچە مۇندا تۇرسام، ئەرتە بارسام،
مەلىكەم سۇھبەتىنى ئەرتە تاپسام.
ئەگەر ئەيلەپ مەلىكەم بۇ كەرەمنى،

يارۇتسە گۇل يۈزىدىن بۇ ئىرەمنى،
كېلىپ مەن خەستە قولنى ئەيلەسە شاد،
بولۇر قىلغان كەبى مىنىڭ بەندە ئازاد.»
كەنىزەك چۈن ئىشىتتى بۇ سۆزىنى،
يانىپ دەرگەھكە يەتكۈزدى ئۆزىنى.
ئىشىتكەننى تەمامەن ئەرز قىلدى،
مەلىكە بارماقىنى فەرز قىلدى.
كەنىزەكلەرنى ئالدى زىينەت ئەيلەپ،
داغى ئالدى خەزىنە ھىممەت ئەيلەپ.
كېلىپ باغ ئىچرە توشتى بىر تەرەفكە،
يولۇقتى بىنەزىرى بۇ شەرەفكە.
مەلىكەم پەردەدە، بۇ تاشقارىدا،
ھەمە چاكەرلەرى تۇردى نارىدا.
ئالىپ كەلدى مەتائى خۇش بەھالار،
ھەمە كىمخابۇ ئەتلەسلەر، تەۋالار
كۆرۈپ بولدى مەلىكە تۇرفە ھەيران،
«نە خۇش كەلمىش بۇ يەرگە ئۇشبۇ مېھمان.
يەنە بىر نەرسە قالغان بولسە كەلتۇر،
ئەگەرچە راستۇ يالغان بولسە كەلتۇر.»
دېدىكىم بىنەزىرى: «قالمادى مال،
ئالىپ كەلدىم ھەمە كىمخاب ئىلە شال»
كەنىزەكلەر دېدىكىم:«قالدى سەندۇق،
ئانىڭدىن ئۆزگە ئاندا ھېچ نېمە يوق.
مەلىكە ئايدى: «سەندۇق قانچەرەك بار،
ئالىپ كەلسۇن كۆرەيكىم، نې كېرەك بار.»
دېدىكىم بىنەزىرى: «ئول ئەمانەت،
ئىگەسىگە تەگۇرگۇمدۇر سەلامەت.»
دەپ ئېردىكىم «ئەمانەت» مەردى دانا،
مەلىكە: كۆرمەك ئۈچۈن بولدى شەيدا.
دېدىكىم: «بۇ سۆزۈڭنى ئاڭلاماسمەن،
قەسەم قىلغان بىلەن ھەم تىڭلاماسمەن.»
دېدىكىم بىنەزىرى: «ئەي مەلىكەم،
بۇ سەندۇق پادىشەھنىڭ قۇلغى مەھكەم.»
مەلىكە ئايدى: «يالغان بۇ بەھانە،
قەبۇل ئەتمەس بەھانە بۇ زەمانە.

www.uyghurkitap.com

بارىپ سەندۇقنى كەلتۈرگىل، يۈگۈرگىل،
ماڭا سەندۇقنى كۆرسەتكىل، قۇتۇلغىل.»
دېدىكىم: «بولسە ئانداغ بىر سۆزۈم بار،
كى بولسام سەندۇق ئاچقاندا ئۆزۈم بار.»
قەبۇل ئەيلەپ مەلىكەم دېدى: «مەقبۇل،
بارىپ سەندۇقنى كەلتۈركەلكى خۇش بول.»
ئالىپ كەلدى ئوشۇل دەم بىنەزىرى،
ئۆزىنى قىلدى سەكسەن ياشدا پىرى.
قارى كۆرگەچ مەلىكە بولدى خۇررەم،
دېدى: «ئولتۇر بۇ يەردە، قىلماغىل غەم.»
كىرىبان بىنەزىرى بولدى خامۇش،
مەلىكە يۈزنى ئاچقاچ بولدى بىھۇش.
يەنە ھۇشىغە كەلدى ئۇشبۇ سائەت
ئاران تۇختاتتى ئۆزىنى قىلدى تاقەت.
ئاچىپ سەندۇقنى كۆردى چۈن مەلىكە،
ئىچىدىن سۈرەتنى چىقتى سەلىكە،
ئەجەب سۈرەتكى گويا جانى باردۇر،
ئىچىدە بىر جەۋاھىر كانى باردۇر.
ئوشۇل سائەت مەلىكە بولدى ئاشىق،
دېدى «بەلگۈردى گويا سۇبھى سادىق.»
دېدى: «بۇ قايسى ئادەم سۈرەتىدۇر،
ئىچىدە ئىككى ئالەم سىيرەتىدۇر؟»
دېدى مېھمان: «بۇ سۈرەتنىڭ ئىگەسى،
ئۆزى شەھزادەدۇر خۇسرەۋ بالاسى.
ئۆزى خۇش خۇيۇ زەررىن تاجۇ ئاقىل،
جەۋانمەردۇ سەخاۋەت پىشە كامىل...»
مۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ كۆپ قىلدى تەئرىف،
جەھاندا قالمادى بىر زەررە تەۋسىف،
دېدى: «ئەمدى بۇ سۈرەتنى ماڭا بەر،
بېرەي گەۋھەر، جەۋاھىر بىرلە كۆپ زەر.»
دېدى مېھمانىكى: «باشدا ئايمادىمۇ،
ئەمانەت پادىشەھغە دېمەدىمۇ؟»
دېدى: «يالغان دېمە، ئېرمەس ئەمانەت،
كىم ئانداغ سۆز بىلە چەكمە مەلامەت.

بۇ بولسە پارە كاغەز ئېچرە سۈرەت،
قاچان بولغاي ئۇلۇغ شەھغە ئەمانەت؟»
دېدى مېھمانىكى: «بىنگالە زەمىندە،
ئۇلۇغ شەھزادەئى باردۇر يەقىندە.
ئانىڭ بىر ياخشى سۈرەت دۇختەرى بار،
ئەجايىپ نۇرى ئوتلۇغ ئەختەرى بار.
مۇڭا غەيبانە ئاشىق بولغان ئېركەن.
ئىچىگە ئىشتىياقى تولغان ئېركەن،
بۇ سۈرەتنى ماڭا شۇل بۇيرۇغاندۇر،
سىرىن ئايتىپ بەغايەت يىغلاغاندۇر.»
مۇنى ئاڭلاپ مەلىكە رەشكى كەلدى،
كۆزىدىن بىنىھايەت ئەشكى كەلدى.
دېدى: «بارمە ئويان، سۈرەتنى بەرگىل،
مۇنىڭ ئورنىغە بىھەد ئالتۇن ئالغىل.»
ئەلاھازا بېرىپ تۈرلۈك جەۋاھىر،
ئالىپ سۈرەتنى ئاندىن بولدى سابىر.
بۇيان چىقتى ئۇ يەردىن بىنەزىرى،
مەلىكەنى تۇتۇپ ئېردى زەمىرى.
ئوشۇلدەم چەكتى بىر سۈرەت ئەجايىب،
مەلىكە سۈرەتى بولدى غەرايىب.
ئىجازەت بىرلە پات فۇرسەتدە ياندى،
كېلىپ شەھزادە ۋەسلىگە ئۇلاندى.
ئالىپ سۈرەتنى قويىندىن ئوشۇل ھال،
جەھاندار ئالدىدا قويدى بولۇپ لال:
بولۇپ شەھزادە بۇ سۈرەتكە ۋاسىل،
بۇ ۋەسل ئولغاچ قولىدىن كەتتى ھاسىل.
ئاڭا ئىنئام قىلدى بىنىھايەت،
بۇ سۈرەت بىرلە كۆزلەپ ئىستىراھەت.
ھەمىشە يىغلار ئېردى ئاھ تارتىپ،
جەھاندىن بىخەبەر، سۈرەتكە باقىپ.
كەل، ئەل ساقى، نىگارىم تاپتى سۈرەت،
تۈزەلى ئەمدى مەيدىن بەزمى ئۇلفەت.
ماڭا بىر جام تۇت ئەيلەپ ئىنايە،
ئېچىپ ئەيلەي ھۇزۇرىدا ھىكايە.

ئەلام دەشتىدە پۈيە ئۇرغان تالىبى سادىقلار ئىبارەت سۈرەتىدىن مەتلۇب تەرەپكە يول تاپقۇچ ئەقلى كامىل هاسىل قىلغانلىك ئەكسىدە شەهزادەكى جەهاندار ئىشق بەيابانىدا تەپىدە ئەيلەپ، سۈرەت ئىشارەتىدىن مەهبۇب سارىغە يول ئىستەپ، جۇنۇنى شامىلغە ۋاسىل بولغانى ۋە بۇ ۋىسالى ئەدىمۇل - ئەغلال فىراقى تەلەبىدە ئىدتقالانى شەككەرىن مەقال ساهىب كەمالىنىڭ خاتۇنانى سەبىمۇل - جەمال قەبىزىل - ئەهۋال بىۋەفالىغى ۋە مەكرى هىيلەسى مۇزەممەتىدەكى هىكاياتى ئايىنە تىمسالىغە قايىل بولغانى

بۇ دۇر بەهرىگە چۆمگەن چۈست غەۋۋاس،
بۇ سۆز قەسرىگە كىرگەن شوخ رەققاس.
چىقىپ ساهىلغە ئەيلەپ دۇرفىشانلىغ،
بۇ يەگلىغ ئەيلەدىشىدۇر نۇكتەدانلىغ.
كىم ئۇل ۋەقتىكى ئۇل نەققاسى پۇرفەن،
چىقاردى قوينىدىن سۈرەتنى رەۋشەن.
كۆرۈپ شەهزادەنىڭ تەبەسسۈمى ئاچىلدى،
ئاچىلغان غۇنچەسى گۇلدەك ساچىلدى.
كى سۈرەت يوقلۇغىدا گاهى - گاهى،
ئىدى ئەيۋانى سۇلتانلىغ پەناهى.
قاچانكىم بولدى پەيدا ئۇشبۇ سۈرەت،
جۇنۇنلۇغ لەشكەرىدىن تۈزدى شەۋكەت.
كىرىپ فەرهاد يەگلىغ دەشتى هامۇن،
ۋەزىرى ئىردى ئاقىل ئاندا مەجنۇن.
كۆزى گىريان، ياقاسى چاك دائىم،
يىمەك - ئىچمەك يوق ئىردى دەهرى سائىم.
قاراپ سۈرەتكە ياد ئەيلەپ سەنەمنى،
دەر ئىردى هەجرىدىن كۆرگەن ئەلەمنى.
چىكەر ئىردى دەما دەم ئاهۇ ئەفغان،
كۆزى جەيهۇنى ئىردى قىپقىزىل قان.
بۇ يەگلىغ مۇزتەرىب، دىۋانە ئىردى،
كى بارچە ئاشنا بىگانە ئىردى.
ئاتا بىرلە ئانادىن هەم گۇرىزان،
خەيالى دائىما كەزمەك بەيابان،
ئاتا ناشاد ئىدى، غەمگىن ئاناسى،
تويۇپ ئۆز جانلارىدىن ئىككىلاسى.
جۇنۇن دەفئىگە ئىستەر ئىردى دارۇ،
بۇ دارۇ نەفئى قىلماس ئىردى بىر مۇ.
ئىبەرتىپ هەر تەرەفكە نەچچە ئادەم،
دىرەكلەپ بىر مۇئالىج دافئى غەم.
هەكىمانى خىرەد ئاگەه بولۇپ جەمئ،
كۆڭۈل فانۇسى ئىچرە يارۇتۇپ شەمئ.
تۆكۈلدىلەر بۇ مەهزۇنىنىڭ باشىغە،
كىيىكلەردەككى مەجنۇنىنىڭ باشىغە.
ئىلاج ئەتمەككە ئولدىلار تەلەبكار،
بولۇپ هەرقايىسى بىر هىكمەتكە سەركار.
تولا كۆرسەتتىلەر تەدبىرى سايىب،
كى هەر تەدبىرى ئەفلاتۇنغە نايىب.
بۇلار قىلغانچە تەدبىرى ئىلاجىن،
ئالۇر ئىردى جۇنۇن ئىدراكى باجىن.
بولۇر ئىردى جۇنۇن هەردەم زىيادە،
كى دىل لەۋهى خىرەددىن ئىردى سادە.
ئىلاجى ئولغاچ ئۇل بىمكەسكە ئازار،
دەمادەم ئارتار ئىردى ئاه ئىلەزار.
بولۇپ دەرماندە بارچە يىغىدىلار قول،
تاپائالماي ئىلاجىغە ئانىڭ يول.
كېلىپ ئەرز ئەيلەدىلەر شەهغە ئانى
بولۇپ نەۋمىد ئۇل جەمشىدى سانى.
دېدى ئەركانى دەۋلەتكە ئۇشۇل دەم:
«قالۇرمۇ تا ئەبەد كۆڭلۈمدە بۇ غەم.
نە بولغايكىم ئىلاجى تاپساڭىزلار،
كۆڭۈل گەنجىنەسىگە باقساڭىزلار.
كى شايەد بىر دەۋايى چىقسە ئاندىن،
بولۇپ غەمسىز ئۆتتۈپ كەتسەم جەهاندىن.»

www.uyghurkitap.com



مۇنى ئاڭلاپ ھەمە خاسانى دەرگاھ،
دېدىلەر: ياخشى بولغاي، ئەي شەھەنشاھ.
ئېرۇر بىر مەسلەھەت بىزلەرگە مەنقۇل،
ئۈمىد ئولدۇر، ئىلاج ئولغاي مۇڭا شول.
كى تۈزسەك مەجلىسى خۇرشىد يەڭلىغ،
بولۇپ ھەزرەتلەرى جەمشىد يەڭلىغ.
بولۇپ ئولتۇرسالار مەجلىسكە ساھىب،
تۈزۈلسە بەزمى ئەسبابى غەرايىب،
قىلىپ شەھزادە ھەم تەخت ئۆزرە ئىجلاس،
چىقارسە كۆڭلىدىن ھەر تەرزى ۋەسۋاس.
يىغىلسە ئاندا شىرىن نۇكتە دانلار،
دېسە خاتۇن كىشىلەردىن بەيانلار.
دەۋبان مەزلۇمەلەرنى ناقسۇل ـ نەقل،
بۇ يەڭلىغكىم قىلۇر ھەر قايسى چۈن نەقل.
مۇزەممەتلەر بىلەن ئەيلەپ مۇرەككەب،
ھىكايەتلەر بەيان قىلسە مۇئەججەب.
جەھاندا ھەر يامان ئىشكىم ئۇلاردىن
ئۆتۈبدۇر، بىرنى ئۇن قىلسە شۇلاردىن.
داغى قىلغان ئىپسە ھەر قايسى مەزلۇم،
كۈيەۋسىگە يامانلىغلار، بولۇپ شۇم.
بەيان ئەتسە ئانى ئەيلەپ مۇبەرھەن،
ئىشىتسە شاھزادە ئانى رەۋشەن.
بولۇپ شايەد مۇئەسسەر ئول ھىكايەت،
ئەجەب يوقتۇركى گۇم بولغاي بۇ ئافەت.»
بولۇپ خۇسرەۋگە بۇ فىلجۇملە مەنقۇل،
نەكىم مەزكۇر بولدى ئەتتى مەفئۇل.

## ئەۋۋەلقى ھىكايەت

دېدى ئەۋۋەل نەدىمى نۇكتە پەرداز،
تۆكۈپ گەنجىنەئى دىلدىن دۇرى راز.
بۇ يەڭلىغكىم بۇرۇن ئۆتكەن زەماندا
بار ئېركەن بىر جەۋانى بۇ جەھاندا.
سەخاۋەتلىك، چىرايلىغ ھەم خىرەدمەند،
مەئىشەتلىك، قۇۋۋەتلىغ ھەم ھۇنەرمەند.
كەمى گۇم بارچە ئەسبابى جەھاندىن،
يۈز ھەسسە كامران ھەر كامراندىن
ئالىپ ئېردى ھۈزۈر ئىستەپ جەمىلە،
كى ئېردى ئول جەمىلە بىنتى ئەممە.
جەۋان ئېردى ئاڭا بەھەد گىرىفتار،
ئانىڭسىز بۇ جەھاندىن ئېردى بىزار.
ئىدى ئاشىق بۇ خاتۇن ھەم بەغايەت،
ئانىڭسىز بولماس ئېردى جان كىفايەت.
تىرىكلىك لازىمىكىم چارۇ ناچار،
ئېرۇر ئادەمكى بار ئەلبەتتە دەركار.
چىقار ئېردى جەۋان ناچارلىقدىن،
ۋەلې يانغۇنچە ئول بازارلىقدىن.
ئاقىتۇر ئېردى كۆزدىن سەيلى ئەشكىن،
بۇ خاتۇن ھەم ئانىڭدىن ئېردى غەمكىن.
يىلۇر ئېردى خەلايىق ھەم بۇ ئەسرار،
بۇلارنىڭ ھېچ قايسى ئەتمەي ئىزھار.
مەھەلله كويۇ شەھر ئەھلىگە پىشە،
بۇ ئىككەۋدىن بەيان ئېردى ھەمىشە.
ئەگەر ئىككى كىشى تاپسە رىفاقەت،
بۇئىككەۋدىن ئىدى نەقلى ھىكايەت
يولۇقسە ھەرقايان كۆزگە ئەگەر كۆز،
دېيىشمەس ئېردىلەر مۇندىن بۆلەك سۆز.
كى «ھەركىم بولسە ئەر ـ خاتۇن جەھاندا،
بۇلار يەڭلىغ بولۇپ يۈرسە زەماندا.»
جەۋانغە بولغان ئېردىكىم بۇ ئادەت،
شىكارى گوشتىدىن تاپماق ھەلاۋەت.
بارۇر ئېردى گەھى سەييادلىقغە،
شىكار ئەتكەچ بولۇر دىل شادلىقغە.
بار ئېردى ئاندا بىر فاسىق بەد ئەختەر،
ئىدى ھاكىم ۋىلايەتغە، بەرادەر.
قەزارا بۇ جەۋان بىرلە يولۇقتى،
مۇھەببەتدىن تولا گەپلەرنى سوقتى.
ئىكەۋلەن دوستلۇقغە قىلدىلار ئەھد،
قىلىشىپ كۆڭۈل ئالماقغە بەسى جەھد.
كېلىش ـ بارىش تولا بولدى ئارادا،
داغى ياد ئەيلەمەكلىكلەر دۇئادا.

ھەممىشە مەي ئىچىشمەك، ئاۋغە چىقماق،
ئىشى يوق بولسە شول سائەت ئاپىشماق،
كۆلى ئول بەدگۆھەر خاتۇننى كۆردى،
كۆزى كۆرگەن زەمان كۆڭلى يۈگۈردى.
فەراموش ئەيلەدى ئول ئاشنالىق،
كۆرۈندى ياخشىراق ئاندىن جۇدالىق.
تاپىپ بىر ھىيلەگەر كەمپىرى بەدبەخت،
بېرىپ بىر نەچچە تەڭگە ئەندەكى رەخت.
قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى ئىزھار،
دېدىكىم: «ئەي موما، ۋەقتىن تاپىپ بار.
بارىپ يەكسەر مېنىڭ ھالىمنى ئايغىل،
بىر ئىش قىلغىل دىلىغە يىگنە سايغىل.»
ئىدى كۆپ ھىيلەگەر ئول بەختى ۋاژۇن،
بۇزۇغلەرغە ئىدى گوياكى قانۇن.
بارىپ دېدى ھەمە گۇفتارلارنى،
بەيان ئەتتى ھەمە ئەسرارلارنى.
بۇ خاتۇن ئىڭشاماي ئۆتتى نەچە كۈن،
دېمەدى ھەم داغى كىمدۇر ئۆزى چۈن.
تولا تەكرار ئېتىپ ئازغۇردى ئاخىر،
ئۇشۇل دەللالەئى بەدبەختى كافىر.
ئانىڭ ئۆچۈنكى خاتۇنلار خەمىرى،
ۋەفانىڭ رەڭگىدىن خالى زەمىرى.
قەبۇل ئەيلەپ بويۇن سۇندى بۇ ئىشغە،
دېدى: «كىرسەم كىرەي ئۇشبۇ رەۋىشغە.»
بۇ سۆز بىرلە كۈيەۋ ھەققىن ئۇنۇتتى،
تاپىپ خىلۋەت ئاڭا ئۆزنى تۇتتى.
قاچان بولسە كۈيەۋ بىرلەھزە غايىب،
ئانى ئەيلەر ئىدى ئورنىغە نايىب.
مۇنىڭدەك ئۆتكۈزۈپ كۆپ كۈنلەر ئۆتتى،
ھەددىسى لەيلىيۇ مەجنۇنلار ئۆتتى.
قەزادىن ئول جەۋان سەھراغە باردى،
كىيىك قوغلاپ يۈرۈبان ئاتى ھاردى.
ئۇزاق ئېردى ئاراسى ئۆز ۋەتەنگە،
يۈرۈپ سەير ئەيلەدى بىردەم چەمەنگە.
يانىپ كەلمەك ئىلاجىنى قىلالماي،
بۇ سەھرادا داغى توختاپ تۇرالماي.
قېيىن ئاتا ئۆيىنى قىلدى مەنزىل،
بۇ كەلگەندىن ئۇلار ھەم بولدى خۇش دىل.
ئالىپ كەلگەن ئىدى بىر نەچچە سەيدى،
قىلىپ بىسمىل قازاندا ئەتتى قەيدى.
ئالىپ قالدى داغى بىر پارەئىنى،
نەسىبى ئول جەلەب مەككارەئىنى.
پىشىق گوشت ماھەزەر بىرلە كېتۈردى،
جەۋان باقماي ئاڭا خاموش تۇردى.
بۇلار دېدىكى: «ئەي فەرزەندى دىلبەند،
غىزا يەپ ئولتۇرۇڭ خۇررەمۇ خۇرسەند.
مەگەر بىزدىن گۇمانى بەد قىلۇرسىز،
يېمەي ھېچ نەرسە خاموش ئولتۇرۇرسىز.»
جەۋان دېدى: «گۇمان يوقتۇر سىلەردىن،
كېلىپمەن ھالى بىر مەنزىل سەفەردىن.
داغى ئاددەت قىلىپدۇرمەن ھەممىشە،
بىبىي بىرلە غىزا قىلماقنى پىشە.
ئۇ يوق يەردە غىزا ھەرگىز يېمەسمەن،
كىشىگە قارنىم ئاچتى ھەم دېمەسمەن.»
مۇنى ئاڭلاپ بۇلار كۆپ بولدى خۇررەم،
ئۆزىگە تەكيە بەردى ئاتىغە يەم.

ئىشىت ئەمدى ئۇيانى خاتۇنىدىن،
ئۆتۈپ ئېردىكى خۇفتەن ئول تۈنىدىن.
يەقىن بىلدىكى كەلمەس ئەمدى ئول ئەر،
ئىچىدىن باش چىقاردى فىتنەئى شەر.
غەنىمەتدۇر بۇ دەم تەدبىر ئەيلەي،
بۇ ئاچ نەفسىمنى دائىم سىير ئەيلەي.
ئىبەردى ئويناشىغە ئۇشبۇ پەيغام،
كى «ياتىر كەلگىل غەنىمەتدۇر بۇ ئاقشام.
ئالىپ كەل ئارغۇماقى خۇش خەرامى،
سېنىڭدۇر ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ تەمامى.»
مۇنى چۈن بىلدى ئول بەدبەختى مەلئۇن،
بۇ سەۋدادىن ئىدى كۆڭلى ئارا خۇن.
توقۇپ بىر ئارغۇماقى باد رەفتار،
يېتىپ كەلدى بولۇپ قاچماقغە تەييار.

www.uyghurkitap.com

چۈ كۆردى ئانى بۇ بەد ئەسلى لەفچەن،
چىراغ ياقىپ ئۆيىنى قىلدى رەۋشەن.
ئالىپ بىر باغ ئوتۇن بىرلە گۇگۇتنى،
ئىمارەت ئارقاسىدىن ياقتى ئوتـنى.
تۇتاشقاچ ئوت ئىمارەتكە بەيەكبار،
قوپۇپ فەريادلار قىلدى بۇ ئەييار.
كى «ئەي خادىم، كەنىزەكلەر كىنىزەكلار،
بۇ ئۆيگە ئوت تۇتاشتى سۇ سىپىڭلار.»
مۇنى دەپ چىقتى ئۆيدىن تاشقارى ئول،
مىنىپ ئات ئۆزرە ماگماي كۆزلىدى يول.
ھەرامزادە سىيەھ بەختۇ تىببەھكار،
ياپۇشتى ئارقاسىغە دانەئى كار.
يۈرۈپ مۇندىن بۆلەك شەھرىگە كەتتى،
چالا قالغان ئىشىنى ئاندا ئەتتى.
بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرسۇن، ئەي بەرادەر،
قىلاي ئەمدى جەۋاندىن سۆز مۇقەددەر.

تالڭ ئاتقۇنچە بۇ بىچارە ۋەفادار،
جۇدالىقدىن چېكىپ ئەفغان، بولۇپ زار.
سەھەرلەپ خۇبلاشىپ ئۆيىگە ياندى،
يەقىن يەتكەنىرى بىھەد قوۋاندى.
يېتىپ كەلدى ئۆيىگە بولدى داخىل،
ئەمەس تامدىن بولەك ھىچ نەرسە ھاسىل.
يىغىلدى بارچە قوللار ھەم كەنىزەك،
چىرايى بارچەسىنىڭ رەئفەراندەك.
خەبەر سوردى ئۇلاردىنكىم: «نە بولدى،
نە بائىسدىن بۇ ئۆيگە ئوت قويۇلدى؟»
بۇلار بىلگەنلەرىنى ئەيلەدى فاش،
جەۋاننىڭ كۆزىگە پۇر بولدى قان - ياش.
«خانىكەگلەر قەنى؟» دەپ سوردى، ئىرسە،
خەبەر ئايتالمادى ئەسلا كىمەرسە.
جەۋان قىلدى گۇمان، ئوتغە تۇشۇپتۇر،
خەبەر ئالماي كىشى ئوتدا كۆيۈپدۇر.
كىرىپ ئاختاردى كۆلنى بىنىھايەت،
ئەسەر تاپماي مەلال ئولدى بەغايەت.
تەفەككۇر قىلدى بىرلەھزە سالىپ باش

دېدى: «گەر كۆيسە ئىردى ئوت ئارا فاش،
ئەسەر بولغاي ئىدى ئەلبەتتە ئاندىن،
كۆل ئىچرە پارە - پارە ئوستىخاندىن.
ھىچ ئىرمەسكىم تاپىپ فۇرسەت غەنىمەت،
تاپىپ مەندىن بۆلەكرەك ئەرنى ئۇلفەت.
مۇنىگدەك پىتنەنى قوزغاپدۇر ئوخشار،
مېنىڭ پەردەمنى ئەلگە ئاچقان ئوخشار.»
مۇنى دەپ دەرمەھەل ئەزم ئەتتى ئاندىن،
خەبەر سوردى دەما دەم ئول ياماندىن.
دېدى ئادەملەردىكىم: «نىسفى شەبدە،
يوق ئولدى، بىلمەدۇك، قايسى تەلەبدە.»
جەۋان بىلدىكى ئىش مۇنداغ ئىكەندۇر،
مىنىپ ئاتىغە بەردى قامچىدىن زور.
يۈرۈپ ئۈچ كۈن كۆرۈندى بىر دىيارى،
ئاتىنى چاپتى، يۈردى شەھەر سارى.
يەنە ئۈچ كۈن يۈرۈپ سوردى خەبەرلەر،
مەھەللە، كويۇ بازارۇ گۇزەرلەر.
ئىدى تۆرتۈنچى كۈن بىر ھەۋلى كۆردى،
بۇ ھەۋلىغە ئەجەب كۆڭلى يۈگۈردى.
كىرەلمەي دەفئەتەن ئارام ئالدى،
يىراقدىن كۆزىنى ھەۋلىغە سالدى.
كۆرەركىم بىر زەئىفە چىقتى ئاندىن،
ئانىڭدىن سوردى بۇ سۆزنى گۇماندىن.
كى «ئەي ئايلە، فەلان خاتۇن قاياندا؟»
دېدى ئول: «ئويناشى بىرلە ئۇياندا.»
«كىرىپ ئايتىڭ كېلىپدۇر ئىردىڭىز، دەپ،
مۇنىڭدىن تاشقارى قىلماڭ يەنە گەپ.»
كىرىپ ئايدى: «خانىم، گەپ ئۇشبۇ، ئۇشبۇ.»
مۇنى ئاڭلاپ قارادى ئولمۇ ئۇترۇ.
كۆرۈپ ئانى چىرايى بولدى زەئفەر،
دېدى ئويناشىغە: كەلمىش مانا ئەر.»
كۆرۈنگەچ بۇ سەراسىم بولدى ئىككەۋ،
دېدىلەر: «نې قىلۇرمىز، ھىيلەئى نەۋ.
قاچالى ئارقەدىن قالسۇن ئۇ يەردە.»
مۇنى دەپ مىندۈرۈپ بىر ئاتى جەردە.

ئىكى ئادەمنى قوشتى ئول جەلىپكە،
بەلا كەلسە قۇتۇلغاي، دەپ سەبەبكە.
جەۋان چۈن سائەتى ئول يەردە تۇردى،
كۆڭۈلگە بىر گۇمانى شۇئىلە ئۇردى:
«مۇبادا بولماغاي داغى يەنە يول،
ئانىڭ بىرلە چىقىبان قاچماسۇن ئول.»
يۈگۈردى ئارقاغە قىلماي تەۋەققۇف،
چۇ كۆردى خاتۇنىن قىلدى تەئەسسۇف.
شامال يەڭلىغ كېلىپ يەتتى ئوشۇل دەم،
سالىپ خەنجەرنى ئۆلتۈردى بىر ئادەم.
مۇنى كۆرگەچ بىرى قاچتى بەيابان،
كېلىپ ئات چولبۇردىن تۇتتى شىتابان.
كۆرەكىم ئول جەلابى بىۋەفادۇر،
دېدى: «ئۆلتۈرمەكىم ئەمدى رەۋادۇر.»
ئالىپ يۈردى ئۇ يەردىن توختاماي بەس،
ياشۇنۇپ قالدى ھويلىدا ئۇ ناكەس.
جەۋان كەلگۈنچە بىر باغىغە يەتتى،
دىلىدىن ئەندەكى قورقۇنجى كەتتى.
خەيال ئەتتىكى: «بارماي ئۆيگە ھالا،
كى بولغاي ئۇشبۇ ئىش ئەلگە ئەلالا.
بۇلاي بىر تەرزى بىرلەن داخىلى شەھر،
كى ئەل ئاڭلاپ بۇ ئىشدىن ئالماسۇن بەھر.»
دەبان باغ ئىچرە ئالىپ كىردى ئانى،
تۇشۇپ بىر كۇنجىدە تاپتى ئەمانى.
ۋەلې يول رەنجىدىن بىچارە مىسكىن،
ئاڭا گەپ قىلمادى ئولتۇردى غەمكىن.
ئۆتۈپ ئەندەك مەھەل ناگەھ قەزادىن،
يېتىشتى ئۇيقۇنىڭ مۇرغى ھەۋادىن.
ئۇ يەردە ئۇيقۇغە باردى ئوشۇل دەم،
ئىدى ئول بىۋەفانىڭ ئىلكى مەھكەم.
ئىلاجىن تاپمايىن ئولتۇردى خامۇش،
ۋەلى بولماس ئىدى ئويناش فەراموش.

ئىشتىكىل ئەمدى ئول ئويناشىدىن سۆز،
ئول ئۆينىڭ ئارقەسىغە سالدى چۈن كۆز.
كۆرەركىم ئادەمىنىڭ بىرىسى ئۆلمىش،
بىرى جانانەسى بىرلە يوق ئۆلمىش.
قالىپ ھەيران بولۇپ ھەددىن فۇزۇن ھال،
سەۋار ئولدى ئاتىغە يۈردى فىلھال.
يەتىپ كەلدى بۇ باغقە ئول قارا يۈز،
يىراقدىن باغ ئىچىگە تاشلادى كۆز.
مۇنى كۆردىكى فۇرسەتدۇر غەنىمەت،
ئاتىن باغلاپ قويۇپ كىردى شۇ فۇرسەت.
قولىغە تىغ ئالىپ سالغاي جەۋانغە،
ئۇنۇتتۇرغاي ۋۇجۇدىنى جەھانغە.
دېدى خاتۇنى بەد ئەختەر جەفاكىش،
«ھەلى لازىم ئەمەس، تۇرغىلكى، بۇئىش.
كى مۇنداغ ئۆلسە، ئاسان ئۆلگۈسىدۇر،
ئۆلۈم بىرلە فەراغەت كۆرگۈسىدۇر.
بىرەر دەم ئولتۇرۇپ ئىشرەت قىلالى،
ئانىڭدىن سوڭرە كۆپ كۇلفەت قىلالى.
ئۇقۇبەتلەر قىلىپ بىھەددۇ پايان،
جەھەننەم سارىغە ئەيلەپ شىتابان.
يانىپ ئۆز مەنزىلىمىزغە كېتەلى،
بارىپ ئۇئەرى ئەبەد ئىشرەت ئېتەلى.»
مۇنى دەپ ئويغاتىپ باغلاپ ھەماندەم،
دەرەختىگە ئاسىپ بەركىتتى مەھكەم.
پۇتىنى يوقارى، باشىن تۆبەنگە
قىلىپ، ئالدىدا ئولتۇردى چەمەنگە.
ئىچىشىپ مەسىت ئولۇشۇپ شاد بولدى،
جەمىئى قايغۇدىن ئازاد بولدى.
گەھى بويىنىن قۇچاغلاپ بىر - بىرىنى،
ئارتىپ بىر - بىرىنىڭكى تېرىنى.
سۆيۈشۈپ گاھى - گاھىدا پەيا پەي،
بىرى بىرگە تۇتۇشۇپ جام ئىلە مەي.
قىزىدى مەي ئوتىدىن چۈن دىماغى،
تولۇپ تاشتى چۇ شەھۋەتنىڭ ئاياغى.
ئوشۇل دەم بولدى ئۇريان ئىككى بەدكار،
ھەرام ئىشنى بىر - ئىككى ئەتتى ئىزھار.
جەۋان باغلاق ئۆچۈن بىچارە ئېردى،
يىرەكى بۇ ئەلەمدىن پارە ئېردى.

www.uyghurkitap.com



ئۆزىگە ئايتۇر ئىردىكىم: «مەنى شۇم،
نە يەكىلىغ بىر گۈنەھ قىلدىمكى مەئلۇم.
ئۆزۈمدىن بىر يامان ئىش سادىر ئولمىش،
كى بۇ قىسمى جەزايىم زاھىر ئولمىش.»
بەناگاھ مەستلىغدىن ئول قارا يۈز،
كېلىپ ئۇيقۇسى، يۇمدى ئۇيقۇغە كۆز.
ئانىڭ ئارقاسىدىن ئول تىيرە ئەختەر،
داغى ئۇيقۇغە مەيىل ئەتتى باسىپ يەر.
بۇ ئەسنادا جەۋانى غەمغە مەرھۇن،
كۆزىدىن ئاقىزىپ دەريا كەبى خۇن.
خۇداغە كۆڭلىدە راز ئايتار ئىردى،
مۇنى ھەم كۆڭلىدە ئاز ئايتار ئىردى.
تۇشۇپ كەلدى بەناگاھ يۇقارىدىن،
يىلانىكىم ئۇزۇنراق بەش قارىدىن.
كېلىپ چىرماشتى ئەۋۋەل نەۋ جەۋانغە،
جەۋان دېدى: «ئەجەل كەلدى بۇ جانغە».
ئۆتىزىپ سائەت ئانىڭدىن يەرگە تۇشتى،
كېلىپ ئول تىيرە ئەختەرگە ياپۇشتى.
تۇرۇپ سائەت كۆزىن قاتىغ ئالارتىپ،
يەنە يەر ئۈستىگە سەكرىدى قايتىپ.
كېلىپ مەي شىشەسىگە قۇستى كەتتى،
ئۆزىنىڭ جايىغە بىردەمدە يەتتى.
بۇ كەتكەندىن كېيىن ئول شۇم مەلئۇن،
كۆزىنى ئاچتى، قوپتى تىيرە مەزمۇن.
قولىغە شىشەنى ئالدى بەيەكبار،
ئىچىپ بولماي ھەيال ئۆلدى نىگۈنسار.
جەھەننەم سارى يۈز كەلتۇردى جانى،
بۇ كەتتى ئارقەدىن ئويغاندى خانى.
قوپۇپ باقتىكى بەختى يۈز ئۆگۈرمىش،
كۆرۈپ يىغلادى بىر سائەتچە مىش ـ مىش
ئانىڭ ئۆلگەنىگە كۆپ بولدى ھەيران،
بۇ ھەيرانلىق بىلە كەلدى شىتابان.
ئالىپ يولداشى تىغىنى قولىغە،
قاراپ تۇردى كۆيەۋىسىنىڭ يولىغە.
يەقىن كەلدىكى ئۆلتۈرگەي كۆيەۋنى،
يوق ئەتكەي بۇ جەھاندىن بۇ ئىكەۋلنى.
جەۋان بىچارلىكىدىن ئەيلەدى زار،
دېدىكىم: «ئەي خېنىم، مەنمەن گۈنەھكار.
نېچۈك قىلساڭ مېنىڭ يوقتۇر ئىلاجىم،
ئەسىردىڭمەن بۇ كۈن، ئەي تەختۇ تاجىم.
يەقىن بىلدىمكى سەندە ھېچ گۈنەھ يوق،
مەلامەتدىن ساڭا ئاتمايكى مەن ئوق.
مېنى ئۆلتۈرگەنىڭنىڭ نەفئى يوقتۇر،
رەفىقىڭ ئۆلگەنىنىڭ دەفئى يوقتۇر.
تىرىك بولسە ئىدى، ئەي، كاشكى ئول،
ساڭا ھەر نەرسە قىلساڭ ئىردى مەئقۇل.
مېنى قويغىل، ھەيات ئولسامكى مەن بەئد،
قىلاي بۇ سىرنى ئاچماسلىققە مەن ئەھد.»
تولا يالباردى، ئەلقىسە، بۇ بىكەس،
يېتىشىپ قويدى ئانى بەدبەختى ناكەس.
ئىكەۋلەن كەلدىلەر شەھر ئىچرە ئول ھال،
بۇ ئىشدىن ھېچ كىشىگە سىزمەدى قال.
بۇ ناكەس بىۋەفانى تاشلاپ ئاتتى،
مۇنى تاشلاپ ئۆزى بىر يەرگە كەتتى.
بارىپ بىر تاغدا كۈنجى تۇتتى تەنھا،
خەۋاتىن سارىغا باقمادى ئەسلا.
ئىبادەت سەرفى قىلدى ئۆمرى باقىن،
ھەمە خاتۇنكى بار بەردى تەلاقىن.

كى ئەي شەھزادەئى ئەۋرەڭگى ئىززەت،
جەھاندا ئەيشۇ ئىشرەت كۆپ غەنىمەت.
مونىڭدەكدۇر ھەمە خاتۇندە ئەھۋال،
ئىشىتتىڭ، بولماغىل ئەمدى بۇ مىنۋال.
سېنىڭ يارىڭمۇ ھەم خاتۇن كىشىدۇر،
ۋەفا قىلماسلىغ ئەلبەتتە ئىشىدۇر.
ئۇلارنىڭ رەڭگىدە بويىي ۋەفا يوق،
ۋەلي لەۋھىدە ھەم نەقشى سەفا يوق.
ئەگەرچە سۇرەتىدە سىرۋ رەڭدۇر،
قوناغلىق ئىچرە پىشقان بىر شەرەڭدۇر.
تۇگەندى بۇ ھىكايەت ئۇشبۇ سۇرەت،
ئاغىز ئاچتى يەنە بىر پاك سىيرەت.

## ئىككىنچى ھېكايەت

ئايا شاھى جەھاندارا، ئىشىتكىل،
ئەدەب بىرلە سۆز ئايتۇرمەنكى بىلگىل.
قىلاي ئۆز كۆرگەنىمدىن بىر ھېكايەت،
ئۈمىد ئولدۇركى بۇ قىلغاي سەرايەت.
رەفىقى نەچچە بىر باغ ئىچرە ئېردۇك،
تۈزۈپ مەجلىس پەيا پەي مەي ئىچەردۇك،
ھەممە ئەسبابى مەشرەبلىك مۇھەييا،
ھەمە بىر ياشدا بىزلەر، بارچە دانا.
بىرى بىرمىزگە ئەيلەپ ئىززەت ـ ئىكرام،
تۇتۇپ ئۇلفەت گەھى، گەھ تەگلەشىپ جام.
بەيان ئەيلەپ چىرايلىق نۇكتەلەرنى،
كېتۈرمەي تىلغە خامۇ پۇختەلەرنى.
قىزىتىپ بەزمىمىزنى ياخشى سۆزدىن،
خەبەر ئالماي ئۆ يۈز بىرلە بۇ يۈزدىن.
تۇرار ئېردۇككى غەمسىز ئەسرۇ شادان،
يىراقدىن بىر يىگىت بولدى نەمايان.
كېلىپ بەردى سەلامى رەسمى ئىسلام،
سەلامىمىزغە جەۋابىن ئەيلەدۇك خام.
جەبىن ئۆزرە تەغەييۇر ئەيلەپ ئىزھار،
بېرىپ باتىن قولىدىن زەربى ئازار.
ئەلا ھازا كۆرۈپمىز ئانى مەكرۇھ،
كى غەم خەيلى باسىپدۇر بىزنى ئەنبۇھ.
بىلىپ ئول نەۋجەۋان بولدى خىجالەت،
بىساتى بۇرجىدا ئولتۇردى سائەت.
خىجىللىقدىن يۈزىگە تەر ئاقىزدى،
باشىدىن يۈزى ئۆزرە نەقش سىزدى.
بىرەر دەم ئولتۇرۇپ باشىن كۆتەرىپ،
سۆز ئايماغلىقغە تۇردى تىل چىقارىپ.
ئانىگدەك تۆكتى دۇرلار ئاغزىدىن ئول،
كى مەجلىس ئەھلى ئېرىپ بولدى بىر كۆل.
تۇتۇلغان دىل ئاچىلدى گۇل مەسەللىك،
جەۋان سۆزلەر دېدى بۇلبۇل مەسەللىك.
ھەمەمىز كۆردۇك ئانى جاندىن ئارتۇق،
ئەمەس جان، بەلكى مىڭ جانىندىن ئارتۇق.
نە ئېركەن بىلمەدۇك ئانىگكى ئىسمى،
دېيىشتۇك ئۆز ئارا سۆزنىڭ تىلىسمى.
ئىدى يۈزىدە بىر خەتتى ئەجەب بار،
جەلىسا، ھەندىسە شەكلى نەمۇدار.
تەھەييۇردىن سۇئال ئەتتۇككى ئاندىن،
كى «ئەي شىرىن ئەزىزىم جىسمۇ جاندىن.
نېچۈك خەتدۇركى چېھرەگدىن ھۇۋەيدا،
نە بائىسدىن بۇ نەقشى بولدى پەيدا؟»
مۇنى ئاگلاپ قەدى بىر دەم پۈكۈلدى،
كى كۆگلى غۇنچەئى گۇلدەك تۆكۈلدى.
دېمەسلىككە تولا قىلدى بەھانە،
كۆزىدىن ھەم ياشىن قىلدى رەۋانە.
ئۆزۈن سائەت گەپ ئۇرماي، بولدى خامۇش،
ئەمەس خامۇش، ئۆزىنى قىلدى فەرامۇش.
مۇنى كۆرگەنچە بىزنى تۇتتى ھەيرەت،
بۇ سىر كەشفىغە قىلدۇق ئەسرۇ شىددەت.
كى ئايماي تاپمادى ئەسلا ئىلاجىن،
بېرىپ سۆز مالىنىڭ بىزلەرگە باجىن.
ئاچىپ سەرپۇش سۆزىنى ئول ئاغىزدىن،
كۆگۈل ئىستەپ، قىلىپ ئەندىشە بىزدىن.
دېدىكىم: «ئەي بەرادەرلەر، بىلىگلار،
ئەجەب بىر قاتتىغ ئىش قىلغىل دېدىگلار.
بۇ كىم ئەسرار، ئايغىل دەپ تۇرارسىز،
ماگا گوياكى يەكسەر تىغ ئۇرارسىز.
بۇ ئانداغ سىركى مىڭ يىل ئۆتسە مۇنداغ،
دېسەم بىر يول تۈشەر جانىمغە مىڭ داغ.
ۋەلې سىزلەرگە دەي، سىزلەر دېگىل دەپ،
دەرىغ ئەيلەپ ئىلاجىم بارمۇ بىر گەپ.
بىلىگلاركىم بۇ خەستە مۇندىن ئەۋۋەل،
سىپاھى ئېردىم ئەمما كۈپ مۇكەممەل.
قەزارا بىر كىزلى بىر نەچچە ھەمتەڭ،
دېدىكىم: «بۇ زەماندا بولمىسا جەڭ.

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ شەھەر ئىچرە مۇنداغ نې قىلۇرمىز،
يۇرۇڭلار سەيرى سەھرادە بارۇرمىز.»
دېگەچ قىلدۇق شەھەردىن ئەزمى سەھرا،
كۆرۈندى باغى دىلكەش يانى دەريا.
كىرىپ باغنى كۆرەرمىزكىم ئىچىدە،
تۇرۇپدۇر خۇرمەلەر كۆپ كۆل لەبىدە.
دەرەختلەر ئىچرە كۆردۈككىم دەرەختنى،
ئېگىزلىكدىن فەلەك ئۈستىدە رەختنى.
ئۈچىدا خۇرمەلەر بىھەد فەراۋان،
چىقىپ يەڭلىغ كىچىك بولدى نەمايان.
ھەمە ئايدى: «مۇيەسسەر بولسە، ئەي كاش،
يېسەك ئول خۇرمەدىن ھەركىم بىرەر باش.»
ئىدىم مەن خەستە بۇ ئىش بىرلە مەشھۇر،
كى ھەر قايداغ ئېگىز يەرگە چىقادۇر.
ھەمە ئايدى: «نە بولغايكىم چىقىپ سىز،
بىرەردىن خۇرمە تاشلاپ تۈشسەڭىز تىز.
ۋە ھەم كۆرسەككى مۇنداغ يەرگە ئىنسان،
ئەگەر چىقسە نېچۈك بولغاي نەمايان.
يەنە بۇكىم، نېچۈك چىققالى بولمىش،
ئەگەر چىقسە نېچۈك يانغالى بولمىش.
ھەماناكىم ئەمەس چىقماقلىق ئاسان،
ھۈنەر بىرلە چىقالماس ھېچ ئىنسان.
ۋەلې سىزگە خۇدا قىلغاچ ئىنايەت،
چىقارسىز، ئول ھۈنەر ئېرمەس، كەرامەت،
بولۇپ سىز بۇ كەرامەتدىن سەر ئەفراز،
كەرامەتدۇر ھەمانا ئىلمى ئەئجاز.»
بۇ يەڭلىغ دەپ مېنى چىقماقچى قىلدى،
ئەمەس چىقماقچىكىم، ئۆچماقچى قىلدى.
سۆزىن رەد قىلمادىم دېدىمكى: «مەقبۇل،»
بەيەكبارە ھەمە دېدى: «ئەمان بول.»
يىغىلدى كۆپ خەلايىقلار كىچىك - چوڭ،
قوشاپ چەۋرەمنى ئالدى چەپ بىلە ئوڭ.
مىسالى شاتىرانى چۇستۇ چالاك،
ئېتەكنى قىستۇرۇپ يۈردۈمكى بىباك.
تەۋەككۇل دەپ مىسالى دار بازان،

دەرەخت ئۈزرە قەدەم قويدۇم ئىرشۇل ئان.
ھەمان سائەت ئانىڭ ئەۋجىگە يەتتىم،
زەمىندىن گوييا يۇلدۇزغە كەتتىم.
قاراسام ئاندا ئۈستۈندىن تۆبەنگە،
بۇ ئادەملەر تولۇپ يۈرگەن چەمەنگە.
كۆرۈنۈر ئېردى ساسلىق يەردەكى مور،
ھۇجۇم ئەيلەپ قاراشۇر نالەمى نور.
سەداسى مۇنچە ئادەمنىڭكى گويا،
چىبىنلەردىن مەلائىكلەرگە ئىنشا.
ئىگەشسەم ھەم كۆزۈم يەتمەي ئۇ ياغقە،
مەلائىكلار ئۈنى يەتتى قۇلاغقە.
شۇبۇ تەرزى يۈرۈپ كۆپ خۇرمە تەردىم،
ئېتەككە ھەم ئالىپ، ھەم يەرگە بەردىم.
شۇبۇ ئەسنا ئىدىكىم بىر يىلانى،
يىلان ئېرمەس بەلائى ئاسمانى.
دەرەختنىڭ ئۈستۈندىن بولدى پەيدا،
دېدىم: «بولدى ئەجەل جانىمغە شەيدا.
تۈشۈپ لەرزە ۋۇجۇدۇم تەرگە چۆكتى،
يىلان كەلگەنسىرى زەھرىنى تۆكتى.
كېلىپ چىرماشتى بويىنۇمغە ئۇشۇل دەم،
باشىنى ئىرغاتىپ ھەريان بولۇپ خەم.
تۆبەندىن خەلق كۆرگەچ قوپتى مەھشەر،
بۇلار غەۋغاسى بىرلە تەبرەدى يەر.
ئۇرۇغ - تۇغقان، قارىنداش، بارچە ياران،
مېنىڭ ئۈچۈن ئەزا تۇتتى نەمايان.
دېدىم: «تۇرسام يىلان قويماس ھەياتىم،
ئۆزۈمنى تاشلاسام ھەم يوق نىجاتىم.
مۇقەددەر بولسە ئۆلمەكدىن غەم ئېرمەس،
ۋەلې بۇ ئىش ئۆلۈمدىن ھەم كەم ئېرمەس.
كى قالغاي خەلق ئارا بۇ نەۋئى بەدنام:
فەلان بەد نەفس ئۆلدى مۇندا ناكام.»
بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلدى جەۋانى،
كى گويا مۇقبىلى سانى نىشانى.
كېلىپ سوردى بۇلاردىن بائىسى زار،
«نە بولدۇڭلار، بۇ يەردە قايسى غەم بار؟»

مېنى كۆرسەتتىلەر ئەنگۈشتى بىرلە،
جەۋان باقتى قاتايىپ پۇشتى بىرلە.
مېنى كۆرگەن زىدان ئەفسۇس قىلدى،
ساقالىنى تۇتۇپ مەمسۇس قىلدى.
دېدى: «بارمۇ ئۇرۇغ - تۇغقان قاياشى،
ئۆلۈپ كەتسە قىلۇر بولغاي تالاشى.»
ئۇرۇغ - تۇغقان جەمائىم بولدى هازىر،
مەن ئېردىم ئۇل دەرەخت ئۈستىدە نازىر.
دېدى تۇغقانلارىمكىم: «نې قىلۇرسىز،
مانا تۇغقانلارى، خىشانلارى بىز.»
جەۋان ئايدىكى: «ئاچۇقدۇر نەمايان،
يىقىلسە ئۇل چىقار ئەلبەتتە كىم جان.
يىقىلماي هەم ئۆلەر ئىشى يىلاندىن،
ئۆزى هەمسەيرىدۇر ئۇل نەۋئى جاندىن.
ئېرۇرمەن قادىر ئەندازى مۇكەممەل،
نە ئۇق ئاتسام تېگەر بولماي مۇئەتتەل.
هەماناكىم ئىرادەت جامەدوزى،
پىچاردا بۇ لىباسى دىل فىرۇزى.
پىچىپ ئېرمىش مېنىڭ قەددىمغە لايىق،
ماڭا كەلمىشكى خارىجدە مۇۋافىق.
ئاتارمەن ئۇق يىلانغە چاغلابان باش،
سوقارمەن باشغە بىر ئۇق بىلە فاش.
ۋەلې يەتسە قەزا ئۇل نەۋ جەۋانغە،
ئەمەسكىم نەۋجەۋان، بىگانە جانغە.
خەتا بولسە ئۇقۇم تەگسە ئۆلەر ئۇل،
مېنى ئۇلتۇردى دەپ قويغايسىلەر قول.
ئاڭا رازى بولۇپ خەت بەرسەڭىزلەر،
نە خەتكىم قانىغە هەت بەرسەڭىزلەر.
ئاتارمەن ئۇق تەۋەككۇل دەپ خۇداغە،
نە ئىش بولسە بولۇر كەلگەي ئاراغە.»
ئۇرۇغ تۇغقان هەمە رازى بولۇپدۇر،
قانىمدىن هەم داغى مازى بولۇپدۇر.
ئالىپ ئىلكىگە ئۇقيا ئۇل ۋەفادار،
قىلىپ يا چىللەسىن مەزبۇتى سەۋفار.
كىرىپ يا ئۆيىگە ئانداغ قىلىپ زور،
كى كۆرسە ئافەرىن دەر شاهى فەغفور.
بىر - ئوق بىر ئۇقنى ئانداغ قىلدى پەرران،
يەقىن ئېردىكى مەن بەرگەي ئىدىم جان.
كېلىپ تەگدى يىلان باشىغە ناگاه،
كۆتەرىلدى غەرەۋ ئەلدىنكى ئەللاه.
يىلان باشىن ئۇچۇرۇپ يەرگە تۈشتى،
هەمە ئادەم كۆرەرمىز دەپ ياپۇشتى.
«نارى تۇر» دەپ يىگىت ئۇقنى ئالىپدۇر،
يىلان باشى تۈشۈپ ئاغزىن چاقىپدۇر.
ئۇشۇل سائەت چىقىپدۇر جانى ئانىڭ،
تاىماي يەرگە قەترە قانى ئانىڭ.
مۇنى كۆزگەچ خەلايىق چەكمىش ئەفغان،
خۇدانىڭ هىكمەتىگە بولمىش هەيران.
بۇ ئەسنادا تۈشۈپ كەلسەم كۆرەرمەن،
كى ئۆلمىش ئۇل يىگىت رەۋشەن مۇبەرهەن.
ئالىپ باشىن تىزىمغە نالە قىلدىم،
كۆزۈم ئەشكىن هەمانا ژالە قىلدىم.
ئالىپ باردۇق ئۆيىگە باغ ئىچىدىن،
قىزىل گۈل بەرگىنى ياپراق ئىچىدىن.
كۆرۈپ مەهرەملەرى نالان بولۇشنى،
خۇدانىڭ هۆكمىگە هەيران بولۇشتى.
كەفەن بىرلە ئۇقۇپ ئۇل دەم نەمازىن،
لەهەدكە تاپشۇرۇپ ئەيلەپ نىيازىن.
يانىپ كەلدۇك يەنە بارچە جەمائەت،
تۇتۇپ ماتەم، قىلىپ قۇرئان تىلاۋەت.
جەمائەت كەتتى مەن قالدىم ئۇ يەردە،
قونۇپ ئۇل كېچەسى قۇپتۇم سەهەردە.
ئىدىم ناگەه ئۇشۇل ئەيۋاندا تەنها،
هەرەمدىن بىر پەرى رۇخ بولدى پەيدا.
كىيىپ ماتەم لىباسى كۆپ ئېزىلگەن،
داغى كاكۇللارى هەريان يېزىلگەن.
سەلام ئەتتى ماڭا كۆپ ناز بىرلە،
يىغى باشلاپ هەزىن ئاۋاز بىرلە.
كۆرۈپ هالىنى كۆڭلۈم بولدى ئۇتدەك،
ئاقىتتىم كۆز ياشىن گويا بۇلۇتدەك.

uyghurkitap.com


داغى بولدى ئاڭا كۆڭلۈم گىرىفتار،
دېدىم: «ۋاھەسرەتا، داغى نە كۈن بار»
بېرىپ ئاش-سۇ يانىپ كەلدىم ھەرەمگە،
كۆيەر ئىردى يۈرەكىم ئول سەنەمگە.
ئارادىن نەچچە ئايۇ نەچچە كۈنلەر،
ئۆتۈپ كەتتىكى، مەن كۈندۈزۈ تۈنلەر.
فىراقىدىن ئىدىم نالانۇ ھەم زار،
دەر ئىردىم كېچە-كۈندۈز قايىدادۇر يار.
ئىبەرىپ گاھى-گاھى تۇھفەلەر ھەم،
قىلۇر ئىردىم ھەمىشە ۋەسلىدىن غەم.
تاپالماي ھېچ چارە بىركۈن ئاخىر،
ئاناسىغە بۇ ئىشلار بولدى زاھىر.
بەش-ئون كۈن تىڭشاماي ئۆتتى ئارادىن،
قىلىپ نامۇس مەندەك بىنەۋادىن.
تولا باردى كىشى مەندىن سۆز ئېيلەپ،
شۇبۇ بىگانەنى ئالساق ئۆز ئېيلەپ.
كۈنى ئاخىر قەبۇل ئەتمىش بۇ ئىشنى،
خەبەر بەردى مىيانچىلار بارىشنى.
قىلىپ توي جابدۇغىن بىر ئاي يېرىم ئاي،
ئاخىردەم لەئلىدىن بولدۇم شەكەرخاي.
ئىدىم بارغانىسرى ئارتۇق گىرىفتار،
دەر ئىردىم: «مۇندىن ئارتۇق نې نېمەم بار.»
بۇ خاتۇن ھەم ئىدىكىم مەندىن ئاشىق،
ھەمە ئىشدا مېنىڭدىن ئىردى فايىق.
بىرەردەم ئايرىلۇرغە تاقەت ئەتمەي،
بىرەر سائەت قاشىمدىن نارى كەتمەي.
يېمەي تەنھا ئۇ يوق يەردە غىزانى،
ئانىڭدىن ئايرۇ قىلماي ھېچ دۇئانى.
ئۇ ھەم مەندىن زىيادە بارچە ئىشدە،
خۇسۇسەن ئۆيىدە لازىملىق رەۋىشدە.
ئۆتۈپ مۇنداغ نەچە كۈنلەر، نەچە ئاي،
ئىدى بىر كېچە كۆڭلۈم فىكرى فەرساي.
كۆزۈم ئاچىپ نەزەر سالدىم يانىمغە،
يانىمدا يوق، تۇتاشتى ئوت جانىمغە.
يەنە كەتمىش كۆزۈم ئۇيقۇغە ئول دەم،
كۆزۈم ئاچسام يەنە يانىمدا ھەمدەم.
گۇمان تۇشتىكى كۆڭلۈمگە: «بۇ خاتۇن،
ھېچ ئىرمەس بىر تەرەفكە باردى بۇ تۈن.»
ئىككىنچى تۈن، ئۈچۈنچى ھەم يەنە يوق،
بۇ ئىشلاردىن تولا چەكتىم زەبۇنلۇق.
ئىدى تۆرتۈنچى كۈندە ۋەقتى خۇفتەن،
ئۆي ئىچرە ئولتۇرۇر ئىردۇك ئىككەۋلەن.
قىلۇر ئىردى ئۆزىنى ياخشى تەئرىف،
بۇ تەئرىفىدە كۆپ ئۇيقۇغە تەكلىف.
ئاچىپ ئەتمەس ئىدى ئۇيقۇنى ئەسلا،
ئىشارەت بىرلە ئەيلەر ئىردى ئىملا.
بۇ ئىشدىن فىكر قىلدىم: بىر ئىشى بار،
بىرەۋگە بولغان ئوخشايدۇر گىرىفتار.
يۇمۇپ كۆز ياتتىم ئەندەك، مەسلەھەتدىن،
بۇ خاتۇن فىكرىنى تۇيغان جىھەتدىن.
خورەك تارتقان بولۇپ ئۇيقۇغە قاتتىم،
مىدىرلاپ ئەندەك-ئەندەك لەھزە ياتتىم.
كېلىپ باشىمغە تىڭشاپ چىقتى يىلدام،
قوپۇپ مەن ئارقەسىدىن تەڭ ئۇرۇپ گام.
پەياپەي ئىز باسىپ چىقتۇق شەھەردىن،
ئۆتۈپ بۇ ئوترادا نەچچە گۇزەردىن.
بارىپ-بارىپ كۆرۈندى بىر كىچىك باغ،
يېرىم كېچە ئىدى گوياكى ئول چاغ.
قاراماي ئارقاغە يىلدام يۈگۈردى،
كىرىپ بىر كۇلبەنىڭ ئالدىدا تۇردى.
قارايمەنكىم، تۇرۇپدۇر بىر قەلەندەر،
كى گويا دىۋەدىن يۈز ھەسسە سەتبەر.
يانىدا بىر چىلىم بىرلە تەباقى،
داغى بىر گەزچە بەڭ ئەزگەن تاياقى.
مۇنى كۆرگەن ھەمان بولدى غەزەبناك،
دېدى: «ئەمدى كېلەمسەن،ئەمدى، ناپاك!؟»
ساچىدىن سۆدرەدى بىرمۇنچە سوقتى،
تاياقنى يەپ بۇ خاتۇن ئۆرە قوپتى.
دېدىكىم: «ئەي خوجام، بەد بەختى ناكەس،
ھەلى ئۇيقۇغە كەتتى ئوغرادىم بەس.

يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ خىزمەتكە كەلدىم،
ئاتايىن بىر كېچە سۆھبەتكە كەلدىم.»
مۇنى ئاڭلاپ دەرەخت ئۈستىگە چىقتىم،
ياشۇنۇپ شاخ ئارا باشىمنى تىقتىم.
ئىچىشتى مەي قۇچاغلاشىپ سۆيۈشۈپ،
قىلۇر ئىشنى قىلىپ فارىغ بولۇشۇپ.
داغى ھەر ئىشكى بار ئېردى قىلىشتى،
نە يەڭلىغ گەپ ئىسە لازىم دېيىشتى.
مېنى ئول دەم نەفەس تەك قىلدى ئانداغ،
يۈرەك بولدى قازاندا قايناغان ياغ.
ۋە لېكىن سەبىر قىلدىم يىغلادىم ھەم،
قىلۇر ئېردىم ئىلاجىدىن ئانىڭ غەم.
بەناگاھ ئول قەلەندەر شۇم قارا يۈز،
چىقىپ كەلدى دەرەخت سارى سالىپ كۆز.
ماڭا باقمايلا سىيمەكلىككە تۇردى،
مېنىڭ غەيرەت ئوتى باشىمغە ئۇردى.
تۈشۈپ يىلدام باشىغە خەنجەر ئۇردۇم،
ئىكى پارە قىلىپ جايىمدا تۇردۇم.
شۇ سائەت چىقتى خاتۇن ھەم شىتابان،
ئانى كۆردى ئۆلۈك تەلمۈردى ھەريان.
غەزەبناك ئولدى قاتىلدىن ئەسەر يوق،
مېنىڭ مۇندا ئىكەنىمدىن خەبەر يوق.
مۇنىڭدەك بولدى ئول مەلئۇن غەزەبناك،
كى بولسە شىر ھەم قىلماس ئىدى باك.
ئولۇپ ناچار يىغلاپ تۇردى بىر دەم،
ياقاسىن چاك ئېتىپ كۆرسەتتى ماتەم.
تاغارىغە پەلىد جىسمىنى سالدى،
تاغارنى توختاماي باشىغە ئالدى.
چىقىپ بۇ باغدىن يۈردى ئەجەب تىز،
كى مەن يىلدام يۈرۈپ باستىم ئاران ئىز.
ئۆلۈكنى سالدى بىر ئۆستەڭ سۈيىغە،
ئاقىپ كەتتى، يانىپ يۈردى يولىغە.
كېلىپ ئالدىدا مەن جايىمدا ياتتىم،
يەنە ئۇيقۇغە بارغاندەكلا قاتتىم.
بار ئېردىكىم ئاڭا يەتتە بەرادەر،
زەخامەتلىك، يۇغان باش، دىۋە ئەبتەر.
ئىدى ھەر قايسى بىر ئىسفەندىيارى،
بارىسى ياخشىلىقدىن تۈرفە نارى.
كى ھەرگىز ئوقماس ئېردى ياخشى گەپنى،
جۇھۇددەك ئۆستۈرۈشكەن مويى لەبنى.
قىلىپ ئەندىشە ئەسلا قىلمادىم گەپ،
بۇ سۆز بابىدا سىم بىرلە تىكىپ لەب.
ئاخىر بىر كۈن پېشىن ۋەقتى ئىدى بەس،
بار ئېردى ئالدىمە ئول شۇم ناكەس.
ئىدىم ھويلادە ئىستىنجاغە مەشغۇل،
گۇمان ئەيلەپ قاچا ئىچرە سۈيى غول.
يېتىشمەي قالدى ئىستىنجاغە ئول سۇ،
بار ئېردى ئابتابە ئالدىدا ئۇ.
دېدىم: «كەلتۈر بۇ يەرگە ئابتابە.»
ئاران قوفتى پۈتىن ئەيلەپ كەلابە.
ئالىپ ئىلكىگە، قويدى يەرگە يانە،
دېدىم: «نېدۇر بۇ قويماقغە بەھانە؟»
دېدى: «چوڭدۇر ئۆزى داغى سۈيى غول،
ئۆزۈم بىتاب ئىدىم دەرد ئەتتى بۇ قول.»
ئىشىتكەچ، يادىن ئوق چىققان كەبى پاش،
دېدىم: «مۇندىن ئاغىر ئېردىكى ئول لاش،
كۆتەرىپ ئانى بىر يول يەرگە باردىڭ،
مۇنى ئالماي تۇرۇپ بىر دەمدە ھاردىڭ.»
يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردى يانە چىقتى،
چىقىپ خەنجەر بىلە يۈزۈمگە تىقتى.
يەنە بىر سالدى تا بولغۇنچە ئاگەھ،
قوپۇپ قاچتىم يەنە سالغۇنچە ناگەھ.
يانىپ كەلدىم يەنە باغلاپ يۈزۈمنى،
قاچىپ كەتكۈنچە يەتكۈردۇم ئۆزۈمنى.
يىقىتىپ يەرگە باسىپ باغلاپ ئالدىم،
ئانىڭ كۆڭلىنى مۇنداغ چاغلاپ ئالدىم.
خەبەر بەردىم ئاكالارىغە دەرھال،
دېدىم باشتىن ئاياغقە بارچە ئەھۋال.
مۇنى دەپ تەرك ئېتىپ بولدۇم قەلەندەر،
تالاشتۇردۇم ئۆي ئەسبابۇ داغى يەر.

مۇنىڭدىن سوڭ ئاكالارى قىلىپ نەڭ،
ھەلاك ئەتمىش ئۇ مەلئۇننى ئۇرۇپ شەڭ.
بولۇپتۇر كىم بۇ ئىشغە ئون ئىكى يىل،
ئەمەس ئېردىم ئۇزاتقان ئاچتالى تىل.
ئانىڭدىن تا بۇ كۈن مەزلۇمەلەرگە،
ئەمەس مەزلۇمەلەر، مەزمۇمەلەرگە.
نەزەر سالماي كۈنۈم بۇ كۈنگە يەتتى،
سەلەر بىرلە بۇ كۈن بۇ تۈنگە يەتتى.
بۇ نەقشىكىم، يۈزۈمدە ئول نىشاندۇر،
نىشانىدۇركى، خاتۇنلار ياماندۇر.
ئانىڭ ھالىغە بىز كۆپ يىغلادۇق زار،
كى ئەللەھۇممە ئۇدخىلھۇننە فىننار.

كى ئەي شەھزادەئى جەمشدى دەۋران،
سەلاتىن نەسلىنى خاللاقى سۇلتان؛
ياراتمىشدۇر خالايىق ئەمرى ئۈچۈن،
ئەمەس مەزلۇمەلەرنىڭ خەمرى ئۈچۈن.

مۇنى خۇشلاپ، ئانى تاشلاپ بولۇرمۇ،
قارىغاندا ئۆزدىن ياشلاپ بولۇرمۇ.
ئىشىتتىڭىز نە ئىشكىم بولدى مەزكۇر،
كىتاب ئىچرە خەۋاتىن ھالى مەستۇر.
كى شەيتاندىن زىيادە ھىيلەگەردۇر،
ئانىڭ بىر نەفەسىدە مىڭ بىر زەرەردۇر.
جەھان خاتۇنلاردىن جەمئ ئەيلەسەڭ گەر،
ئاغىر كەلگەي ئانىڭدىن بىر تۈزۈك ئەر.
خۇسۇسەن سىز كەبى شەھزادە ئالىي،
ئەمەس بولماق رەۋا خاتۇن ۋەبالى.
بۇ يەڭلىغ دەپ تەمام ئەيلەپ سۆزىنى،
يىراق قىلدى بۇ مەجلىسدىن ئۆزىنى.
يەنە قوپتى بىرىكىم ئېردى ئاقىل،
تىل ئاچىپ ئۇشبۇ يەڭلىغ بولدى ناقىل:
«ئايا شەھزادەئى جەمشىد شەۋكەت،
سىكەندەر ھەشمەتۇ دارا سۇلۇكەت.»

## ئۈچىنچى ھېكايەت

بار ئېردى بىر جەۋانى خۇش شەمايىل،
ۋەتەن ئەيلەپ ئىدى شەھەردە ھاسىل.
يۈزىدە ئىككى زەخمى لامئەلىغۋار،
نۇقاتىئ بىر ـ بىرىگە ئەتكەن ئىزھار،
كېلۇر ئېردى قاشىغە گاھى ـ گاھى،
لەتىفە بەزلەلەر ئايتىپ كەماھى.
كۈنى سوردۇم ئانىڭدىنكىم بۇ يەڭلىغ:
«يۈزۈڭگە زەخىملەر بولدى نە يەڭلىغ؟
ئايا، جەڭ ئەيلەمەكتىن بولدى پەيدا،
ۋەيا بولدى قاراقچىدىن ھۇۋەيدا؟
كى ئىستەرمەن بۇ رەمزىڭ ئاشكارا،
مەنى يارىڭغە ئايغايسەن، نىگارا.»
جەۋان بۇ مەئنىدىن غايەتدە تەغىير،
قىلىپ پەيدا، دېمەدى ھېچ تەئبىر.
ئانىڭدىن سوڭ ياقاسىدىن ئالىپ باش،
دېگىل، ئۆتكىل بۇ سۆزدىن، ئەي قېرىنداش.
ئانىڭدىنكىم: «بۇ سۆز ئەي يارى قابىل،
ئەمەس لايىق ئاڭا بولغۇنچى قايىل.
كى بەلكى ياشۇرۇن تۇرغانى ئۇبدان،
ئاغىزدىن قاچقۇچى ئانى نەمايان.»
ئاباسىدىن ئانىڭ خاتىر ھەۋاسى،
بۇ مەتلەب كەشف بولدى مۇئتەزاسى.
جەۋان قىلدى سىرى پىنھان، بۇ ئەسرار،
ماڭا ئېردى بىرى ئون تەلەب ئىزھار.
ئەلا ھازا ئۆتۈپ ئەندازەدىن سۆز،
مۇبالىغ ئېردىم ئاچىغىل، دەپ ماڭا يۈز.
جەۋان شولتەرزى ئەۋۋەل [قىلدى] ساكىت.
ئىدى لەب باغلاماق بابىدا سابىت،
بەلىغى تىلنى مىڭ قىلسام تەزەللۇم،
ئىدى قىلماس لەبى بەھرى تەكەللۇم.

كى مەن ھەرقانچە قىلسام ئىلتىجا كۆپ،
ئۇ ئايىماقدىن قىلۇر ئېردى ئىبا كۆپ.
بۇ ھەددى بىرلە ئىستىغراھىم ئاشتى،
كى جىسمى تاقەتىمگە ئوت تۇتاشتى.
ئىنانى سەبر ئىلكىمدىن بەيەكبار،
كېتىپ، قىلدىمكى ئىستىبدادۇ ئەسرار.
تەسەۋۋۇر يوق ئاڭا بولماق مۇزدى،
جەۋانىنىڭ كۆڭلى بۇ ئوتدىن قىزدى.
كى ئايىماي چارەنىڭ ئىمكانى يوقتۇر،
نىقاب ئاچماي بۇ سۆزنىڭ جانى يوقتۇر.
بولۇپ ئاچماقتا سىرنى ئەسرۇ ناچار،
تۆكۈپ دېدى جەۋاھىرھايى ئەسرار:

كى ۋەقتى بىر نەچە ئەھباب بىرلە،
گۇرۇھى ساھىبى ئاداب بىرلە.
قىلۇرغە سەيرى سەھرا تۈشتى سەۋدا،
بۇ سەۋدا بىرلە قىلدۇق ئەزمى سەھرا.
يېتىپ سەھرادا كۆردۈككىم . بىر ئاھۇ،
قارا كۆز نازەنىندەك چىقتى ئۇترۇ.
تېرىپ يەپ سەبزە گۈللار ۋەھشەت ئەتمەي،
بىزنىڭ سارى كېلەدۇر نارى كەتمەي.
ئىدىمەن شوخ، چابۇك دەستۇ تەنناز،
سەبا رەفتارى گۈلگۈن ئەيلەدىم تاز.
بۇ چاپماق يەتتى ئول غايەتغەكىم، مەن،
رەفىقلەر يوق بولۇبدۇر يەككە بىر تەن.
كېيىك سەھرا يولىن كۆزلەپكى چاپتى،
شىتابىدىن كۆزۈمگە بەرق چاقتى.
بۇ چاپقاچ، مەنىمۇ چاپتىم بەرق كىردار،
بەيابانغە يەتىمشەمەن بەيەكبار.
بەيابانكى يوق ئەسلا بىشارەت،
دىماغى چىنغە ھەم بۇيى ئىمارەت.
يۈگۈرماقدىن سەبا رەفتارى خۇش سۇم،
ئەرەقدىن يەرگە تۆكتى دۇررى ئەنجۇم.
ئاياغى بۇ يۈگۈرماق ئىچرە ناگاھ،
تېگىپ چۇقۇرغە دۇم تۈشتىكى يۈز ئاھ.
يىقىلغاچ ئات، مەنى بىچارەئى زار،
يىقىلدىم يەرگە فورەن گوي كىردار.
كي گويا ئاسماندىن يەرگە تۈشتۈم،
ئىدەس يەركىم، ئەزابى شەرگە تۈشتۈم.
گۇمان قىلدىمكى يوق بولدى تىرىكلىك،
ئىدى ھەر ئۇستىخاندا يۈز ئىزىكلىك.
ياتىپ سائەت، قارايمەنكىم نەفەس بار،
دېدىم: «ئەلھەمدۇ، مۇرغى بۇ قەفەس بار»
چىكىپ يۈز زەنج نەۋئى قايىم ئولدۇم،
ۋەلې تۇرغان يېرىمدە دائىم ئولدۇم.
بۇ مىقدارى قۇۋۋەت يوقكىم كىشىسىز،
ئىگەر ئۇستىمگە چىققان مەن سەبۇك خىز.
قىلىپ باقتىم تەرەددۇد، قەدرى تاقەت،
بولالماي ئاندا ياتتىم ئىككى سائەت.
كى تا باش قايىماقى پەست بولدى ئەندەك
بۇ ئەسنا ئەۋرەتى كۆردۈم مۇنىڭدەك.
كى ياشى چوڭ قارىلىغ بىرلە گويا،
ئىدى بىر ئاق بۇلۇت يەڭلىغ ھۇۋەيدا.
قەدى ئوقى ئىگىلمەكدىن مۇقەۋۋەس،
تىشى دۇررى تۆكۈلمەكدىن مۇخەممەس.
يۈزىنىڭ سەفھەسى ئۆزرەختى چىن،
ئانىڭدەككىم شەمالدىن سۇدا ئەرگىن.
ئىرۇر ئېردى ئەسا ئەتتادىدىن گام،
ئاياغىغە غۇبارى يول ئىدى دام.
يېقىپ قوپۇپ گەھى يەتتى قاشىمغە،
كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئۇردۇم باشىمغە.
كى مۇنداغ دەشتى لاقىقا ـ دۇققا ھەرگىز،
ۋۇجۇدى نەۋئى ئىنسان باسماقى ئىز.
خەيال ئۆيىگە سىغماس، بەلكى كەلمەس،
كى يولباسدەك ئەرەنلەر ھەم كېلەلمەس.
زەئىفەكىم بۇ يەڭلىغ ناتەۋاندۇر،
يۈرۈپدۇر بۇ ھەمانا غولۇجاندۇر.
ۋەيا دىۋە ئېرۇركىم شەكلۇ ھەيئەت،
قىلىپ تەبدىل بولمىشدۇر بۇ سۇرەت.
نە يەڭلىغ بولسە ھەمكىم ھالى ئانىڭ،
ئەمەسدۇر فىتنەئىدىن خالى ئانىڭ.
بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلدى يەقىنراق،
قىلىپ ئىكرام قايىم ئەيلەدىم ساق.
نىھايەت بىيىمدىن كۆپ لابە ئۇردۇم،
خۇش ئامەدنى داغى ھەددىن ئاشۇردۇم.

كۆرۈپ ۋەقتى مېنى بۇ نەۋئى لەرزان،
ئانايى مېھرىبانىدەك ئەيلەپ ئېھسان.
قىلىپ ئەندازەسىز شەفقەتىنى زاھىر،
نەۋازىش بىرلە سوردى: «ئەي مۇسافىر.
نە بولدۇڭكىم، نە ئۈچۈن كەلگەن ئېردىڭ،
نە ئەيلەرسەن، نەدۇر كۆڭلۈڭدە دەردىڭ»
ئىدىمەن چۈنكى سەرگەردانى ھەسرەت،
ئەجەب سەرسەمەئى كويى بەلىيەت.
يوق ئېردى ھېچ ۋەجھى سۆرگەلى ھال،
كى مەن بۇ ئېردىمۇ بۇدۇر ماڭا ھال.
ۋەلې ئاندىن كۆرۈبان بۇ ئىنايەت،
ئۈمىد ئىلكىن ئۇرۇپ فېئلى ھىمايەت.
ئۆزۈم كەيفىيەتىمدىن ئەتتىم ئاگاھ،
خەلاس ئولماقغە ئاندىن ئىستەدىم راھ.
ى ھىممەت بىرلە غەيرەت ئىچرە يۈز ئەر
ممەش بىر تارى مويىغە بەرابەر.
دەلىل ئولدى خىزىر يەڭلىغ تۇتۇپ قول،
ئۇ يەردىن بىر تەرەپكە باشلادى يول.
يۈرۈپ سەرچەشمەئىگە قىلدى فائىز،
كى گەر جەننەت دېسەم ھەم ئېردى جائىز.
ئۇشۇل سەھرايى خۇررەم ئىچرە ئول زەن،
تۇتۇپ ئېركەن زىھى ئازادە مەسكەن.
تەراۋەت رەۋھ ئەفزالىقدا گويا،
ئىرەم مەيدانى بىر كۈنجىغە شەيدا.
زۇلالىغە خىزىرنىڭ سۈيى مەرھۇن،
نەۋالىغە قىزىل گۈل بۇيى مەفتۇن.
بېرىدامىش ئاندا بىر ئۆي ئۇيلە تەرتىب،
كى ھەر تامىدا بىر گۈلزارى تەركىب.
ئىدى ئالدىدا مەتنۇن داغى مەقسۇر،
كى قەسرى قەيسەرۇ يامۇنى فەغفۇر.
ئىشىكدە مەرغىزارى تۇرفە زىبىبا،
بىھىشتىنىڭ ساھەتى يەڭلىغ مۇتەررا.
ئاچىلغان گۇنە - گۇنە گۈل سەراسەر،
گۈلى شاخىدا قۇشلار نەغمە پەرۋەر.
مېنى، ئەلقىسسە، ئول مەنزىلگە ئىلتدى،
بۇ مەنزىلدىن ئۇشۇل مەھفىلگە ئىلتدى.

قىلىپ تۇرلۇك رۇسۇمى مېيزبانلىق،
ئانامدىن ياخشى قىلدى مېھرىبانلىق.
داغى تۇتىسى خۇش گۇفتار يەڭلىغ،
كەردىمانى گۆھەر ئىسار يەڭلىغ.
تىل ئاچىپ ئۇزرىلەر ئايدىكى ھەققەن،
كى «بۇ يەر لايىق ئېرمەس سىزگە ئەسلەن
ئەگەرچە بولسەمۇ بىقەدرۇ گۇمنام،
كەرەم ئەيلەپ تۇرۇپ بىرنەچچە ئەييام.
بولۇپ مىسكىن نەۋازۇ بىۋەپەرۋەر،
بۇ مەنزىل ئىچرە بولساڭ سايە گۇستەر.»
چۇ مەن ئانداغ زەمەنى پۇر بەلادىن،
خەلاس ئولغان ئىدىم فەزلى خۇدادىن.
مۇنىڭدەك مەرھەمەتلەركىم كۆرۈپمەن،
نە تۇرلۇك دەۋرلەردۇركىم سۈرۈپمەن.
داغى مۇنداغ ئۇلۇغ ئىززەتكە يەتمەك،
بەيابان ئىچرە بۇ دەۋلەتكە يەتمەك.
ئۇشۇل پاكىزە تىينەتدىن ئىدى پاش،
قەبۇلىدىن بۆلەك يوق ئېردى پاداش.
قىلىپ دەرگاھى ھەققە شۇكرى - ئېھسان،
بولۇرغە ۋەئدە قىلدىم ئاندا مېھمان.
ئۇ مەنزىلنىڭ ھەۋاسىدىن بۇ ئەھقەر،
دەر ئېردىم: «زەررە بولدى مېھرى ئەنۋەر»
بۇ خاتۇن باردى بىر بۇرجى شەرەفكە،
شۇرۇئى بەندەلىك ئەيلەر تەرەفكە.
سالىپ سەججادە بولدى ئاندا مەشغۇل،
ئۆزىن ئەتتى ئىبادەت بىرلە مەئمۇل.
مەنى مىسكىننى مەھزۇنى ئەلەمكەش،
بولۇپ ئانىڭ بۇ ھالىدىن مۇشەۋۋەش:
«بۇ يەڭلىغ ناتەۋانكىم مۇنچە تائەت،
قىلىپ بۇ بىيشە ئىچرە ئۆزگە ئادەت.
تەلەب ئەيلەر خۇدايى لامەكانىنى،
رىيازەت ئىچرە تاشلاپ خەستە جاننى.
ئەجەب ئالىي سەئادەت پارسادۇر،
مۇڭا جاننى فىدا قىلسە رەۋادۇر.»
دەبان بىغەم ئەقامەت ئەيلەر ئېردىم،
«مۇنىڭدىن سوڭ نەھىكمەت بار» دەر ئېردىم.

www.uyghurkitap.com

بۇ خۇرشىدى سىكەندەرۋەشكى ئالدم،
ئالىڭ نۇرى بىلەندۇر شادۇ خۇررەم.
شۇئائى ـى لەشكـەردىن جەمئ ئەتتى ئۇل ھال
كى مەغرىب شەھرى سارى قىلدى ئىقبال.
بۇ كەتكەچ ئارقەدىن بولدى نەمايان،
پەردۇەش ھۇر يەڭلىغ ماھى تابان.
ئىگناگەن زۇلفى ئەنبەربۇيى يۈزگە،
كۇلاھى دىلبەرى قىرغاقى كۆزگە.
بار ئىردى ئالددا خۇشرەۋ كالايى،
غەزالى مۇشكى بۇ يەڭلىغ چەرايى.
كۆرۈپ ئانى قارى بولدى شىتابان،
قۇچاغىغە ئالىبان بولدى شادان.
چاپانغە سۆيۈبان قىلدى ئىكرام،
سالىپ يەرگە ھەسرى ئەتلا خام.
تەلەتتۇفلار بىلەن ئۇتقۇزدى ئانى،
مەھازىرلار قويۇپ تويغۇزدى ئانى.
كالا ساغىپ كېتۈردى بىر قاچاغە،
ئىچۈردى ئىلكى بىرلە مەھلىقاغە.
ماڭا ئەندەك، ئۆزى ھەم ئىچتى ئەندەك،
مەن ئىردىم گۈل يانىدا بىر تىكەندەك.
كى ھايـىلىسز جەمالىنىڭ زىياسى،
كۆزۈم [نىڭ] ئىردى رەۋشەن تۇتىياسى.
كەبەندى گېيسۇيى مۇشكىن مۇسەلسەل
بىلە جانىمنى قەيد ئەتتى مۇكەممەل.
ئەسىر ئەتكەچ كۆڭۈل مۇرغىنى ساچى،
ئىچىمگە تۇشتى غەۋغايى تاراجى.
قەراردىم كەتتى قولدىن ھەم ئۇچۇپ ھۇش،
ئانىڭدىن ئۆزگەنى ئەتتىم فەراموش.
تۇتۇپ كۆڭلۈم ئۆيىمنى ئۇشبۇ قايغۇ،
تاڭ ئاتقۇنچە ئىدى يوق كۆزگە ئۇيقۇ.
تاڭ ئاتقاچ ئىرسە كۆردۈم ئۇل گۈل ئەندام
قويۇپ ياتقان يېرىدىن نەخلى بادام،
قەدەم دەستۇرى بىرلە ئۇل كالانى،
كالا ئىرمەس، جەھانغە ماجەرانى.
ئالىپ يايلاغى سارى بولدى ئازىم،
كۆڭۈل جان كەتكەنىگە بولدى جازىم.

يەنە ئۇل مېھرىبان كانى ئىنايەت،
ئىدى جايىدا مەشغۇلى ئىبادەت.
يۈگۈردۈم سۇرئەت ئەيلەپ خىزمەتىگە،
ئەمەس خىزمەتكى، دارۇل ـ ئىززەتىگە.
سوئال ئەتتىم بولۇپ گۇستاخ: «ئەي جان،
بۇ چوڭ ياشلىغ زەبۇنلۇغ بىرلە يەكسان.
ئىمارەتلىگدىن ئەتمەكلىك يىراغلىغ،
مۇنىڭدەك يەردە يالغۇز توختاماغلىغ.
نە بائىسدىن بولۇپدۇر سىزگە دەستۇر،
داغى ئۇل ھۇر كىمدۇر، كىمگە مەقسۇر؟»
تىل ئاچتى ئۇل مەلەك تېينەت ئۇشۇل دەم
دېدى: «ئوغلۇمكى، مەن خاكى مۇجەسسەم.
ئىرۇرمەن ناتەۋانىكىم، خۇدانى،
تانۇغان ئەقلى بىنا بىرلە ئانى.
كۆتەرگەن دىل جەھانى بىبەقادىن،
ئۈزۈلگەن بارچە ئەسبابى فەنادىن.
خۇداغە باغلاغان پەيۋەندى دىلنى،
رىزا يولىغە تاشلاپ مۇشتى گىلنى.
تاپالماي ھېچ مۇنىس بۇ جەھاندا،
ئۆزۈمنىڭ جىنسىدىن كەۋنۇ مەكاندا.
بولۇپ ئەلدىن ئۆزۈلمەك ئىختىيارىم،
بۇ مەنزىلگە زۇھۇر ئەتمىش قەرارىم.
بۇ مەھۋەشكىم كۆرۈپدۇرسەن ھەۋەيدا،
ئىرۇر كۆڭلۈم ئىچىدە بىر سۇۋەيدا.
ئىرۇر ئوغلۇم نىشانۇ يادكارى،
ئىدى چۇن بىر ئوغۇل ئالەمدە بارى.
كى ياشلىقدا ئۆتۈپ كەتتى جەھاندىن،
كېچىپ فەرزەندى بىرلە خانىماندىن.»
ئانىڭدىن سوڭرە خاتۇنى ۋەفـادار،
ئەمانەت تاپشۇرۇپ بولدى سەبۇكبار.
دېدىم: «ئەي مېھرىبان ماما خۇداۋەند
كى قىلمىشدۇر سىنى مۇنداغ خىرەدمەند.
ئىرۇرمەن مېھمان بۇ ئاستاندا.
يىراقغە بارماسام تا مەن جەھاندا.
خۇدا جويىلۇقدا تۇتسام ئايىمنىڭنى،
قەبۇل ئەتسەم نە ئىشكىم ئايغانىڭنى.

ئۇممد ئولدۇركى فەيزى سۆھبەتىڭدىن،
داغى ھەرنە بۇيۇرغان خىزمەتىڭدىن.
سەۋابى ئۇخرۇدىغە ۋاسىل ئولسام،
بۇ ئالەم ئىچرە ئۇقبا ھاسىل ئولسام.
ئىنايەتدىن مېنىڭ ئىلكىمنى ئالىپ،
تۇتۇپ ئىلكىم چىرايلىق يولغە سالىپ.
مۇسۇلمان رەسمى بىرلە بۇ قىزدىڭنى،
ماڭا بەرسەڭ تەۋاب ئەتسەم ئىزدىڭنى.
سەرئەفراز ئەيلەسەڭ بەندەڭنى ئانداغ،
كى كۆرسەم تۇبىنىڭ ئۇستىدە ياپراغ.
ئانىڭچۇنكىم بۇ ئىشدۇر ئەمرى ۋاجىب،
ۋە لېكىن شەرتى ئېرمىش ياخشى ساھىب
ئەگەر بەرسەڭ بۇ قۇلغە سەر بەلەندلىك،
كى لۇتفۇڭ بىرلە تاپسام ئەرجەمەندلىك
چەراكىم ھېچ كىشى لۇتفۇڭغە لايىق،
مېنىڭدەك بولماغاي ھەرگىز مۇۋافىق.
يەنە بۇدۇركى بولمىشسەن قارى ھال،
نىھايەتكە يېتىپدۇر ئۇمرى ئىقبال.
سېنىڭ بەندەڭ بولۇپ تۇرسام قاشىڭدا،
كېچە - كۈندۈز يىراق بولماي باشىڭدا.»
مۇنى ئاڭلاپ ئىجابەت ئەتتى بۇ ئەمىر،
چىلان شاخىغە پەيۋەند ئولدى ئول سەمىر.
ۋىسالى ئول، گۆھەر چۈن بولدى ھاسىل،
دېدىم: «بولدۇم بىھىشتى جانغە ۋاسىل.»
كى ئول سەھرايى جەننەت رەشك ئىچىدە
ئىدىم ئاسۇدە كۆزدەك ئەشك ئىچىدە.
بۇ دەۋلەتدىن ھەمىشە ئەيشۇ ئىشرەت،
مۇيەسسەر ئېردى ئۆتمەي لەھزە مېھنەت.
ئىدى بۇ ھەددى ئىسمەت ئىچرە ئول ھۆر،
يۈزىدىن ئاي كۆزى ھەم ئېردى مەھجۇر.
ھەياسىنىڭ كەمالى ئېردى بۇ رەڭ،
ئىدى مەھتاب ئارا يۈرمەكدە دىل تەڭ.
بىلىپ بىرلەھزە ۋەسلىن ئۇشبۇ مەھزۇن،
قولۇمغە كەلگەن ئوخشە رۇبئى مەسكۇن.
بەلى مۇندىن ئۇلۇغ نېئمەت بولۇرمۇ،
مۇنىڭدىن ياخشىراق ئىززەت بولۇرمۇ.
كى بولسە نازەنىنى ياسەمىن تەن،

لەتىفۇل - تەبئ مەھ رۇخ، مېھرى مەئدەن.
ئەدا فەھىم ئىشۋەگەر، ساھىب كەرەشمە
ئارىغ سۈرەت، رەساقەد، شەرمى چەشمە.
لىباسى پاكلىغ بىرلە مۇلەببەس،
ۋۇجۇدى خىلتى نۇقساندىن مۇكەننەس.
مېنىڭدەك زەررەگە بولسە مۇساھىب،
قاشىمدىن بولماسە بىر لەھزە غايىب.
يېتىشكەچ بۇ قەدەر سەرۋى سەمەنگە،
فەرەھدىن سىغماس ئېردىم پىرەھەنگە.
ئۆتۈپ، ئەلقىسسە، مۇنداغ كۆپ زەمانى،
مىۋما تەرك ئەتتى بىر كۈن دەھرى فانى.
قىلىپ تەكفىنى تەھجىزىنى ئانىڭ،
فەرىشتە خۇيۇ جەننەت مۇددەئانىڭ.
قاراڭغۇ بولدى ئالەم قاف تا قاف،
ئۇ گۈلشەنىنىڭ ھەۋاسى بولدى ناساف.
كۆچۈپ ئاندىن ئىمارەتلىغقە كەلدۈك،
خەلايىقنى زىيارەتلىغقە كەلدۈك.
كى تەھسىلى ۋۇجۇھى زىندەگانلىغ،
زەرۇرەتدۇر كىشىكىم بولسە جانلىغ.
كېتۈردۈم يۈز زەمانە چوڭلارىغە،
چوڭ ئېرمەس مالى نۇرغۇن ئوڭلارىغە.
ئالىپ بەردى ئۇلار دۇككانى مەھفۇز،
بولۇر ئېردىم تىجارەت بىرلە مەھزۇز.
داغى ئول ھۇرۋەشكە بىر مەكانى،
مۇئەييەن ئەيلەدىم ئەلدىن نىھانى.
مۇلازىم ئەيلەدىم بىر سالىھە ھەم،
نە لازىم دېسە ئانى قىلمادىم كەم.
ئانى ئالماسدا ھاكىم بىرلە ئۈچ يىل،
ئىدۇككىم ئاشنايى جانۇ يەكدىل.
يەنە بولدى تانۇشلۇق ھۆكمى مەزبۇت،
ئۈزۈلگەن رىشتە تاپتى ئەقدى مەربۇت.
بارۇر ئېردىم گەھىدە بەئىزى سەھرا،
قىلۇر ئېردىم [ئانىڭ] ئۆيىنى بەرپا.
قونار ئېردىم ئۆيۈمدىن ۋەھم قىلماي،
ئۆيۈمدا ھېچ ئىشنى فەھم قىلماي.
قەزارا بولدى بىر كۈن ئەزمى سەھرا،
سەفەرنىڭ لازىمى ھەم بولدى بەرپا.

دېدى ئول سالىھەكىم: «بىر سۆزۈم بار،
كى كەلدىم ئۆزي ئىشقىغە ئەسرۇ ناچار.»
قۇلاق سالماي مىنەرگە ئاتنى تارتتىم،
كۈلۈمسۈپ لەبلەرىمدىن تىش ئاقارتتىم.
دېدى: «ئەي پەست ھىممەت، كۆڭلى قارە،
دېدىم بۇ سۆزنى زەمنەن نەچچە بارە.
قارىپدۇرمەن، ماڭا يوق تۇرغالى تاب،
مېنىڭ ئورنۇمغە تاپساڭ بىر كىشى باب.»
مەلى سادە بۇ سۆزنى فەھم قىلمەي،
كىنايە سۆزلەرىنى داغى بىلمەي.
بۇ خاتۇنغە كۆپ ئۆچۈن ئېتىمادىم،
ئانىڭ سۆزىنى زاھىر سۆز سانادىم.
دېدى: «ئەمدى ئىشتكىل بىرنەچچە سۆز،
كى خاتۇن بولسە ھەم بىھەد توبەن يۈز؛
بولۇپدۇر كۆنلەمەكلىك ئەرگە لازىم،
كى بولغاي ئېھتىيات ئەتمەككە ئازىم.
بىلۈرمۇسەنكى، خىرمەن بولدى پامال،
بۇ بەسدۇر، مۇندىن ئارتۇق سورماغىل ھال»
چۇ بولدى ئېرسە بۇ سۆز ئىستىمائى،
ئىشىتتىم ئوتغە كۆيدى جان دىماغى.
ئانىڭدەك بولدى ئېرسە تاقەتىم تاق،
كى قىلدى ئاچچىغ ئوتى خىرمەنىم قاق.
ئۆزۈمگە فىكر قىلدىم: «قايداغ ئەيلەي،
ئىلاجى بۇ كىبسەلنى ئەمدى نەيلەي؟!»
دېدىم: «خانىم، بارۇرمەن كىچە ئول يان،
قونارمەن كەچكە قالسام، بولمە پەژمان.»
دېدىم، چىقتىم شەھەردىن ئىككى پەرسەڭ،
بار ئېردى ئاندا باغى ئىشرەت ئاھەڭ.
بارىپ باغ ئىچرە تۇردۇم، يەتتى شامى،
كى قىلدىم شامى يەتكەچ مەن خىرامى.
كى كەلدىم ۋەقتى خۇفتەن شەھەر ئىچىگە،
نە شەھەرىكىم خەتەرلىك بەھىر ئىچىگە.
كىبلىپ ئۆگزەمگە چىقتىم، تۇردۇم ئەندەك،
قارايمەنكىم، ئوشۇل كەمپىر دېگەندەك.
بار ئېردى ھويلۇم ئىچرە باغى گۇلزار،
ئىچىدە كۆل ياندا سۇففەئى بار.
سالىپدۇر سالماغان ئۇبدان بىساتلار،

داغى ئەسبابى ئەنجامى نىشاتلار،
ياقىپدۇر شەمئۇ داغى نۇقلۇ مەيلەر،
يەنە چىن تەخسەلەردە تۇرفە سەيلەر.
تۇرۇپدۇر بىر يىگىتى غەفس گەردەن،
بويۇن باش مەئلۇم ئېرمەس يەككە بىر تەن
تۇرۇبدۇر ئول قارا يۈز ناز بىرلە،
ئۆزىنى كۆرسەتىپ مىڭ ساز بىرلە.
ساتىپ ئالغان كەنىزەك ھەم تۇرۇپدۇر،
بۇ ئىككى قارە يۈزگە قۇل بولۇپدۇر.
تۇتادۇر بىر ـ بىرىگە دەم بىدەم مەي،
گەھىدە نۇقلى يەيدۇر، گاھىدە سەي.
كۆپ ئۆتتى ھەم داغى بۇسۇ كەنارە،
نە ئىشكىم بار ئىدى غەيرەز مىنارە.
دەرەختى ئاستىدا پىنھان ياشۇندۇم،
كۆرۈپ قالغايمۇ، دەپ بىھەد ئۇمۇندۇم.
ھەمە ئىش ئۆتتى، ئاخىر كارى ناشەرئى
قىلۇرغە قەسد ئېتىپ ئىزھارى ناشەرئى.
ئۆزىن ھۇشيار ئېتەرگە باردى خاتۇن،
بۇ يەردە قالدى تەنھاۋۇ بۇ مەلئۇن.
تۈشۈپ بىر تىغ بىرلە كارىن ئەتتىم،
جەزائى شەررىنىڭ ئىزھارىن ئەتتىم.
بۇ ئەسنا ئېردى كەلدى مەنچەنىقى،
كۆرەركىم يەرگە ئۆرۈلمىش قىيتەقى.
نىھايەت ئىشتىھايى شەھۋەتىدىن،
يامان نەفسى شەرارى شىددەتىدىن.
يۈگۈردى ھەر تەرەفكە قاتىل ئىستەپ،
ئۆلۈمنى ئۆز جانىغە مايىل ئىستەپ.
مېنى كۆرمەي يۈگۈرۈر ئېردى ھەريان،
كى بولسە ئۇرغاي ئېردى شىرى غەرران.
ئەسەر تاپماي يەنە جايىغە كەلدى،
ئۆلۈك مەھبۇبىنىڭ يانىغە كەلدى.
يۈزىن يەرتىپ باشىغە ئۆزىنى ئاتتى،
ئۆلۈككە چاپلاشىپ بىرمۇنچە ياتتى.
كەنىزەك كەلدى ئالىپ بىر يوغان خۇم،
پەلىد جىسمىنى خۇمدا ئەيلەدى گۇم.
كۆتەرىپ باغ ئىچىگە كۆمدى ئانى،
ئىچى ئاغرىپ كۆزىدىن ئاقتى قانى.

مۇنى كۆرگەچكە ياندىم ئۆز يولۇمغە،
نەزەر سالماي يولۇمدا ئوك ـ سولۇمغە.
يانىپ كەلدىم پىشىندىن ئىلگەرىدەك،
تۇشۇپ ئاتدىن ئىشىكنى ئەيلەدىم تەك.
چىقىپ ئاچتى ئىشىكنى قىلدى تەئزىم،
ۋەلې كۆڭلىدە ئىردى يۈز تۈمەن بىيم.
بىلىندۇرمەي كۆرۈشتۇم، سوردۇم ھالىن،
ئۆپۈپ قويدۇم جەبىنى ئۈزرە خالىن.
كۆرەرمەن كۆڭلى دائىم غەمگە مەملۇ،
دېدىم: «خانىم، نە كەلدى سىزگە ئۇترۇ.
كى دائىم بىر ئەلەمگە مۇبتەلاسىز،
كېسەللەردەك ھەمىشە غەم قىلاسىز؟»
دېدى: «سىزدىن جۇدالىق غەمگە سالدى،
جۇدالىق گويىيا ماتەمگە سالدى.»
دېدىم: «كەلدىنم غەم ئەتمەك ئەمدى ئەسلا
نى بارمايمەن مۇنىڭدىن سوڭرە سەھرا.»
ەلا ھازا بىر ـ ئىككى، ئۈچ كۈن ئۆتتى،
كۈن ئۆتتى، داغى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتتى
چېكەر. ئىردى نىھانى دەم بەدەم ئاھ،
كۆزۈمدىن نارى بولسە دەر ئىدى ۋاھ.
دېدىمكىم: «ئەمدى بار مەن. ئۆيدە ھازىر،
ئىرۇرمەن ھۇسنۇڭىزگە ئۇيلە نازىر.
يەنە غەمسىز ئەدەسسىز نې سەبەبدۇر،
ماڭا بائىسنى بىلمەكلىك تەلەبدۇر.»
دېدى: «بۇ كېچە تۈش كۆردۈم يامانراغ،
كۆڭۈلگە تۈشتى تۈشدىن بىر يامان داغ.
دېدىم: «قايداغ؟» دېدىكىم: «ئۇشبۇ كېچە،
يۈرەر ئىردۈك ئىكەۋلەن سۇنى كېچە.
ئۇشۇل دەم بىر يوغان دىۋ بولدى پەيدا،
بولۇپ قالدى كىچىك سۇ كەتتى دەريا.
بولۇپ پەيدا سېنىڭ سارى يۈگۈردى،
قاچىپ ئىردىڭ سۇ ئىچرە ئالىپ ئۇردى.
سۇ ئىچرە ئانچە تىزلاپ ـ تىزلاپ ئالدى،
كۆزۈم ئاچتىم بۇ كۆرگەنلەر يوقالدى.»
دېدىم: «غەم قىلمە ئاندىن ياخشى تۈشدۇر،

كى تۈش ئىرمەس بۇ كۆرگەن ياخشى قۇشدۇر
ئىرۇر ئول دىۋە ـ دۈشمەن خەسمى مەلئۇن
ئىرۇر دەريايى ئەئزەم ـ خىزرى مەيمۇن.
سۇغە قاچماق خىزىرغە ئىلتەجادۇر،
مېنىكىم قوغلامىشلەر، ئول فەنادۇر.»
ياتۇر ئىردىم ئۇزاتىپ قول ئاياغىم،
بۇ سۆزنى دېگەنىمگە چاغ دىماغىم.
تاپىپ غافىل پىچاق بىرلە پەيا پەي،
يۈزۈمگە ئۇردى ئىككى، دېگۈچە ھەي.
قوپۇپ ئۇردۇم باشىغە تىغى بۇررا،
كى بولدى جىسمى شۇمى ئىككى توغرا.
كەنىزەكنى بىر ئۇردۇم جانى چىقتى،
بۇ ئىككى قارە يۈزنىڭ قانى چىقتى.
ئۇتۇن يىغدىم تەنىنى ئوتقە سالدىم،
تالاشتۇردۇم، ئۆيۈمدە يەككە قالدىم.
بۇ زەخمىدۇر ئانىڭدىن قالدى مەندە،
نىشاندۇر بارچە جانغە ئۇشبۇ تەندە.
كى بىلگەي كۆرسە ھەركىم بۇ نىشاننى،
يىراق ئەتكەي ھەمە خاتۇن يامانىنى.

بۇدۇركىم ھالى خاتۇن ئەي جەھاندار،
نە لازىم مۇنچە بولماق ئىشقىدا زار.
خۇداكىم سىزگە بەرمىش مۇنچە دەۋلەت،
غەنىمەت ئەيلەمەك دەۋلەتدە ئىشرەت.
بۇ ئىشرەت ۋەقتى غەمنىڭ سۇدى يوقتۇر
جۇنۇنلۇغدىن بۆلەك بىھۇدى يوقتۇر.
خۇسۇسەن بىۋەفا خاتۇنلار ئۈچۈن،
ئەمەس خاتۇنكى، ئول مەلئۇنلار ئۈچۈن.
ئۆزۈڭنى مۇنچە قىلماغلىق رەۋامۇ،
بىلۇرسەنكىم شۇبۇ ئىشلار ھەيامۇ؟
ئەرەنلەر كۆڭلى خاتۇندىن سۇنۇقدۇر،
كى خاتۇنلارغە مەكرى بەس ئۇلۇقدۇر.
ئەزىزلەرنى قىلۇر مەكرى بىلە خار،
بولۇر دانامۇ ھەم بىلمەي گىرىفتار.

# خۇشھال غەرىبى شېئىرلىرىدىن

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانى (ئومۇمىي 26 - سان) دا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى، تارىخ پەنلىرىنىڭ كانديداتى ئامانبېك جەلىلوۋنىڭ «خۇشھال غەرىبىي ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى خۇشھال غەرىبىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغانىدۇق. بۇ قېتىم خۇشھال غەرىبىنىڭ ئامانبېك جەلىلوۋ نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

— مۇھەررىردىن

## غەزەللەر

كۆرگۈزۈپ يۈز كۆرمەدىم بىر مېھرى جانانىدىن ۋەفا،
نە دەيىن جانانىنى، ئۇشبۇ كۆرمەدىم جانىدىن ۋەفا.
تۇرفەدۇر قىلمە ۋەفا ئۇممىد بەس دەير ئەھلىدىن
كىمگە قىلغاي مېھر، كۆرگەيكىم كىشى ئانىدىن ۋەفا،
ئەقل جان ئالدى ۋە فالىغ راھى بىر مەتلۇبغە،
كۆرمەگەي راھى تەلەبدە نەفسى شەيتانىدىن ۋەفا.
بولمىش ئول شامى ئەجەل ئۆمرۈڭ كۈنى ئولتۇرغۇسى،
بولماغايكىم ئۇشبۇ ۋەقتدە مېھرى تابانىدىن ۋەفا.
ئۆمرۈم ئۆتتى ئەھد ۋەسل ئۇممىد ئەيلەپ بىلمەدىم،
ئەندى بىلدىم بولماس ئېركەن ئەھدى يالغانىدىن ۋەفا.
ئاھكىم، ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم كۆللىسى غەفلەت بىلە،
تاپمادىم ئاگاھلىغىمدە جۇزۋى قىلغانىدىن ۋەفا.
سالىك ئېرسە قەۋلىغە قىلغاي ئەمەل يوق ئېرسەكىم،
ساز يەڭلىغ يوق ئېرۇر قىلغان جەفا ئانىدىن ۋەفا.
ساقىيا تۇتقىل غەنىمەت دەۋرى ئەھلىن نېچە كىم،
دەۋرىڭ ئۆلغايدۇر ساڭا يەڭلىغكى دەۋرانىدىن ۋەفا.
ھەجرىدىن ئۆزگە غەرىبىي تاپمادى ئەفغانىدىن،
بۇلبۇل ئانداغ كۆرمەدى گۈلدىن گۈلىستانىدىن ۋەفا.

* * *

ئەي سەبا چەرخى دىلىم ھالىنى جانانىمغە ئايت،
سۇبھىدەك بولدۇم ئانىڭكى مۇنىسى جانىمغە ئايت.
كۇلبەئى ئەھزانده بولغان زۇلمەت ئەھۋالىم كۆرۈپ،
ھالىمە رەھم ئەيلەبان ئۇل ماھى تابانىمغە ئايت.
تاپتى مىلك فەرمانىلە شەمئى جەمالىدىن قۇرۇغ،
يوقمەنۇ پەرۋانىغە شەمئى شەبىستانىمغە ئايت.
ھەمدەمىم يوقتۇركى سورغاي ئەرزى ھالىمنى مېنىڭ،
داد ئېتىپ ئەرزى دىلىمنى ماھى سۇلتانىمغە ئايت.
تا قال ئادا سالغان ئەردى ئىتلەرىدىن ئەيلەبان؛
سەگى دەرگاھى ئېرۇرمەن ئۇل نىگەھبانىمغە ئايت.
ھۇسنىغە زىينەت بېرىپ قىلدى يۈرەكنى لەختە قان،
تۆكتى قانىم ساھىبى لۇئلۇئى مەرجانىمغە ئايت.
چىقسە ئۇل چابۇك سەۋار ئۆلتۈرگەلى دىن ئەھلىنى،
مېنى ھەم [قەتل] ئەيلەسۇن ئۇل نامۇسۇلمانىمغە ئايت.
يار كەلمەسكە دىلىمنى شەرھە ـ شەرھە ئەيلەدىم،
ئەي سەبا، چاكى دىلىم ھالىنى جانانىمغە ئايت.
ساقىيا،تۇت بادە، مەست قىل، تا قۇتۇلسام دەردىدىن،
قالسام ئۇل مەيخانەدە ئۇل كۆڭلۈم ئالغانىمغە ئايت.

* * *

خانىقاھغە باشلادى بەس سوردى ئەھۋالىمنى شەيخ،
تا ماڭا قىلدى بەيان ئۆز قىيل ئىلە قالىمنى شەيخ.
بولدى تەمىسىل ھاسىلىم تاپماي شەرەفتىن قەترەئى،
چۈن تەبىب جەھل ئولدى كۆرۈپ [ھالۇ] ئەفئالىمنى شەيخ،
دەردىمە تاپماي دەۋا نە چەكتىم ئانداغ ئاھنى،
كۆردى پەرۋاز ئاندىن ئەتمەككە پەرۇ بالىمنى شەيخ.
مۇرغى تا بەندى قەپەس شاد ئولماغانىنى بىلدىكىم،
بولدى دەڭ مەندەك كۆرۈبان نېكۇ [بەد] ھالىمنى شەيخ.
خانىقەھدىن چىقىبان مەيخانەغە قويدۇم قەدەم،
فەھم قىلدى ئەندەكۇ ئىدبار ئىقبالىمنى شەيخ.
دەير پىرى خىزمەتىغە كەلدىم ئاندىن شەۋق ئىلە،
مەن تاپىپ ذارىدىل ـ ئەمان كۆرمەي نەما سالىمنى شەيخ.
كىرمەدى مەيخانە ئىچرە سەسكەنىپ نامۇس ئىلە،

مېنى ئانداغ كۆردى گويا بىر يامان زالىمنى شەيخ.
ئەي غەرىبىي، بۇ سىراتىل - مۇستەقىمدە قىل مەقام
كۆرسە كۆرسۈن هەر نېچە بۇ نەۋئىددەك هالىمنى شەيخ.

* * *

ئول مەيىن لەئلى لەبىڭگىم ئابى هەيۋاندىن لەزىز،
ئابى هەيۋان نې دەيىن ئول قەترەئى جاندىن لەزىز.
چۈن مەگەس قەندۇ شەكەرنى خۇش كۆرەر ئالەم ئېلى،
لەئلى سىيرابىڭ ماڭاكىم شەككەرىستاندىن لەزىز.
بادەئى لەئلى لەبىڭ ئىمان ئەداسى بولدىكىم،
بارچە شىرىندىن لەزىز بۇ بولدى، ئول ئاندىن لەزىز.
تىيرە كۆلبەم ئىچرە تۈشسە پەرتەۋىدىن ماهى هۆسن،
بولدى ئول نۇر زۇلمەت ئىچرە ماهى تاباندىن لەزىز.
تىيرە خاكىم ئۈزرە تامسە قەترە مەي گۈلگۈن ئەگەر،
مەي گۈلىن سىيرابلىغىدىن هەم گۈلىستاندىن لەزىز.
مۇغبەچە دەير ئىچرە بەرسە قەترە مەي گۈلگۈن ئەگەر،
قەترە جان ئول ماڭا دەهرى دۇررى غەلتاندىن لەزىز.
بۇنداغ ئاۋازى سوراهى ئىلكىدە مۇغ چىقسەكىم،
بۇ مۇغەننى ئەرغەنۇندىن هەممە ئەلجاندىن لەزىز.
كۆڭلۈم ئالغان بىر نىگاهى جانغە لەززەت بەردىكىم،
هېچ لەزىزى بولماغاي ئول كۆڭلۈم ئالغاندىن لەزىز.
بادە دەردىڭغە دەۋادۇر، ئەي غەرىبىي، يوق دەۋا،
هېچ تەبىب ئىلكىدە مۇنداغ هەممە دەرماندىن لەزىز.

* * *

ئېرۇر مۇسهەفى ئىچىندە ساف چۈن رۇهى راۋان كاغەز،
ئارادا ئاشىقى - مەئشۇق دېگەي ئەسرارى جان كاغەز.
ساۋادى خىلئەت ئىچرە ساقلابان نازۇك مەئانىنى،
كى ۋاقىف ئولماسۇن ئەغيار دەپ قىلدى گۇمان كاغەز.
يۈزى ئاقۇ خەتى لەئلۇ لەبىدە ئول خەتى رەيهان،
كى سۇرخى بىرلە شىنگەرفى زىهى مەئشۇق جەهان كاغەز.
ئېرۇر سەفهى فەلەكتە ئافتاب نەقشى هۇجۇم بولمىش،
مەئانى مېهرىدىن خەتلەر نۇجۇم چۈن ئاسمان كاغەز.
كىشىگە هەر ئۇمۇرىدىن ئەغلەپ ئەلباب بولسەكىم ئاچقاي،
كەلدى خەت ئىلە مۇشكىل كۇشا ساهىب بەيان كاغەز.
يۈزى باغى بېهىش بولدى مەئانى - مېۋەسى ئانىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرۇر ئەھلى مەئانغە ئۇل بىرۇر چۇن باغبان كاغەز.
جەراھەت قىلسە كۆڭلىنى كىشى ياپغىل، يۇزۇك ياپغان،
قەلەم قىلسە قارا ھەم يۇزىنى، باغرىنى قان كاغەز.
تاپىلماي ئالەم ئىچرە بىر مۇۋافىق يار، مەگەر تاپتىم،
ئۇزى سافۇ سۆزى ساف راستگۇيلىغدە ئەيان كاغەز.
ئەگەرچە باتىنىڭ ساف ئۇلسە ئىچمە بادە، ئەي زاھىد،
زەرەر قىلغاي ھەم ئۇل يەڭلىغ سۇ ئىچسە ناگىھان كاغەز.
كىتۇر ساقىكى، تۇت بادە، ماڭا ئانداغ مۇھىد ئىچسە،
قەلەم ساقى بولۇپ جامى دۇۋەتتىن گەر دىھان كاغەز.
خەلايىقتىن، غەرىبىي، ئەيلەگىل بىر گۇشەئى خىلۋەت،
ھەمۇل يەڭلىغ مەئانىغە ئىرۇر دارىل - ئەمان كاغەز.

* *

جەننەتتە بولماغايمەن تا كۆرمەسەم جەمالىڭ،
تۇبى ئەمەسكى مەنزۇر تا بولماسە نىھالىڭ.
گۇلزار ئاراسىدە بىر ھىندۇ بەچەنى كۆردۇم،
دىل ئىچرەدۇر ھۇۋەيدا گوياكى بولدى ھالىڭ.
ئەي مۇرغى ئۇچمە زىنھار زاتىغە يەتكەمەن دەپ،
ئۇچقان زەمان قەيەركىم ئۇل جەمئى پەرۇ بالىڭ.
ئىللەتلىك ئەل تەرىقدە مەنزىلگە يەتمەگەيكىم،
يەتمەككەكىم مەھەلدۇر چۇن فىكر ئىلە خەيالىڭ.
ئەي ۋائىزى سۇخەنۋەر، گويا چۇ ساز ئۇلدۇڭ،
ئاچماس دەرىنى مەقسۇد مىفتاھى قىيلۇ قالىڭ.
تەسۋىرى خىلقەتىڭنى ئۇل قادىرىكى بەرھەق،
پەيدا قىلىپدۇر ئانى ھەر دىيدە، ئىمتىدالىڭ.
رويۇڭ بىلەن قاشىڭغە تەشبىھ ئەيلەسەم مەن،
دىيسەم مۇنى خاتادۇر شەمسۇ قەمەر مىسالىڭ.
چۇن نەۋئى - نەۋئى گۇللار ئۇل مەئرىزى زەۋالدۇر،
گۇلچىھرەڭ ئۇلدى ئەمما كەم بولمادى زەۋالىڭ.
بىھەد خۇمار بولدۇم، ساقى، شەراب سۇنغىل،
بولدى ئۇزۇڭغە ئوخشاش ئۇل بادەئى كەمالىڭ.
جەننەت گەر ئۇلسە مەرغۇب بىلگەي ئانى غەرىبىي،
دەۋزەخ كەبى ئىرۇر ئۇل [گەر] بولماسە ۋىسالىڭ.

* *

ئېتەيكى يولدا ئۇل شوخ زار قىلدى مېنى،
بۇ زار بىرلە گەھى يوقۇ بار قىلدى مېنى.
چۇ بەھرى ھەجرىدە بولدۇم غەرىقى بىپايان،
گى مەۋج يەڭلىغ ئولۇپ بىقەرار قىلدى مېنى.
چۇ مېھىر ھۇسنىنى كۆرسەم دەبان قاراپ ھەردەم،
گى زەررە يەڭلىغ ئولۇپ ئىنتىزار قىلدى مېنى.
نېتاڭكى كامىدىل ئولسە ماڭا تەلەب يولدا،
نېچۇنكى ھەردەم ئاڭا ئىنتىزار قىلدى مېنى،
يېتەر يۈزىغە ئانىڭ گەرد يەتمەگەي بەسى سەك،
نېتاڭكى يەتسەم ئاڭا چۇن غۇبار قىلدى مېنى.
چۇ بىلمەدىم ئانى مەيدان ئارا كېزىپ كۆرسەم،
دەبانكى ئاشىقى چابۇك سەۋار قىلدى مېنى.
تەرىق خاكى ماڭا شاھ سەرىرىدىن ئەفزەل،
كۆرەر كۆنىدە ئۇلۇس گەرچە خار قىلدى مېنى.
مەي ئاشام ئېرىدىمۇ ئۆتكەن كېچە مەن، ئەي ساقى،
دەپ ئىچسەم ئانى بۇ كۆنكىم خۇمار قىلدى مېنى.
ۋىسالى بولماسەمۇ ھەجرىدە بولۇپ خوشھال،
غەرىبىنى كاشغەرى بىديار قىلدى مېنى.

* *

كىشكى مەي بىرلە سىير ئولسە ئاب ئىستەرمۇ،
چۇ تاپسە باغ ئارا گۇلنى گۇلاب ئىستەرمۇ.
نىدا ئىشىتسە كۆڭۆل يارىدىنكى ھەردەمىدە،
جەۋابىدىن ئاڭا ئۆزگە جەۋاب ئىستەرمۇ.
كىشكى ئالەمى ئۇمرى ئىچرە سەير قىلسە ئەگەر،
بۇ نەۋئى ئالەم خەلقى ئىنقىلاب ئىستەرمۇ.
چۇ تاپسە ئىلمىلىدىن ئىلم، كەسىب نەھاجەتتۇر،
كىشكى بەھرىنى تاپسە ھۇباب ئىستەرمۇ.
كىشكى بىرنى تاپىپ مىڭ ھېساب تاپسەكى خۇب،
كى تاپسە ئەكسىنى مۇنداغ ھېساب ئىستەرمۇ.
گەر ئولسە يار ۋىسالى بېھىشت كىبرەك ئېرمەس،
بېھىشتىن ئاندا قويۇپ ئول ئەزاب ئىستەرمۇ.
ئېشىتسە نەغمە سۇراھىنى مۇغبەچە قەۋلىدىن،
مۇغەننى ئىلكىدە نەغمە رەباب ئىستەرمۇ.

www.uyghurkitap.com

غەرىبىي تاپساڭ ئەگەر گۈل سەنبەرى غەم ئىستەمەگىل،
چۇ تاپسە ئابى ۋۇزۇنى تۇراب ئىستەرمۇ.

مۇستەھزاد

ئاشۇفتە مېنى ئەيلەدى، ئۇل شوخ ستەمگەر،
جانىمغە بەلادۇر.
سىيمىن تەنۇ رەئنالىغىدا ئولدى سۇمەنبەر،
چۈن زۇھرى سەفادۇر.
ئالەم يۈزىنى قىلدى مۇئەتتەر چۇ شەمىمى،
كىم ئىلكىدە ئانى.
مەششاتەسى تەرھ ئەيلەسە گەر زۇلفى مۇئەنبەر،
چۈن بادى سەبادۇر.
كۇلبەم ئارا گەر سايەسى كىرسە ساغىنۇرمەن،
ئۇل مېھرلىۋەشىمدۇر.
چۈن سۇبھ ئىلە ئالەم يۈزى بولغايكى مۇنەۋۋەر،
چۈن مېھرى زىيادۇر.
يوقتۇر بۇ جەھان گۈلشەنىدە ھېچ ئاڭا مانەند،
گەر ئىستەسە ھەركىم.
نەققاشى ئەزەل ئىلكىدە بولمىش چۇ مۇسەۋۋەر،
جانلاركى فىدادۇر.
يا رەب، نەفەسى ئايرىما يادىڭنى دىلىمدىن،
مەقسۇدۇم ئېرۇر ئول.
ھەم ئەيلەگىلۇ ئانى زەبانىدە مۇقەررەر،
ھەم خالى مەلادۇر.
ئەيلەكى تەماشا رىندە ئېلى باشىدىن ھەردەم،
چۈن ياستانىبانكىم.
مەيخانە ئۈچۈن جامى ئەگەر بولسە مۇدەۋۋەر،
كىم مەيغە گەدادۇر.
ئىزھار ئانىڭ دوستىغە دوستلىغ قىلا كۆرگىل،
پەيۋەستە غەرىبىي،
ھەركىمگە بۇ دوستلۇغ دىلىدا بولسە مۇقەررەر،
ئۇل دوستغە فىدادۇر.

مۇخەممەس

نېتەي، ئەي دوستلاركىم، ئايرىلىپ مەن جانى جانىمدىن،
بەدەن ئەشغالىدىن ھەم تەرك ئولۇپمەن خانىمانىمدىن.

كۆرۈپمەن سايەدەك زۇلمەتنى هەردەم بۇ جەهانىمدىن،
جۇدا بولغاچكىم ئۇل خۇرشىد يەگلىغ مېھرىبانىمدىن.
بۇ هىجران باغى نى ئولدى ئۇل ئاشۇبى زەمانىمدىن.

تىلەپ ئانىڭ ۋىسالىن هاسىل ئولدى چۇن ماگا فۇرقەت،
نېتەي بەختىم ساگا ۋەسل ئولغامەن دەپ بولدى بۇل كۈلفەت.
قوۋاندىم بولغاچ ئۇل هەردەم ماگاكىم ئاھ ئىلە هەسرەت.
بولۇپمەن تۇرفە بۇ كىم شەمئى يەگلىغ دۇدىغە ئۈلفەت،
چۇ كۆگلۈم زاهىر ئەتمىش مۇنى ئۇل يەگلىغ نىهانىمدىن.

نە مەهۋەشدۇر ئۆزىگە بىر نەزەردە ئەيلەدى شەيدا،
نەدىلبەر ئولمىش ئۇل كۆگلۈمگە مېھرىن ئەيلەدى پەيدا.
نە گۈلدۈركىم ئاچىلمىش گۈلشەنى هۇسن ئىچرەكىم رەئنا.
نە تۇبى ئېرمىش ئۇل جەننەتتە يوق ئانداغ قەدى زىبا،
نەچارە ئايرىلىپمەن ئۇشبۇ يەگلىغ دىلىستانىمدىن.

بىلەلمەم تۇشمىش ئانداغ [باشىم] ئۆزرە ئىشق سەۋداسى،
كى سۇدىم بولمىش ئاندىن چۇن يولىدا ئىشق يەغماسى.
جەۋانلىغدە قويۇپ، پىرلىغدە بولدۇم ئىشق رەسۋاسى.
سۆزۈم ئەيب ئەتمەگىز چۇ مەن بولۇپ بىر پىر ۋەسۋاسى،
نە بەهرە ئىلتىدىمكىم بۇ ئوقۇغان داستانىمدىن.

## چىستانلار

بىر پەرى رويى كۆزۈمدىن ئۆتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن،
تەلبە ئەيلەپ ئەقلىم ئالىپ كەتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.
باشى يەتمىش، يۈز ئاياغ، ئۈچ يۈز بەدەنلىغ قۇش كېلىپ،
تەن توزاگىدا مۇرغ جان سەيد ئەرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.
بىر قەلەندەر هىندۇ بەچچە خىرمەنى گۈل ئۈستىدە،
رۇمغە مېهمان بولۇپ ئولتۇرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.
بىر قارا قۇش ئۇل زەمان ئۇچقاندا گۈلزار ئۈستىدىن،
ئىككى ئاهۇكىم سەمەن گۈلدە تۇرمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.
يەتتە باش، سەكسەن ئاياغ، ئوتتۇز بەدەن مارى سىياق،
خەم بولۇپ گۈل ئۈستىدە تەلپىنمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.
يار ۋەسفىدىن شەربەتي ئۆيدى رەشك ئەيلەپ رەقىب،
لەختە ـ لەختە غۇنچەدەك قان يۇتمىشىن كۆردۈم بۇ كۈن.

* * *

يېگى خەت چىققان لەبىڭ شەهرىنى ئارمان ئەيلەرەم،
ئوتتۇز ئىككى غۇنچەنىڭ بۇلبۇلى نالان ئەيلەرەم.

www.uyghurkitap.com




تىيرە كۆلبەمدە ئۆزۈمنى تۆرت ئوتتۇز خانىدە،
باشى ئون، بىر تەن، ئاياغ تۆرت قۇشدا مېھمان ئەيلەرەم،
تۆرت يۈز ئەللىك قەفەس ئىچرە مۇرغ ساقلاب يار ئۈچۈن،
باشى ئۈچ، ئەللىك ئاياغ، بىر تەننى قۇربان ئەيلەرەم.
ئالتى يۈزدۇر، باشى بىر تەن ھىندۇي گۈل ئۈستىدە،
ئاياغى ئوتتۇز دۇرۇر ھەردەم فىدا جان ئەيلەرەم.
يەتتە باش، سەكسەن ئاياغ، ئوتتۇز بەدەنلىغ قۇش كەبى،
تەلپۈنۈپ گۈل ئۈستىدە ھەر لەھزە ئەفغان ئەيلەرەم.
باشى ئېرمىشدۇر يىگىرمە، ئالتى تەن، يەتتى ئاياغ،
ئىككى جەللاد تۇتمەسىغە باغرىمە قان ئەيلەرەم.
باشى ئۈچدۇر، قىرىق ئاياغلىق بىر تەنى بەد مەستىكىم،
كافىرى مۇغ ئىلكىدە ئالىدا جەۋلان ئەيلەرەم.
نۇقتەسى يەگلىغ غەرىبىي تۆرت يەتمىش مېھرىچە،
زەررەلىغ ئىزھار ئېتىپ تەختىدە پىنھان ئەيلەرەم.

تەرجىئىبەند

كېتۇر، ساقى، ئول جامى ئايىنەرەڭ،
مەن ئولدۇم خۇمارىدا ھەيرانۇ دەڭ.
كەرەم قىل ماڭا قەترە ئول جامدىن،
مۇزىل ئەتكەي ئول مەي خۇمارىنى زەڭ.
ئېتىپ دەير بۇ نىياد ئۈچۈن بادە نۇش،
ئاڭا كىردى ئول مۇغبەچە شوخى شەڭ.
ئالىپ ئىلكىغە جام دىلكەشنى ئول،
ئارادا چۈشۈپ رىندلەرغە چۇ جەڭ.
ئانى نۇش ئەتمەككە چۈن جام ئولۇپ،
كېلىپ ئالدىغە ئەھلى رۇمۇ فەرەڭ،
بولۇپ جۇملە مۇشتاق ئاڭا ئىچكەلى،
ئۇلار قىلدى مەن يەگلىغ ئاندە دەرەڭ.
تۇتۇپ مۇغبەچە رەسمى مەيخورلىق،
مۇغەننى چېكىپ ئاندە ھەم نەيۇ چەڭ،
چۇ دەير ئەھلىدىن چىقتى ئاندىن خۇزۇج،
ئانىڭ نەشئەسىدىن چۇ مۇم ئولدى سەڭ.
خەرابات ئەھلىغە ئول پىرى دەير،
مەي ئەيلەپ رەۋا مەزھەبىن تۇتتى كەڭ.
جۇ مەي نۇش ئېتىپ بارچە ئۇششاقلار،
مەي ئىچمەككە ئەھۋالىمە بولدى تەڭ.
كەرەم ئەيلەگىل، ساقىيا، زارمەن،
چۇ مەي قەترەسىغە تەلەبكارمەن.

قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان «پەرۋاز» ناملىق ژۇرنالىنىڭ 1988 - يىللىق سانىدىن ئېلىندى،

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن.



## سەيىد ئەھمەد

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئېلى

دۇھەررىردىن: سەيىد ئەھمەد تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، XV ئەسىر تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان مەشھۇر شائىر. ئۇ ئەمىر تۆمۈر كوراگان (1336 — 1405) نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مىرانشاھنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، داڭ چىقارغان ۋە خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى مەجلىسىدە بۇ شائىر توغرىسىدا توختىلىپ: «سەيىد ئەھمەد مىرزا — تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ساپ كىشى ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ غەزەل ۋە مەسنەۋى تۈرلىرىدە، ھەم تۈركچە، ھەم پارسچىدا خېلى مەشھۇر نەزمىلىرى بار. غەزەللىرىدىن تۈزگەن دىۋانىمۇ بار، مەسنەۋىلەر ئىچىدە «لەتافەتنامە» ئۇنىڭ ئەسىرى...» دېگەن. ئەمما شائىرنىڭ دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ پەقەت، «تەئەششۇقنامە» داستانىلا ساقلىنىپ قالغان. «مەجالىسۇن - نەفائىس» تا سەيىد ئەھمەدنىڭ «تەئەششۇقنامە» داستانىنىڭ ئىسمى بىلەن مىلادى 1411 - يىللاردا يېزىلغان خۇجەندىنىڭ «لەتافەتنامە» داستانىنىڭ ئىسمى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانمۇ ياكى سەيىد ئەھمەدمۇ «لەتافەتنامە» دىن يەنە بىرنى يازغان بولۇپ، لېكىن بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنمۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم.

«تەئەششۇقنامە» دىن ئىبارەت بۇ لىرىك داستان ھىجرىيە 839 - (مىلادى 1435 - 1436 - ) يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 10 باب، 319 بېيىتتىن تەركىب تاپقان. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەت، سەمىمىي - ساداقەت، ساپ گۈزەللىك توغرىسىدىكى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىچكى تۇيغۇلىرىنى گۈزەل لىرىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

بۇ داستان بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىلى گۈزەل، ساددا ۋە راۋان؛ قۇرۇلمىسى ئىخچام، مەركەزلىك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ لىرىك داستان XV ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە تىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر قول يازمىسى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا، داستان خېلى ئۇزۇندىن بېرى خەلقئارادىكى تۈركشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن، 1927 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئەسەر خىلمۇ خىل نۇسخىلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1987 - يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، غاپپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مۇبارەك مەكتۇبلار» ناملىق ئىنتابقا بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق تېكىستى كىرگۈزۈلگەن، بۇ قېتىم بىز بۇ داستاننىڭ ئاشۇ نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان تېكىستىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كىتاب سەبەبى

تۈشۈمدە بىر كېچە كۆردۈم سەھەرگاھ،
كى مەجنۇن بىرلە بولدۇم يولدا ھەمراھ.
ماڭا دېدىكىم: «ئەي شوردە ئەھۋال،
چىقار! باشتىن تەكەببۇر قىلما ئىھمال.
كى ئاشىقلار مەقامى كەربەلاردۇر،
كىشىكىم بولدى ئاشىق مۇپتەلاردۇر.
چۇ سەن ھەم مۇبتەلا بولمىشسەن ئاخىر،
جەفادىن گۈل بىكىن سۇلمىشسەن ئاخىر.
بۇ يولدە قوي سەرۇ سامان ئەدەم بول!
ئەگەر ۋەسل ئىستەسەڭ سابىت قەدەم بول!
تەخەييۇل بىرلە نەزم ئەت بىر ھېكايەت،
ۋەلې نېمەت قاشىندە قىل رىۋايەت.
ھېكايەتكىم، «تەئەششۇقنامە» بولغاي،
ئۇلۇغلار قاشىدە ئەللامە بولغاي.

شەھەنشاھى جەھان دارايى ئەئزەم،
فەرىدۇن سىيرەتۇ جەمشىد مەقدەم؛
سۇلەيمان تەلئەتۇ كەيخۇسرەۋ ئىرشاد،
سىكەندەر شەۋكەتۇ نۇشرەۋان داد.
ئۇلۇغ سۇلتان مۇئەززەم شاھرۇخان،
مۇھەممەد خۇلقۇ سۇلتان بىننى سۇلتان.
ھەمىشە دەۋلەتى مەئمۇر بولسۇن،
كۆرە بىلمەس كىشىلەر كور بولسۇن.
ئىلاھا، بولماسۇن ھېچ ئىنتىھاسى،
قەبۇل ئەت سەيدى ئەھمەدنىڭ دۇئاسى.
چۇ شاھەنشاھ دۇئاسىن خەتم قىلدىم،
«تەئەششۇقنامە» سارى ئەزم قىلدىم.
سەفا ئايىتتى بىتىگەن خامە بولدى،
«تەئەششۇقنامە» ھەم ئون نامە بولدى.

## ئەۋۋەلغى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، زىيبا سەنەملەر كۆركە بايى،
قامۇق شاھلار گەدايىڭنىڭ گەدايى.
لەتافەت مۈلكىنىڭ ساھىب كامالى،
تاپار نۇقسان يۈزۈڭدىن ماھ كامالى.
بۇ كۈن ھۆسن ئوردەسىندە پادشاسەن،
زەرافەت ئالەمىندە مەھلىقاسەن.
سىفاتىڭدۇر سېنىڭ ئالەمدە مەشھۇر،
سېنى ھەق ساقلاسۇن ئەز چەشمى بەددۇر.
بويۇڭدۇر، ئەي سەنەم، چۇن سەرۋى ئازاد،
ساڭا قۇل بولدى ھەركىم، بولدى ئازاد.
ساچىڭنىڭ ئىسىدىن ئالەم مۇئەتتەر،
سەكىڭدىن مۇنفەئىلدۇر مۇشكۇ ئەنبەر.
سېنىڭ بىرلە بولۇر جانۇ جەھان شاد،
كى جان بىرلە تىرىكدۇر ئادەمىزاد.
فىراقىڭدىن بولۇر بۇ چېھرە سازى،
ۋىسالىڭ چۇن نەزەر قىلماس بۇ سارى.

قوشە قاشىڭدىن ئولۇر فىتنە پەيدا،
قىلۇر جادۇ كۆزۈڭ ئالەمنى شەيدا.
ئېشىگىڭدە، ئايا ماھى قەسەبپۇش،
بولۇر خۇرشىدى تابان ھەلقە دەرگۇش.
قارا زۇلفۇڭ ئېرۇر كۆڭلۈم قەرارى،
ئانىڭ ئۈچۈن تەن ئىچرە يوق قەرارى.
خەيالىڭدۇر ھەمىشە مۇنىسى جان،
فىراقىڭدۇركى باغرىمنى قىلۇر قان.
جەمالىڭ دەۋرىدە، ئەي كۆزى قەتتال،
ئېرۇر دەردىڭ كۆڭۈللەرگە سۇيۇرغال.
مەلاھەت كىشۋەرىندە خانسەن، ئەي جان،
لەتافەت ئالەمىندە جانسەن، ئەي جان.
سېنىڭ سارى كۆڭۈل ئۇچماقنى ئىستەر،
كۆرۈڭ بېچارە نې ئۇچماقنى ئىستەر؟
نېچە جەۋرۇ جەفا قىلغايسەن، ئەي يار،
بىلۇرسەنكىم قۇلۇڭدۇرمەن ۋەفادار.

سېنىڭ بىرلە مېنىڭ ئەھدىم ھەماندۇر،
نېچەكىم جانىمە جەۋرۇڭ ياماندۇر.
فەلەك يەتكۈزدى چۈن فەسلى ھەمەلنى،
ئىراقىۋار ئايتاي بۇ غەزەلنى.

غەزەل

سېنىڭ دەردىڭدىن، ئەي شوخى مۇسەۋۋەر،
قامۇق ئالەم خەراب ئولدى سەراسەر.
نېچەكىم جەھد ئېتەر بىچارە ئاشىق،
ۋىسالىڭ دەۋلەتى بولماس مۇيەسسەر.
دۇداغىڭ ئالدىدە، ئەي سۆزى شىرىن،
ناباتۇ قەندۇ شەككەردۇر مۇكەررەر.
تىشىڭدىن مۇنفەئىلدۇر بەھر ئىچىندە،
ياڭاقىڭدىن خىجىل ياقۇتى ئەھمەر.
شەھا، دەۋرىڭدە جەۋرۇ زۇلمۇ بىداد،
بولۇپتۇر سەيدى ئەھمەدقە مۇقەررەر.

سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۇر جامى دىلئەفرۇز،
كى ئىشرەت چاغىدۇر ھەم فەسلى نەۋرۇز.
چالىپ چەڭگۇ چاغانە بادە بىرلە،
ئىچەلى مەي ھەرىفى سادە بىرلە.
كى بەش كۈن ئۇمر يەلتەك كەچكۇسىدۇر،
سەن ئاندىن كەچمە ئول خۇد كەچكۇسىدۇر.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## ئىككىنچى نامەسىن ئايتۇر

نىگارا، ئالدى كۆڭلۈم يۈزۈڭ ئالى،
قىلادۇر قەسدى جان ھەم كۆزۈڭ ئالى.
ئاتىپ غەمزە ئوقىن پەيۋەستە قاشىڭ،
يۈرەكىم قان قىلۇر پەيۋەستە قاشىڭ.
جەمالىڭ شەمئىنىكىم ياندۇرۇرسەن،
قامۇق ئالەمنى ئوتقە ياندۇرۇرسەن.
ئەڭىڭدە مەڭلەرىڭ مۇشكى خىتادۇر،
قارا زۇلفىڭ سارى بارماق خەتادۇر.
قۇياشدۇر ئارەزىڭ يا مۇشتەرىدۇر،
كى جان بىرلە جەھانى مۇشتەرىدۇر.
ۋىسالىڭ زەۋقىن ئىستەب، ئەي دىلئارام،
تەن ئىچرە تاپمادى مىسكىن دىل ئارام.
كۆڭۈل قۇشىنى ئىشقىڭ قىلدى شۇنقار،
بۇ غەمدىن مۇددەئىيلەر بولدى شۇنقار.
كەرەشمە قىلماق ئىچرە قىل يارارسەن،
نېكىم جانىمغە قىلسا، قىل، يارارسەن.
ئانىڭكىم ئال يۈزىندە خالى بولغاي،
قاچان فىتنە قىلۇردىن خالى بولغاي.
ئايىتسەلەر ساڭا غەمزەڭدىن ئوق ئات،
ئانى ئۆزگىگە ئاتمە بىزگە - ئوق ئات.
تۇرۇپتۇرمەن ئوقۇڭنىڭ قارشۇسىندە،
ئاتار بولساڭ تۇتارمەن قارشۇ سىينە.
چۇ تارتارمەن ھەمىشە ھەجر بارىن،
ساڭا ئايتاي كۆڭۈلدە ھەر نې بارىن.
بىلۇرسەنكىم قۇلۇڭدۇرمەن كەمىنە،
كەرەم قىل باقماغىل قىلغۇڭ كەمىنە.
تۆكەر ھەردەم فىراقىڭ دىدە قانى،
مېنىڭدەك بىر داغى غەمدىدە قانى.
كۆڭۈلدە گەرچە ھەجرىڭ داغى باردۇر،
ۋەلېكىن ۋەسل ئۇممىدى داغى باردۇر.
نېچەكىم غەمدە مەن، ئەي قەددى شەمشاد،
بولۇرمەن ھەر قاچان كۆرسەم سېنى شاد.
تەرەھھۇم بۇ گەداغا قىلغىل ئاخىر،
يوق ئېرسە قايغۇدىن بولغۇسى ئاخىر.
ئولاردۇر سەيىد ئەھمەد قىل ياراغىن،
ئىنەك بارى بىر ئىشكە ياراغىن.
ئىشىتكىل بۇ غەزەلنى چون ئىراقى،
ئەجەم سازىن تۇرۇپ ئايتاي ئىراقى.

غەزەل

ۋەفا بارىندە، ئەي شوخى سۇمەنبەر،
جەفا كۆپ قىلما ئاخىر، ئەي سەنەۋبەر.

لەتافەت بىرلە نازۇكلۇك ئىچىندە،
بېلىڭدۇر ساچۇ ساچىڭ مۇشكۇ ئەنبەر.
ئەگەر ئاھ ئۇرسام ئاھىم شۇئلەسىندىن،
ئېزىلگەي قاف، ئېرىگەي كوھى خەيبەر.
كۆڭۈلنۈڭ لەۋھىدە ئىشقىڭ سىفاتىڭ،
بىتىپتۇرلەر ئەزەلدىن ئۇقۇپ ئەز بەر.
ئۇنۇتمايدۇر بەيان سەيدى سۆيۈنۈر،
نېچە جەۋرۇ جەفا كۆپ قىلسا دىلبەر.

### سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۇرگىل بادەۋۇ جام،
ئىچەلى مەي بەيادى ئەھمەدى جام.
مەيىكىم روھ ئاندىن مەست بولغاي،
مۇھەببەت كويىدە سەرمەست بولغاي.
خۇمارىمىزنى ئول مەيدىن يازالى،
مۇدام ئىچمەگەنىن نې دەپ يازالى.
بىلۇرسەنكىم جەھانىنىڭ يوق بەقاسى،
بەقاسى يوق جەھانگە نې باقاسى.
تەھەممۇل ياخشى ئىشتۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## ئۈچىنچى نامەسىن ئايتۇر

سالامىم يەتكۈر، ئەي بېگى جەھانگىر،
نىگارىم ھەزرەتىندە قىلما تەئخىر.
سالامىم ئايتا كۆر تىنماي، تايانماي،
خۇداي ئۈچۈن ياۋۇق ئەتكەندە يانماي.
سالامىمنى يەتۈر ئول دىلرەباغە،
ساچى ۋەللەيلۇ يۈزى ۋەززۇھاغە.
سالامىم يەتكۈر ئول سەرۋى رەۋانە،
رەھىمسىز دىلبەرى نامېھرىبانە.
ئايتقىل، ئەي يۈزى رۇھى مۇسەۋۋەر،
ئايتقىل، ئەي دۇداغى مۇشكۇ ئەنبەر.
ئايتقىل، ئەي يۈزى خۇرشىدى ئافاق،
پەرىۋەشلەر ئىچىندە بارچەدىن تاق.
ئايتقىل، ئەي مالاھەت مۇلكىدە شاھ،
مۇلازىم خىزمەتىڭدە زۆھرەۋۇ ماھ.
ئايتقىل، ئەي لەتافەت ئىچرە زىيبا،
جەمالىڭدىن جەھانى بولدى شەيدا.
قاچان كەلگەي سېنىڭ رەھمىڭ گەداغە،
فەقىرۇ مۇستەمەندۇ مۇبتەلاغە.
غەرىبلەرنى بەسى ھەيران قىلىپسەن،
نېچەگە تەگرۇ سەرگەردان قىلىپسەن.
قامۇق ئالەم جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەر،
ئاياقىڭ تۇپراغىدۇر تاجى قەيسەر.
ئەگەرچە ئىتلارىڭ بىرلە تەك ئەرمەن،
ۋە لېكىن ئۆلەيىن ئىشقىڭدە دەرمەن.
تىرىك بول سەن يۈز ئەللىك يىل جەھاندە،
سېنى ھەق ساقلاسۇن دائىم ئەماندە.
قاچان سەنتەك ئاجۇندە شاھ تۇغقاي،
مېنىڭدەك مىڭ گەدا ئۆلسە نې پۇشغاي.
كۆچۈم بارىنچە تارتاي بارى ھەجران،
ئەياقدىن تۈشسەم ئۆزگەسەن بىل، ئەي جان.
ماڭا سەنسىز كېرەكمەس بۇ تىرىكلىك،
كىشى ئىستەرمۇ ئۆزگە ھېچ ئىرىكلىك.
كۆڭۈل مېھرىڭدىن ئۆزگەنى ياۋۇتماس،
يىراق بولدى دەبان سىزنى ئۇنۇتماس.
تىلەرمەن تۈنۈ كۈن سۇبھى ۋىسالىڭ،
بىھەمدۇللاھكى، كۆزدەدۇر خەيالىڭ.
خەيالىڭ بىرلە ئايتاي بۇ غەزەلنى،
نەۋا سازىن تۈزۈپ قويدۇق جەدەلنى.

### غەزەل

نىگارا، ھۇسن ئىچىندە مۇنتەھا سەن،
لەتىفۇ نازىكۇ يۇسۇفلىقاسەن.
دۇئاچى بىر قۇلۇڭدۇرمەن ۋەفادار،

نېچەكىم جانۇمە قىلساڭ جەفا سەن.
سېنىڭ ئىشقىڭ بالايىدۇر باشىمدە،
مېنىڭ باشىمغە بىلمەن نې بەلاسەن.
دېدىم: كۆڭلۈم سېنىڭ زۈلفۈڭنى ئىستەر،
دېدىڭكىم: كەت يامان كۆڭلى قاراسىن.
ئەيا سەيدى، چۇ خۇبلار بىۋەفادۇر،
ئالاردىن ئىستەمە مېھرۇ ۋەفاسەن.

## سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۈر جامى لەبالەب،
قوبۇز قوپساپ ئىچەلى كۈلۈپ ئوينەب.
كى فانىيدۇر بۇ دۇنيا يوق بەقاسى،
مەئىشەتتۇر بۇ زەھمەتنىڭ دەۋاسى.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## تۆرتىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئەلا، ئەي سەرۋى بويلۇق لالە دۇخسار،
كۆزۈڭ جەيرەن مېڭىڭدۇر مۇشكى تاتار.
قاراقچى كۆزلەرىڭ ئەي رەشكى ھۇرا،
قىلۇر يۈزىڭ بەلانى باشقا پەيدا.
بۇزار پەيۋەستە قاشىڭ كۆڭلۈم ئېلىن،
بىرەر ھەم تۇت يىغلىسا كۆڭلۈم ئېلىن.
دۇداغىڭ رەشكىدىن كەۋسەر بولۇر سۇ،
كىشى لاف ئۇرسا ھالى بۇ بولۇر، بۇ.
بولۇپدۇر ئىشقىڭىز چاۋى ئاجۇندە،
تۇتۇپتۇر بارچە ئالەمنى جۇنۇندە.
جەمالىڭ نۇرىدىن ئالەم تۇتار نۇر،
ماڭا سەنسىز كېرەكمەس جەننەتۇ ھۇر.
لەتافەت مۈلكىنىڭ سۇلتانى سەنسەن،
مەلاھەت كىشۋەرىنىڭ خانى سەنسەن.
كۆڭۈل فەرھادۇ شىرىندۇر دۇداغىڭ،
ۋەلې تاپماس كىشى ئىستەب سوراغىڭ.
يۈزۈڭدۇر ئافتابى لايەزالى،
ئىلاھا، بولماسۇن ھەرگىز زەۋالى.
جەمالىڭ چۇن جەھانئاراي بولدى،
يۈزۈڭ ئالدىندە مەھ گەرراي بولدى.
نېچەكىم خىزمەتىڭدە بىزگە يوق سان،
ۋەلې ئىشقىڭنى قويغايمەن نې ئىمكان.
تىرىك بارىنچە سەنسەن يارى زارىم،
مۇنى تەھقىق بىل، ئەي غەمگۇزارىم.
شىكەستە خاتىرۇ غەمكىنمەن، ئەي جان،
ۋەلې ئىشقىڭنى قويغايمەن نې ئىمكان.
ماڭا سەن تەڭرى ئۈچۈن رەھم قىلغىل،
ئۆلەرمەن ئاقىبەت قايغۇڭدا بىلگىل.
ئەگەر ئۆلسەم مازارىمغا گۇزەر قىل،
قۇلۇڭنى ياد ئېتىبان بىر نەزەر قىل.
قىلۇر بولساڭ مازارىمغا نىگاھى،
چىقارغايمەن لەھەدتىن گەرم ئاھى.
ئىشىتگىل تاپتىم ئەمدى چۇن مەھەلنى،
ھۇسەينىي پەردەسىندە بۇ غەزەلنى.

### غەزەل

نې بولدىكىم ئۇنۇتتۇڭ يار بىزنى،
قىلىپسەن ۋەسلىڭ ئۈچۈن زار بىزنى.
كۆرۈپ يار ئول سىياھ رو مۇددەئىينى،
كۆرەدۇرسەن بەسى ئەغيار بىزنى.
غەمىڭىزدىن ئۆلەرگە رازى بولدۇم،
بۇ جاندىن قىلدىڭىز بىزار بىزنى.
تاپۇغىڭدە چۇ يوقتۇر ئېئتىبارىم،
رەقىبىڭ قوۋلاغاي ناچار بىزنى.
جەفادىن يۈز چەۋۇرمەس سەيدى ئەھمەد،
نېچەكىم سالسە كۆزدىن يار بىزنى.

### خۇلاسەئى سۇخەن

كەل، ئەي ساقى، مەيى گۈلرەڭگى قىل نۇش،
يىگىتلىك مەۋسۇمىن قىلما فەراموش.

مەئىشەت قىل زەمانىدۇر زەمانە،
فەلەك تاپمايدۇرۇر ئىستەپ بەھانە.
كى دۇنيا مەئدەنى رەنجۇ بەلادۇر،
ئانى سەۋگەن كىشىلەر مۇبتەلادۇر.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## بەشىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، ھۇسن ئىلىنىڭ تابەندە ماھى،
مەلاھەت كىشۋەرىنىڭ پادشاھى.
يۈزۈڭدەك لالە يوقتۇر باغ ئىچىندە،
كوزۈڭدەك ھەم جەرەن ئۇلاغ ئىچىندە،
لەبىڭدىن مۇنفەئىلدۇر لەئلو مەرجان،
تىشىڭ قاشىندە لۇئلۇغە نې بەيان.
تەبەسسۇم قىلسە لەئلىڭ دۇر ساچىلۇر،
يۈزۈڭنى كۆرسە گۇل كۆڭلى ئاچىلۇر.
قامۇق ئالەمدە سەندەك جان يوق، ئەي جان،
سېنىڭدەك دۇنيادا جانان يوق، ئەي جان.
جەمالىڭدۇر مەگەر رۇھى مۇسەۋۋەر،
تەئالا شەئنەخۇ ئەللاھۇ ئەكبەر.
ساچىڭدىن ئەي لەبى لەئلى بەدەخشان،
بولۇر جەمئىيەتى كۆڭلۈم پەرىشان.
كۆڭۈلدە جانتەك ئاسرارمەن خەيالىڭ،
كۆزۈمنىڭ مەردۇمىدۇر ئەكسى خالىڭ.
بولۇر ھۇرۇ پەري جان بىرلە مايىل،
كۆرۈب ئول شىيۋەۋۇ شەكلۇ شەمايىل.
دۇداغىڭنى كۆرۈب سۇ بولدى يەكسەر،
خىجالەتتىن ناباتۇ قەندۇ شەككەر.
تۇتۇپتۇر ھۇسنۇڭۇز ئافاقدا ئەنفۇس،
بولۇر ھەيران سېنىڭ ۋەسفىڭدە ھۇرمۇس.
ئۇرۇرمەن تا قىيامەت لافى ئىشقىڭ،
قىلۇرمەن تائەبەد ئەۋسافى ئىشقىڭ.
بولۇپتۇرمەن خەيالىڭ بىرلە قانىئ،
ماڭا بولماس كىشى ئىشقىڭدە مانىئ.
دەرىغا، ئۇسرۇ، ئەي جان بىۋەفاسەن،
نېچەگە تەگرۇ قىلغايسەن جەفاسەن.
جەفالار، ئەي بېگىم، ھەددىن ئاشىپتۇر،
يۈرەكىم قانى بۇ غەمدىن تاشىپتۇر.
فىراقىڭدىن بولۇپتۇر چۇن يۈرەك قان،
ئاياقتىن تۈشتۈم ئىلىك تۇت، ئاياجان.
ماڭا چۇن كەلدى بۇ ئىلھام بىخاست،
ئىشىتكىل، بۇ غەزەلنى ئايتايىن راست.

### غەزەل

ئەلا، ئەي كۆرك ئۇلۇسى ئىچرە بەردەم،
خۇدارا تۆكمەگىل قانىمنى ھەردەم.
ئۇمىد ئولدۇركى رەھمىڭ كەلگەي ئاخىر،
قامۇق ئالەمدە چۇن سەنسەن مۇكەررەم.
خوتەن مۇلكىندە زۇلفۇڭنۇڭ چەرىكى،
قارا كۆرسەتىپ ئەلنى ئۇردى بەرھەم.
نەدىمىڭ ھۇرۇ ساقى زۆھرەۋۇ ئاي،
نې نىسبەت مەگزىدەگەي ھۇسنۇڭگە ئادەم.
ئەگەر دەردىمنى بىلسەڭ ئېردى، ئەي دوست،
قىلۇر ئېردىڭ دەۋا دەردىمغە ئول دەم.
ساڭا بۇ ھۇسنۇ خۇلدۇ شىيۋەۋۇ ناز،
مۇسەللەمدۇر، مۇسەللەمدۇر، مۇسەللەم.
نىشاتۇ ئەيشۇ ئىشرەت قىل ھەمىشە،
ئۇنۇتما سەيدىنى، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

### سۆزنۈڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۇر جامى مۇرەۋۋەق،
ئىچەلى بادە با يارى مۇۋەففەق.
كى دۇنيا بىۋە فادۇر، بىۋەفادۇر،
كۆڭۈل قويماق ئاڭا ئەينى خەتادۇر.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## ئالتىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، ھۆسنۈ مەلاھەت ئىچرە فاخىر،
نې بولدىكىم ئۇنۇتتۇڭ بىزنى ئاخىر.
ساچەڭدۇر لەيلەتۇلقەدرۇ يۈزۈڭ ئاي،
بويۇڭ تۇباۋۇ ھۆسنۈڭ جەننەتئاراي.
سېنىڭ ئىشقىڭ بەلا بولغايمۇ، ئەي دوست،
بەلا دېسەم رەۋا بولغايمۇ، ئەي دوست.
ياۋۇز كۆزلەر يۈزۈڭدىن دۇر بولسۇن،
جەمالىڭدىن جەھان مەئمۇر بولسۇن.
تىشىڭنىڭ ۋەسفىنى ھەم خام بىلمەس،
گۆھەرنىڭ قەدرىنى چۇن ئام بىلمەس.
كۆلەر گۇل كۆرسە چېھرەڭ شادلىقتىن،
سۆيۈنۈر سەرۋ ھەم ئازادلىقتىن.
قىيامىڭدىن قىيامەت قوپقۇسىدۇر،
ئوتۇرساڭ فىتنە ھەم ئولتۇرغۇسىدۇر.
ياراشۇر ناز ئىلە سىزگە ئوتۇرماق،
كۆڭۈللەر خىرمانىغا ھەم ئوت ئۇرماق.
يۈزۈڭدۇر نەرگىسۇ گۇلدۇر ياڭاقىڭ،
مەگەر ئابى مۇئەللەقدۇر سەقاقىڭ.
ئىلكىڭدۇر يەدى بەيزا نىشانى،
كى باردۇر ھەق تەئالادىن نىشانى.
مۇنەۋۋەردۇر يۈزۈڭدىن بارچە ئافاق،
مۇئەتتەردۇر ساچىڭ ئىسىدىن ئۇچماق.
جەفا ئاز قىلساڭىز نې بولغاي، ئەي جان،
بىلۇرسىزكىم ۋەفاسىزدۇر بۇ دەۋران.
ئاجۇندە قۇلسىزدىن سۇلتان خۇش ئېرمەس،
نېچۈككىم دەردى بىدەرمان خۇش ئېرمەس.
سۇلەيمانسەن، شەھا، مەن بىر قارىنچە،
دۇئاگۇيمەن ساڭا تا جان بارىنچە.
فىراقىڭ زۇلمىدىن داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.
ئىشىتگىل ئايتايىن كۆڭلۈم نيازىن،
قوبۇز قوپساپ تۈزۈپ ئۇششاق سازىن.

### غەزەل

ئىنايەت چاغىدۇر، ئەي يارۇ ئەي يار،
كى كۆپ قىلدى جەفا ئەغيارۇ ئەغيار.
يازۇقسىز تۆكمەگەل قانىمنى ئاخىر،
بىلۇرسەنكىم ئەمەس خۇنخارۇ خۇنخار.
بىلۇر ئۆز خىجلەتىدىن ھەيرەت ئالىپ،
كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى دەر گۇلزارۇ گۇلزار.
بىلۇر مۇشكىن نەفەسىنىڭ ھەسرەتىدىن،
قاچان بولغۇسى ھەر ئەتتارۇ ئەتتار.
ئەيا سەيدى سەنەملەر مەشرەبىدىن،
تەمەئ تۇتما ۋەفا زىنھارۇ زىنھار.

### سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۇر جامى پۇر ئەز مەي،
كى غەملەرنى كۆڭۈللەردىن قىلۇر تەي.
ئىچەلى ئول بۇتى ئەييار بىرلە،
قاراقلارى قاراقچى يار بىرلە.
كى كەچتى بىۋافا بۇ ئۆمر يەلتەك،
بارىشالى ئانىڭ بىرلە بۇ يەلتەك.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## يەتتىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، جادۇ قاراقلىق ئىشۋە پەرداز،
قىلۇر زۇلفۇڭ سارى جان قۇشى پەرۋاز.
جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەردۇر چەراغىم،
يۈزۈڭ ئالىدە ئۆلمەكتۇر ياراغىم.
قۇياش ھۆسنۈڭ كۆرۈپ، ئەي ماھى تابان،
خىجالەت تاپتىيۇ بولدى يارا قان.
قاچانكىم لەئلىڭىز بولسە شەكەرخەند،
لەبات ئىزنىڭ قاشىندە سۇ بولۇر قەند.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۇداغىڭ چۈن ئېرۇر شېرىنتەر ئەز جان،
كىشى دېگەيمۇ ئانى ئابى ھەيۋان.
شەھا، پەيۋەستە قاشىڭ قىبلەگاھى،
ئېرۇر جانۇ كۆڭۈلنىڭ سەجدەگاھى.
قاشىڭ چۈن يايۇ كىرپۈكلەرىڭ ئوقتۇر،
سېنىڭتەك بەرك تىير ئەنداز يوقتۇر.
سەراسەر دۇنيانى غەمزەڭ بۇزۇپتۇر،
كەرەشمەڭ خۇد بەسى ئەلنى تۈزۈپتۇر.
فىراقىڭدىن كۆڭۈل دىۋانە بولدى،
ئاجۇندە ئۇشبۇ سۆز ئەفسانە بولدى.
تىلەرمەن تۈنۈكۈن سۇبھى ۋىسالىڭ،
كۆزۈمدىن لەھزەئى كەتمەس خەيالىڭ.
كۆڭۈلدىن دەردۇ مېھنەت بارى كەتمەس،
ئېتەكىڭگە ئېلىكىم چۈنكى يەتمەس.
ماڭا سەنسىز كېرەكمەس تەندە جانىم،
چۈ سەنسەن مۇنىسۇ جانۇ جەھانىم.
مەلەكسەن، ئەي پەرى، يا ھۇر، يا نۇر،
كى ئالەم بارچە سەندىن بولدى مەئمۇر.
كەمىنە چاكەرىڭ قۇللۇقچەسىدۇر،
ئەزىزى قەيسەرۇ خاقانۇ فەغفۇر.
كۆڭۈل مېھرىڭنى ساقلار جان ئىچىندە،
سېنىڭدەك جان قانى دەۋران ئىچىندە.
قامۇق ئالەم سېنىڭ بىرلە خۇش، ئەي جان،
كى سەنسىزدۇر تىرىكلىك ناخۇش، ئەي جان.
سەلاتىنلەر قاچانكىم بولسا پەيدا،
مۇباھ ئولۇر گەدالەرغە تەماشا.

ئىجازەت بولسا، ئەي سۇلتانى خۇبان،
ئوقۇيىن بۇ غەزەلنى دەر سىفاھان.

### غەزەل

بېگىم، سۆزكىم ساچىڭ ۋەسفىندە باردى،
رىۋايەت قىلغۇچىلار قىلنى ياردى.
ئېڭىڭنى كۆردى ياقۇت ئەز خىجالەت،
گەھى سارغاردىيۇ گاھى قىزاردى.
قىلۇر ئېردى ئۆزىنى مۇشك تەئرىف،
مېڭىڭنى كۆردىيۇ، يۈزى قىزاردى.
ئىشىتتى چۈن ئەقىق ئېرنىڭ سىفاتىن،
ئۆزىندىن ياخشىلىق ئاتىن كۆتاردى.
قەبۇل قىلساڭ نې بولغاي كۆڭلۈم، ئەي جان،
بۇ مىسكىن كەلمەدكۇ بارماقدىن ئاردى.
ئانىڭ بىرلە مېنى كۆرگەيمۇسەن تەڭ،
سۆڭەكىم ئۇشبۇ ھەسرەتتىن قاۋاردى.
كۆرۈنمە كۆزگە دېدىڭ ئۆلتۈرۈرمەن،
قاشىڭدىن كەتمەدى سەيدى قاشاردى.

### سۆزنۈڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۈرگىل مەي زى باقى،
كى قالماس دۇنيادا ھېچ كىشى باقى.
بىلەرسەنكىم كېچەر ئەييام ئاخىر،
ئۆزۈڭنى قىلماغىل بەدنام ئاخىر.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## سەككىزىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، سەرۋى رەۋان گۈلچېھرە شاھىم،
فىراقىڭدىن فەلەككە ئاشتى ئاھىم.
مۇنەۋۋەر بولدى ئادەم تەلئەتىڭدىن،
مۇشەررەف بولدى ئادەم خىزمەتىڭدىن.
سېنىڭتەك دۇنيادا بىر جان تاپىلماس،
ساڭا ھەم مەڭزەيى ئىنسان تاپىلماس.

جەمالىڭ قاشىدە خۇرشىدى ئايان،
مۇتىئىڭدۇر فەلەكتە ماھىتابان.
يۈزۈڭنۈڭ نۇرىدىن ھۇر ئولدى پەيدا،
ياڭاقىڭ نارىدىن نۇر ئولدى پەيدا.
مەلەك خادىم، پەرىلەر چاكەرىڭدۇر،
ئولۇسنى بۇزغان ئول كافىرلارىڭدۇر.

ساڭا نىسبەت ئاجۇندە توغمەدى شاھ،
يۈزۈڭدەك ھەم فەلەكتە تۇغمادى ماھ.
كۆڭۈل شىرىن سۆزۈڭدىن شاد بولدى،
گەھى پەرھاد، گەھ پەرھاد بولدى.
گەھى مەجنۇن بىكىن ئازادە بولدى،
گەھى ۋامىقلەيىن بىچارە بولدى.
تۇتۇپتۇر ھۇسنۇڭىز ۋەسفى سەراسەر،
خۇراسانۇ ئىراقۇ رومۇ خاۋەر.
سېنىڭ بىرلە كۆڭۈل بىردۇر ھەمىشە،
ۋەلېكىن سىنەغاندۇر ساقلا شىشە.
نې كەلدى، نې قىيامەت بولدى ئاخىر،
كى باغرىم قانىدىن كۆز تولدى ئاخىر.
فىراقىڭ زۇلمىدىن مەزلۇم بولدۇم،
يىراقلىق دەردىدىن مەئلۇم بولدۇم.
ۋىسالىڭ دەۋلەتى گەردەست بەرمەس،
قاراقىمدىن خەيالىڭ خالى ئەرمەس.
جەفاۋۇ جەۋرىنۇك پايانى يوقتۇر،
فەلەكنىڭ چۇن سەرۇ سامانى يوقتۇر.
قۇلاق تۇتغىل رىۋايەت قىلسا راۋى،
نىشىتگىل بۇ غەزەلنى دەر ھەۋائى.

## فەزەل

شەھە قىلما ماڭا جەۋرۇ سىتەملەر،
قانى ئۇ ئەھدۇ ئېھسانۇ كەرەملەر.
قىلايىن تەپ ۋەفا قىلدىڭ جەفانى،
قانى ئول ئەھدۇ پەيمانۇ قەسەملەر.
مۇتىئىڭ بولسالار ھۇسنۇڭنى كۆرۈپ،
قانى ئول مېھرۇ ئول زېبا سەنەملەر.
كۆڭۈلنىڭ ماجەراسىن كىمگە ئايتاي،
قانى ئول ئاقىلۇ دانا ھەكەملەر.
تۇت، ئەي سەيدى، غەنىيمەت فەقر كويىن،
قانى ئول سەلتەنەتلىق مۇھتەشەملەر.

## سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، كېتۇر ئول مىرى مەجلىس،
كى قىلدى كۆپ غەنى بەگلەرنى مۇخلىس.
ئانىڭ بىرلە زەمانى خۇش بولالى،
ئىچىپ بىر جۇرئەنى سەرخۇش بولالى.
بىلۇرسەنكىم بەقاسىزدۇر بۇ دەۋران،
بولۇپتۇر ئالەمى بۇ ئىشتا ھەيران.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پىشەقىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## توققۇزىنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، كۆڭلۈم ئالان جانانە دىلبەر،
جەمالىڭ شوئلەسى ئالەمنى ئۆرتەر.
كىشىكىم ھۇسن ئىچىدە باردۇر ئانى،
ياۋۇز كۆزدىن يىراق تۇتسۇن ھەق ئانى.
خەلايىقلارنىكىم خالىق ياراتتى،
سېنى ئۈزرا مېنى ۋامىق ياراتتى.
كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلە بولدى بەسى رام،
نې يەرگە يەتكۈسى ئاخىر سەرەنجام.
سەراسەر ئىشقىكىم دەرلەر بەلادۇر،
ئانى دېگەن كىشىلەر مۇبتەلادۇر.
ئاجۇننى بىسەرۇ سامان قىلان ئىشق،
فەلەكنى بۇيلە سەرگەردان قىلان ئىشق.
بۇ ئىشق ئىرمەس ئېرۇر بىر ئەجدەھايى،
كى كۆكدىن ئىندىيۇ بولدى بەلايى.
ئەگەر ئىشق ئولماسە ئاشىققە نې سان،
كۆڭۈلدە سىدقى يوق سادىققە نې سان.
كىشىكىم ئىشق ئىچىدە بولسا سادىق،
مەسەلدۇركىم بولۇر مەئشۇقۇ ئاشىق.
دىلا، جەھد ئەيلە، سىدقىڭ راست بولغاي،
قامۇق ئىشلار بۇ ئىشدىن راست بولغاي.
نىگارا، پارچەدىن مەقسۇد سەنسەن،
ئەدەمدۇر بارى چۇن مەۋجۇد سەنسەن.
سېنىڭ بىرلە بولۇر دىل شاد، ئەي جان،
ساڭا نىسبەت دېگىل دىلشاد، ئەي جان.

www.uyghurkitap.com

بويۇڭ تۇباۋۇ جەننەتتۇر جەمالىڭ،
قامۇق ئالەمنى تۇتتى قىلۇ قالىڭ.
ۋىسالىڭ دەۋلەتىن تاپماس پەرىلەر،
نې قىلسۇن چارە مىسكىن ئادەمىلەر.
فەلەك بۇ ئىشتە سەرگەردان بولۇپتۇر،
فىراقىڭدىن يۈرەكىم قان تولۇپتۇر.
كۆڭلۈمنىڭ يوقتۇرۇر سەنسىز قەرارى،
ئەزەلدىن بۇ ئىدى ئانىڭ قەرارى.
مۇسەللەمدۇر ساڭا بۇ خۇلقۇ ئېھسان،
ئەلا ئەي ئافتابى خۇدپەرەستان.
قىلۇر كۆڭلۈم ھەۋايى كوھى ئەلۋەند،
ئىشىتكىل بۇ غەزەلنى دەر نىھاۋەند.

## غەزەل

خەيالىڭ، دىلبەرا، نۇرى بەسەردۇر،
جەمالىڭ فىتنەئى دەۋرى قەمەردۇر.
يۈزۈڭ ئالىدە جان تارتاي نىگارا،
نېچەكىم جان مەتائى مۇختەسەردۇر.
مېنى ھەر يەرگە سۆزلەر شۇم رەقىبىڭ،
ئانىڭ ئۈچۈن ھەمىشە دەر بەدەردۇر.
رەقىبا، ماڭا نې ناسېھ بولۇرسەن،
سەراسەر سۆزلەرىڭ چۈن دەردى سەردۇر.
يازۇقسىز ئۆلتۈرۈر ئاشىقنى ھىجران،
بارى مەئزۇل بول مەشغۇللەردۇر.
دېدىم: ناكەھ گۈزەر قىلمە بۇ قۇلدىن،
دېدى: يەتكۈركى ئاختار دەر گۈزەردۇر.
ئىشىكىڭدە ئەزىزىم، سەيدى ئەھمەد،
ئىتىڭنىڭ ئىتى بىرلە سەربەسەردۇر.

## سۆزنىڭ خۇلاسەسى

كەل، ئەي ساقى، ھۇمار ئىشقىن ئالىپ كەل،
قۇلۇڭنى بىلسەنىپ بەڭنى سالىپ كەل.
ئىچەلى ھەرچە بادا باد بادە،
كۆڭۈل قايغۇسىنى بېرەلى بادە.
كى دۇنيا ھېچ كىشىگە پاي تۇتماس،
نېمە ئەۋرۇلسە ئۆز ئىشىن ئۇنۇتماس.
تەھەممۇل ياخشى ئىشدۇر پېشە قىلماق،
تەخەييۇل بىرلە ھەم ئەندىشە قىلماق.

## ئونۇنچى نامەسىن ئايتۇر

ئايا، خىرگاھنىشىن ماھى قەسەبپۇش،
بولۇپتۇر ئالەمى ھۇسنۇڭگە مەدھۇش.
يۈزۈڭدۇر، ئەي پەرى، فىردەۋسى ئەئلا،
سېنى زىبا ياراتتى ھەق تەئالا.
ئۇلۇسدا چۇنكى سەنسەن ئىنجۇ خانىم،
فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جەھانىم.
نې بولدى كۆزگە ئىلماسەن قۇلۇڭنى،
ئۇنۇتتۇڭ، ئەي يۈزى گۈل، بۇلبۇلۇڭنى.
كۆرۈپ پەيۋەستە ئول قاشىڭ ھىلالى،
كۆزۈڭنىڭ قاشىدا قۇربان بۇلالى.
جەمالىڭ چۈن جەھانئاراي بولدى،
يۈزۈڭ ئالىندە ماھ كەرزاي بولدى.
قۇياش ھۇسنۇڭ كۆرۈپ ھەيران بولۇبتۇر،
فەلەك ئىشقىڭدە سەرگەردان بولۇپتۇر.
ماڭا ھەجرىڭ بەسى كۆپ قىلدى بىداد،
نېتەي، ئەي شاھى خۇبان، بەرمەدىڭ داد.
بولۇپتۇر بارچەدىن بىگانە كۆڭلۈم،
سېنىڭ زۇلفىڭ تەلەز دىۋانە كۆڭلۈم.
ئەجەب مۇشكىل بەلالارغە تۇشۇپمەن،
كى يەتمەس يەردە كۆز قولنى سۇنۇپمەن.
كۆڭۈل سۇلتانىكى دەپتۇرلار چىن ئېرمىش،
قاراچە خانىكى دەپتۇرلار چىن ئېرمىش.
ماڭا جان سەنسىزدىن، ئەي جان كېرەكمەس،
ئەگەر دەرد ئولماسە دەرمان كېرەكمەس.

مەگەر دەردىلىك ماڭا ھەم دەرد بولغاي،
كى كۆڭلۈم ھەم دەۋادىن سەرد بولغاي،
كۆڭۈلدىن بارى دەردىلىك شۇكرى كەتمەس،
بۇ دەۋلەت مەن تىلەنچىگە نى يەتمەس.
تۈگەندى نامە، سۆز پايانە يەتتى،
فىراقىڭدىن كۆڭۈل ھەم جانە يەتتى.
سۆزۈم كۆپتۇر ۋە لېكىن ئايتا بىلمەن،
ئۇلۇقلار سۆزىدىن ھەم قايتا بىلمەن.
سۇخەن كوتاھ كۇنەم كان تەبئى نازى،
نەدارەد تاقەتى چەندان گەرانى.
ۋە لېكىن بۇ غەزەلدۇر خەتمى دەفتەر،
تۈزۈپ پەنجگاھ سازىن ئايتاي ئەز بەر.
تۈتۈپتۇر دۇنيەلى ھۇسنىڭ سەراپاي،
جەمالىڭ چۇن بولۇپتۇر ئالەمئاراي.
سېنىڭ بەزمىڭدە، ئەي سۇلتانى خۇبان،
ئاياقچى مېھرۇ ساقى زۇھرەۋۇ ئاي.
قارا زۇلفۇڭ قىلۇر كۆڭلۈمنى گۇمراھ،
قاراقىڭ خۇد جەفا قىلماققە خۇدراي.
ۋىسالىڭ دەۋلەتى بولماس مۇيەسسەر،
فىراقىڭ زۇلمىدىن، ئەي ۋاي، ئەي ۋاي.
ئەگەر جەۋرۇڭ چىرىكلەپ كەلسە بىزگە،
بولۇر سەيد ئەھمەدىي بىچارە ماڭلاي.

## كىتاب خەتمىن ئايتۇر

خۇداۋەندا، يازۇقلۇق بەندەدۇرمەن،
يازۇغىمدىن بەسى شەرمەندەدۇرمەن.
قۇلۇڭنۇڭ سەندىن ئۆزگە يوق پەناھى،
نېچەكىم يوقتۇرۇر جۇرمۇ گۇناھى.
سەئادەت گەنجىدىن كۆرسەتكىل ئېھسان،
ئەلا ئەي پادىشاھى پادىشاھان.
سۆزۈمنى بۇ ئۇلۇغ سۇلتان قاتىندە،
كەرەم قىل ياخشى كۆرسەت خىزمەتىندە.
شەھىكىم ئەدلىدىن ئىرانۇ تۇران،
تۈزۈكلۈك تاپتىيۇ تاپمادى نۇقسان.
ئاجۇندە تا ئانىڭتەك شاھ بولغاي،
دۇئاگۇ ئىبنى مىرانشاھ بولغاي.

### ئىلتىماسىن ئايتۇر

ۋە لېكىن بىر سۆزۈم بار ھەزرەتىڭدە،
ئىجازەت بولسە ئايتاي خىدمەتىڭدە.
ئىشتىكىل، ئەي ئۇلۇسنۇڭ پادىشاھى،
يەتىملەرنىڭ بۇ كۇن پۇشتى پەناھى.
رىيازەتتىن تەن ئىچرە قالمادى قان،
تۈگەنسە قان تىرىك قالغايمۇ ئىنسان.
بەسى ئاشۇفتەۋۇ ھەيران بولۇپمەن،
فەلەكتەك بىسەرۇ سامان بولۇپمەن.
بىلۇرسەن بارچەنىڭ ھالىنى، ئەي شاھ،
ئىنايەت چاغىدۇر ۋەللاھۇ بىللاھ.
«تەئەششۇقنامە»نى ھىممەت بولۇپ يار،
تۈگەتتىم يەتتە كۇندە بىمەدەدكار.
سەكىز يۈز ئوتتۇزۇ توققۇزدا ئەردى،
كى سۆز پايانە ئىلتىمەك دەست بەردى.
سۆزۈمنى كىم ئوقۇپ قىلسا دۇئايى،
ئىلاھا، كۆرمەسۇن ھەرگىز بەلايى.

# «شەھنامە» داستانى ھەققىدە

تۇرغۇن ئالماس

## داستانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەدىمكى چاغدىكى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاتاقلىق قەھرىمانلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان، قۇرۇلمىسى غايەت چوڭ، فانتازىيە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تولۇپ-تاشقان ئۆلمەس ئەسەرلەر داستان دېيىلىدۇ.

ھەر تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ھالىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتىنى بىرقەدەر مۇكەممەل بايان قىلىدىغان ئوبدان رومانلارمۇ داستان ياكى داستان خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ ئاتىلىدۇ.

داستانلار قەدىمكى چاغلاردىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بېشىدىن كەچۈرگەن چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بىز قەدىمكى چاغدىكى، دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»سى، گېرمانلارنىڭ «نىبىلۇڭگى ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولاند ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «رامايانا»، «ماخاباراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شەھنامە»سى قاتارلىق داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ شۇ قاتاردا يەنە قىرغىزلارنىڭ ئۇلۇغ داستانى «ماناس»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» سىنىمۇ تىلغا ئالىمىز.

داستانلار قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى ھەمدە قەبىلە، ئۇرۇقلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلارنىڭ كارامەتلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلىدۇ.

مىلادىيىدىن 9 ئەسىر بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 3 مىڭ يىل بۇرۇن) ياشىغان كىچىك ئاسىيالىق يۇنان شائىرى گومېر (ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، قارىغۇ ئىكەن) تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىيادا» داستانى 15 مىڭ 693 قۇر بولغان بولسا، «ئودىسسا» داستانى 12 مىڭ 111 قۇر بولغان. مەن ئاساسەن چۈشەنچە بەرمەكچى بولغان «شەھنامە» داستانى 120 مىڭ قۇر شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەجمى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كۆپلۈكى، خىلمۇخىللىقى، مۇرەككەپلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يارىتىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ كۆپلۈكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەكلىكى، بايان قىلىنغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇقى

قاتارلىق تەرەپلەردىن بولسۇن، ھېچقانداق تارىخىي داستانلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن.

داستانلارنىڭ قانداق تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىيادا» «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مىسال ئورنىدا قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

مىلاددىن 12 ئەسىر بۇرۇن يۇنانلىقلار بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى تروياللىقلار ئارىسىدا، 10 يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش يۈز بەرگەن. مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن گومېر، ۋەقەنامىچىلارنىڭ شۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنى، شۇنىڭدەك قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى توپلاپ، رەتلەپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى ياراتقان.

ترويا شەھىرى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خىللىس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلوس ئاتلىق شاھزادە تەگرىدىن كەلگەن ۋەھىي بويىچە شۇ جايغا مۇستەھكەم قورغان سالدۇرغان ئىكەن. گومېرنىڭ داستانىدا ئۇ، «مۇقەددەس ئىلون» دەپ ئاتالغان. «ئىلىيادا» ئاتالغۇسىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «ئىلون ناخشىلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ①

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ② قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ تروياللىقلار ئۇستىدە قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق:

يۇنانىستاندىكى فىسسالىيە پادىشاسى پىلىيە فىتىدۇر بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا، يۇنانىستاننىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئولۇمپىيە تېغىدا تۇرىدىغان خۇدالارنى تەكلىپ قىپتۇ. پەقەت جەڭ خۇداسى ئىرىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. جەڭ خۇداسى ئىرىدا تويغا ئۆزى كېلىپ، «دۇنيادا ھەممىدىن چىرايلىق گۈزەلگە» دېگەن خەت يېزىلغان ئاداۋەت ئالمىسىنى سورۇندا ئولتۇرغانلار ئارىسىغا تاشلاپتۇ. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، زېۋسنىڭ خوتۇنى گىرا، ئەقىل-پاراسەت خۇداسى ئافىنا، گۈزەللىك خۇداسى ئافرودىتالار ئالمىنى تالىشىپ قاپتۇ. بۇلار جېدەللىشىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زېۋس ئالدىغا بېرىپتۇ. زېۋس (يۇناندىكى خۇدالارنىڭ سەردارى ئىمىش) بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلالماي، ئۇلارنى ترويا پادىشاھى پىرىئامانىڭ ئوغلى پاروسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. زېۋسنىڭ خوتۇنى گىرا ئەگەر پاروس ئالمىنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا، پاروسنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئافىنا پاروسنى ئۇلۇغ قەھرىمان ۋە دانىشمەن قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئافرودىتا بولسا ئەڭ گۈزەل ئايالنى پاروسقا ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ياش پاروس ئالمىنى ئافرودىتاغا بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گىرا ۋە ئافىنا پاروس بىلەن تروياللىقلارغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئافرودىتا ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، يۇنا-

① گې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلار» ئۇيغۇرچە 192 - بەتكە قارالسۇن.

② «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 90 - بەتكە قارالسۇن.

نىستاندىكى سپارتا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى مېنىلاياننىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايىلى يېلىنانى پاروسقا ئوغرىلاپ بېرىپتۇ.

يۇنانلىقلار بىلەن تروياليقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئاداۋەت ئالمىسى» باھانىسى بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، «يۇنانلىقلارنىڭ شۇ چاغلاردا تروياليقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى دەل ئېنگېلىس ئېيتقاندەك قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىزدا قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش» ① ئىدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۇنانلىقلارنىڭ قەھرىمانى ئودىسسا ياغاچتىن چوڭ بىر ئات ياساپ، تروياشەھىرى دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا قويغان. يۇنانلىقلار كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئەتراپتىكى دېڭىز قولتۇقىغا مۆكۈۋالغان. ئودىسسا بىر توپ قەھرىمانلار بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان. تروياليقلار، يۇنانلىقلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، دەپ ئويلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ تروياليقلار شەھەر سىرتىدا تۇرغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ بۇنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ قىلغان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تۈن يېرىمىدا تروياليقلار تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقاندا، ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان يۇنان قەھرىمانلىرى ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەلگە بەرگەندە، دېڭىز قولتۇقىدا مۆكۈپ تۇرغان يۇنانلىقلار باشقىدىن قىرغاققا چىقىپ، تروياشەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىلارنى ئېلىپ ئۇرۇش تۈگىگەندە يۇنانىستانغا قايتىشقان. ②

«ئىلىيادا» داستانىدا يۇنانلىقلار كىچىك ئاسىيادىكى تروياشەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ 10 يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغانلىقى، ئاخىرىدا يۇنانلىقلار «ياغاچ ئات ھىيلىسى» نى ئويلاپ چىقىپ، ئاندىن تروياشەھىرىنى ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە دۇنيادا شەھەرنى ياكى قورغاننى ئىچىدىن ئېلىشنى «تروياياغاچ ئات ھىيلىسى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت رەسمىيلىشىپ قالدى.

«ئودىسسا» داستانىدا ئودىسسانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى، ئودىسسانىڭ تروياۇرۇشى تۈگەپ يۇنانىستانغا قايتىشىدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرسانلىق ئۆتمۈشى، ئۆيىگە سالامەت قايتىپ بارغانلىقى ناھايىتى تەپسىلىي ھېكايە قىلىنىدۇ.

مەن يۇقىرىدا كلاسسىك داستانلارنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى، «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ مەزمۇنى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. ئەمدى ئىرانلىقلارنىڭ مەشھۇر داستانى «شەھنامە» ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىيرەك توختالماقچىمەن.

## سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ۋە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شەھنامە» داستانىنى يېزىشى.

IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ...نىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم بىر دەۋر مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى... بولدى.

① بىرىنچى ئىزاھاتتىكى بىلەن ئوخشاش.

② «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 95 ـ بەتكە قارالسۇن.

شۇ دەۋردە سامانىلار پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 820 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1213-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 963 - يىلىدىن 1186-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1037 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىلىم-پەننىڭ گۈللىنىپ، مەرىپەتنىڭ كەڭ قانات يېيىشىدا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىدا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شۇ دەۋردە ماتېماتىكىنىڭ يېڭى ساھەسى—ئالگېبرانىڭ ئىختىراچىسى بولغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ۋە گېئوگراف مەھەممەت بىننى مۇسا ئەل خارەزمى (مىلادىنىڭ 780 - يىلى تۇغۇلۇپ، 847 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، مەشھۇر دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر فارابى (مىلادىنىڭ 873-يىلى تۇغۇلۇپ، 950 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، فىلوسوپىيە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980—1037)، ئۇنىڭ زاماندىشى، مەشھۇر پەيلاسوپ، تەگدىشى تېپىلمايدىغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ئەبۇرەيھان بىرونى (973—1048)، «شەھنامە» داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934—1020)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، ئۇنىڭ زاماندىشى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق دانىشمەن ئالىملار ياشىغانىدى.

X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» ھېساپلىنىدۇ. شۇ دەۋردە ئەبۇ رەيھان بىرونى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ياۋروپالىقلار ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن (ماگېللان ساياھىتىدىن كېيىن) يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەبۇ رەيھان بىرونى ياۋروپا ئالىملىرىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن، يەنى ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك (1473—1543) دىن 500 يىل ئاۋۋال ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپېرنىك ئەبۇ رەيھان بىرونىدىن 500 يىل كېيىنلا ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەخرى ھېساپلانغان ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئەبۇ نەسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل خارەزمى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. مانا شۇ ئالىملارنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي دانىشمەنلىكىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» نىڭ ياۋروپادىن 500 يىل بۇرۇن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شەھنامە» داستانى ئەنە شۇ «گۈللىنىش دەۋرى» دە مەيدانغا كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

راتقان، غەزنىدىكى مەسچىتلەر، ئوردىلار، جامائەت بىنالىرى، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى غەزنىدە نۇرغۇنلىغان سودا سارايلىرى، سۈپسۈزۈك، كۆمۈشتەك سۇلار شىلدىرلاپ، شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر، فونتان-كۆللىرىمۇ بار ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى غەزنىدىكى ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلارنى يىغقانىدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى سۇلتان مەھمۇت ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 989-يىلى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى سەبۇق تىكىن سۇلتان ئىدى) ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە «شەھنامە» داستانىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئۇ فىردەۋسىگە بەرگەن ۋەدىسىدە «شەھنامە» داستانىنىڭ ھەر ئىككى قۇرىغا بىر ئالتۇن دىنار بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 55 ياشقا كىرىپ قالغان ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 25 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ (989-يىلدىن 1014-يىلغىچە) «شەھنامە» داستانىنى يېزىپ تاماملىغان. بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە فىردەۋسى قىممىتى 25 مىڭ فوند ستېرلىڭ ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ تۇرىدىغان ئالتۇن دىنار ئورنىغا، كۆمۈش دىنار ئالغان. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن فىردەۋسى (بۇ چاغدا ئۇ، 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) ئالغان كۆمۈش دىناردىن ئېشىپ قالغان پۇلىنى ھاممامدىكى چايچىغا ۋە دوغچىغا (جۇلاپچىغا) بېرىپ، «سۇلتان مەھمۇدقا ھەجۋىي» ناملىق بىر شېئىرنى يېزىپ، ئۇنى ۋاسىتە ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇدقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆزى بولسا غەزنىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ئىراننىڭ غەرب تەرىپىگە قېچىپ كەتكەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىكەن. چۈنكى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۆزىنى قامچىلىغان ھەجۋىي شېئىرنى ئوقۇپ، ئاچچىقىنى باسالماي، فىردەۋسىنى تۇتۇپ، دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى مىلادىنىڭ 934-يىلى ئىراندىكى «باز» ئاتلىق بىر يېزىدا ئاق سۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىشكەن چاغدىلا غەزنىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىراندىكى «تۇس» ئاتلىق شەھەرگە (قاچقان جايىدىن) قايتىپ كېلىپ شۇ شەھەردە ياشىغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى 1018-يىلى ھىندىستانغا يۈرۈشكە كەتكەندە، مولتان ھاكىمى ئىسيان كۆتەرگەن. مەھمۇت شۇ يۈرۈشىدە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن گۆھەر، ياقۇت ۋە باشقا ئېسىل قىممەت باھالىق نەرسىلەر ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ھىندىستاندىن غەزنىگە قايتىشىدا ئىسيان كۆتەرگەن مولتان ھاكىمىنىڭ قورغانى يېنىدا توختاپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىمەكچى بولغان. مەھمۇتنىڭ پۈتۈكچىسى مولتاننىڭ ئىسيان كۆتەرگەن ھاكىمىغا سۇلتان مەھمۇت نامىدىن يازغان مەكتۇبىدا: «ئەگەر تەسلىم بولمىساڭ، ئەفراسىياپ جەڭ مەيدانىنى، خەنجەر بىلەن قىلىچنى كۆرىسەن» دېگەن مەزمۇندىكى ئىككى قۇر شېئىرنى يازغان. مەكتۇپنى ئوقۇغان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى شېئىرنى كىم

يازغانلىقىنى سورىغاندا، پوتوكچى «شەھنامە» دىن ئالدىم، دېگەن. بۇنىڭدىن ئەسىرلەنگەن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئىسيان كۆتەرگەن مولتان ھاكىمىنى ئەسلىم قىلدۇرۇپ، غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن، «شەھنامە» نى ئوقۇپ چىققان.ئۆزىنىڭ بۇرۇن فىردەۋسىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ، «شەھنامە» ئۈچۈن فىردەۋسىگە بەرمەكچى بولغان ھەقنى بۇرۇنقى ۋەدىسى بويىچە ئىككى قورغا («شەھنامە» 120 مىڭ قورلۇق شېئىردىن ئەسەر) بىر دىنار ئالتۇن ھېسابلاپ، ئالتۇننى بىر نەچچە تۆگىگە يۈكلىتىپ، فىردەۋسى ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۇس ئاتلىق شەھەرگە ماڭدۇرغان. سۇلتان مەھمۇت نامىدىن فىردەۋسىگە ناماقۇل بولۇپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن تۇس شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار شەھەرنىڭ مەلۇم دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىۋاتقاندا، ئالەمدىن ئۆتكەن فىردەۋسىنىڭ جەسىتى سېلىنغان تاۋۇت شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا يول ئالغان.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە مىلادىنىڭ 1020-يىلى بولغان.

## «شەھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە

«شەھنامە» داستانىدا تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن 5 مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەدىئىي تىل، ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

فىردەۋسى «شەھنامە» دە بىر تەرەپتىن تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمىكى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ (تورانلار، يۇنانلىقلار، ئەرشاكلار، ئاق ھونلار، كۆك تۈركلەر، ئەرەبلەرنىڭ) ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى تارىخىنى، رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ يات خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىراننىڭ ئەھمانىيلار، ساسانىيلار سۇلالىرىنىڭ قوشنا ئەللەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ يوشۇرمىغان.

«شەھنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن.

1. ئەپسانىۋى قىسمى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن 3 مىڭ 200 يىللار بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 780 - يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2 مىڭ 400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شەھنامە» نىڭ ئەپسانىۋى قىسمىدا ئەپسانىۋى دۆلەتلەر (پىشدادىلار، كىيانىلار سۇلالىلىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر، ئەپسانىۋى پادىشاھلاردىن كەيۇمەرس ئادەم، ھۇشەڭ تەخمۇرەس، جەمشىد (بۇلار پىشدادىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)، كەيقۇباد، كەيكاۋۇس، كەيخۇسرەۋ،لۇھراسپ، گۇشتاسپ (بۇلار كىيانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)نىڭ ۋە ئەپسانىۋى زالىم،باسقۇنچى پادىشا، زەھھاكنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى. ئەقىللىق، باتۇر

تۆمۈرچى كاۋەنىڭ زەھھاكقا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«شەھنامە» نىڭ ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن تولغان بىرىنچى قىسمىدىكى خېلى كۆپ شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتكەنلىكى ناتايىن. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك پاكىتلار يوق دېيەرلىك. ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋە خەلقنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبراز بولغان بولسا، ئىككى دولىسىدا ئىككى يىلان باش كۆتىرىپ تۇرىدىغان زەھھاك زالىم، قانخور، باسقۇنچى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىپ يارىتىلغان سەلبىي ئوبرازلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. «شەھنامە» دىكى باش قەھرىمان رۇستەم بولسا ئىران خەلقلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى.

«شەھنامە» نىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى قىسمى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

«شەھنامە» نىڭ 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 780 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) كۆپرەك ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋرىدە، ئىراندا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 - يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) يۇنان ماكېدونىيىلىكلەر ھۆكۈمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاققىچە) ئاشاكىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 - يىلىغىچە)، ساسانىيلار پادىشاھلىقى (225 — 651) دىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن.

«شەھنامە» دە ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (330 — 700) يۈز بەرگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردىن تۇرانىيلار بىلەن ئىرانىيلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن(ئالېكساندىر ماكېدونسكى) نىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

* * *

ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىدە قەدىمكى چاغدا مىدىيە ئاتلىق دۆلەت قۇرۇلغان.

مىلادىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقى قەدىمكى شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ئېكباتانا (ھازىرقى ھەمەدان) بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان. مىدىيە پادىشاھلىقى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايدىغان پارس قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرغان.

پارسلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىدىيە پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇ مىلادىدىن 700 - يىل بۇرۇن بولغان ۋەقە. ئەھمانىيلار نەسلىدىن بولغان كەيخۇسرەۋ (558 — 521) مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان پارس ۋە باشقا

www.uyghurkitap.com

قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمان دۆلىتىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

ئەھمانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھى گۇشتاسىپ دارا (521 — 486) دەۋرىدە ئىران ناھايىتى كۈچەيدى. شۇ چاغدا ئەھمانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ خەرىتىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بېلوجىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر كىرگەن.

ئىراندا ئەھمانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا تۇران دۆلىتى (مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى. «شەھنامە» دە تۇرانلىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئەھمانىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھلىرى ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزگەن. بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى تەبىئىي، ئىلاھى بىر ھالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىرلىق، كارامەتلىك چۈشلەرمۇ توقۇپ چىقىرىلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەيخۇسرەۋنىڭ ئانىسى مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ. «چۈشىدە ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر تۈپ ئۈزۈم. دەرىخى ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ بىر تۈپ ئۈزۈم ناھايىتى چاپسان شاخلاپ، بۈك باراخسان ھالغا كېلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈمكەپ ئاپتۇ.» ئەھمانىيلار ھۆكۈمرانلىرى بۇ چۈش ئارقىلىق ياش كەيخۇسرەۋنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «سەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھۆكۈمرانى بولىسەن» دېيىشكەن.

ئەھمانىيلارنىڭ شاھەنشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانىيلار ئۈستىگە كۆپ قېتىم بېسىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تۇران خاقانلىرى، تۇر، بىشەڭ، ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) ئارجاسىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھمان باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

«شەھنامە»دە تىلغا ئېلىنغان تۇران خاقانلىرىدىن تۇر، ئىران ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھى تىغمىس (مىلادىيىدىن 675 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاققىچە ھۆكۈمران بولغان) بىلەن، بىشەڭ بولسا ئارىمارا مونىس (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 615 — 640) بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدەك تۇرىدۇ.

بولۇپمۇ تۇران خاقانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولغان ئەفراسىياپ ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھلىرى نورەز (قوبىيز I) كەيخۇسرەۋ (529 — 558) قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان.

باسقۇنچى كەيخۇسرەۋ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان ئەفراسىياپ مىلادىيىدىن 534 يىل بۇرۇن ئەزەربەيجاندا بولغان بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولغان. ئەفراسىياپ كەيخۇسرەۋنىڭ تۇرانىيلارغا قىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى باسقۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغان. «شەھنامە» دە ئەفراسىياپنى باسقۇنچى، قانخور، دۆت دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەفراسىياپ ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر سەركەردە، مەرد ۋە ئەقىللىق مىللىي قەھ-

رىمان ئىدى. «شەھنامە» دە كۆككە كۆتۈرۈپ ماختالغان كەيخۇسرەۋ بولسا ئاچكۆز، تويماس، قانخور، باسقۇنچى ئىدى.

تۇران خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئەقىللىقلىقى، مەردلىكىنىڭ سىمۋولى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانىشمەن ئانىسى بولغان تومارىس مىلادىدىن 520 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن كەيخۇسرەۋنى ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى قان تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قانخور، هايات چېغىڭدا قانغا تويمىدىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ قانغا توي!»

تومارىس ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ۋارىسى بىرىدىن بىرىدۇر، ئۇ ئالىپ ئەرتوڭانىڭ نەۋرىسىنىڭ قىزى بولۇشى ئېهتىمالغا يېقىن. مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن تۇرانىيلارنىڭ بېشىدا «چۇ» ئاتلىق هۆكۈمران بار ئىدى. بۇ ئىسكەندەرگە زامانداش بولۇپ، تومارىسنىڭ ئوغلى سىغارگا پىرىسنىڭ 5 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېهتىمالغا يېقىنراق. شۇ «چۇ» ئاتلىق هۆكۈمران مەهمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا «شۇ» دەپ ئاتىغان تارىخىي شەخسنىڭ دەل ئۆزى.

يۇنان تارىخچىسى هىرادوت (مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە تومىرىس شەكلىدە يازغان بۇ ئىسىم پاۋىل ۋىنتىسكىنىڭ قارىشىچە تۈركچە «تىمىر» سۆزىنىڭ بۇزۇلمىسىدۇر.

«شەھنامە» دە ئېيتىلىشىچە ئەفراسىياپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇرانلارغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارجاسىپنىڭ خاقان بولغانلىقى ئۇنىڭ گۇشتاسىپ دارا I بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«شەھنامە» دىكى پاكىتقا قارىغاندا، شۇ قېتىم ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا، يېڭىدىن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرىپ، شۇ دىننى تۇرانلارغا تاڭىغان دارا I نىڭ ئارجاسىپقا يازغان مەكتۇپىدا يولسىزلىق قىلغانلىقى سەۋەب بولغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا چوڭ دادىسى كەيخۇسرەۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يولىغا ۋارىسلىق قىلغان دارا I نىڭ ئاتەشپەرەسلەر دىنىنى تۇرانلارغا تېڭىشنى باهانە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىپ ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك.

«شەھنامە» دە ئارجاسىپ باشچىلىقىدىكى تۇران قوشۇنلىرى، دارا I باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغانلىقى ئېيتىلغان.

«شەھنامە» دە دارا I نىڭ زارو ئاستىرو دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلغان.

هەقىقەتەن ئىران خەلقلىرى ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىدىن تارتىپ، ئىراننى 651 ـ يىلى ئەرەبلەر بېسىپ ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا ئېتىقات قىلىشقانىدى.

تارىختا ئاتەشپەرەسلەر دىنى — زارو ئاستىرو دىنى (ئوت پەرەسلەر دىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دىننى زارو ئاستىرو (تۆگە) ئاتلىق ئادەم مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن باكتېرىيە (شىمالىي ئافغانىستان) دا تارقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن شۇ دىننى تارقاتقۇچى زارو ئاستىرو نامى بىلەنمۇ

ئاتالغان. بۇ دىن مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي دىنىي قائىدىلىرى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا»دا بايان قىلىنغان. «ئاۋىستا» دا قەدىمكى چاغدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بار. بۇ دىن دۇنيادىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا بولىدىغان كۆرەشنى ئۆز دىنىي قائىدىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ تونۇشىچە ئوت، يورۇقلۇق بولسا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. قاراڭغۇلۇق بولسا يامانلىقنىڭ ئالامىتى، ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالەمنى «ياراتقۇچى» تەڭرى ھورموز بولۇپ، يامانلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئەھرىمەن ئاتلىق ياۋۇز تەڭرىدۇر.

«شەھنامە» گە ئاتەشپەرەسلەر دىنىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەجايىپ ئوبرازلار ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «شەھنامە» دە بەزىبىر ئىران پالۋانلىرىنىڭ ئەھرىمەن ئاتلىق دىۋە بىلەن ئۇرۇشقانلىقى مانا شۇنىڭ دەلىلى.

«شەھنامە» دە ئىسكەندەرنىڭ ئىران ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى، ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھىنشاھى دارا III (336 — 330) نىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يوق بولۇشى قاتارلىق جەددىي ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ماكىدون — يۇنان پادىشاھى فىلىپپىنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن (ئىرانلىقلار قوۋۋەتلىگەن سۈيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەن) ئىسكەندەر فىلىپپىنىڭ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇنى ئاتىسى فىلىپپ ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەر جەھەتتىن قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل (322— 384) دىن تەلىم ئالدۇرغان.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن (22 يېشىدا) 30 مىڭ پىيادە، بەش مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، شەرققە يۈرۈش باشلىغان. ئىسكەندەر ئون يىل يۈرۈش قىلىپ، مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى بېسىۋالدى.

ئىسكەندەر ئىراننى بويسۇندۇرۇشتا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھىنشاھى دارا III بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن سۈرىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ يەردىكى ئىس سى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا III قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى، بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىس سى يېڭىلىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، دارا III ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قىزلىرىدىن بىرنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ياخشى-خوپ بولۇشقا ئۇرۇندى. ئىسكەندەر دارانىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئىسكەندەر ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسى-
نىڭ غەربىي قىسمىنى (كىچىك ئاسىيا، فى-
نىكا، پەلەستىن، مىسىر) ئانچە كۆپ كۈچ
سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ئىسكەن-
دەر مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن دەجلە
ۋە فرات دەريالىرىدىن (ئىراقتا) ئۆتۈپ،
ئىراننىڭ شەرقى قىسمىغا يۈرۈش باشلىدى.
ئۇ سۈرىيەدىكى گاۋگامىل دېگەن جاينىڭ
يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا، ئىران قوشۇنلىرىنى
تولۇق تارمار قىلدى. دارا III يەنە قېچىپ
كەتتى. ①

مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن شەرققە
قاراپ قاچقان دارا III نى ئۆلتۈرۈشتە ئۇ-
نىڭ قېرىندىشى بىس قاتناشقان ئىكەن.②

يۇنانلىقلار مىلادىدىن 330 يىل بۇ-
رۇن ئىران ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنى يو-
قاتقاندىن كېيىن، ئىسكەندەر غەربىي ئوت-
تۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ شەرقىي
ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان
تېررىتورىيەدە ماكېدون-يۇنان ئىمپېرىيەسىنى
قۇردى. ئىسكەندەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ،
شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيەنى بويسۇندۇ-
رۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مىلادىدىن 324
يىل بۇرۇن ئېغىر تەپ (بەزگەك) كېسىلى
بىلەن ئاغرىپ، 32 يېشىدا بابىل (پايتەخت)
دە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كې-
يىن، ئۇ، ئۆز قولى بىلەن قۇرغان ئىمپېرى-
يە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىرقانچە دۆلەتكە
بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلار: يۇنان (ماكېدونىيە
دۆلىتى. ماكېدونىيە بىلەن يۇنانىستاننى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ)، سىلۇۋكىلار دۆلىتى (بۇنىڭ
ئىچىگە سۈرىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا
كىرەتتى)، مىسىر دۆلىتىدىن ئىبارەت.

ئىسكەندەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى،
سىلېۋۇكنىڭ باش بولۇپ قۇرغان سىلېۋۇكى-
لار دۆلىتىدە مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن
كەسكىن ۋەقەلەر يۈز بەردى. شۇ چاغدا
سىلېۋۇكىلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئان-
تىئوخ II نىڭ ئوغۇللىرى — كەلگۈسىدىكى
سىلېۋۇك II بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئان-
تىئوخ ھىراكس ئارىسىدا ھاكىمىيەت
تالىشىش باشلانغان.

* * *

سترابۇنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارى-
غاندا، «تىجەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى بوي-
لاپ يۈرگەن پارنار دەپ ئاتىلىدىغان داخ
خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ داھىيسى، نەسلى،
نەسەب جەھەتتىن سىكىف ئارشاك ئىران
(پارپىيە) غا ھېسىپ كىردى ۋە ئۇنى بوي-
سۇندۇردى.» ③ ياپون تارىخچىسى يوشى
لاۋتى «غەربتە بۇددىزىم» ناملىق ئەسە-
رىدە ئارشاكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈرك-
لەرگە ئوخشايدۇ، دېگەن.

تارىختا، ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان
بۇ خەلقنى ئارشاكلار سۇلالىسى دەپ ئا-
تايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا
بولسا «ئەنشى» (安西) دەپ يازىدۇ. ھازىر-
قى زاماندىكى شەرق تارىخچىلىرىدىن
ياپون تارىخچىسى يوشى لاۋتى «ئەنشى»
ئاتالغۇسىنى «ئارشاك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە
يېزىلىشى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

«شەھنامە» دە ئارشاكلار ھەققىدە

---

① «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 155 - بەتكە قارالسۇن.

② «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە، 65 - بەتكە قارالسۇن.

③ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 83-ۋە 84 - بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناهايىتى ئاز مەلۇمات بېرىلگەن. پەقەت
ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئارتابان
ٷ (مىلادىنىڭ 208 - يىلىدىن 225 - يىلـ
غىچە پادىشاھ بولغان) ھەققىدە بىر ئاز
مەلۇمات بار.

* * *

«شەھنامە»دە ئەردەشىرنىڭ ئارشاكـ
لار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇـ
رۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 224 يىلىغىچە
ھۆكۈم سۈرگەن) نى ئاغدۇرۇپ، ساسانىلار
سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى، مەزدەكلەر ھەرىكـ
تى، ئاق ھونلار، كۆك تۈركلەرنىڭ ئىرانغا
قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئەرەبـ
لەرنىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى قاتارلىق
چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئالاھىدە
تەسۋىرلەنگەن.

مىلادىنىڭ 224 - يىلى ئىراننىڭ
غەربىي جەنۇبىدا (ھازىرقى پارس ئۆلكىسى)
ئارشاكلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭغا پارسلار نەسلىـ
دىن بولغان ئەردەشىر يېتەكچىلىك قىلغان.
ئەردەشىر ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى
ئارتابان قوشۇنلىرىنى ئىراننىڭ ھازىرقى
ھوزەيىستان ئۆلكىسىدە بولغان ئۇرۇشتا تارمار
قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا ئارتابان ھالاك بولـ
غان. مىلادىنىڭ 225 - يىلى ئەردەشىر
ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كتىسفون
(ھازىرقى باغدات) نى بېسىپ ئالدى. شۇنـ
دىن باشلاپ ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ ئورـ
نىنى ساسانىلار سۇلالىسى ئالدى. ئەردەشىر
(224 — 241) يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت نامىـ
نى بوۋىسى ساساننىڭ نامى بىلەن ساسانىـ
لار دەپ ئاتىغان.

ساسانىلار سۇلالىسى خۇددى ئارشاكـ
لار سۇلالىسىگە ئوخشاشلا شەرق بىلەن
غەرب ئارىسىدىكى دۇنيا سودا يولىنىڭ
مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئەرمىنىيە بىلەن
مىسوپوتامىيىنى ئىگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن،
روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان
ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەردەشىرنىڭ ئوغلى شاپۇر I (241—
272) روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ
بارغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (241—
242) ئانتاكىيەنى بېسىپ ئېلىپ، ئوتتۇرا
دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان.
شاپۇر I روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ
بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىدا
(256 — 259) شانلىق غەلىبىگە ئېرىشىپ،
روما ئىمپېراتورى ۋالىريان ۋە ئۇنىڭ
قوماندانلىقىدىكى روما قوشۇنلىرىنى ئەسىر
ئالغان.

ساسانىلار بىلەن روما ئىمپېرىيىسى
ئارىسىدىكى ئۇرۇش 200 يىل داۋام قىلىپ،
ئاخىرى بەھرام گور پادىشاھ بولغان مەزـ
گىلدە (420 — 440) مىلادىنىڭ 428 -
يىلى ئەرمىنىيىنىڭ شەرقى قىسمى ساسانىـ
لار قولىغا ئۆتكەن.

«شەھنامە» دە بايان قىلىنغان مەزـ
دەكىيلەر ھەرىكىتى قوباد پادىشاھ بولغان
مەزگىلدە (487 — 531) مىلادىنىڭ 488-
يىلى قوزغالغان. مەزدەكىلەر ھەرىكىتى ساساـ
نىلار دەۋرىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ
بولغان خەلق ھەرىكىتى بولۇپ، دىنىي
شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلىغان.

5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ
ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق
ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىش
سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق پۈـ
تۈن ئىراننى قاپلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

چەتئەل بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش-
لارنىڭ چىقىمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ساسانى
پادىشاھلىرى خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - يا-
ساقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتكەنىدى. ئاچارچى-
لىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋابا كېسىلى
تارقالغان. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-
ئاپەتلەر مەزدەكىيلەر ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشى-
نى تېزلەتكەن.

مەزدەكىيلەر ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ
ھەممىسى قۇللۇقتا چۈشۈرۈلگەن جامائە
دېھقانلىرى، قۇللار، ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر
كەمبەغەللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

مەزدەك بولسا شۇ ھەرىكەتنىڭ دىن
تارقاتقۇچى باش ئۇستازى، مۇتەپەككۇرى
ۋە يېتەكچىسى ئىدى. بۇ ھەرىكەت مەزدەكنىڭ
نامى بىلەن مەزدەكىلەر ھەرىكىتى دەپ
ئاتالدى. مەزدەكنىڭ دىنىي تەلىماتىدا مۇن-
داق دېيىلگەن: «خۇسۇسىي مۈلۈككە ئىگىدار-
چىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى
خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالايى-
ئاپەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەئەسى.» مەزدەك
مۇنداق دەپ خىتاب قىلغاندى: «مۈلۈك-
كە قۇللار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تۈزۈمنى
ئورنىتىش لازىم.» مەزدەكچىلەر ئىنسانىيەت-
نى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە
باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنى خىيال قىلىشقان.

مىلادىنىڭ 488 - يىلى قوزغالغان
مەزدەكىيلەر ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىلىرى ئەڭ
ئاۋۋال پايتەختتىكى پادىشاھ ۋە ئېسىلزادىلار-
نىڭ ئامبارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ
تاشلىغان. مەزدەكىيلەر ھەرىكىتى تېز ئارىدا
پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. مەزدەك قوزغىلاڭچىلى-
رى تۆرەزادىلەر يەرلىرىنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى،
مال-مۈلۈكلىرىنى بېسىپ ئالغان. تۆرەزادىلەرنى
ئۆلتۈرۈپ دېھقان جامائەلىرىنى (دېھقان

كوممۇنالىرىنى) باشقىدىن قۇرغان. پادىشاھ
قوباد قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقنىڭ كۈچى-
دىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان
فېئودال، تۆرەزادىلەرنى تىزگىنلەش
ئۈچۈن، باشتا مەزدەكىيلەر تەرىپىدە تۇرغان.
بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ساسانى ھۆكۈم-
ران تەبىقىسى قۇبادنى ئاق ھونلار دۆلى-
تىگە سۈرگۈن قىلغان. ئەمما قۇباد مىلادى-
نىڭ 499 - يىللىرى ئىرانغا قايتۇرۇلۇپ،
ئاق ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىرانغا
يەنە پادىشاھ بولغان.

قۇباد باشلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەر
مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن، مەزدەكچى-
لەرنى شەپقەتسىز ھالدا باستۇرۇشقا كىرىش-
كەن. مىلادىنىڭ 529 - يىللىرى مەزدەك
باشلىق مەزدەكچىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق
كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن، پۈ-
تۈن ئىراننى قاپلىغان تېررورلۇق نەتىجى-
سىدە مەزدەكچىلەردىن 80 مىڭ كىشى
ئۆلتۈرۈلگەن.

گەرچە مەزدەكچىلەر ھەرىكىتى مەغلۇپ
بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەت ئىران تارى-
خىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى،
مەزدەكچىلەر ھەرىكىتى ئىراندىكى تۆرە-
زادىلەر بىلەن راھىب تۆرەزادىلەرنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈم-
رانلىق ئورنىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان.

* * *

«شەھنامە» دە كۆك تۈرك خاقانلىقى
(551 — 744) بىلەن ئىران ساسانىلار ئارى-
سىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئەسلىتىپ ئۆ-
تۈلگەن. فىردەۋسى تۈرك خاقانى قاراچۇرىن
(«شەھنامە» دە چاچا دەپ يېزىلغان)
نىڭلا ئىران بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تىلغا

ئالغان بولسىمۇ، ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، كۆك تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان.

مىلادىنىڭ 565 - يىلى كۆك تۈركلەر ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنى (420 — 565) تارمار قىلىشتا ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىنى بۆلۈپ ئېلىش، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر يۈزىسىدىن، كۆك تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغان.

مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان كۆك تۈركلەر شەرقىي روما ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى تۇرماقچى بولغان. شۇنىڭغا بىنائەن مىلادىنىڭ 565 - يىلى كۆك تۈرك ئەلچىلىرى، ئىستەمى يابغۇنىڭ ئۇلۇغ تۈرك خاقانى موقان خانغا ۋەكالىتەن روما ئىمپېراتورى يوستىنىئان II گە يازغان مەكتۇپىنى ۋە قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، ئىلىدىكى تىكەس يايلىقىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ، كونستانتىنوپولغا (ھازىرقى ستامبولغا) بارغان ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنداپ تىكەس يايلىقى (ئىستەمى يابغۇنىڭ ئوردىسى تەكەستە ئىدى) غا قايتقان. تۈرك ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققان زىمارخ باشچىلىقىدىكى روما ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 566 - يىلى ئىستەمى يابغۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن. ئىستەمى يابغۇ تەرىپىدىن سەممىمىي ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنغان شەرقىي روما ئەلچىلىرىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارغا ئېرىشىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتقان. ئۇلار شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىدەك قۇدرەتلىك ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولغان كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىستەمى يابغۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن، جەڭگىۋار تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان.

ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 568- يىلى خۇراساندا بولغان ئۇرۇشتا ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى نۇشىرۋان (531 — 579) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سىمبات قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ غەلىبە قازانغان.

«شەھنامە» دە تىلغا ئېلىنغان تۈرك خاقانى چاچاخان (قارا چۇرىن) نىڭ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشى مىلادىنىڭ 588- يىلى يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا تۈرك خاقانى قارا چۇرىن ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى ھورمۇز IV (579 — 590) نىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام چوبىن قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن خۇراساندا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزى ئۆلگەن. بەھرام چوبىن خاقاننىڭ ئوغلى بارمودا تىكىننى بايكەنتتە بولغان ئۇرۇشتا تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەسىر ئالغان.

مانا شۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلەشكەن. دېگەندەك تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 600 - يىلغا كەلگەندە، رەسمىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

غەربىي تۈرك خاقانى تۇن يابغۇ

خاقانلىق مەزگىلىدە (619 — 630) كۆك تۈرك بىلەن ئىران ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولغان، بۇ چاغدىكى ساسانىلار شاھىنشاھى خۇسرەۋ پەرۋىز (590 — 628) كۆك تۈرك خاقانى تون يابغۇ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ مىلادىنىڭ 620 - يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ نىشاپۇر، راي شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. خان بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ئىلتەبىر (ۋالىي) تەيىنلىگەن. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ كۆك تۈركلەرنىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىراكىل بىلەن تۈزگەن بىتىمنامىگە بىنائەن 628 - يىلى 40 مىڭ ئاتلىق تۈرك قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، تالاس ۋادىسى (قىرغىزىستاندا)دىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ كاۋكاز ئېتەكلىرى ئارقىلىق ئىران ساسانىلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەن. غەرب تەرىپىدىن ھىراكىل باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئىراننىڭ پايتەختى كېتىسفون (باغدات) غا بېسىپ كىرگەن. بۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ساسانىلارنىڭ ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خۇسرەۋ پەرۋىز تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى قوباد II تەختتە ئولتۇرغان. قۇباد II بىلەن ئىتتىپاقچىلار (كۆك تۈركلەر، رومالىقلار) بىلەن تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن ئىران قوشۇنلىرى مىسىر، سۈرىيە، ئەرمىنىيە ۋە غەربتە ئىران بېسىۋالغان باشقا دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقماقچى بولغان. شۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، تەنتەنە بىلەن تالاس ۋادىسىنىڭ «مىڭ بۇلاق» دېگەن جايدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەن تون يابغۇ خاقان مىلادىنىڭ 630 - يىلى كۆلچورباغا تارقان ئاتلىق ۋەزىرى تەرىپىدىن (زەھەر بېرىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىران ۋەتەنپەرۋەرى فىردەۋسى «شاھنامە» دە ئىراننى ئىستەمى يابغۇنىڭ بىر قېتىم، تون يابغۇ خاقاننىڭ ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، پەقەت تۈرك خاقانى قارا چۇرىنىڭ ئىران تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولغانلىقىنىلا يازغان.

* * *

«شاھنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنىشى غەمكىنلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

قەدىمكى چاغدا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەب قەبىلىلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق (كۆپرەك تۆگە) بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆچمەن ھايات كەچۈرەتتى. دېھقانچىلىق قىلىشقا لايىق جايلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، بىر قىسىم ئەرەبلەر ئارپا، بۇغداي تېرىغاندىن تاشقىرى، خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈرەتتى. ئەرەبلەر يەنە ساپال قاچا ياساش، رەخت توقۇش (ئاساسەن تۆگە تىۋىتىدىن يۇڭ رەختلەر توقۇيتتى)، مېتال ئېرىتىپ، ئۇرۇش قوراللىرى ياساش قاتارلىق ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئەرەبلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى چۆللەردە چېدىر تىكىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، قۇرەيش قەبىلىسى دېگۈدەك مەككە، مەدىنە قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. قۇرەيشلەردىن بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى. شۇ چاغلاردا ئەرەب قەبىلىلىرى بۇتپەرەس بولۇپ، خىلمۇ خىل بۇتلارغا چوقۇناتتى.

دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ

پەيغەمبىرى — ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئىيتقادىدا، ئاللانىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى — مۇھەممەت پەيغەمبەر، مىلادىنىڭ 570 - يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى ئەبۇ تالىپ (ئەلى كەرەمەللاھو ۋەجھۇنىڭ ئاتىسى) نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا مەككىدىكى ئەڭ باي ئايال خەدىچە كۇبرانىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن پەلەستىن، سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ 610 - يىلى (40 يېشىدا) مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن. مەككىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ تۆرەزادىلىرى باشتا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى مىلادىنىڭ 622 - يىلى يېرىم كېچىدە مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋەقە ئىسلام تارىخىدا «ھىجرەت» (سەپەر قىلىش) دەپ ئاتىلىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى — ھىجرىيە مانا شۇ چاغدىن (مىلادىنىڭ 622 - يىلىدىن) باشلانغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئىتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن. ئۇ قوشۇن باشلاپ مەككىگە يۈرۈش قىلغان. مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن كاپىر ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۇرۇشلار بولغان. مىلادىنىڭ 630-يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 632 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلگەنىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كونا سەپدىشى ۋە قېيىن ئاتىسى ئەبۇ بەكرى خەلىپە (ھەربىي، مەمۇرىي، دىنىي ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى خەلىپەنىڭ قولىدا بولاتتى) بولغان. ئۇ خەلىپە بولغان مەزگىلدە (632 — 634) ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى قوشنا ئەللەرگە تارقىتىش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىگەن.

خەلىپە ئۆمەر زامانىسىدا (634 — 644) ئەرەبلەر غەرب ۋە شەرق تەرىپىدىكى قوشنىلىرىغا ناھايىتى شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىغان. خەلىپە ئۆمەر 636 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ دەمەشقىنى (ھازىرقى سۈرىيىنىڭ پايتەختى)، پەلەستىننى، 640 - يىلى سۈرىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالغان.

ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنى تولۇق بويسۇندۇرۇش خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا ئاساسەن ئاياغلاشقان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 630 - يىللىرى شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىراكلىغا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھەنشاھى كەيقۇباد I گە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭغا (لىشىمىنغا) مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ ئۈچ پادىشاھدىن تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ھىراكلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپنامىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەب ئەلچىلىرىنى، ئوبدان قارشى ئېلىپ، ئۆز لايىـ

www.uyghurkitap.com

قىدا ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ، جاۋاب قايتۇر-
غان. پەقەت ئىران شاھىنشاھى كەيقۇباد
II مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن مەك-
تۇپنامىنى يىرتىپ تاشلىغان.

بۇ ۋەقەنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ئى-
ران ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق غە-
زەپلەنگەن خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 637-
يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى
سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس قوماندانلىقىدا خىل-
لانغان، جەڭگىۋار ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئى-
رانغا ماڭدۇرغان. قەدىشە دېگەن جايدا بول-
غان ئۇرۇشتا، ئەرەب قوشۇنلىرى ساسانىيلار
شاھىنشاھى يېزدىگىر III (634 — 651)نىڭ
قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. قەدىشە
ئۇرۇشىدا ئىراننىڭ مەشھۇر جەڭ بايرىقى-
مۇ باشقا غەلىبە غەنىمەتلىرى بىلەن بىللە
ئەرەبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ
جەڭ بايرىقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىما-
نى — تۆمۈرچى كاۋەنىڭ پەرتۇقى (پەشتا-
مىسى) بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل رەڭ-
لىك گۆھەر، ياقۇتلار قادالغان ئىكەن، رى-
ۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا، تۆ-
مۈرچى كاۋە زالىم پادىشاھ زەھھاكقا قار-
شى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا مانا شۇ پەر-
تۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلى قوزغىلاڭنىڭ
بايرىقى قىلغان ئىكەن. مىلادىنىڭ 642-
يىلى ئەرەبلەر نىخۋەندى دېگەن جايدا
بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرىنى پۈتۈن-
لەي يوقاتتى. يېزدىگىر III ئىراننىڭ شەر-
قىي قىسمىغا قاراپ قاچتى. ئۇ ئون يىل
سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىرى، 651 - يى-
لى مەرۋى شاھى جاھاننىڭ يېنىدا ئۆلتۈ-
رۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىران ئەرەب خە-
لىپىلىكىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالدى

ئىران تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش-
تا (بولۇپمۇ، 628 - يىل بولغان ئۇرۇشتا)
ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاجىزلاپ كەت-
كەندى. شۇڭا ئەرەبلەر ئىراننى ئاسان-
لا تارمار قىلىپ، 500 يىلچە ھۆكۈم سۈر-
گەن ساسانىيلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

## ئاخىرقى سۆز

فىردەۋسى «شەھنامە» داستانىدا با-
يان قىلغان ئەپسانىۋى ۋەقەلەر (مىلادىدىن
3200 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ،
مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) بى-
لەن ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر (مىلادىدىن
700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ
651 - يىلىغىچە) نىڭ مەزمۇنى ۋە باشقا
جەھەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا قىسقىچە (ئۆ-
زە بولسىمۇ) توختالدىم.

فىردەۋسى «شەھنامە» دە ۋەتەنپەر-
ۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئىراننى يات ئەل-
لەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ پۈتۈنلەي بې-
سىۋېلىشىدىن، شەرق قىسمىنى ئوغۇز
نەسلىدىن بولغان غەزنەۋىلەرنىڭ بېسى-
ۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ ئىران ۋە-
تەنپەرۋەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، تۇرانلارغا
مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنى (مەسىلەن، ئەف-
راسىياپنى) خۇنۇك قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ
نىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

فىردەۋسى 10 - ۋە 11 - ئەسىردە يا-
شىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر،
ئاجايىپ تالانتلىق شائىر، تەڭدىشى ئاز ئۇچ
رايدىغان تارىخچى بولغىنى ئۈچۈن، ئىران
ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا

تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر قا-
راخانىلار دۆلىتى (870 — 1212) تاز اكۆ-
چىيىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى شائىر
فىردەۋسىگە قانداش بولغان تاجىك ساما-
نىلار دۆلىتى (870 — 1000) نى تارمار
كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆز دۆ-
لىتىگە قوشۇۋالغان بولسا، ئوغۇزلارنىڭ كې-
نىك (قىنىق) ئۇرۇقى قۇرغان غەزنەۋىلەر
سۇلتانلىقى (963 — 1186) ئىران - خورا-
سانىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغانىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئوغۇزلاردىن سەلجۇق-
لار بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىرانغا خەۋپ
سېلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئى-
دى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيت-
قاندا: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى
تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پە-
لەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگى-
لەتكىنىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك»
دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛
دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قى-
لىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى
ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇلارنى ئىنسان-
لارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى
قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۆ-
رەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى، تۈركلەر تۈپەيى-
لىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىش-
تۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن
ساقلىدى.»④

تارىخىي پاكىتلار فىردەۋسىنىڭ ئى-
ران ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تۈركلەرنىڭ
(بولۇپمۇ تۈرك ئوغۇزلىرىنىڭ) خەۋپ ئىكەن-
لىكىنى ئالدىن بايقاپ، قاتتىق ئەنسىرىگەن-
لىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان.

فىردەۋسى مىلادىنىڭ 1020 - يىلى-
رى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئون نەچچە يىل
ئۆتكەندىن كېيىن (1040 - يىلى) ئوغۇز-
لار خانى سەلجۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ
يېتەكچىلىكىدىكى ئوغۇزلار نىشاپور، مەرۋى
شاھى جاھاننى ئىگىلەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك
سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. خوراسان
ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن
توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 - يىلى تال-
قاندا بولغان جەڭدە غەزنەۋىلەر سۇلتانى
مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئى-
رانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، راي شەھى-
رىنى بېسىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پاي-
تەخت قىلدى. توغرۇلبەگ 1055 - يىلى
باغداتقا بېسىپ كىرىپ، ئەرەب ئاببasىلار
خەلىپىلىكىنى (751 - يىلىدىن 1250 - يى-
لىغىچە) قورچاق ھالغا چۈشۈردى. ئەرەب
خەلىپىسى توغرۇلبەگنىڭ نامىنى خۇتبىدە
ئوقۇشقا ئەمر قىلدى.

11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەلجۇقلار
نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى. سەلجۇقلار
ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىچىك ئاسىيا،
سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان، مىسسىپۇ-
تامىيە، ئىران، ئافغانىستان، بېلوجىستان
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى كىرگەن.
توغرۇلبەگ ئىمپېراتور بولغان چاغدا
(1040 — 1063) سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى
كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي-
پەزىلىتىنىڭ ساپلىقى، ئالىيلىقى، باتۇر، مەرد-
لىكى، ئەقىللىقلىقى بىلەن مۇسۇلمان شەرق-
نىڭ تەبىئىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغ-
رۇلبەگ مىلادىنىڭ 1063 - يىلى سۈرى-
يىنى بويسۇندۇرۇپ، باغداتقا قايتىپ كەل-
دى. شۇ چاغدا ئۇ، ئەرەب خەلىپىسىنىڭ
قىزىغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ئە-

④ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - 2 - بەتلەرگە قارالسۇن.

رەب خەلىپىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ناھايىتى خۇشاللىقنى بىلدۈرگەن. توي مۇراسىمى راي شەھىرىدە (كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. شۇڭا توغرۇلبەگ باغداتتىن رايغا كېلىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت يولدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە ئالىپ ئارسلان (توغرۇلبەگنىڭ ئۇكىسى، چاغدى بەگنىڭ ئوغلى) ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1063 — 1072) ئۇ، 1071 - يىلى 26 - ئاۋغۇست كۈنى ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىر دالىسىدا شەرقىي روما ئىمپېراتورى دىككىنىس روما باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئىمپېراتور دىككىنىس رومانىنى تىرىك تۇتۇپ ئالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ روما ئىمپېرىيىسى سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سېلىق (ئولپان) تۆلەيدىغان قارام دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان.

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى (1040 — 1157) مەلىك شاھ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1072 — 1092) ناھايىتى قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن بىر دۆلەتكە ئايلانغان. مەلىك شاھنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامۇل مۈلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر سارىيى بولغان «نىزامىيە» ئالىي مەكتىپى ئېچىلغان. ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. مەلىك شاھدىن كېيىن، سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان سەنجەر (1117 — 1157) ئىمپېراتور بولغان.

فىردەۋسىنىڭ «شەھنامە» داستانى دۇنيا ئەدەبىياتى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايە-تى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شەھنامە» نى ئۆگىنىش يالغۇز تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ شۇنداقلا ئۇنىڭغا قوشنا بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ ئەدىب - شائىرلىرىمىز «شەھنامە» نى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ تەنقىدىي ئۆگىنىپ، ئەسەر يېزىشتا ئۇنىڭدىن ئۈلگە ۋە ئوزۇق ئېلىشى لازىم.

XI ئەسىردە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز مەھمۇد قەشقەرى (قەشقەرلىك مەھمۇد)، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس، شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا زامانىمىزدا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى باھارىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى شارائىت ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان تۇرسا، ئۆلمەس، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازالماسمۇ؟

بىزنىڭ ھازىرقى ئەدىب، شائىرلىرىمىز ئىچىدىن، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى جەھەتلىرىدە، دۇنيادىكى مەشھۇر كلاسسىك داستانلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇيغۇر «شەھنامە» سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى خەلقىم ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك مەنمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن.

يېقىن كەلگۈسىدە (ھېچ بولمىغاندا

XII ئەسىرلىك بىشىدا) ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ يېقىنقى چاغقىچە بىشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرىنى ئەدەبىي تىل، بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئۇيغۇر «شەھنامە» سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسى دۇنياغا كەلسىدى، ئۇ چاغدا تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتۇق.

قوشۇمچە:

## ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

| | |
|---|---|
| 1 - ئەھمان | 700 — 675 |
| 2 - تىسفىس | 675 — 640 |
| 3 - ئارىئارامونىس | 640 — 615 |
| 4 - قومبىز I | 600 — 559 |
| 5 - كەيخۇسرەۋ | 559 — 529 |
| 6 - قومبىز II | 529 — 521 |
| 7 - دارا I | 521 — 485 |
| 8 - شۇسىس | 485 — 465 |
| 9 - ئاتا شوسىس I | 465 — 425 |
| 10 - دارا II | 425 — 404 |
| 11 - ئاتا شۇسىس II | 404 — 358 |
| 12 - ئاتا شۇسىس III | 358 — 338 |
| 13 - دارا III | 336 — 330 |

## ئىران ساسانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادى يىللىرى (225 — 651)

| | |
|---|---|
| 1 - ئەردەشىر | 225— 240 |
| 2 - شاپور I | 240 — 275 |
| 3 - بەھرام | 275 — 282 |
| 4 - نارىسىس | 283 — 337 |
| 5 - شاپۇر II | 337 — 379 |
| 6 - بەھرام IV | 388 — 399 |
| 7 - يىزدىگىر I | 399 — 420 |
| 8 - بەھرام گور | 420 — 440 |
| 9 - يىزدىگىر II | 440 — 457 |
| 10 - پىروز | 458 — 485 |
| 11 - كەيقۇباد I | 487 — 531 |
| 12 - نۇشىرىۋان | 531 — 579 |
| 13 - ھورمۇز IV | 579 — 590 |
| 14 - خۇسرەۋ پەرۋىز | 590 — 628 |
| 15 - كەيقۇباد II | 629 — 634 |
| 16 - يىزدىگىر III | 634 — 651 |

## ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادى يىللىرى

| | |
|---|---|
| 1 - توغرۇلبەگ | 1040 — 1063 |
| 2 - ئالىپ ئارسلان | 1063 — 1072 |
| 3 - مەلىكشاھ | 1072 — 1092 |
| 4 - سۇلتان سەنجەر | 1117 — 1158) |

مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ، 25 يىلدىن كېيىن، 1117 - يىلى سۇلتان سەنجەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.

# مۇتەپەككۇر شائىر مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل

ئابلىزخان مەۋلا بەخش، شىرىن قۇربان

ئىنسان جاۋرئەت قىلىپ تىككە گەر جاننى،
قويار يەرگە ئېلىپ ئېگىز ئاسماننى.
— بىدىل

1. شائىرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى: مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل (مىلادى 1644 — 1721) سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرى (مىلادى 875 — 999 - يىللار) دە «شائىرلار شاھى»، «پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئادەم ئاتىسى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ شائىر ئەبۇ ئابدۇللا جەئپەر بىننى مۇھەممەد رۇداكى (مىلادى 850—941) باشلاپ بەرگەن يولنى بويلاپ، ئۆزىنىڭ شان-شۆھرىتىنى 9 ئەسىر نامايان قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا شەكىللەنگەن ھىندىستان ئەدەبىي ئېقىمى (XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە) نىڭ بۈيۈك پېرى. ئۇ يەنە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى، پەن - مەدەنىيەت تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ۋە ئالىمى.

بىدىلنىڭ ئەسلىدىكى ئەجدادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاجىك پۇشتىدىن بولۇپ، كېيىن ئۇلار ھىندىستانغا كۆچۈپ بارغان. شائىرنىڭ ئۆزى 1644 - يىلى ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۆتكۈزگەن.

«كۇللىياتى بىدىل» ۋە بىر قىسىم تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شائىر بىدىل دۇنياغا كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولغان. بىدىل بەش يېرىم يېشىدا ئوقۇشقا كىرگەن، يەتتە يېشىدا ساۋاتى چىققان. كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلىغان بىدىل مەدرىسىلەردە ۋە ئوقۇمۇشلۇق تاغىلىرى مىرزا قەلەندەر، مىرزا غېرىبلارنىڭ قولىدا ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە ھىندى تىلىنى ئۆگەنگەن. شەرق پەلسەپىسى بىلەن ئەدەبىياتىدىن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئالغان.

شائىر نەۋقىران چېغىدىلا لىرىك ئىجادىيەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئاتاق چىقىرىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىدىل تۇنجى رۇبائىسىنى ئون ياشتا يازغان. يىگىرمە يېشىدا بىدىل شېئىرلىرىنىڭ دىۋانى دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى داڭقى ئەينى زاماندا خەلق چېگرىسىدىن ھالقىپ، ھىندى پادىشاھلىقىغا يېتىپ بارغان. ھىندى پادىشاھى شائىرنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ شائىر بىر مەزگىل ئوردا شائىرى بولۇپ قالغان، لېكىن شائىر ئوردا تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەن. شۇڭا، ئۇ ئوردىدىن ئايرىلىپ، ھازىرقى بىنگالغا كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى شاھى جاھان ئاباد دېگەن يەردە ئۆتكەن. ئۇ

يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.
1721 - يىلى مۇشۇ يەردە 77
شائىر دەسلەپتە «رەمزى»، كېيىن «بېدىل» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. شائىر
دۇنياغا كېيىنكى تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان. «بېدىل» سۆزىنىڭ پارس تىلىدىكى لېكسىكىلىق
مەنىسى «دىلسىز»، «كۆڭۈلسىز» دېگەندىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بۇن-
داق تەخەللۇس بىلەن ئاتىغانلىقى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق ئەمەس. ئۇ كۆپلىگەن شېئىر-
لىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان پانى دۇنيانى «بىۋاپا»، «رەزىل»، «جاھالەتلىك»، «دوزاخ»،
«زىندان» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن تولىمۇ بىزار ئىكەنلىكى، تەڭ - باراۋەر-
لىك ئاساسىدىكى بىر يېڭى دۇنياغا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا قەيت قىلغان:

كۆزۈڭ ئاچ، نەدىدۇر دوزاخ ۋە جەننەت،
ئىشىڭنىڭ نەتىجىسى مەھسۇلى دېھنەت.
...............
ۋەھىمىدىن، ئەي پاكلىق شېمى، سەن نېچۈن؟
گاھ يارقىن نۇرسەنۇ گاھ خىرە تۇتۇن؟
...............
ئەمرىگە مۇنتەزىر تۇرغاندا ئالەم،
سەن نېمە خىيالغا ئەسىرسەن ئادەم؟

بېدىلنىڭ يوقسىزلىقتىن مەيۈسلۈك ۋە نارازىلىق تۇسى بىلەن تولغان مىسرالىرىدىن
شائىرنىڭ «بۇ دۇنيادا كۆڭۈلسىز كىشى»، «بۇ دۇنيادا دىلى سۇنۇق ئادەم» ئىكەنلىكىنى
ئىپادىلەش ئۈچۈن «بېدىل» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.
شائىر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلانمىغان. ئۇ ۋاپات بولۇپ ئارىدىن
166 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1887 - يىلى ھىندىستاندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار
ۋە ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرى بىلەن بومباي شەھىرىدىكى
چوڭ مەتبەئە خوجايىنى نۇرىددىن جوۋاخان دېگەن كىشى مەخسۇس ئادەملەرنى تەشكىل-
لەپ، ھازىرقى ھىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستان دائىرىسىدە بېدىل ئەسەرلىرىنى توپلاشقا
ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى بېدىلنىڭ 14
چوڭ يىرىك ئەسىرىنى توپلاپ، بومبايغا ئىۋەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئارىسىدا
ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر «كۇللىياتى بېدىل» ئەنە شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن.
«كۇللىياتى بېدىل» تارقالغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدە غايەت زور تەسىر قوزغى-
غان. شائىرنىڭ سۆز تاللاشتىكى ماھىرلىقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە
يېقىملىق گۈزەل مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى، ئوخشىتىش، تەسۋىرلەش، سۈپەتلەش
ۋە مۇبالىغە جەريانىدا ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، پىكىردىكى
يېڭىلىق جاسارىتى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان. شۇ چاغدا، مەيلى پەل-
سەپە ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بولسۇن ۋە
ياكى مەيلى دىننى ساھەدىكىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى، شائىرنىڭ بىرەر مىسراسىدىن، ياكى يا-
راتقان بىرەر ئوبرازىدىن ۋە ياكى بىرەر سۆزىدىنمۇ ئەيىب تاپالمىغان. ئۇلار بىردەك ئا-
پىرىن ئوقۇشۇپ، بېدىلنى جاھاندا تەڭداشسىز ئالىم ۋە مىسلىسىز شائىر دەپ باھالىغان.
بېدىل پۈتۈن ئۆمرىنى ھىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستان (ئۇ دەۋرلەردە بۇ ئۈچ

دۆلەت موگغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدى) دا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارلىق ئەسەرلىرىنى تاجىك ئەدەبىي تىلىدا يازغان. بىدىل دەۋرىدە، پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا سەلتەنەتتىن قېلىپ، زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. بۇ چاغدا، شائىر بىدىل جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قورۇقلۇقىدا پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارس-تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس مۆجىزە ياراتتى. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، بەزى تەتقىقاتچىلار مۇتەپەككۇر شائىرىمىز بىدىل مىسرالىرىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان خۇلاسىسىدۇر، دەپ يەكۈن چىقارغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىدىل نوقۇل شېئىر يازغان شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شېئىر تېخنىكىسى، شېئىر ئەندىزە-شەكىللىرى ۋە ئوبرازلار سىستېمىسى ساھەسىدە ئاجايىپ ئىزدەنگەن ھەم بۇ يولدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن شېئىرىيەت ئالىمى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن نەزەرىيىۋى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەر، يارىتىلغان ئوبرازلار ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئۆزگىچىلىكى ۋە سىرلىقلىقى بىلەن ئۆز دەۋرى شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى سەۋىيىسىنى ياراتقان.

2. شائىر ئەسەرلىرى: بىدىل ئەسەرلىرىنىڭ سانى توغرىسىدا ھەرخىل كىتابلاردا ھەرخىل مەلۇمات بار. لېكىن بىدىلنىڭ مول ھوسۇللۇق شائىر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى توغرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى يوق. ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پەقەت «كۇللىياتى بىدىل» نىڭ ئۆزىدىكى شېئىرلارلا 130 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىكەن. بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىدىل رۇبائىيلىرىلا 3860 دىن ئارتۇق ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىرقەدەر مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «چاھار ئەناسىر»، «ئىرفان»، «تۇرى مەرىپەت»، «دىۋان»، «نۇكات»، «ئىشارات ۋە ھېكايات»، «مۇھىتى ئەزەم»، «قەسىدىلەر»، «تەمسىلات»، «سۇرمەئى ئېتىبار»، «رۇبائىييات»، «تەرجىئات»، «ھېكمەت» قاتارلىقلار بار. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىكىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، بەزى ئەسەرلەردە ئاللانىڭ بىرلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرى، قۇرئانى كەرىم مەدھىيىلىرى ئورۇن ئالغان بولسا، بەزى ئەسەرلەردە تەبىئەت، كائىنات ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى كەڭ بايان قىلىنغان. يەنە بەزى ئەسەرلەردە مەسىلەن: «چاھار ئەناسىر» دا، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوت، تۇپا، ھاۋا ۋە سۇدىن ئىبارەت تۆت زات توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ ۋە بۇ توغرۇلۇق ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرلاردىن ئىبىن سىنا (980 - 1037 - يىللار)، ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973—1048-يىللار) ۋە ناسىر خۇسرەۋ (1004-1088-يىللار) نىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان پەلسەپىۋى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھازىرقى زامان تاجىك تارىخشۇناسى ئاكادېمىك باباجان غاپوروۋ (1908 - 1977) نىڭ كۆرسىتىشىچە، «بىدىل ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۆچمەنلىككە قارشى تۇرغان»، «بىدىل ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بەزىلىرىنى ئاشكارا بايان قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنى مەجازى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن»، «بىدىل

ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان، بىدىلنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ
ئۇسلۇبى بولغان بىدىلىزىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىك ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ
ھىمايىگە ئېرىشكەن».①

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، بىدىلنىڭ بىرمۇنچە داستانلىرى ئۆزگىچە-
لىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى داستانچىلىقىدىكى مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسى
بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىر - بىرىنى دوراپ يازىدىغان ۋە تىراگېدىيىنى خاتى-
مە قىلىدىغان رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسى يېڭى بولغان، داستانلار-
نىڭ خاتىمىسى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مەقسەت - مۇرادلىرىغا يېتىشىشىدىن ئىبارەت نەتىجە بىلەن
ئاخىرلىشىدىغان سۆيگۈ داستانلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا بىدىل داستانلىرى ئوقۇغۇ-
چىغا ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا، ئومۇمەن مۇھەببەت ئۆلۈمنى
يېڭىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ. نىكاھ ئەركىنلىكى بولمىغان بىدىل زاما-
نىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىدىيە تولىمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە.

3. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى: مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى
پارس - تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خۇددى
يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر بىدىل پارس - تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى
تارىخىدا «بىدىلىزىم ئېقىمى» نى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ، ۋارىسلىق
قىلغۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان، باباجان غاپۇروۋ ئۆزىنىڭ «تاجىكلار تارىخى» دې-
گەن ئەسىرىدە پەيلەسوپ شائىر بىدىلنىڭ تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنىغا باھا
بېرىپ، ئۇنى «ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر ۋە-
كىللىرىنىڭ بىرىدۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بىدىل ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىمۇ ناھايىتى زور شۆھرەتكە ئىگە. شائىرنىڭ
كۆپلىگەن ئەسەرلىرى خەلقىمىز ئىچىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىدىلنىڭ نۇرغۇن شېئىر - رۇ-
بائىيلىرى ۋە ھېكمەتلىرى تاجىك ئەل ئەدەبىياتى بىلەن پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئا-
رىلىشىپ كەتكەن.

شائىر بىدىل جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، قىسقىسى، شەرق مۇ-
سۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدا يۇكسەك ئابرويغا ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن ئال-
غاندا، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنى مىللەت، دۆلەت (رايون)، دىن ۋە مەزھەپ چېگرىسىدىن
ھالقىغان ئىنسانىيەت شائىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەبۇلمەئانى (مەنىلەر ئا-
تىسى) نامىغا مۇناسىپ.

شائىر بىدىل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ كەڭ تەسىرگە ئىگە. شىن-
جاڭدىكى ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىدە بىدىل ئەسەرلىرى مۇھىم ئەدەبىي ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە
قوللىنىلغان. شائىرنىڭ نامى بىز شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرى بىلەن تەڭ مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

---

① «تاجىكلار تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەش-
رى، 365 - بەت.




## ئۈچ شاھزادە

سۆز ئۇستىلىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مىسىر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ھەر كۈنى شارابخانىلاردا ئەيشى - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. پادىشاھقا بەش - ئون كۈندە بىر قېتىم كۆرۈنەتتى. پادىشاھ بۇ ھالدىن خۇشال ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئوغلانلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، ئەي جىگەر پارىلىرىم، مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇڭلار، مۇبادا مەندىن كېيىن قالساڭلار بىرەر غالىب دۈشمەن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالمىغاي... — دەپ نەسىھەت قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ چوڭ ئوغلى مۇنداق دېدى:

— ئەي شەھرىيارى ئالەم، ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، دۆلەتلىرى ھەددىدىن زىيادە بولسۇن، ھەزرەتلىرى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرىۋەرسىلە، مەندەك بىر ئاددىي پەرزەنتنىڭ ئۆزلىرى قەدەم باسقان ئورۇنغا قەدەم قويۇشقا نېمە ھەددىم بولسۇن؟!

پادىشاھ ئوغلىدىن مۇنداق جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى سەزدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدايىتائالاغا كۆپ شۈكرى قىلدى. ئاندىن چوڭ ئوغلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىككىنچى ئوغلىنى قېشىغا چاقىرىپ ئاكىسىغا دېگەن گەپلەرنى دېدى: بۇ ئوغۇلمۇ خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاشلا جاۋاب بەردى. ئۇ دادىسىغا: «بۇ ھۆر مەملىكەتنى ئاكام قوبۇل قىلمىغان تۇرسا، مەن قانداق قوبۇل قىلايمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ئۈچىنچى ئوغلىنى قېشىغا چاقىرىپ ئۆز سوئالىغا بۇرۇنقى ئىككى ئوغلىغا ئوخشاش جاۋاب تاپتى. شۇنداق قىلىپ شاھزادىلەر ئۆز خانىلىرىگە ياندى.

بىر كۈنى پادىشاھى ئالەم پەرزەنتلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، مۇساپىر بولۇپ مۇشەققەت تارتساڭلار، دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلىسىلەر، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىسىلەر. شۇنداق قىلىڭلار!

پادىشاھ ۋەزىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۈچ شاھزادىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا ئازتولا راسخوت ئاجراتتى. شاھزادىلەر يولغا چىقىش ئالدىدا پادىشاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، ھەر قانداق جايدا بولمىسۇن ھەرگىز ئۇلۇغ سۇ بويىدا قونماڭلار، ئوتنى زىنھار ئۆچۈرمەڭلار، ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارماڭلار.

شۇنداق قىلىپ شاھزادىلەر يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ماڭا-ماڭا كۈن پېتىپ كەچ بولغاندا، ئۇلۇغ سۇ بويىغا يېتىپ كەلدى. چوڭ شاھزادە:

— مۇشۇ يەردە قونايلى، — دېدى.

— ئاتام سۇ بويىدا قونماڭلار دېگەن ئىدى، ئاتامنىڭ نەسىھەتىنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالىسىلەر؟ — دېدى يەنە بىر شاھزادە. ئاخىرى چوڭ شاھزادە سۇ بويىغا چۈشتى. ئىككى شاھزادە بىر ئېگىز يەرگە چۈشتى. يېرىم كېچە بولغاندا دەرياغا سەل كېلىپ چوڭ شاھزادىنى ئېقىتىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت بىلەن سۇدىن ئاران چىقىۋالدى. «ئاتامنىڭ نەسىھىتىگە كىرمىگەنلىكىم ئۈچۈن خوپ بولدى» دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇلار يەنە يولغا كىردى. نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ كەچكىچە يول يۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. چوڭ شاھزادە «بۈگۈن كېچە مەن كۆزەتچىلىك قىلاي، ئامان سالامەت قونايلى، سىلەر خاتىرجەم يېتىۋېلىڭلار» — دېدى. ئىككى شاھزادە ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

چوڭ شاھزادە تۈن يېرىمىغىچە ئويغاق ئولتۇرۇپ كېيىن ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. ئاتىسىنىڭ سەپەردە ئوتنى ئۆچۈرمەڭلار دېگەن ۋەسىيىتى ئېسىگە كېلىپ ھەر تەرەپكە قارىدى. بىر يەردە ئوتنىڭ شولىسى كۆرۈندى. شاھزادە ئاشۇ يەرگە باردى. كۆردىكى يەتتە باشلىق بىر جادىگەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە قازاندا بىر نېمىلەرنى قورۇپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام قىلدى. جادىگەر:

— ئەي بوتام قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى.

— مۇساپىرمەن، سىزگە ئوغۇل بولسام دەيمەن، — دېدى شاھزادە.

— مېنىڭمۇ پەرزەنتىم يوق ئىدى. ماڭا ئوغۇل بولغىن.

— خوش رەھمەت.

شاھزادە ئۇنىڭغا «ئوغۇل» بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن جادىگەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا باردى. شاھزادە ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ بېلىدىن خەنجەرنى تارتىپ ئېلىپ شۇنداق ئۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالتە بېشى كېسىلدى. جادىگەر بىر بېشى بىلەن ئاسمانغا ئۇچتى. شاھزادە بىر باشنى خالتىسىغا سېلىپ، ئوت ئالدى-دە، تاقىغا قايتتى، ئۇخلاپ قالغان ئىككى شاھزادە بۇنى تۇيمىدى.

تاڭ ئاتتى. چوڭ شاھزادە ئىككى ئىنىسىنى ئويغاتتى. ئۇلار يول يۈرۈشكە باشلىدى. كەچتە بىر مەنزىلگە كەلدى. ئوتتۇرانچى شاھزادە كۆزەتچىلىكتە تۇردى، ئىككى شاھزادە ئۇيقۇغا ياتتى. ئوتتۇرانچى شاھزادىمۇ تۈن يېرىمىغىچە ئويغاق ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. ئەتراپقا قاراپ باقتى. بىر يەردە چىراغنىڭ شولىسى زاھىر بولدى. شاھزادە ئۇدۇل ئاشۇ يەرگە باردى. قارىسا ناھايىتى چوڭ بىر دەرەخ تۇرۇپتۇ. بىر ئەجدىھا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. بايا چىراغدەك كۆرۈنگەن شولا ئەجدىھانىڭ كۆزى ئىكەن. ھېلىقى دەرەختە بىر جانىۋارنىڭ بالىلىرى بار ئىكەن. ئەجدىھا ئەشۇلارنى يېگىلى قەست قىلىپ دەرەخكە ياماشقان چاغدا شاھزادە بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. شاھزادە بېلىدىن قىلىچىنى تارتىپ ئېلىپ، ئەجدىھانى چاپتى. ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى-دە، ھالاك بولدى. شاھزادە

www.uyghurkitap.com



ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تىلىم تاسما كېسىپ ئالدى ـ دە، تاغقا قايتىپ كەلدى. قالغان ئىككى شاھزادە تۇيىماي ئۇخلاپ ياتاتتى. ئوتتۇرانچى شاھزادە ئەتىسى سەھەردە ئۇلارنى ئويغىتىپ نامازدىن كېيىن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ناماز پېشىنگىچە يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر شەھەر سېپىلى نامايان بولدى. ئۇلار بىر مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. بۇ كېچە كىچىك شاھزادە كۆزەتچىلىكتە ئولتۇردى. ئاكىلىرى يېتىپ قالدى. شاھزادىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ئاكىلىرىغا ئوخشاشلا ئۇخلاپ قالدى.

بىردەمدىن كېيىن شاھزادە ئويغىنىپ قارىسا ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئەتراپقا قارىغانىدى، بىر يەردە ئوت كۆرۈندى. شاھزادە ئوت كۆرۈنگەن يەرگە باردى. بۇ قاراقچىلارنىڭ ماكانى ئىكەن .بۇ يەردە قىرىق بىر قاراقچى بار بولۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىكەن. قاراقچىلار شاھزادىنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلدى:

— نەدىن كەلدىڭ؟

— مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ خەزىنىدارىنىڭ ئوغلى بولىمەن. مەن كېچىدە يولدىن ئېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن سىلەرنى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە باشلاپ باراي، ئۇنىڭ پۇل، مال جاۋاھىرلىرى تولا، ھەممىسىنى سىلەرگە ئەپچىقىپ بېرەي، — دېدى شاھزادە.

شاھزادە قاراقچىلارنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەلدى ۋە خەزىنىنى پەم بىلەن تېپىپ ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. شاھزادە: «ئاۋۋال مەن چۈشەي، سىلەر ئارقامدىن چۈشۈڭلار» دەپ ئۆزى خەزىنىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىرىق بىر قاراقچى چۈشتى. ئۇلار پادىشاھنىڭ پۇل، مال، ئالتۇن جاۋاھىرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. شاھزادە:

— ئاۋۋال مەن چىقىپ سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى تارتاي! — دېدى.

— ماقۇل! — دېيىشتى قاراقچىلار.

شاھزادە خەزىنىنىڭ ئىچىدىن بۇرۇن چىقىپ قاراپ تۇردى. شاھزادە قاراقچىلارنىڭ قولىدىن بىر ـ بىرلەپ تارتىپ بېشىنى كەستى. قاراقچىلار تۇيماي قالدى.

ئەلقىسسە: شاھزادە بۇ قىرىق بىر قاراقچىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپ، ئاكىلىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇيقۇدىكى ئىككى شاھزادە بۇنى تۇيمىدى. ئەتىسى كىچىك شاھزادە ئىككى ئاكىسىنى ئويغاتتى. ئۇلار بىردەم يول يۈرۈپ، شەھەرگە كىردى. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەردە ھېچ بىر تونۇش ـ بىلىشلىرى يوق ئىدى. ئۇلار بىر سارايغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى پادىشاھنىڭ خەزىندارى خەزىنىگە كىرىپ قارىسا خەزىنىگە ئوغرى كىرگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەرياد قىلدى.

— داد، پادىشاھى ئالەم، بۈگۈن كېچە خەزىنىگە ئوغرى كىرىپ بار ـ يوق نەرسىلەرنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

— دەرھال تەكشۈرۈڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى شاھ.

ھەممە ۋەزىر ئەمىرلەر خەزىنىگە ئالدىراپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ قارىسا قىرىق بىر ئادەمنىڭ بېشى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلۇپتۇ. خەزىنىگە قول تەگمەپتۇ. ئۇلار ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى ۋە مۇنداق يارلىق چۈشۈردى:

«جاكارلاڭلاركى، ھەر كىشى بۇ ئىشنى قىلغان بولسا ئۆزىنى ئاشكارىلىسۇن، ئۇ ماڭا دوستلۇق قىلىپتۇ. ئۇنىڭغا تالاي ئىنئام، ئېھسانلار قىلغايمەن!»

ئەلقىسسە، شاھزادىلەر يول ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. ۋەزىرلەر شاھنىڭ يارلىقى بويىچە كوچا-كوچىلارغا يارلىق چاپلاپ گۇزەر-گۇزەرلەردە تەشۋىق قىلىپ يۈردى.

سارايۋەن بازارغا چىقىپ، پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ كېلىپ شاھزادىلەرگە دېدى. شاھزادىلەردىن ھېچبىر جاۋاب بولمىدى. ئەمما ئۇ بىلىدىكى بۇ شاھزادىلەردە بىر سىر باردەك ئىدى. شۇڭا ئۇ بازارغا چىقىپ كاۋاپ، شاراب ئېلىپ كىردى. شاھزادىلەر شارابقا تۇتۇش قىلدى. يول ھاردۇقى بىلەن شارابنىڭ كەيپى غالىب كېلىپ شاھزادىلەر گەپكە چۈشتى. چوڭ شاھزادە:

— ھەي قېرىنداشلىرىم، ئەۋۋەلقى كېچە مەن كۆزەتچىلىك قىلدىم. سىلەر ئۇخلاپ قالدىڭلار، مېنى ھەم ئۇيقۇ ئېلىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسام ئوت ئۆچۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسام بىر يەردە ئوت زاھىر بولدى. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسام ئۇ يەتتە باشلىق جادىگەرنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئۇنىڭغا يالغاندىن ئوغۇل بولدۇم. ئۇ جادىگەر ئۇخلاپ قالغاندا مەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈردۈم، — دەپ خۇرجۇندىن باشنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرانجى شاھزادە سۆزگە كىردى:

— ئىككىنچى كېچىسى مەن كۆزەتچىلىك قىلغانىدىم. سىلەر ئۇخلاپ قالدىڭلار. بىردەمدىن كېيىن مەنمۇ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئويغىنىپ قارىسام، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ، چىقىپ قارىسام بىر يەردە چىراغ كۆرۈندى. ئۇ يەرگە باردىم. بىر ئەجدىھا دەرەخكە چىقىپ كېتىپ بېرىپتۇ. دەرەختە بىر جانىۋارنىڭ باللىرى بار ئىكەن. ئەجدىھا ئۇلارغا قەست قىلىۋېتىپتۇ. ماڭا چىراغتەك كۆرۈنگەن شولا ئەجدىھانىڭ كۆزى ئىكەن. ئەجدىھا مېنى كۆرۈپ خىرىس قىلدى. ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككى پارە قىلدىم-دە، بىر تىلىم تاسما تىلىۋالدىم، — دەپ تاسمىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك شاھزادە سۆزگە كىردى.

— ئۈچىنچى كېچە مەن كۆزەتچىلىك قىلغان. سىلەر ئۇخلاپ قالدىڭلار، مەنمۇ بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ناگاھ ئويغانسام ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. بىر يەرگە چىقىپ قارىسام ئوت كۆرۈندى. شۇ يەرگە باردىم. ئۇ قاراقچىلارنىڭ ماكانى ئىكەن. قاراقچىلار مېنى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلدى. مەن ئۇلارغا: «مەن پادىشاھنىڭ خەزىنىدارىنىڭ ئوغلى، كېچىدە ئېزىقىپ بۇ يەرگە كېلىپتىمەن» دېدىم ۋە ئۇلارنى ئالداپ پادىشاھنىڭ غەزىنىسىگە باشلاپ باردىم. بولمىسا ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مەن يەم-پاراسەت بىلەن خەزىنىنى تاپتىم. ئىلگىرى ئۆزۈم چۈشتۈم، ئاندىن قاراقچىلار چۈشتى. بارلىق خەزىنىنى بىر يەرگە توشۇدى. ئىش تۈگىگەندە ئىلگىرى ئۆزۈم چىقتىم، قىرىق بىر قاراقچىنى بىر-بىرلەپ قولىدىن تارتىپ چىقىرىپ بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈردۈم. بىرسى-بىرسىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. تېنىنى دۆۋىلەپ بېشىنى مۇنار قىلدىم. خەزىنە جايىدا قالدى. مەن قايتىپ

كەلدىم، — دەپ يېنىدىن قىرىق بىر قاراقچىنىڭ قۇلىقىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

شاھزادىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر - بىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ھەيران قالدى. سارايۋەن شاھزادىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇ شاھزادىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ ھەر بىرىدىن ئايرىم - ئايرىم گەپ سورىدى. شاھزادىلەر قىلغان ئىشلارنى ئاڭلاپ پادىشاھ خۇشال بولدى. پادىشاھ كىچىك شاھزادىنى ئۆزىگە يېقىن ۋەزىر قىلدى. ئوتتۇرانچى شاھزادىنى ئىشىك ئاغا قىلدى، چوڭ شاھزادىنى ھاكىم قىلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ قىرىق بىر پەشتاقلىق راۋىقى بار ئىدى. ئارقىسى چاھارباغ ئىدى. ئۇ يەر گوياكى جەننەت بېغىغا ئوخشايتتى. پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسى كەلدى. پادىشاھ ئاشۇ راۋاقتا ياتاتتى. پادىشاھ ئۇخلىدى. كىچىك شاھزادە قېشىدا ئولتۇراتتى. پادىشاھ ئۇيقۇغا غەرق بولغان چاغدا، بىر يىلان چارباغدىن چىقىپ پادىشاھقا قەست قىلدى. شاھزادە ئورنىدىن قوپۇپ قىلىچ بىلەن يىلاننى ئۆلتۈردى. شاھزادە قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ تۇراتتى، پادىشاھ ئويغاندى. پادىشاھ بۇ ماڭا قەست قىلغىلى قوپقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى ۋە:

— ئەي ۋەزىر، چوڭ ئاكاڭ ھاكىمنى چاقىرغىن بۇ يەرگە كىرسۇن، — دېدى. شاھزادە دەرھال ھاكىم ئاكىسىنى ئېلىپ كىردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەي ھاكىم، يامان نىيەتلىك قىلغان كىشىنى قانداق قىلسا بولىدۇ؟ — دېدى. ھاكىم:

— گۇناھىغا بېقىپ ئۆلتۈرسە بولۇر، — دېدى.

— ئۇنداقتا، بۇ ئىنىڭىز ماڭا قەست قىلدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈڭ! — دېدى پادىشاھ.

— ھەي، — پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشنى ئالدىراپ قىلمايلى، كېيىن پۇشايمانغا قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەر ئىشقا ئالدىراڭغۇلۇق قىلغۇلۇق ئەمەس. ئىران پادىشاھىغا ئوخشاش پۇشايماندا قالمايلى، — دېدى شاھزادە. پادىشاھ سورىدى.

— قانداق ئىش ئىكەن؟

شاھزادە ھاكىم مۇنداق دېدى:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، ئىران پادىشاھى بىر كۈنى لاۋۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ شىكارغا چىقتى. ئۇ دۆلەت قۇشلىرىنى ئېلىپ چىققان ئىدى. پادىشاھ ھەمراھلىرى بىلەن شىكار قىلىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۈت رەڭلىك بىر ئاق كېيىك ئۇچرىدى. بۇ كېيىك پادىشاھقا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈندى. پادىشاھ لەشكەرلىرىگە: «ئوق ئۈزمەي تىرىك تۇتۇڭلار» دەپ ئەمىر قىلدى ۋە «بۇ كېيىك بىرەرسىڭلارنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە مېنىڭ غەزىپىمگە گىرىپتار بولىسىلەر» دەپ ھۆكۈم قىلدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى كېيىكنى قورشىدى. كېيىك پادىشاھقا تېز - تېز قاراپ ئۇنىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. پادىشاھ ناھايىتى دەردتە قالدى، ئۇ لاۋۇ لەشكەرلىرىگە قاراپ «مەن بۇ كېيىكنى تىرىك تۇتۇڭلار دەپ يارلىق قىلغانىدىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن سەكرەپ قاچتى. ئۆزۈمنىڭ يارلىقىغا ئۆزۈم ئەمەل قىلماسام بولمايدۇ. ئارقامدىن ھېچ كىشى ئەگەشمىسۇن» دەپ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ كەيىكنى قوغلا - قوغلا بىر تاغقا يەتتى. شۇ چاغدا كەيىك كۆزدىن غايىب بولدى. پادىشاھ ناھايىتى بىتاقەت بولدى ۋە ئۇسساپ كەتتى. پادىشاھ سۇ ئاپالماي تەشنا بولۇپ تۇرغاندا، تاغنىڭ قاپ بېلىدىن چىپ - چىپ سۇ تامدى. پادىشاھ دەرھال يېنىدىن بىر جامنى ئېلىپ سۇغا تۇتتى. خېلىدىن كېيىن جام تولدى. پادىشاھنىڭ قولىدا ۋاپادار قۇشى بار ئىدى. پادىشاھ سۇنى ئىچەي دەپ ئېغىزىغا يېقىنلاشتۇرغاندا قۇش بىر قانات ئۇرۇپ جامدىكى سۇنى تۆكتى. پادىشاھ جامنى يەنە سۇغا تۇتتى. جام تولدى. پادىشاھ سۇنى ئىچەي دېگەندە قۇش بىر تولغىنىپ سۇنى تۆكتى، قۇش سۇنى كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم تۆكتى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ قۇشنى تاغقا بىر ئۇرغانىدى، قۇش ئۆلدى. پادىشاھ ئېتىنى باغلاپ قويۇپ تاغقا چىقىپ كۆردىكى، بىر ئەجدىھا كېيىكنى دەم تارتقان ئىكەن. كېيىكنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قاپلىشىپ ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. ھېلىقى چېپىلداپ تامغان سۇ ئەجدىھانىڭ ئىچىدىن چىققان زەرداپ ئىكەن. پادىشاھ قۇشىنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئاخىرى بىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى، لېكىن پايدىسى بولمادى. — شاھزادە ھاكىم سۆزىنى مۇنداق چۈشۈردى، — ئالدىراپ قىلغان ئىش پۇشايمان ئەكەلسە، ئەكىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ياخشىلىق بەرمەيدۇ. پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن ھەزەر قىلماق لازىم.

پادىشاھ ئوتتۇرانچى شاھزادىنى چاقىرتتى.

— ئەي شاھزادە كىشىنىڭ قەستىدە بولغان كىشىنى قانداق قىلسا بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ. ئوتتۇرانچى شاھزادە مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىغا يېقىپ ئىش قىلسا بولىدۇ.

پادىشاھ:

— بۇ ئىنىڭىز ۋەزىر، مېنىڭ قەستىمگە چۈشۈپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دېدى.

— ھەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى ئوتتۇرانچى شاھزادە، — بۇ ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇشايمان قىلىدغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە. سەرەندىپ پادىشاھىمۇ شاھتوتىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ پۇشايمانغا قالغان ئىكەن.

پادىشاھ سورىدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟

— ئۇ مۇنداق بىر ۋەقە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئوتتۇرانچى شاھزادە، — سەرەندىپ شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. بۇ پادىشاھنىڭ بىر شاھتوتىسى بار ئىدى. ئالتۇن قەپەسكە سېلىنغان بۇ شاھتوتى ھەممىشە پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. كۈنلەردە بىر كۈن سودىگەرلەر بۇ دۆلەتكە مال ئالغىلى كەلدى. ئۇلار قايتار ۋاقتىدا پادىشاھتىن رۇخسەت ئالغىلى كەلدى. كارۋانلار پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ئوردىدىن چىقىۋاتقاندا شاھتوتى ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— ھەي كارۋانلار، ئەگەر چوڭ يول بىلەن ماڭساڭلار پالان دەريانىڭ بويىدا بىر توپ شەمشاد دەرىخى بار. ئۇ يەردە بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز بار، مەندىن ئۇلارغا سالام دەڭلار، مۇبادا ئۇلار مېنى سورىسا ئالتۇن قەپەزدە ھەممىشە پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇپ تۇرىۋاتىدۇ، دەڭلار.

www.uyghurkitap.com

كارۋان بېشى شاھتۇتىنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ يولغا راۋان بولدى. كارۋانلار سودىسىنى تۈگىتىپ يېنىپ كېلىشىدە ھېلىقى شاھ شەمشات دەرىخىنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. كۆردىكى، دەرەخ ئۈستىدە شاھتۇتىلار سايرىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. كارۋان بېشى ھېلىقى شاھتۇتىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي خۇش ئاۋاز، گۈزەل شاھتۇتىلار سەرەندىپ پادىشاھىنىڭ تۇتىسى سىلەرگە سالام ئېيتتى.

— سەن ئارقىلىق سالام يوللىغىچە، ئۆزى كەلسە بولمامدۇ؟ — دەپ سوراشتى شاھتۇتىلار. كارۋان بېشى:

— ئۇ قانداقمۇ كېلەلىسۇن، ئۇ ھەممىشە ئالتۇن قەپەزدە پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرسا، — دېدى.

شاھتۇتىلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ «ۋادەرىغ، ۋادەرىغ!» دەپ ھەممىسى ئۆلۈپ قالدى.

بۇ كارۋانلار شاھتۇتىلارغا ئەپسۇس ئېچىدە ئىچ ئاغرىتىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن سەرەندىپ شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار پادىشاھقا سالام - تەزىم قىلدى.

شاھتۇتىلارنىڭ «ۋادەرىغا، ۋادەرىغ!» دەپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى شاھتۇتىغا بايان قىلدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان شاھتۇتى ھەم «ۋادەرىغ» دەپ ئۆلۈپ قالدى.

پادىشاھ بۇ سودىگەرلەرگە ئاچچىقلىنىپ شاھتۇتىنى ئالتۇن قەپەزدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى. بايام شاھتۇتى ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ ئۆلمىگەن ئىدى. شاھتۇتى ئۇچۇپ تۈڭلۈككە قوندى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، قېرىنداشلىرىم ماڭا ئىشارەت بىلەن شۇنداق گەپ يوللاپتۇكى، ئەگەر پادىشاھ ساڭا رۇخسەت بەرمىسە بىزگە ئوخشاش «ئۆلۈۋالساڭ» پادىشاھ سېنى ئالتۇن قەپەزدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئاندىن بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەيسەن دەپتۇ. راست، ئەمدى قەپەزدىن قۇتۇلدۇم. ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، بولمىسا ئىختىيار ئۆزۈمدە، دۆلىتىڭىزنى كۆپ كۆرگەنىدىم، تۇزكورلۇق قىلغۇم يوق.

پادىشاھ شاھتۇتىغا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن رۇخسەت بەردى. شاھتۇتى ئۇچۇپ بېرىپ قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولدى. قىرىق كۈن بولغاندا شاھتۇتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر دانە مېۋىنى چىشلەپ كەلدى. بۇ مېۋىنىڭ ئېتىنى «مېۋەئى ئابىھايات» دەيتتى. شاھتۇتى پادىشاھقا:

— ھەي پادىشاھى ئالەم بۇ مېۋىنى سەكسەن ياشلىق ئادەم يېسە، ئون سەككىز ياشلىق بالىغا ئۆزگىرىدۇ. ھەرگىز پات ئۆلمەيدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇ ئىشنى ۋەزىر - ئەمىرلەرگە دېدى. ۋەزىر - ئەمىرلەر:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، ئۇنداق بولسا، ھەزرەتلىرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ئوخشايلا، ئۇ چاغدا بىز ۋەزىر ئەمىرلەرمۇ ئەشۇ مېۋىدىن بولسا يېسەك، بىزمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولساق بەك ياخشى بولاتتى — دېيىشتى.

— ئەي شاھتۇتى، بۇ مېۋىنى تېرىسا ئۈنەمدۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— ئەلۋەتتە ئۈنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شاھتۇتى، — مەن بۇ مېۋىنى ھەزرىتى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بېغىدىن ئەكەلگەن.

پادىشاھ:

— باغۋەننى چاقىرىپ بۇ مېۋىنى تېرىشنى بۇيرۇڭلار، بۇ مېۋە كۆپەيسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى.

ۋەزىرلەر باغۋەننى چاقىرىپ مېۋىنى بەردى. باغۋەن چوقۇم ئۈندۇرۇپ كۆپەيتىش توغرىسىدا ۋەدە قىلدى. باغۋەن يەرنى توققۇز مەرتە ئۇسا قىلىپ، توققۇز مەرتە يۇمشىتىپ ھېلىقى مېۋىنى تېرىدى. مېۋە ئاخىرى ئۈندى. چوڭىدى، چېچەكلىدى، مېۋە بەردى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنلەردە باغقا بىر يىلان پەيدا بولدى. يىلان ھېلىقى مېۋىلىك دەرەخنىڭ قېشىدىن كېتىۋېتىپ دەرەخكە بىر سۈركەلگەن ئىدى. بىر مېۋە شاختىن ئاجراپ چۈشۈپ يىلاننىڭ پېشانىسىگە تەگدى. يىلان ئاچچىقىدا مېۋىنى ئاغزىغا سېلىپ زەھىرىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈپ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

باغۋەن بۇ چۈشۈپ كەتكەن مېۋىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇنى ئالتۇن تاۋاققا سېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ خۇشال - خۇرام بولۇپ يېمەكچى بولغانىدى. ۋەزىرلەر توستى.

— ھەي پادىشاھى ئالەم، بۇ مېۋىنى باشقا بىرسى يەپ باقسۇن، كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن ھەزرەتلىرى يېگەيلا!

پادىشاھ بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، زىنداندىن بىر گۇناھكارنى ئېلىپ كېلىپ مېۋىنى يېگۈزدى. گۇناھكار شۇ ھامان ئۆلدى.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى.

— ئەي ھارامزادە، كۆزى كور بولغۇر شاھتۇتى، ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان ئىكەنسەندە، مېنى ئۆلسۇن دېگەن ئىكەنسەندە، — پادىشاھ ۋارقىراپ تىترەپ كەتتى. غەزەپلەنگەن پادىشاھ ئۆزىنى تۇتالماي شاھتۇتىنى ئالتۇن قەپەزدىن ئېلىپ ئۆلتۈردى.

ئەلقىسسە: ئاشۇ شەھەردە بىر قەلەندەر قىمارۋاز بار ئىدى. ئۇنىڭ قەرزى ناھايىتى كۆپ بولۇپ قەرز بەرگۈچىلەر ئۇنى قەرزنى قايتۇرۇشقا بەك قىستاپ كەتتى. ئۇنىڭ قەرزنى قايتۇرغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئىلاجى يوق ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆلۈۋېلىپ، بارلىق قەرزدىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلاپ پادىشاھنىڭ بېغىغا كەلدى. قەرزدار باغقا كىردى. قەرزدار ھېلىقى مېۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا مېۋىلەر ناھايىتى بەك پىشىپ كەتكەن ئىكەن. پادىشاھ بۇ مېۋىگە «زەھەر» دەپ ئات قويغاچقا، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىم بارمايدىكەن. قەرزدار يامان نىيىتىدىن يانماي مېۋىنى تازا قورسىقى تويغۇدەك يېدى. قورسىقى يېرىلغۇدەك يېگەن بولسىمۇ ئۆلمىدى.

ئۇ بىر سۇ بويىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى. ئۇ ئەسلىدە بىر ئاق ساقال ئادەم ئىدى. ئەمدى چاچ-ساقاللىرى قارىداپ ئادەم تونۇيالمىغۇدەك يىگىت بولۇپتۇ. قەرزدار شۇنداق ھەيران بولۇپ تۇرغاندا باغۋەن پەيدا بولۇپ ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. قىمارۋاز پادىشاھقا مۇنداق دېدى:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، مەن ئاتالغان قىمارۋازمەن. قەرزىم ئىنتايىن تۇرغۇن ئىدى. قەرزى بار كىشىلەر مېنى تۇتۇپ

يۈرگىلى قويمىدى. جاندىن تويدۇم. ئۆزلىرىنىڭ بېغىدا زەھەرلىك مېۋە بار دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇ مېۋىنى يەپ ئۆلۈۋالاي دەپ باغقا كىردىم. مېۋىنى شۇنچە كۆپ يېگەن بولساممۇ ئۆلمىدىم. ئەكسىچە چاچ-ساقاللىرىم قارىداپ ياپياش بولۇپ قالدىم.

پادىشاھ ھەيران بولدى. قىمارۋازنىڭ سۆزى بويىچە سىناپ كۆرگەنىدى. قېرىلار يېگەن ھامان ياش يىگىتكە ئۆزگەردى. پادىشاھ، ۋەزىرمۇ ئۇ مېۋىنى يەپ ياشاردى. قېرىپ ئۆلۈم ھالىتىگە كەلگەنلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى.

پادىشاھ ۋاپادار تۇتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمىدى.

ئەلقىسسە، ئوتتۇرانچى شاھزادە ھېكايىسىنى شۇ يەردە تامام قىلدى. پادىشاھنىڭ غەزىپى بېسىلدى. پادىشاھ ئاخىرى كىچىك شاھزادىدىن سورىدى:

— ئەي ۋەزىرىم، ماڭا نېمىشقا قەست قىلدىڭىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس شاھىم، — دېدى كىچىك ۋەزىر يىغلاپ تۇرۇپ ۋەقەنى بايان قىلىپ، — ھەزرەتلىرى ئۇخلاۋاتاتتىلا، بىر شەپە پەيدا بولدى. قارىسام بىر چار يىلان چاھار باغدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ زەھەرلىك نەشتىرىنى چىقىرىپ ئۆزلىرىگە قەست قىلىپ كەلگەنىدى. مەن دەرھال تىغ تارتىپ ئۇنى چاپتىم، يىلان ئۆلدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ قىلىچنى قىنىغا سېلىۋاتسام ھەزرەتلىرى ئويغاندىلا، — ۋەزىر شۇنداق دەپ يىلاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتتى. پادىشاھ قىلغان ئىشىغا كۆپ پۇشايمان قىلىپ كىچىك شاھزادىدىن ئەپۇ سورىدى.

شاھزادىلەر ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولدى. پادىشاھ كاتتا زىياپەت راسلاپ ئۇلارنى ناھايىتى كۆپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، شاھزادىلەر يۇرتىغا قايتىپ بارغاندا ئاتا-ئانىسى چەكسىز خۇشال بولدى ۋە كاتتا مەجلىس ئۆتكۈزۈپ شاھلىق تاجىنى چوڭ ئوغلىغا كىيگۈزدى. بىرقانچە زاماندىن كېيىن ئاتا-ئانىلىرى بۇ ئالەمدىن سەپەر قىلدى. شاھزادىلەر ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، خەلقنى باياشات قىلدى.

قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال



# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## پەمسىز ئوۋچى

بىر قانائەتسىز ئوۋچى ئورمانزارلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ تۈلكىنى تۇتۇپ تېرىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېتىشنى ئويلاپتۇ. ئاخىر ئۇ تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىن جايدىن بىر چوڭقۇر ئورا كولاپ، ئۈستىنى بىلىنمەس قىلىپ شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق گۆش تاشلاپ قويۇپتۇ.

تۈلكە ئۇۋىسىدىن چىقىپ، گۆشنى كۆرۈپ، ئورىنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئويلىنىپ قاپتۇ: «بۇ گۆش نەپسىمنى ئۆزىگە شۇنچە تارتىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىر بالا-قازانىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. دانىشمەنلەر خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمايدۇ، ئاقىللار پىتنە-پاساتقا سەۋەب بولىدىغان ئىشقا يېقىن كەلمەيدۇ. بۇ يەرگە بىكاردىنلا گۆش قويۇلۇپ قالمىغاندۇ، ھەر ھالدا بۇ گۆشتىن ۋاز كېچەي»، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۈلكە گۆشنى ئالماي ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر ئاچ يولۋاس گۆشنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ، ئىزدىگىنىچە بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ گۆشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چاڭ سېلىشى بىلەن تەڭلا گۆش بىلەن بىرگە ئورىغا يۇمىلاپ چۈشۈپتۇ. ئوۋچى ئورىغا بىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئورىغا تۈلكە چۈشتى، دەپ ئويلاپ، ئورىغا سەكرەپ چۈشۈشىگە، يولۋاس ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. ئوۋچى ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى كاساپىتىدىن جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. تۈلكە قانائەتچانلىقى بىلەن بالادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

## ئاقىلانە ھۆكۈم

ئەرەب خەلىپىلىرىدىن بىرى بىر كىشىنى شەھەر ھاكىملىقىغا ئۆستۈرۈپتۇ. خەلىپىنىڭ كاتىپى پەرماننى يېزىۋاتقانىكەن، بىر كىچىك بالا بۇ يەرگە كىرىپ، خەلىپىنىڭ تىزىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. خەلىپە بالىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، باش-كۆزلىرىنى سىلاپ، قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

ھاكىملىققا تەيىنلىنىۋاتقان كىشىمۇ شۇ يەردە بار ئىكەن. ئۇ خەلىپىنىڭ بۇ بالىنى بۇنچىلىك ئەركىلىتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— بۇ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خەلىپە ئۇنىڭغا:

— ياق، بىر كەمبەغەل ئادەمنىڭ بالىسى، ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ بالىنى بېقىۋالدىم. يېتىملىكى

uyghurkitap.com

بىلمىمسۇن دەپ، بۇنى ئۆز بالامدەك ئەتىۋالاپ بېقىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بولغۇسى هاكىم خەلپىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاق، شەپقەتلىك ۋە مەرد كىشى ئىكەنلىكىگە هەيران بولۇپ:

— مېنىڭ ئون بالام بار، باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا ئەمەس، هەتتا ئۆز بالىلىرىمغىمۇ چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەيمەن. بالىلىرىم ئالدىمدا تىترەپ تۇرىدۇ. سىلىنىڭ يېتىم بالىغا بۇنچىلىك كۆيۈنۈۋاتقانلىقلىرىغا هەيران بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

خەلپە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، يېزىلىۋاتقان يارلىق قەغىزىنى كاتىپنىڭ قولىدىن ئېلىپ يىرتىپ تاشلاپتۇ ۋە ئەتراپتا تۇرغانلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئادەمنى هاكىملىققا تەيىنلەشتىن ۋاز كەچتىم. ئۆز بالىلىرىغا ئۇنچىلىك تاش يۈرەكلىك قىلغان كىشىدىن خەلققە قانداق ياخشىلىق يەتسۇن؟!

## پايدىسىز هۈنەر

ئاجايىپ هۈنەرلەرنى كۆرسىتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ چىققان بىر كىشىنى جامائەت هارۇن رەشىتنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. هارۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن هېلىقى كىشى هۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ يېنىدىن بىر قۇتا يىڭنە ئېلىپ، بىر دانە جۇۋالدۇرۇزنى بىر يەرگە تىك قىلىپ سانجىپ قويۇپتۇ. ئۆزى ئۇنىڭدىن خېلىلا نېرىغا بېرىپ، قولىدىكى يىڭنىلەرنى جۇۋالدۇرۇزنىڭ كۆزىدىن بىردىن ئېتىپ ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاندىن ئۇ هارۇنغا تەزىم قىپتۇ.

هارۇن ئۇنىڭ بۇ هۈنىرىگە يۈز تىللا بېرىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يۈز قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. باشقىلار بۇنداق غەلىتە بۇيرۇقنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. هارۇن رەشىت بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ:

— بۇ ئادەم ئىنتايىن چوڭ ئىستېدات ۋە قابىلىيەتكە ئىگە. لېكىن ئۇنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىپتۇ. شۇڭا هۈنىرىنى تەقدىرلەپ يۈز تىللا بېرىشنى، ئىستېداتىنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىشلەتكىنى ئۈچۈن يۈز قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئىستېداتىنى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئەمەس، خەلققە، يۇرتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئىشلەتسۇن.

## ئىككى خىل مۇئامىلە

پازىللاردىن بىرى مۇنداق هېكايە قىپتۇ:

بىر كۈنى ئاتلىنىق سەپەرگە چىقتىم. بىر سەهرادا كېتىۋېتىپ، يولۇمدىن ئادىشىپ قالدىم. بۇ چاغدا كەچمۇ كىرىپ قالدى. مەندىن خېلى يىراق يەردە بىر ئۆي كۆرۈندى. كەچ بولسىمۇ شۇ يەرگە يېتىپ باردىم ۋە ئىشىكنى قاقتىم. ئۆيدىن بىر ئايال كىشى چىقىپ، سالام بەردى، ئاندىن «كىم بولىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ۋە يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقىمنى، رۇخسەت بولسا مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونسام، دېگەن ئۈمىدىمنى ئېيتتىم.

ئايال ئۇچۇق چىراي بىلەن:

— ياخشى كەپسىز، ئەزىز مېھمان! ئېرىم بىر يەرگە كېتىۋىدى، ھازىر كېلىپ قالار، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدى. ئېتىمنى ئېغىلغا باغلاپ، ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئايال ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇق، ئاندىن تاماق ئەكەلدى. تاماق يەپ بولۇپ، ئارام ئېلىپ ئولتارسام، ئېرى قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئايالىدىن كىملىكىمنى سۈرۈشتۈردى. ئايالى مېنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: نېمىشقا ئۆيگە كىرگۈزدۈڭ؟ ماڭا مېھماننىڭ كېرىكى يوق، — دەپ ۋارقىرىدى.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئېتىمنى مىندىم-دە، قورۇدىن چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى كەچتە يەنە بىر يەرگە كېلىپ، ناتونۇش بىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ، كىملىكىمنى سۈرۈشتۈردى. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ ئايال خاپا بولغان ھالدا:

— بىزگە بۇنداق كەچبازاردا قالغان يولۇچىنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ ئىشىكنى يېپىشىغا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى كېلىپ قالدى. ئۇ خوتۇنىدىن مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ماڭا قاردىتا ئىللىق مۇئامىلە، ئوچۇق چىراي بىلەن:

— ئەزىز مېھمان، ياخشى كەپسىز! — دېدى ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ سەمىمي مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ قورۇغا كىردىم. ئېتىمنى ئېغىلغا باغلاپ، مېھمانخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋاللاشتى. ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان قىلدى. مەن تۈنۈگۈن كەچ چۈشكەن ئۆي بىلەن بۇ ئۆيدىكى مۇئامىلىنى ئويلاپ كۈلدۈم. ئۆي ئىگىسى كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى: مەن ئۇنىڭغا تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ كىشى ماڭا:

— ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمەڭ، سىز چۈشكەن ئۇ ئۆيدىكى ئايال مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئاكىسى، — دېدى.

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەردنىڭ ئىشى

قەدىمكى ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان نۇئمان ئىبنى مۇنزىرىنىڭ ئىككى ئادىتى بار ئىكەن. ئۇ يىلدا بىر كۈننى «غەزەپ كۈنى» دەپ ئاتاپ، شۇ كۈنى ئەتىگەندە كوچىغا چىقىپ، بىرىنچى بولۇپ يولۇققان ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن. يەنە بىر كۈننى «مەرھەمەت كۈنى» دەپ ئاتاپ، شۇ كۈنى كوچىغا چىققاندا بىرىنچى بولۇپ يولۇققان ئادەمگە نۇرغۇن ئېھسان بېرىدىكەن.

تائىي لەقەملىك بىر كەمبەغەل كىشى پادىشاھقا «غەزەپ كۈنى» يولۇقۇپ قاپتۇ. نۇئمان ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. تائىي ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مېنىڭ ئايالىم ۋە بىرنەچچە باللىرىم بار. جان بېقىشتا ناھايىتى قىينالدىم. ئائىلەمدىكىلەر ئاچ-يالىڭاچ ھالدا ياشايدۇ. تىلەمچىلىك بىلەن ئائىلەمنى ئاران بېقىپ كېلىۋاتىمەن. بۈگۈن «غەزەپ كۈنى»دە سىزگە ئۇچراپ قالدىم. مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ھازىر بىلەن كەچقۇرۇن ئۆلتۈرۈش سىز ئۈچۈن بەرىبىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇخشاش. مەن شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا تۇرىمەن. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان نانلىرىمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرسەم، ئائىلەم ۋە ئەل-ئاغىنىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، كۈنپېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلسەم، ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمايمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى سورايمەن، — دەپتۇ.

زالىم نۇئمان ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالماي، كېپىللىك قىلىدىغان كىشى تاپمىسا قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تائىينىڭ قەبىلىسىدىن ۋە نۇئماننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان شۇرەيك ئىبنى ئادىي ئىسىملىك بىر ئادەممۇ شۇ يەردە بار ئىكەن. تائىي ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ:

— ئەي شۇرەيك ئىبنى ئادىي، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، پەقەت ئاچ-يالىڭاچ قالغان خوتۇن-بالىلىرىمغىلا ئېچىنىمەن. ماڭا كېپىل بول، كۈن پاتقۇچە قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

شۇرەيك ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كېپىللىك قىپتۇ.

كۈنپېتىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، تائىينىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەچكە نۇئمان ئۆز قارارى بويىچە شۇرەيكنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاللات چاقىرىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە يىراقتىن بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ. شۇرەيك نۇئمانغا:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەم تائىي بولسا كېرەك، ئۇ كىشى يېتىپ كەلگۈچە سەۋر قىلسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشى دېگەندەكلا تائىي ئىكەن. ئۇ تەرلەپ-پىشىپ، ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كېلىپ، نۇئمانغا:

— ۋەدەمگە ۋاپا قىلدىم، ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي، شۇرەيكنى ئازابقا قويارمەنمۇ دەپ بەكمۇ ئەنسىرىگەندىم. خۇداغا شۈكرى، ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم، ئالىيجاناب شۇرەيكتىن كۆپ مىننەتدارمەن، ئەمدى ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، ئۆلۈمگە تەييارمەن، — دەپتۇ.

نۇئمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە شۇرەيك بىلەن تائىيغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەردەك ئادەمنى كۆرمىگەندىم، ھەي تائىي، سەن دۇنيادا ئادەملەرگە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردىڭ. شۇرەيك سەن ئۆزۈڭنىڭ كەرەمشەپقىتىڭ بىلەن ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردۇڭ، مەن سىلەردىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئادەم قاتارىدا تۇرالمىساممۇ، ئالىيجانابلىقلىرىڭغا قايىل بولۇپ، «غەزەپ كۈنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدىم.

نۇئمان ئاخىرىدا تائىي بىلەن شۇرەيككە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ، ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپتۇ.

## جاھىل تېۋىپ

بىر شەھەردە تېۋىپلىقتا داڭق چىقارغان بىر ئالىم كىشى بار ئىكەن، ئۇ قېرىپ كۆزى ناچارلاشقاندىن كېيىن كېسەل كۆرۈشتىن توختاپتۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىر بىلىمسىز، ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق ھەتتا دورىلارنىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگىنىدەك، كۆز ئاغرىقى بىلەن يۈرەك ئاغرىقىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بىر ئادەم تېۋىپلىق دەۋاسى قىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ماختاپ تىپابەتچىلىكتە مەندىن ئۈستىسى

يوق دەپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆزىگە ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنۇپتۇ.

شەھەر هاكىمىنىڭ بىر چىرايلىق قىزى بولۇپ، ئۇنى هاكىمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا چوڭ توي قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەنىكەن، قىز هامىلدار بولۇپ، كۆزى يورۇش ئالدىدا قانداقتۇر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

هاكىم قىزىنى هېلىقى ئۇستا، ئالىم تېۋىپقا كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ قىزغا «مېهران» دېگەن دورىدىن بىر مىسقال ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەڭ دەرىجىدە «مۇشك» دېگەن دورىنى قوشۇپ، دالچىن بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە تېزلا شىپالىق تاپىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

هاكىم تېۋىپتىن بۇ دورىنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، تېۋىپ ئۇنىڭغا:

خەزىنىڭىزدە ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلانغان بىر قۇتا ئىچىدە شۇ دورىنى كۆرگەنىدىم، — دەپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە هېلىقى جاهىل تېۋىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، «ئۇ دورىنى خەزىنىدىن ئۆزۈم تېپىپ چىقاي» دەپ هاكىمدىن رۇخسەت ئاپتۇ. يالغانچى تېۋىپ خەزىنىگە كىرىپ تەۋەككۈلگە بىر قۇتىنى ئەپچىقىپتۇ ۋە بۇ دورىنى قىزغا ئىچۈرۈپتۇ. قىز هايالشىمايلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەپچىققىنى ئۆتكۈر زەھەر ئىكەن.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن هاكىم دورىنىڭ قالغىنىنى شۇ جاهىل تېۋىپنىڭ ئۆزىگە ئىچۈرۈپتۇ. جاهىل تېۋىپمۇ شۇ يەردە تىنى تاتىماي جان ئۈزۈپتۇ.

## هاكىمنىڭ هىيلىسى

بىر تاغ ئارىسىغا ئورۇنلىشىۋالغان بۇلاڭچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەن سودىگەر، كارۋانلارنى بۇلاپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيدىكەن. شەھەر هاكىمى بۇ بۇلاڭچىلارنى هىيلە بىلەن يوقىتىشنى نىيەت قىپتۇ. هاكىم بىرنەچچە ئىدىشقا ئۆتكۈر زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان ھەر خىل شىرنە، شەربەت، مۇراببالارنى قاچىلاپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، بىر خىزمەتكارىغا: «بۇ، ئايالىمنىڭ بىر دوستىغا ئەۋەتىدىغان سوۋغىتى. سەن بۇ ئېشەكلەرنى هەيدەپ شۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بەر»، دەپ ئۇنى كارۋانلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. كارۋانلار بۇلاڭچىلار تۇرغان تاغقا كىرىشى بىلەنلا بۇلاڭچىلار كارۋانلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايىغا هەيدەپ ئەكىپتۇ. يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. بۇلاپ كېلىنگەن ماللار قاتارىدا هاكىمنىڭ ھەر خىل شىرنىلىكلەر ئارتىلغان ئېشىكىمۇ بار ئىكەن. بۇلاڭچىلار بۇ ئېشەكلەرگە ئارتىلغان شىرنىلىكلەرنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇشقان هالدا ئۇنى تالىشىپ يېيىشىپتۇ ۋە ئۇنى يېگەنلەر يەرگە دۈم چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

## ياۋۇزلۇق جازالىنىدۇ

رەققە دېگەن شەھەردە ئۆزىنىڭ ئەدەب - ئەخلاقى، گۈزەل خۇلقى بىلەن خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بىر دەرۋىش بار ئىكەن. ئۇ هەرقانداق كىشىدە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقىسىلا شۇ كىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېقىنلىشىپ، ھەمسۆھبەتتە بولىدىكەن. خەلق ئۇنى «دانا دىل» دەپ ئاتايدىكەن.

بىر كۈنى دانادىل يىراق بىر يەرگە يالغۇز سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر سەھرادا كېتىۋاتقىنىدا بىر توپ ئوغرىلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يېنىدا بار دۇنيانى چىقىرىشنى ئېيتىپتۇ. دانادىل ئوغرىلارغا:

— مېنىڭدە ھېچقانداق بايلىق، دۇنيا يوق، پەقەت يولغا كېرەكلىك ئازراقلا پۇل بىلەن ئوزۇقلۇقۇم بار. شۇنىمۇ ئالىمىز دېسەڭلار ئېلىڭلار، بۇنى سىلەردىن ئايىمايمەن، — دەپتۇ.

ئوغرىلار دانا دىلنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشۇپتۇ. دانا دىل نېمە قىلارنى بىلەلمەي، قورققىنىدىن تۇرۇپلا قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۆتۈپ قاپتۇ. دانا دىل تۇرنىلارغا قاراپ:

— ھەي تۇرنىلار، بۇ باياۋاندا زالىملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، سىلەر بۇلاردىن ئىنتىقامىمنى ئېلىڭلار، — دەپ نالە قىپتۇ.

ئوغرىلار دانا دىلنى زاڭلىق قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئوغرىلار:

— سېنىڭ دىلىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، ئەقىلسىز دىل ئىكەن، ئەقىلسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دەپتۇ. دانا دىل ئۇلارغا:

— يامانلىق قىلغۇچى ئاخىر بىر كۈنى شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. لېكىن ھەق سۆزنى ئاڭلاشقا قۇلىقى گاس، توغرىلىقنى كۆرۈشكە كۆزى كور، ھەقنى سۆزلەشكە تىلى گاچا بولغانلار بۇ سۆزلەرنى بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ، — دەپتۇ.

ئوغرىلار دانا دىلنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى شەھەر ئاھالىسى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېچىنىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. خەلق بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بىر سەيلىگاھقا يىغىلىپتۇ. ئوغرىلارمۇ شۇ يەرگە كېلىپ خەلق ئىچىگە ئارىلىشىۋالغانىكەن. دەل شۇ پەيتتە ئاسماندا بىر توپ تۇرنىلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئوغرىلار ئولتۇرغان يەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، غەۋغا كۆتۈرۈشۈپتۇ. ئادەملەر تۇرنىلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بوپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى يېنىدا ئولتۇرغان شېرىكىگە: بۇ تۇرنىلار دانا دىلنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە» دەپ چاقچاق قىپتۇ، بۇ سۆزنى خەلق ئىچىدىن بىرەيلەن ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ سۆز بىردەمدىلا كۆپچىلىك ئىچىگە تارقاپ، ئاخىر شەھەر ھاكىمىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ھاكىم دەرھال ئادەم چىقىرىپ ھېلىقى ئوغرىلارنى تۇتۇپتۇ. ئوغرىلار سوراق جەريانىدا ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىقرار بوپتۇ. ھاكىم ئۇلارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

## بەتخەج مىراسخور

ئاتا - ئانا ۋە تاغىلىرىدىن قالغان نۇرغۇن مال - دۇنياغا مىراسخورلۇق قىلغان بىر تەلۋە يىگىت بەتخەجلىك يولىغا كىرىپ كېتىپ، قىلمىغان بۇزۇقچىلىقى قالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر تەقۋادار ئادەم بۇ يىگىتكە نەسىھەت قىلىپ:

— ھەي بالام، قولۇڭغا كىرگەن بايلىق ئاقىقان سۇغا، ئەيش - ئىشرەت

بولسا چۆگىلەۋاتقان تۈگمەنگە ئوخشايدۇ. سەن ھاۋايى-ھەۋەس يولىدىن قايت، ئەقىل-پاراسەت، ئەدەب-ئەخلاق يولىنى تاپ. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ قولۇڭدىكى دۇنيا تۈگىگەندىن كېيىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار، — دەپتۇ.

يىگىت ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، يەنىلا ئەيش-ئىشرەت يولىغا كىرىپ، مال-دۇنياسىنى بۇزۇپ-چېچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ھېلىقى تەقۋادار كىشىمۇ ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتىن توختاپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بۇ يىگىتنىڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ھېلىقى تەقۋادار كىشى ئۇنىڭغا ئېچىنىپ گەپ قىلىشنى راۋا كۆرمەي، ئۆز-ئۆزىگە: «نادان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخمەقانە مەغرۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئاخىرىدا موھتاجلىق ھالىغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلىمايدۇ. بۇ خۇددى يازلىقى دەل-دەرەخلەر گۈل-چېچەكلەرگە پۈركىنىپ كېتىپ، قىشتا ئۇنىڭ بىر تال ياپرىقىمۇ قالمىغىنىغا ئوخشاش». دەپتۇ.

## ھەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى

بۇرۇن باغداد شەھىرىدە ئىنتايىن خەسىس ۋە ھەسەتخور بىر باينىڭ ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن ۋە خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى بار، تۇرمۇشىمۇ ياخشى بىر قوشنىسى بار ئىكەن. ھەسەتخور باي ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھالىدىن ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ھەسەتخورلۇق قىلىدىكەن، ئۇ قانچىلىك ھەسەت قىلسىمۇ، مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمەيدىكەن. ئۇ ئاخىر بىر قۇل سېتىۋېلىپ، ئۇنى بىر مەزگىل ئوبدان بېقىپ، تەربىيىلەپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قۇلغا:

— مېنىڭ سېنى سېتىۋېلىپ بېقىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى، مۇشۇ قوشنامنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى، خەلق ئىچىدە كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان ئابروي-ئىناۋىتىدۇر. بۇ ھال مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا سەن بۈگۈن كېچىسى مەن بىلەن ئۇنىڭ قورۇسىغا كىرىسەن، مېنى شۇ قورۇدا ئۆلتۈرىسەن، ئەتە ئەتىگەندە جەسىتىمنى ئاشۇنىڭ قورۇسىدىن تاپىدۇ، شۇ چاغدا قوشنامنى شەھەر ھاكىمى قامايدۇ. خەلق ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالغان بولىمەن. سەن مۇشۇ ئىشلىرىمنى مەن دېگەندەك ئورۇندىساڭ ساڭا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىمەن ۋە قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن، — دەپتۇ.

قۇل خوجايىنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ:

— خوجايىن، بۇنداقمۇ چارە بولامدۇ؟ ئۆزىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قوشنىڭىزنىڭ ئابرويىنىڭ چۈشۈشى ياكى چۈشمەسلىكىدىن سىزگە نېمە پايدا؟ ئەقىللىق ئادەم بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماي، قۇلنىڭ قولىغا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان گۇۋاھنامە بىلەن بىرمۇنچە ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. قۇل ئاخىرى خوجايىنىنىڭ تەلىپى بويىچە كېچىسى قوشنىسىنىڭ قورۇ-

www.uyghurkitap.com

سىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى باشقا شە-
ھەرگە كېتىپتۇ.
ئەتىسى بۇ ھادىسە بىلەن خەلق
ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شەھەر ھا-
كىمى ھەسەتخورنىڭ قوشنىسىنى قاماقـقا
ئاپتۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپتۇ.
بىر كۈنى بۇ ھادىسىنى ئاڭلىغان
بىرەيلەن سودا ئىشى بىلەن ھېلىقى قۇل
كەتكەن شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كە-
شى ھېلىقى قۇل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ
ئۇنىڭغا يان قوشنىسىنىڭ قورۇسىدا خو-
جايىنىنى بىرىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇل ئۇ كىشىگە:
— ئۇ تەقۋادار قوشنىنىڭ بۇ ئىش
بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ھە-
سەتخور، خەسىس خوجايىنىنى مەن ئۆل-
تۈرگەن. مەن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆز رازى-
لىقى ھەم مەجبۇرلىشى بىلەن قىلغان، —
دەپ ۋەقەنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ھېلىقى كىشى ئوتتۇرىدا بولۇنغان
بۇ سۆزگە بىرنەچچە كىشىنى گۇۋاھ
قىپتۇ ۋە ئۆز شەھىرىگە كېلىپلا شەھەر
ھاكىمىغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ. شەھەر
ھاكىمى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاخىر مەسى-
لىنى ئېنىقلاپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ تەقۋادار
قوشنىسى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىپ-
تۇ. ئۆلگۈچى باي ئۆز ھەسەتخورلۇقىنىڭ
جازاسىنى تارتىپتۇ.

## ئاچكۆزلۈك - ياۋۇزلۇق

ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۇزاق سەپەرگە
چىقىپتۇ. ئۇلار بىر باياۋاندىكى يولدا
كېتىۋېتىپ ئىچىگە لىق تىللا قاچىلانغان
بىر كومزەك تېپىۋاپتۇ. تويۇقسىزلا قولغا
چۈشكەن بۇ بايلىق ئۇلارنى بەكمۇ خۇ-
شال قىپتۇ، تىللانى تەڭ ئۈچكە بۆلۈپ،
ھەركىم ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئېلىشماقچى
بولۇشۇپتۇ.
بۇنى بۆلۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار تا-
ماق يەپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ. كىچىك
ئىنىسى شۇ ئەتراپقا يېقىن يېزىغا بېرىپ
يېمەكلىك تېپىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. ئۇ
كەتكەندىن كېيىن ئىككى ئاكىسىنىڭ نى-
يىتى بۇزۇلۇپتۇ. چوڭى ئوتتۇرانچىسىغا:
— ئۇ ئىنىمىزنى نېمىشقا بۇ باي-
لىققا شېرىك قىلىمىز، ئۇنى يوقىتىۋېتىپ،
ئالتۇننى ئىككىمىزلا بۆلۈشۈۋالساق بولمام-
دۇ؟ — دەپتۇ.
ئىككىسى ئىنىسى كېلىشى بىلەنلا ئۇ-
جۇقتۇرۇش قارارىغا كەپتۇ.
بۇ ئارىلىقتا كىچىك ئىنىسىنىڭمۇ
نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ئىككى ئاكىسىنى
ئۇجۇقتۇرۇپ، بايلىققا يالغۇز ئۆزىلا ئىگە
بولماقچى بوپتۇ. ئۇ شۇ نىيەت بىلەن
ئالغان يېمەكلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە زە-
ھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.
ئۇ ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا يېمەكلىكنى
ئەكىلىشى بىلەنلا ئۇنى ئىككى ئاكىسى
تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ
خاتىرجەم بولغان ئىككى ئاكىسى ئىنىسى
ئەكەلگەن ھېلىقى تاماقنى تويغىچە يېيىـ
شىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىمۇ
زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، ئاچكۆزلۈك، مال -
دۇنياغىلا بولغان ھېرىسمەنلىك ئۈچ ئا-
كا - ئۇكىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ.

## غەزەپ يالقۇنى

بىر شەھەردە زالىم، سوغۇق نەپەس بىر سودىگەر بار ئىكەن، ئۇ كەمبەغەل بىچارىلەرگە جەبىر - زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بازارغا ئەكىرگەن ئوتۇنلىرىنى ئىنتايىن ئەرزان باھا بىلەن زورلاپ سېتىۋالىدىكەن. ئەمما ئۇنى باشقىلارغا تولىمۇ يۇقىرى باھادا ساتىدىكەن. كەمبەغەللەر بۇ ئوتۇن سودىگىرىنىڭ دەستىدىن تولىمۇ ئازاب چېكىدىكەن.

بىر كۈنى ھېلىقى سودىگەر كەمبەغەل بىر دەرۋىشنىڭ ساتقىلى ئەكىرگەن ئوتۇنىنى ئىنتايىن تۆۋەن باھا بىلەن زورلاپ سېتىۋاپتۇ. دەرۋىش بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ئالىم بايغا:

— سەن كەمبەغەل بىچارىلەرگە زورلۇق قىلما، ئۇلارنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى رەنجىتمە، يېتىملارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى قانغا ئايلاندۇرما. بۇ ئىشلىرىڭنى تاشلا! — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئەمما باي بۇ سۆزلەرگە پىسەنت قىلماپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا سودىگەرنىڭ ئوتۇنخانىسىغا ئوت كېتىپ، ھېچ نەرسىنى قويماي كۈلگە ئايلاندۇرۇپتۇ. سودىگەر ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە:

— بۇ ئوتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دەپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئالىم كېلىپ قاپتۇ:

— بۇنىڭغا ھەيران بولما، سېنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقۇڭدىن زار قاقشىغان كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ھەسرەت ئوتى سېنىڭ مال - مۈلكۈڭنى ئۆرتەپ كۈلگە ئايلاندۇردى، — دەپتۇ.

## بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس

بىر ئادەم ئۆز ئۆيىدە ئايالى بىلەن قورۇلغان توخۇ گۆشىنى يەپ ئولتۇرسا ئىشىك ئالدىغا بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قوپاللىق بىلەن تىلەمچىنى قوغلىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئامىتى كېتىپ، قولىدا ھېچ نەرسىسى قالماي، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرىدا خوتۇنىنىمۇ باقالماي قويۇۋېتىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تېگىپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئەر - خوتۇن ئۆز ئۆيىدە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرسا، بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە تىلەپتۇ. ئەر بىر ناننىڭ ئۈستىگە توشتۇرۇپ توخۇ گۆشى ئېلىپ خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنى تىلەمچىگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايال ئۇنى ئەپچىقىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ - دە، يىغلىغىنىچە قايتىپ كىرىپتۇ. ئېرى خوتۇنىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. ئايال بۇ كەلگەن تىلەمچىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېرى ئايالىغا:

— بۇرۇن شۇ ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭلار تاماق يەپ ئولتۇرغان چېغىڭلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان كىشى مەن ئىدىم. ئۇ ئېرىڭنىڭ بېخىللىقىدىن زامان ئۇنىڭغا شۇنداق مۇكاپات بەردى، — دەپتۇ.

## نېمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ

بىر يىگىت، قېرىپ كۆزلىرى غۇۋالاشقان، بىر نەرسە تۇتسا قوللىرى تىترەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دادىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمايدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي تاماق ئۇسۇپ بەرگەن تاۋاقنى تۇتالماي قالغانلىقىدىن تاۋاق يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا كېلىنىنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ، بىرمۇنچە تاپا-تەنە، سېسىق گەپلەرنى قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى بوۋاينى ھويلىنىڭ چېتىدىكى زەي، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بازاردىن ئالايتەن بوۋاي ئۈچۈن ياغاچ ئاياق (چۆچەك) سېتىپ ئەكىلىپ، ئاياقتا تاماق بېرىدىغان بوپتۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنىدىن بۇ خىل خورلۇقنى كۆرگەن بوۋاينىڭ دىلى بەكمۇ رەنجىپتۇ، بوۋاينىڭ بەش-ئالتە ياشلىق بىر نەۋرىسى بار ئىكەن. بوۋاي بۇ نەۋرىسىنىڭ يېنىدىن بىردەم نېرى كەتمىگەنلىكى بىلەنلا ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ ئۆتىدىكەن.

بالا بوۋىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىلىق تىلى بىلەن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، قايغۇ-ھەسرىتىنى يېنىكلىتىدىكەن.

بىر كۈنى دادىسى ئوغلىنىڭ پىچاق بىلەن بىر ياغاچنى يونۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ:

— بالام، نېمە قىلىۋاتىسەن، — دەپ سوراپتۇ. بالا دادىسىغا ئېسىلىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— دادا، سىز بوۋامغا تاماق بېرىشكە بىر ياغاچ ئاياق ئەكەلدىڭىزغۇ، ئاپام بوۋامغا ئاشۇ تاۋاقتا تاماق بېرىۋاتىدىغۇ، مەنمۇ مۇشۇ ياغاچتىن چۆچەك ياساۋاتىمەن. مەن چوڭ بولغاندا ئاپام بىلەن سىزگە مۇشۇ ياسىغان ئاياقتا تاماق بېرىمەن، — دەپتۇ.

بالىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ يىغلىغىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئەپۇ سوراپتۇ ۋە بوۋاينى ھەم يورۇق، ھەم ئىسسىق بىر ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىپتۇ. تاماقنى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يەيدىغان بوپتۇ. ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۈتۈپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان بوۋاي:

— بالىلىرىم، ئەمدى كۆڭلۈم غەم-قايغۇدىن قۇتۇلدى، مەن سىلەردىن رازىمەن. مانا مۇشۇ نەۋرەم — كىچىك قوزىچىقىم سىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى، — دەپتۇ.

## تىلىدىن ئىلىندى

بىر كۈنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ، ئۆز دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن شىكايەت قىپتۇ:

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بۇخارانى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىۋىدىم، يېنىمدا مىڭ تەڭگە پۇلۇم بار ئىدى. ئونبەش چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، بەكمۇ ھېرىپ كەتتىم، قورسىقىممۇ ئاچتى. بىر چوڭ دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ دەم ئالدىم. ئېلىۋالغان يېمەكلىكىم بىلەن قورساق توقلاپ ئولتۇرسام دوستلىرىمدىن بىرى كېلىپ قالدى. مەن ئۇنى غىزالىنىشقا چاقىردىم، ئۇ كەلدى. بىرلىكتە غىزالاندۇق. كېيىن دوستۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتماقچى بولۇپ تۇرسدن تۇردى، مەن يېنمدكى مڭ تەڭگە پۇلنى مېنڭ ئۆيۈمدكىلەرگە بېرپ قويۇشنى ئلتماس قلدم. ئۇ ماقۇل بولۇپ پۇلنى ئېلپ سەمەرقەنتكە يۈرۈپ كەتتى.

برنەچچە كۈندن كېين مەنمۇ بۇخارادن قايتپ كەلدم. ھېلقى دوستۇمنڭ ئامانتمنى ئۆيۈمدكىلەرگە بەرمەگەنلكى مەلۇم بولدى. مەن ئۇ دوستۇمنڭ يېنغا بېرپ، ھېلقى ئامانەتنى سۈرۈشتۈردۈم. ئەمما ئۇ مېنڭدن ھېچقانداق ئامانەت ئالمغانلقنى. ھەتتا مېنى يولدا كۆرمگەنلكنى ئېيتپ ھەممەدن تېنۋالدى. مانا مۇشۇ ئش ئۈستدە ئۆزلرڭگە ئەرز قلپ كەلدم. بۇنى ئېنقلاپ، مڭ تەڭگە پۇلۇمنى ئۇنڭدن ئېلپ برشلرڭنى سورايمەن.

مرزا ئۇلۇغبەگ دەۋاگەرنڭ ھېلقى دوستنى چاقرتپ كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنڭدن بۇ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ كشى بۇنداق ئشتن زادلا خەۋرى يوقلۇقنى، يولدا ئۇنڭ بلەن غزالانماق تۇرماق، ھەتتا ئۇنى كۆرمگەنلكنى، ئۇ دېگەن دەرەخنڭ قايسى يول، قايسى ئۆستەڭ بويدا ئكەنلكنمۇ بلمەيدغانلقنى ئېيتپتۇ.

مرزا ئۇلۇغبەگ پۇل ئامانەت بەرگۈچگە:

— سەن ھازر بېرپ، شۇ دەرەخنڭ برنەچچە دانە ياپرقنى ئەكەل، — دەپتۇ.

مرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى يولغا سېلۋېتپ ئۇنڭ دوستنى يېنغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بر ھازا ئۇنڭ بلەن چاقچاقلشپ، ئۇنى قزىق گەپكە جەلپ قپتۇ. گەپ تازا قزغاندا مرزا ئۇلۇغبەگ گەپنى بۆلۈپلا ئۇنڭدن:

— ئۇ ئۆزى ئېيتقان ھېلقى دەرەخنڭ يېنغا يېتپ بارغانمدۇ؟ ئۇنڭ تېخچە كەلمگنگە قارغاندا ئۇ يەر خېللا يراقتا بولسا كېرەك، — دېيشگە، دەۋاگەرنڭ دوستى:

— تېخى يېتپ بارالمدى. ئۇ يەر خېللا يراقتا، — دەپ سۆزدن ئېلنپ قاپتۇ.

مرزا ئۇلۇغبەگ كۈلۈپ كېتپتۇ ۋە ئۇنڭغا:

— سەن تېخى ھېللا «ئۇ دەرەخنى زادلا كۆرمگەن، ئۇنڭ قەيەردلكنمۇ بلمەيمەن» دېۋدڭغۇ؟ ئەمدى ئۇنڭ ئۇ يەرگە تېخى يېتپ بارالمغانلقنى، دەرەخنڭ خېلى يراق جايدا ئكەنلكنى نەدن بلسەن؟ سەن بمەنە سۆزۈڭنى قويۇپ، ئۇنڭ ئامانەت پۇلنى دەرھال ئەكەل، بولمسا قاتتق جازالنسەن، — دەپ بۇيرۇق قپتۇ.

خيانەتچى ئۆزنڭ ۋاپاسزلقنى ئقرار قلپ، ئامانەت پۇلنى ئەكەپتۇ. مرزا ئۇلۇغبەگ پۇلنى ئگسگە تاپشۇرۇپ بېرپتۇ.

## تەدبرلك ئوغرى

ھەلەپ شەھردكى بر توپ ئوغرلار بر ئاخشمى كارۋان سارايىنڭ يېنىدكى ھاممامنڭ ئاستدن لەخمە كولاپ، ئۇنى سارايىنڭ قورۇسدكى قۇدۇق ئچگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. تۈن يېرملاشقان، ئەتراپ جمجت، ساراي ئەھلى شېرن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغنى غەنمەت بلگەن ئوغرلار جددي تۇتۇش قلپ، برنەچچسى قۇدۇق ئۈستگە چقپتۇ. ئۇلار سارايدكى سوداگەرلەرنڭ قممەت باھالق ماللرنى تاللۇېلپ، قۇدۇق ئاستدكى شېركلرگە چۈشۈرۈپ بېرپتۇ. ئۇلار ئشلرنى تۈگەتكەندن كېين قۇدۇققا چۈشۈپ، ئالغان ماللرنى لەخمە ئارقلق ھېچكمگە تۇيدۇرماي ئەپچقپ كېتپتۇ.

ئەتسى ئەتگەندە ئەھۋالدن خەۋەر

تاپقان سارای ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. شەھەرگە ھەرخىل خەۋەرلەر تارقىلىپتۇ. شەھەرھاكىمى ئۆز خىزمەتچىلىرى بىلەن كېلىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، نەتىجە چىقىرالماپتۇ. چۈنكى سارای دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىكلىك بويىچە تۇرغانىكەن.

ھاكىم تەكشۈرۈپ ئېنىق ئىسپات تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئەيىبنى سارای قاراۋۇلىغا قويۇپتۇ. قاراۋۇل ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىسى سارای ئالدىدىلا ئازابلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى قانچە دېسىمۇ ھاكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ.

سارای ئالدىغا كۆپ ئادەملەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. ئوغرىلارنىڭ باشلىقىمۇ خەلق ئىچىدە بار ئىكەن. ئۇ بىگۇناھ قاراۋۇلنىڭ بالا - چاقىسى بىلەن شۇنچە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىغا چىدىماي: «ئوغرىلىقنى شېرىكلىرىم بىلەن مەن قىلسام، گۇناھسىز بىچارىلەر ئازابقا قالسا، بۇ قانداق ئىنساب بولىدۇ؟ بۇنىڭغا يول قويۇش ۋىجدانسىزلىق، نامەردلىك بولمامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ-دە، سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەھەرھاكىمىغا:

— بۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنى ئازابلىماڭلار، مالنى ئوغرىلىغان مانا مەن،— دەپتۇ.

ھاكىم ئالدىدا تۇرغان بۇ بەستلىك يىگىتنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە دەرھاللا قاراۋۇلنى قويۇۋېتىپ، ئاندىن ئوغرىغا:

— ئىنسابلىق، مەرد يىگىت ئىكەنسەن، بۇ بىچارىلەرنى تۆھمەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، قېنى، راستىنى ئېيت، ئوغرىلىغان ماللارنى نەگە قويدۇڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

ئوغرىلار باشلىقى:

— سارای تاقالماستىن بۇرۇن سارايغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدىم. ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئالغان ماللىرىمنى سارای قورۇسىدىكى كونا قۇدۇققا سېلىپ قويدۇم. ئۇنى ئېپىنى تاپقاندا ئەكەتمەكچىدىم. ھازىر مېنىڭ بېلىمدىن ئارقان بىلەن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈڭ، ھەممە مالنى ئەپچىقىپ بېرەي. قۇدۇقتىن چىققاندىن كېيىن ماڭا قانداق جازا بەرسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە،— دەپتۇ.

ھاكىم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بېلىدىن ئارقان بىلەن مەھكەم باغلاپتۇ. ئىككى ياساۋۇل ئارقاننىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ ۋە قۇدۇق بېشىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئوغرى قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈش بىلەنلا بېلىدىكى ئارقاننى يېشىۋېتىپ، لەخمە ئارقىلىق بەدەر قېچىپتۇ. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، يا مال، يا ھېلىقى ئوغرىدىن دېرەك بولماپتۇ.

ھاكىم بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ ئادەم بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، قۇدۇق ئاستىدا ھامامنىڭ كۆل توكىدىغان جايىغا تۇتاشقان لەخمە كولانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەتراپتا تۇرغانلار ھەيران بولۇپ بارماقلىرىنى چىشلىشىپتۇ.

يوقسۇزچىلىق سەۋەبىدىن ئوغرىلىق يولىغا كىرگەن ئۇ يىگىتنىڭ باي سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ، كەمبەغەللەرگە رەھىم - شەپقەت قىلغانلىقىنى ئۇققان بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپتۇ.

1977 - يىلى تەشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا.

# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى،
ئىسمائىل قادىرى

«چ»

**چابۇك** [چابک] (پ) 1) چاققان، تېز، ئىلدام:

كېزەر ئېردى باقىپ ھەر پىشەۋەرنى،
كى كۆردى نەچچە چابۇك تىشەۋەرنى.

— نەۋائى.

ئۇشبۇ سۆزلەرنى جىنەستە ئاڭلابان دەرھال كېلىپ،
چۈشتى چابۇك ئۈجمەنىڭ سىر راھىنى ئالدى كېلىپ:

— ئابدۇقادىر داموللام.

2) شوخ:

خىزمەت چاغىدۇر چابۇك ئول، ئەي قاسىدى دانا، بول بادىيە پەيما
تاكاشىغەر ئولغۇنچە ساڭا مەنزىلۇ مەئۋا، كەز ئۆلكەۋۇ سەھرا.

— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

**چابۇك ئەندىشە** — تېز پىكىر، ئۆتكۈر زېھىن.

**چابۇك پا** — ئايىغى چاققان، تېز؛ تېز يۈرەر.

**چابۇك خىرام** — «چابۇك پا» غا قاراڭ.

**چابۇك خىز** — تېز چاپار، چاققان.

**چابۇك خەيال** — پەملىك، پاراسەتلىك.

**چابۇك دەست** — چاققان، ئەپچىل.

**چابۇك رەقەم** — تېز يازار.

**چابۇك رەقەم چەكمەك** — تېز يازماق:

چۇ سەفھەگە چەكتىيۇ چابۇك رەقەم،
نۇقۇلات سەتىردە چاپتى قەلەم.

— ئا. نىزارى.

**چابۇك رىكاب** — «چابۇك سەۋار» غا قاراڭ.

**چابۇك سەۋار** — ئات مىنىشكە ماھىر، چەۋەنداز:

ئول بۇتى چابۇك سەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.

— ئەرشى.

چابۇك سۆخەن — سۆزمەن.
چابۇك قەدەم — «چابۇك پا» غا قاراڭ.
چابۇك مەۋزۇن — خۇش پەچەم.
چابۇك ئۇلماق — تېز، چاققان بولماق:
چۇن بولدى ئىجازەت ماڭا ئۇل ھەزرەتى پەردىن، چابۇك ئۇلە قاچتىم،
ئانداقكى قەفەسدىن بوشۇغان مۇرغى خۇش ئاۋا، يا بۇلبۇلى گويا.
— ئابدۇجېلىل دامولاھاجى.

**چابۇكلۇق** [چابك اوق] چاققانلىق، تېزلىك:
قەدى رۇھ ئافەتى چابۇكلۇق ئىچرە،
بېلى جان رىشتەسى نازۇكلۇق ئىچرە.
— نەۋائى.

**چابۇن** [چابون] پەردە.
چابۇن ئەتمەك — پەردىلىمەك، توسماق:
ناگاھ، ئۇكۇ چەكمەگەي دەبان ئۇن،
تۇمشۇغى ئېتىپ كۆزنى چابۇن.
— نەۋائى.
چابۇن قىلماق — «چابۇن ئەتمەك» كە قاراڭ.

**چاپ** [چاب] (پ) بېسىش؛ باسما
چاپ ئەتمەك — باسماق.
چاپ قىلماق — «چاپ ئەتمەك» كە قاراڭ.

**چاپار** [چاپار] (پ) خەت توشۇغۇچى، پوچتىكەش، پوچتالىيون.

**چاپان** [چپان] چاپان، تون؛ جەندە:
ۋەيا كىيسەم چاپان قىلسام گەدالىق،
ئۇشۇندادا بولۇرمۇ ئاشنالىق.
— موللا فازىل.

**چاپچى** [چابچى] كىتاب باسقۇچى، باسما ئىشچىسى.

**چاپخانا** [چابخانه] باسمىخانا.

**چادىر** [چادر] (پ) چېدىر:
چىقىپ نېچۈككى قارا مەخمەلىنە چادىر ئارا،
بەرەھنە ياتسە بۇتى سىيمى پەيكەرى دىلدار.
— ئابدۇجېلىل دامولاھاجى.
چادىر شەب — چايشاپ.

**چار** [چار] (پ) «چەھار» سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى، «چەھار»غا قاراڭ:
چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئېرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.
— ئەرشى.
چار ئەناسىر — تۆت زات: سۇ، توپا، ئوت، ھاۋا:
قىبلەنى بىر بىلمەدىم ئاللە جەھەتتىن ھەۋز،

uyghurkitap.com

چار ئەناسىر بىلەن ئاڭلاماغ ئەمرۇ مەھال.
— زەلىلى.

چار باغ — شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق جاي، قورغانلىق باغ:
دامەنى سەھرايى ھەممە چار باغ،
بىھۇە خاتۇنلار يىيىشتى گوشتۇ ياغ.
— زەلىلى.

**چارە** [چارە] (پ) ئىلاج، تەدبىر:
چۇ فەرھاد ئاندا نەزارە قىلىپ،
كى رەھم ئەيلەدى ئەلگە چارە قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

چارە ئەتمەك — ئىلاج قىلماق.
چارە ئەندىش — چارە ئىزدىگۈچى.
چارە پەرداز — چارە قىلغۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.
چارە پەيۋەند — چارە تاپقۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.
چارە تاپماق — ئىلاجىنى قىلماق:
ھەۋەس قىلدى ئايىنە نەززارەسىن،
ئانىڭدا تاپارغە كۆڭۈل چارەسىن.
— ئا. نىزارى.

چارە خاھ — چارە ئىزدىگۈچى:
ھەكىمۇ ئەتىببانى جەمئ ئەتتى شاھ:
«كى شەھزادە رەنجىگە بول چارە خاھ!»
— ئا. نىزارى.

چارە رەس — ئىلاج قىلغۇچى.
چارە ساز — چارە قىلغۇچى:
بۇلار رۇھىغە كۆرگۈزۈپمەن نىياز،
فەقىر ناتەۋانغە بولۇپ چارە ساز.
— ئا. نىزارى.

چارە سەنج — چارە قىلغۇچى.
چارە سىگال — چارە كۆرگۈچى.
چارە كۆش — چارە تىپىشقا تىرىشقۇچى، جان كۆيەر.
چارە نەما — چارە كۆرسەتكۈچى.

**چارە جو** [چارەجو] (پ) چارە ئىزدىگۈچى، ئىلاج تاپقۇچى.
**چارەگەر** [چارەگر] (پ) چارە كۆرگۈچى.
**چار پارە** [چار پارە] (پ) تۆت پارچە؛ يىرتىق.
**چارچوب** [چار چوب] (پ) كىشەك، رامكا.
**چارسەد** [چارصد] (پ) تۆت يۈز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە مۇجتەھىدلەر ئېرۇر چار سەد،
كى ئاندا بولۇپ ئىنتىقالى جەسەد.
— ئا. نىزارى.

**چارسۇ** [چارسو] (پ) 1) تۆت بۇرجەكلىك. 2) تۆت كوچىنىڭ بىرلەشكەن جايى، تۆت كوچا ئاغزى.

**چارگاھ** [چارگاه] (پ) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرىنىڭ نامى:
چار فەسل دەيىر ئىچىدە فارىغ ئېرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.
— ئەرشى.

**چارمىخ** [چارمیخ] (پ) گۇناھكارلارنى ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتىنى باغلاپ ئازابلاش ئۈچۈن تۆت تەرەپكە قېقىلغان مىخ، قوزۇق.

**چارىك** [چاریك] قوشۇن، لەشكەر، ئەسكەر.

**چارىيەك** [چاریك] (پ) تۆتتىن بىر ئۈلۈش، چارەك.

**چاسۇ** [چاسو] (پ) «چارسۇ» غا قاراڭ:
دادام بىرلە ئانامغە چاسۇ ياغلىق،
قويۇپدۇر ئۆزگەگە يانچۇقغە چاغلىق.
— موللا نىياز.

**چاش** [چاش] (پ) «چاشت» قا قاراڭ:
پەيكەرىم ئول يولدا بولۇپ بەندى بەند،
چاش مەھەلىدە يېتىپ تەختى بەند.
— زەلىلى.

**چاشت** [چاشت] (پ) چۈش ۋاقتى:
چاشت بولۇپ ئەردى باۋەر خۇدا،
بولدى نامايەن چۇ سەۋادى نىيا.
— زەلىلى.

**چاشتگاھ** [چاشتگاه] (پ) چۈشكىچە بولغان ۋاقىت.

**چاشگاھ** [چاشگاه] (پ) «چاشتگاھ» غا قاراڭ:
نەسىب بولۇپ ئەردى مەگەر چاشگاھ،
بولدى زىياد ھەممەدە دەر دۇ ئاھ.
— زەلىلى.

**چاشنى** [چاشنی] (پ) 1) لەززەت، تەم:
سۇھبەتى پىرى مۇغاندىن چاشنى تاپقاچ كۆڭۈل،
ئۇلفەتى دۇنيا پەرەستى سىفلەسىدىن تەڭدۇر.
— زەلىلى.

2) بەھرە:
دىماغىم چاشنىئى تاپمادى فەريادى بۇلبۇلدىن،
ھەدىسى خەتتۇخالىڭ قىلمادىم ياھەرفى كاكۇلدىن.
— زەلىلى.

**چاغىر** [چاغر] مەي، شاراب:
بەگۇ ئەفيۇن، چاغىر بىلە بوزە،
ئىچەدۇر ئالدىدا قويۇپ كوزە. — موللا قۇربان.

**چاقىر** [چاقر] «چاغىر» غا قاراڭ.

**چاقىلماق** [چاقيلماق] ئوت ئالماق، يانماق؛ ئۇرۇلماق، چېقىلماق:
چاقىلۇر ئېركەن سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتى ئاھىم بىلە،
كىزلەسەم جان ئىچرە سىررىڭنى كۆزۈم ياشى چاقار.
— ھافىز خارەزمى.

**چاقىن** [چاقين] چاقماق، چېقىن:
چاقىن ھەر ياندىن ئۇلغاچ بولسە يەردىن تافەلەك زاھىر،
تەجەللى شەۋقىدىن ئارىغە خىلۇەت مەسكەنى جانان.
— ناقىس.

**چاك** [چاك] (پ) 1) يىرتىق، يېرىق، چاك:
ئۇرۇبان خەنجەرى غەم كۆكسىگە چاك،
قىلىبان ياقاسىدىن تا ئېتەك چاك. — موللا فازىل.
2) يارا، جاراھەت:
ھەيئەتتە چۇ قىلسە سەيرى ئەفلاك،
بۇ رەيھان سىينەسىن ئېتەر چاك.
— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

**چاك ئەتمەك** — 1) يارماق، تىلماق:
قاش ئاتىپ قۇزەھ ياسىن، تەگدى تىيرى مىژگانى،
چاك ئېتىپ تىلىپ باغرىم تاپمادىم چى دەرمانى. —شەھىدى.
2) چاك قىلماق، يىرتماق؛ 3) ئاچماق، كولىماق.

**چاك ئەيلەمەك** — «چاك ئەتمەك» كە قاراڭ:
چۇ دەفن ئەتكەلى يەرنى چاك ئەيلەدى،
لەھەد ھۇكمىدە بىر مەغاك ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.
خەنجەرى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،
بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان سۇرەتى.
— ئا. نىزارى.

**چاك ئېرمەك** — چاك بولماق، يىرتىلماق:
ياز فەسلى بارچە شادۇ، كۆڭلۈمىز غەمناك ئېرۇر،
گۇل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئېلىندىن چاك ئېرۇر.
— لۇتفى.

**چاكەر** [چاكر] (پ) خىزمەتكار:
بۇ سوفيانى رىيايىلاردىن سەفا تاپماي،
غۇلامى چاكەرى رىندان دۇردى نۇش ئەردىم. — زەلىلى.

www.uyghurkitap.com



چاكەر بولماق ـ خىزمەتچى بولماق:
بۇ يەڭلىغ كۆن ماڭا بولسە مۇيەسسەر،
ماڭا فەتھى زەفەر بولغايلار چاكەر. — موللا فازىل.

چاكەران [چاكران] (پ) [بىرلىكى: چاكەر] خىزمەتكارلار:
كەربەلادۇر چاكەرانى ئالى مەرۋان قايداسەن،
مەن غۇلامۇ ھەيدەرۇ دۇلدۇل سەۋارى ئاشىقان. — زەلىلى.

چاك ـ چاك [چاك چك] (پ) تىلىم ـ تىلىم.
چاك ـ چاك ئەتمەك ـ تىلىم ـ تىلىم قىلماق.

چاكلىغ [چاكلىغ] يارا، يارىلانغان.

چاڭگال [چنكال] «چەڭگال» غا قاراڭ:
چاڭگالى غەمزەڭگە رەۋان جانىم قۇشى بولغاي ئەسىر،
كۆزۈڭنى باز ئەتكەن ئارا كىم ھەملەئى بار ئەتكەسەن.
— ھافىز خارەزمى.

چال [چال] (پ) خەندەك، ئورەك.

چالاب [چالآب] (پ) سۇ ئورىكى.

چالاك [چالاك] (پ) 1) چاققان، تېز:
بۇ بىچارە تەخى سۆزدە ئىدى پاك،
قاراپ قالدى يۈزىگە شەيخ چالاك. — موللا فازىل.
2) كېلىشكەن، خۇشبۇي:
مەن پاك نەزەر بىرلە ئۇشۇل پاكنى سەۋدۇم،
غەمزە بىلە جان ئالغۇچى چالاكنى سەۋدۇم.
— ھافىز خارەزمى.
چالاك ئەيلەمەك ـ چاققانلىق قىلماق؛ شوخلۇق قىلماق:
مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۆن كۆڭلۈم تەرەنباك ئەيلەمىش،
بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش، — ئەرشى.

چالماق [چالماك] 1) باغلىماق، تاقىماق.
2) ئۇرماق، يىقىتماق:
ساڭا نە بولدى بۇ نەھالغا قالدىڭ،
مېنى باغرىم بىلەن توفراقغە چالدىڭ. —موللا فازىل.
3) چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالماق.

چالىغ [چالىغ] يۈگۈرۈك، تېز؛ ئۆتكۈر.

چام [چام] مۆلچەر، قىياس؛ كۈچ، ماجال؛ قەدەم، باسقۇچ.

چاھ [چاه] (پ) 1) قۇدۇق:
تەشنەلىك قالمادى لەبىڭ شورماي،
نى شەرابۇ نەچاھى زەمزەمدە. — زەلىلى.
2) ئورا، يەر ئاستى گەمە:
ھەمە ھاسىلىڭنى تىقىپ چاھغە،
تۇرۇپسەن باھاسىن تىلەپ ئاھغە. — غەرىبى.

3› زىندان:
باش چىكەرسەن تا فەلەككە خەلقىنىڭ ئىكرامىدىن،
ئەي ھەماقەت پىشە، ئەددى مۇستەئىددى چاھ بول.
— ناقىس.

چاھغە سالماق — قۇدۇققا تاشلىماق؛ غەم ـ قايغۇغا سالماق:
ئەتقىيا زۇھدىنى رىياغا سالىپ،
تائەتىنى ياشۇردى چاھغە سالىپ. —موللا قۇربان.

چاھى زەقەن — ئېڭەكنىڭ چوڭقۇر يېرى:
زۇلفۇڭ كەمەندى بەند ئېتەر گەر زال بولسۇن ۋەر پىژەن،
كىم قىلدى يوق ئىشق ئەھلىدىن يۈزمىڭنى ئول چاھى زەقەن.
— ناقىس.

چاھى زەنەخدان — كۈلگەندە يۈزدە ھاسىل بولىدىغان زىناق:
مېنى ئاشۇفتەيۇ مەجنۇن قىلۇر زۇلفى پەرىشانىڭ،
كۆڭۈلنى ھەم سالۇر زىندانغە ئول چاھى زەنەخدانىڭ.
— ھافىز خارەزمى.

**چاۋۇش** [چاوش] 1› ھۆدەيچى (ئەرز ئېيتقۇچىلارنى شاھقا مەلۇم قىلغۇچى ئوردا ئەمەلدارى):
2› ئىشىك ئاغىسى، قاراۋۇل:
كارۋان مەنزىلگە يەتتى، كەلمەدى باڭى جەرەس،
ئەي زەلىلى، بىخەبەرسەن كەتتى چاۋۇشى كېچە. — زەلىلى.

**چاي** [چای] چاي.
چاي جۇش — قايناق، قىزىق چاي:
بۇ شىۋەنى مەئزۇر تۇت، ئەي يار نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نېئمەت ئەزىمايى ئەزىم.
قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەييى قەدىم،
چىنى بىلەن چاي، چاي جۇش چىلىم. — ئەرشى.

**چەپ** [چپ] (پ) سول؛ تەتۈر، كاج.
چەپۇ راست — سول ۋە ئوڭ، سولغا ۋە ئوڭغا.

**چەپەر** [چپر] (پ) «چاپار» غا قاراڭ:
چەپەر سەييارەسى سەۋۋاقى يۈرگىل ئۈيلە سۈرئەتدە،
كى سەيرىڭنى كۆرۈپ بادى سەبا قالسۇن خىجالەتدە.
— ئابدۇجېلىل داموللاھاجى.

**چەتر** [چتر] (پ) 1› چېدىر:
نۇزۇل ئەيلەدى باغ ئارا نىك بەخت،
كى چەتر ئارا قۇردى زەررىنە تەخت. — ئا. نىزارى.
2› سايىۋەن:
چۇ زەرب تىغى بىرلە تەنىم ئۆزرە سەتر،
يۈزۈمدە ياپىغلىقكى زەررىن چەتر. —ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەترى سىياھ — قاراڭغۇلۇق؛ بەختسىزلىك:
گۈنبەزى گەردۇن سەۋاد كىم دۇدى ئاھىڭدۇر سېنىڭ،
ئەبرى ئەرمەس ئۆرلەگەن چەترى سىياھىڭدۇر سېنىڭ.
— ئەرشى.

چەترى شاھ — بەختلىك:
يار ھۇسنى پەرتەۋى تۈشكەچ كۆڭۈلدۇر چەترى شاھ،
جىلۋە قىلماق كېچەلەر ئەمدى ماڭا، ئەي چېھرى ماھ.
— ناقىس.

چەترى ئىقبال — بەخت، تەلەي.

چەرا [چرا] (پ) ئوتلاش، يايلاق

چەراغ [چراغ] (پ) چىراغ؛ نۇر، يورۇقلۇق.

چەراغان [چراغان] (پ) «چىراغان» گە قاراڭ:
زەلىلى تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم يەرمۇ،
چەراغان ئەيلەدى ئالەمنى گويا داغى ھىجرانىم. — زەلىلى.

چەراكىم [چراكيم] (پ) شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈنكى:
چۇ فەرھاد كۆڭلى مۇشەۋۋەش ئىدى،
چەراكىم ۋۇجۇدىدا ئاتەش ئىدى. — ئا. نىزارى.
چەراكىم بۇلار پارچەسى بۇتتەراش،
ياغاچتىن سەنەم قىلغۇچى قارى - ياش. — ئا. نىزارى.

چەراگاھ [چراگاه] (پ) يايلاق، ئوتلاق.

چەرب [چرب] (پ) 1) ماي.
چەربى بادام — بادام مېيى:
كى مالەش بېرىپ چەربى بادامغە،
تەلا ئەيلەدى ھەفت ئەندامىغە. — ئا. نىزارى.
2) چېچەن، ئۇستا.
چەرب دەست — چەبدەس، چاققان؛ ئۇستا.
چەرب زەبان — تىلى ياغلىما؛ سۆزمەن؛ شىرىن سۆز.

چەرخ [چرخ] (پ) 1) چاق 2) ئايلىنىش:
ئەي فەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق، كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى،
مەيلى بارۇ مەيلى يوققە ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.
— شەھىدى.
3) كۆچمە. ئاسمان، پەلەك، كۆك؛ 4) كۆچمە. زامان، دەۋر:
بۇ يەڭلىغ ئېرۇر چەرخنىڭ قىلمىشى،
ۋەفاسىز ئېرۇر دەھر گەردۇن ئىشى. — ئا. نىزارى.
5) كۆچمە. تەقدىر، تەلەي، بەخت:
چۈن نەزەرگە تىيرەلىك يوق چەرخ مېھرىن كۆرىدىكىم،
كويى گەردىن سۈرمە ئەيلەپ، ئەرشى، كۆزۈڭنى يارۇت.
— ئەرشى.

چەرخ ئاسا ــ چاقسمان؛ ئاسماندەك.
چەرخ ئاشيان ــ يۇقىرى مەرتىۋىلىك.
چەرخ ئەتمەك ــ ئايلاندۇماق.
چەرخ ئەيلەمەك ــ «چەرخ ئەتمەك» كە قاراڭ.
چەرخ دەبىرى ــ مەركۇرىي يۇلتۇزى.
چەرخ دەۋايىرى ــ پەلەكنىڭ ئايلىنىشى.
چەرخ دەۋران ــ تەلەيىنىڭ قايتا كېلىشى:

تۇتاشتى ۋۇجۇدىغە ھەرمان ئوقى،
نە ھەرمان ئوتى، چەرخ دەۋران ئوتى. ــ ئا. نىزارى.

چەرخ فەرسا ــ كۆككە تۇتاشقان، ئەڭ يۇقىرى.
چەرخ قەۋسى ــ ئۈپۈق.
چەرخ ئۇرماق ــ ئايلاندۇماق:

باشىڭدىن چەرخ ئۇرۇپ مەن رىشتەئى مېھرىڭگە چىرماندىم،
فەلەك ھەم بولمادى ئىشقىڭ ئارا پەركار مەن يەڭلىغ.

ــ گۇمنام.

چەرخى ئەتلەس ــ ئاسمان، كۆك
چەرخى ئەخزەر ــ كۆپكۆك ئاسمان:

ئەگەرچە چەرخى ئەخزەر باشىغە خۇرشىد تاج ئولدى،
ئېرور مۇھتاج باشىن چەرخ ئېتىپ خۇرى تەجەللىغە.
ــ ناقىس.

چەرخى ئەرشا ــ ئاسمان سۈيەر،
چەرخى ئەنجۇم ــ يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى.
چەرخى ئەئزەم ــ بۈيۈك ئاسمان.
چەرخى ئەئلا ــ ئەڭ ئېگىز ئاسمان.
چەرخى بەرىن ــ ئېگىز ئاسمان:

زەلىلى، بىسەرۇ سامانلىغىڭنىسورماغىل مەندىن،
ساڭا مەئلۇم ئەمەسمۇ گەردىشى چەرخى بەرىن دەرلەر.
ــ زەلىلى.

چەرخى بىباك ــ بىپەرۋا ئالەم.
چەرخى پابەرجا ــ قىمىرلىماس ئاسمان:

كىمسەنىڭكىم مېھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدق ئەتۋارىندا ئول چۇن چەرخى پابەرجا ئەمەس.
ــ ئەرشى.

چەرخى پەيما ــ ئېگىز ئاسمان.
چەرخى پەيماي ــ «چەرخى پەيما» غا قاراڭ.
چەرخى پۇرفەن ــ ھىيلىگەر دۇنيا، مەككار دۇنيا.
چەرخى پىر ــ كونا دۇنيا.
چەرخى دۇن ــ تەتۈر ئايلانغۇچى؛ پەسكەش پەلەك.

چەرخى زالىم ـ پەلەك، تەقدىر:
مەزلۇم قىلاي ئەمدى ئەرزى ھالىم،
نې قىلدى ماڭا بۇ چەرخى زالىم. ـ موللا نىياز.
چەرخى رەفىئ ـ ئېگىز ئاسمان.
چەرخى كەجرەفتار ـ تەتۈر ئايلانغۇچى پەلەك:
ئەي ھۇۋەيدا،بولما گول بۇ چەرخى كەجرەفتارغە،
لەھزەدە يۈز شىيۋەلەر بۇنياد ئەتتۈردى فەلەك.
ـ ھۇۋەيدا.
چەرخى كەيۋان ـ زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ زاھىر بولىشى:
ئەئجۇبەئى ئىلاھى كەۋنەين پادىشاھى
خىرگاھى بارگاھى چەرخى كەيۋان ئەمەسمۇ؟ ـ زەلىلى
چەرخى كۇھەن ـ كونا دۇنيا.
چەرخى گەردان ـ پەلەك چاقى، تەقدىر:
چۇ تىترەپ تېنى بىدىلى زان كەبى،
باشى ئايلانىپ چەرخى گەردان كەبى. ـ ئا. نىزارى.
چەرخى گەردۇن ـ «چەرخى گەردان» غا قاراڭ:
كى سەرگەشتەمىز چەرخى گەردۇن كەبى،
نە گەردۇن كەبى بەلكى مەجنۇن كەبى. ـ ئا. نىزارى.
چەرخى مەككار ـ ھىيلىگەر پەلەك:
چەرخى مەككار ھىيلەسىدىنكىم كىنايەت ئەيلەيىن،
ئەھلى ئالەمدىن نەچە تەئرىپ شكايەت ئەيلەيىن.
ـ ئابدۇقادىر داموللام.
چەرخى مۇخالىف ـ تەتۈر پەلەك.
چەرخى مۇدەۋۋەر ـ توختىماي ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك.
چەرخى مۇقەۋۋەس ـ يايغا ئوخشاش پەلەك.
چەرخى مۇلايىب ـ ئويناشقۇچى، نەيرەڭۋاز پەلەك.
چەرخى نىگۇن ـ تەتۈر پەلەك؛ تەلەيسىزلىك:
ئۆزىدە سەرگەشتە ئەيلەپ دەھر ئارا چەرخى نىگۇن،
ۋەھشى قىلغان ئېردى كۆڭلۈمنى بەلىيەت تاغىدا.
ـ ئا. نىزارى.
چەرخى نىلگۇن ـ كۆك ئاسمان.
چەرخى نىلۇفەر ـ نېلۇپەر ئاسمان.
چەرخى ۋاژگۇن ـ تەتۈر پەلەك، كاج پەلەك:
بۇ چەرخى ۋاژگۇن بىچارە ئاشىقلارنى زارئەتتى،
كى نادانىنى سەرەفراز ئەيلەبان دانانى خارئەتتى.
ـ موللا قۇربان.

چەرخاب [چرخاب] (پ) 1) قايىنام؛ 2) سۇ توگمىنى.

چەرخپەرۋاز [چرخ فرواز] (پ) كۆككە ئۇچقۇچى، پەرۋاز قىلغۇچى.

**چەرخزەن** [چرخ زن] (پ) ئۇسسۇلچى.

**چەرخمانەند** [چرخ مانند] (پ) ئاسمان كەبى.

**چەرخۋار** [چرخ وار] (پ) ئاسماندەك.

**چەرخۋەش** [چرخوش] (پ) ئاسماندەك كاتتا.

**چەرگە** [جركه] (پ) دائىرە، هالقا؛ گۇرۇھ توپ.

چەرگە بولماق ـ توپ بولماق؛ قىسلماق:

ئۇل ئاغرىق سەندە ئېرمىش بىزدە بولدى،
يۈرەك باغرىم تەمامى چەرگە بولدى.
— مۇللا فازىل.

**چەرگەر** [چركر] (پ) چالغۇچى، سازەندە.

**چەرم** [چرم] (پ) 1) چەم:

بەقەر چەرمىنى تاسما قىلماق ئىشىك،
بۇ ھېرفە ئارا ئۆتتى يازۇقىشىك.
— غەربى.

2) تېرە:

باسماغاچ ياتقان كۆكۆللەرنى يولۇڭدا قامەتىڭ،
بولدى بۇ چەرمىغە ئىككى كاكۇلۇڭدىن دەررەسى.
— ناقس.

**چەرمىن** [چرمين] (پ) چەمدىن تىكىلگەن.

**چەرىك** [چريك] (پ) ئەسكەر؛ قوشۇن.

**چەشم** [چشم] كۆز:

رەقىبلەردىن غەمىم يوق بەرسە راھەت غەمزەئى چەشمىڭ،
ئانى بەرھەم ئۇرارغە كىرپىكىڭخەيلى سىپاھىدۇر.
—گۇمنام.

چەشم باز ـ كۆز ئويناتقۇچى:

نەزەر قىلغىل، تەقى هالىمنى بىلگىلى،
ساڭا ئوخشاش چۇ يوقدۇر چەشمبازى.
ھافىز خارەزمى.

چەشمۇ ئەبرۇ ـ كۆز — قاش:

نەزەرغە كەلتۈرۈر جانىنى ھافىز،
ئىشارەت ئەيلەسە ئۇل چەشمۇ ئەبرۇ.
ھافىز خارەزمى.

چەشمى خۇن فىشان ـ كۆزدىن قان ئېقىش؛ قان تېمىش

كۆزۈ قاشىڭغە جانۇ دىل بارىن ئىسار قىلمىشلار،
لەبىڭ يادىدا گەۋھەر بار چەشمى خۇن فىشانىمدۇر.
— ئەرشى.

چەشمى گىريان ـ يىغلىغان كۆز، دائىم يىغلايدىغان كۆز.

چەشمەئى ھۇسن ـ گۈزەل، چىرايلىق كۆز:

چەشمەئى ھۇسنۇڭدىن، ئەي جان، قەترەئى نۇش ئەتكەلى،
خىزر يەڭلىغ ئالەم ئىچرە زىندەدۇر ئابۇ قوياش.
—ھافىز خارەزمى.

زەھرى چەشم ـ يامان كۆز بىلەن قاراش.

№1 ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەشمە [چشمە] (پ) بۇلاق:
تاغۇ تىزنىڭ سۇيى كېتىپ نارى،
چەشمەلەردىن سۇھەم ئەمەس جارى.
—موللا قۇربان.

چەشمە سار — بۇلاقلار كۆپ بولغان جاي:
چەشمە سارى مەشرەبنىڭ ھەريان قىلۇر تۇرلۇك زۇھۇر،
ئۆزلۈكىدىن كۆكتە كەۋسەر، يەر ئۆزە زەمزەم ئەمەس.
—ئەرشى.

چەشمە سۇ — بۇلاق سۇيى:
رەياھىن ۋەرد ئىچرە بىر چەشمە سۇ،
كى ھەيۋان سۇيىدىن ئېرۇر نۆكتە بۇ. — ئا. نىزارى.

چەشمەئى دەرد — دەرد - ئەلەم بۇلىقى.

چەشمەئى زىندەگانىي — ھاياتبەخش بۇلاق.

چەشمەئى مېھر — قۇياش، ئاپتاب.

چەشمەئى ھەيات — ھايات بۇلىقى

چەشمەئى ھەيۋان — تىرىكلىك بولىقى، ئابىھايات.

چەشمە يەڭلىغ — بۇلاققا ئوخشاش، بۇلاقتەك:
ئەمرى سەرەندىب ئىشتىتى سۆزىنى،
قىلىپ چەشمە يەڭلىغكى ئىككى كۆزىنى. —ئا. نىزارى.

چەشمە نەۋ بەھار — ياشلىق بۇلىقى:
چەشمە نەۋ بەھارىڭغە مەن نە دەپ بەھا ئايتاي،
لەبلەرىڭ قىزىلگۇلدەك ئابدانە رۇممانى. —شەھىدى.

كۆز چەشمەسى — كۆز بۇلىغى، كۆز يېشى:
بەلايى ئىشقىدىن بولدى كۆزۈمنىڭ چەشمەسى دەريا،
ئەلىفتەك قەددىم ئول دەريانىڭ ئىچرە كۆرۈنۇر يەكتا.
—ھافىز خارەزمى.

چەشم بەند [چشم بند] (پ) كۆز باغلىغۇچى.

چەشمخانە [چشم خانە] (پ) كۆز چانىقى، چاناق.

چەشن [جشن] (پ) تەنتەنىلىك يىغىلىش، بەزم.

چەشن تۇزمەك — بەزمە قۇرماق.

چەغانە [چغانە] (پ) ساپايى:
دەرياۋۇ كۇھ دەشتى جۇنۇن ئەيلەگەي مەقام،
ئاۋارەگى ھەمدەمى چەڭ، چەغانەدۇر. —زەلىلى.

چەغرە [چغر] (پ) خەۋەرچى، ئۇقتۇرغۇچى:
نە ئىمامى شەھر بولدۇم نەمۇئەززىنىان چەغرە،
نەچۇ سۇفىئى رىيايى نەقەلەندەران نۆكرە. —زەلىلى.

چەك I [چك] (پ) تامچە، قەترە.

چەك II [چك] (پ) ئېگەك، مەگىز:

سەن بولماساڭ جەننەت ئاراكىم ئارزۇ قىلغاي ئانى،
ھۆسنۈڭ چەكى ئاچىلمەسە ھەرگۆلكى بار بولغاي خەزان.
—ناقىس.

چەكمەك [چېكماك] 1) تارتماق، باشتىن كەچۈرمەك:
زەۋق ئېتىپ جەبرۇ جەفاسىن جان بىلە چەككەي ئىدىم،
ياد قىلسە گاھى گەھ يارى جەفاكارىم مېنى.
—ھافىز خارەزمى.

2) تارتماق، ئۇرماق:
چەككىل قىلچىڭنى تەقى مەن خەستەنى چاپقىل،
سەنسىز چۇ تىرىلمەك ماڭا ئەسرى قارا قىندۇر.
—ھافىز خارەزمى.

3) تىكمەك، سىزىپ، ئويۇپ، بىزەمەك:
چۇ سۆز ۋادىسىغە سۈرۈپ رەخشىنى،
قەلەم گاھى بىرلە چېكىپ نەقشىنى. —ئا. نىزارى.

4) قىلماق، ئەتمەك:
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۆبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.
—ئەرشى.

5) چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك:
نەچە يىل چېكىپ سەن ئۇچۇن رەنجىنى،
زەماندىن كۆرۈپ تۇرفە ئىشكەنجىنى. —ئا. نىزارى.

6) ياسىماق، تەييالىماق:
چۇ بىرلەمەھ قەۋسى قۇزەھ چەكتى ياي،
تۇلۇئ ئەيلەدى كەينىدىن تولۇن ئاي. —ئا. نىزارى.

7) سۆزلىمەك:
يۈرۈبان چېكىپ ئاغزىدا ئەلغىراق،
نىگارى ئۇچۇن تارتىبان ئىشتىياق. —ئا. نىزارى.

ئاھ چەكمەك — ئاھ ئۇرماق:
چېكىپ ئول زەمان ھەر بىرى ئوتلۇغ ئاھ،
كى بىخۇد يىقىلدى بولۇپ خاكىراھ. —ئا. نىزارى.

ئاھى سەرد چەكمەك — سوغۇق، ئاچچىق ئاھ ئۇرماق:
كى شەھزادە قاتتىق چېكىپ ئاھى سەرد،
دېدى: «دۈشمەن ئېرمەس، ئېرۇر شىرى مەرد.»
—ئا. نىزارى.

ئەفغان چەكمەك — پىغان قىلماق، نالە قىلماق:
ئەجەب نۇكتەلەر بىرلە ئەفغان چېكىپ،
ئۇرۇپ باشىغە دەردى ھىجران چېكىپ. —ئا. نىزارى.

ئەلەم چەكمەك — ئەلەم تارتماق.

پەركار چەكمەك — دائىرىسىنى سىزماق، بەلگىلىمەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نە قەريە يوقكى سەۋادىدا سۇرمەدىلك مەركەب،
نە شەھر يوقكى مەدارىدا چەكمەدىلك پەركار.
—ئابدۇ جىلىل داموللا ھاجى.

تىغ چەكمەك — تىغ تارتماق، تىغ ئۇرماق.

تىل چەكمەك — سۆزلىمەك:
تۈزۈپ بەزم چەكتى رىۋايەتكە تىل،
جەھان ۋاقىئاتىن قىلىپ قالۇ قىل. —ئا. نىزارى.

جام چەكمەك — ئىچكۈلۈك ئىچمەك، مەي ئىچمەك:
ھەمول زار فەرھار فەرخۇندە فام،
چېكىپ يار يادى بىلە نەچچە جام. —ئا. نىزارى.

رەقەم چەكمەك — يازماق، پۈتمەك:
رىۋايات نەققاشى چەكتى رەقەم،
كى چىن سەفھەسىگە سۈرۈپدۇر قەلەم. —ئا. نىزارى.

ساز چەكمەك — ساز چالماق.

سەلا چەكمەك — چاقىرماق، دەۋەت قىلماق.

سىپاھ چەكمەك — ئەسكەر تارتماق.

سىتەم چەكمەك — زۇلۇم كۆرمەك، ئىزىلمەك.

فىراق چەكمەك — ئايرىلىش، جۇدالىق دەردىنى تارتماق:
ئۇرۇپ ئاھ لەيلى چېكىبان فىراق،
مۇھەببەت نەۋاسىغە سالدى قۇلاق. —ئا. نىزارى.

فىغان چەكمەك — زارلانماق، ئىڭرىماق:
ئول ئىتدەك بەيابانىدا چەكمىش فىغان،
ئۇرۇپ پويە ئول سارى بولمىش ئەيان. —ئا. نىزارى.

قول چەكمەك — قولىنى تۇتماق؛ قوللىماق:
قول بەردى ئىنايەت بىلە ئەمدى ماڭا جانان،
گويا ئۆزىنە چەكدى قولىن لۇتفى ئىلە سۇلتان.
—ھافىز خارەزمى.

قۇللاب چەكمەك — بەند قىلماق، باغلىماق.

نالە چەكمەك — نالە قىلماق، ئاھ ئۇرماق:
فىغان بىرلە نالە چېكەر ھەمدەمى،
مۇشۇ ھەم چىقار چۇن سەدايۇ دەمى. —ئا. نىزارى.

نەۋا چەكمەك — كۈيلىمەك؛ سايرىماق:
دىلئارا نەۋا چەكتى مۇنداغ كەلام،
چۇ مەسئۇد دىماغىغە يەتتى مەشام. —ئا. نىزارى.

ئۈن چەكمەك — ئاۋاز چىقارماق، ئۈن چىقارماق؛ نالە قىلماق، يىغلىماق:
دېدى قىز: «تەۋەھھۇم بىلە چەكمە ئۈن،
يەنە بىر كېلۇرغە ئاڭا تۆرت كۈن!» —ئا. نىزارى.

ئىشتىياق چەكمەك — سېغىنماق:

چىقىپ تۇنددە لەيلى چىكىپ ئىشتىياق،
سەدا جانىبىغەكى قويدى ئاياق. —ئا. نىزارى.

**چەڭI** [چنگ] ئۇيغۇر سوقما تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ بىرى، چاڭ:
گۇلىستان بولۇبان غۇنچە دىلتەڭ،
سەداغا كەلدىلەر قانۇن ئىلە چەڭ. —موللا فازىل.

چەڭ زۇلفى — چاڭ تارى.

**چەڭII** [چنگ] (پ) چاڭگال، قول پەنجىسى.

**چەلپەك** [چلپك] (پ) سۇت، ماي بىلەن تەييارلانغان نان.

**چەلچەلە** [چلچله] (پ) قارلىغاچ:
چەلچەلە كۆڭلۈڭدە ئۇلتۇردۇڭ خەلايىق بىلمەدى،
ئافتابى ماھى ئەختەر يا گۇۋاھىڭدۇر سېنىڭ.
—زەلىلى.

**چەلىپا** [چليپا] (پ) بۇت؛ خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس بەلگۈسى، كرېست.

**چەم** [چم] (پ) تۇگۇلگەن، چۇۋۇلغان:
ھېچ تەبىب كەلمەدى باشىم ئۇزە بەرا دەران،
سۇرەتى چەم موي ئېرۇر رەنج چېكىپ ئەلەددەۋام.
—زەلىلى.

**چەمەن** [چمن] (پ) گۇللۇك، باغ، چىمەن، ئوتلاق:
ئەگەر ئول گۇل گۇزەر قىلسە چەمەن سارى بولۇر گۇللار،
بىرى مەستۇ بىرى بىخۇد، بىرى ۋالە، بىرى شەيدا.
—ئەرشى.
فەسلى گۇل يەتمىش چەمەندە بۇلبۇل ئەيلەر زەمزەمە،
رەقس قىل، ناقىسكى بۇدۇر نەغمەئى زەۋقى ۋىسال.
—ناقىس.

**چەمەنزار** [چمن زار] (پ) ئوتلاق، چىمەنلىك، يېشىللىق:
ئايا غۇنچە، كۇلمەكنى قىلما ھەۋەس،
چەمەنزار ئارا مەن كەبى بولما خەس. —ئا. نىزارى.

**چەمدان** [چمدان] (پ) كىيىم ساندۇقى، تېرە ساندۇق.

**چەمبەر** [چمبر] (پ) دۇگىلەك، ھالقا، چەمبەر، گەردىش.

**چەمبەرە** [چمبره] (پ) چەمبەرسىمان.

**چەند** [چند] (پ) 1) بىرئاز.
2) بىرقانچە، بىرنەچچە:
قىلۇر جانىۋارنىڭ تەنى ئىچرە بەند،
ئۇزى ئۆلمەس ھەرگىز زەخمئەتسە چەند. —ئا. نىزارى.
3) قاچان:
ھەر چەند ئىشىكىڭدە سەھەرلەر قىلامەن داد،
دادىمغە قەنى يەتكەنىڭ، ئەي زالىمۇ بىداد. —زەلىلى.
چەند ھەزار — نەچچە مىڭ:

www.uyghurkitap.com

بارغۇسى ئەھلى زەمان ئەيياملاردا چەند ھەزار،
يولغە سالسە قۇۋۋەتى بولسە كىمە يولدىن ئازار
—ئابدۇقادىر داموللام.

ئەگەر چەند — گەرچە:
ئەگەرچەندىكى بولسامۇ سەبەبدىن ئافەرىنەندە،
ۋەلىكىن خەلق ئەتكۈچى سەن بىرىپ جاننى نەھس تەندە.
—شەھىدى.

روز چەند — بىرنەچچە كۈن:
قىلىپ ئىردىم ئانىكى زىندانغە بەند،
خەبەر ئالغانىم يوق ئۆتتۈپ روز چەند. —ئا.نىزارى.

ھەر چەند — گەرچە:
خوشلامام ئەغيارلار ھەرچەندە قىلسا ئىززەتىم،
جاھىلان سۆز قىلسالار تاپماس قولاقدە لەززەتىم.
—شەھىدى.

**چەندان** [چندان] (پ) 1) كۆپلىگەن، نۇرغۇن:
مېنىڭ بىرلە چەندان كىشى بار ئىدى،
مۇھىم ئىشلىرىمدە ماڭا يار ئىدى. —ئا. نىزارى.
2) بىرقانچە قېتىم، كۆپلەپ:
بۇمەجنۇن ئۆپكىلەپ يىغلادى چەندان:
«قىيامەتغىچە يوقتۇر ماڭا خەندان». —موللا فازىل.
3) ھەسسە، باراۋەر:
ئىلاھا، قىلغاسەن بۇ دەھر ئارا ئۆمرىنى جاۋىدان،
بەلەند ئەيلەپ تەقى ھەم شەۋكەتۇ شەئنىنى يۈز چەندان.
— مۇھەممەد سادىق قەشقەرى.

**چەھ** [چە] (پ) «چاھ» گە قاراڭ:
كىرپىكلەرىڭ چەھلەر قازار، گويا كۆكۈللەرگە ياسار،
غەمدىن قۇتۇلماي ئولگەلى، ئەي ماھۋەش، بەيتۇل - ھەزەن.
— ناقىس.

چەھى غەبغەب — ئېڭەكنىڭ چوڭقۇر يېرى، زىناق:
تاپمادى بۇ مەلاھەتىڭ ھېچ فەرىشتە يۇ پەرى،
يۇسۇفى مىسرى رەشك ئېتەركىم چەھى غەبغەبىڭ ئەمىق.
— زەلىلى.

**چەھار** [چهار] (پ) تۆت.
چەھار داڭ — ئالتىدىن تۆت ھەسسە.
چەھار يار — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۆت خەلىپە: ئەبۇ-
بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى:
يا رەب مۇھەممەد ھۆرمەتى ھەم چەھاريارلار ئۇلفەتى،
ئەزۋاجى پاكان ئىففەتى مەھشەردە قىل ۋەقتىمنى چاغ. —شەۋقى.

چەھار ياك ــ تۆتتىن بىر.

**چەھارپا** [چهارپا] (پ) چارۋا.

**چەھارۇم** [چهارم] (پ) تۆتىنچى؛

شەمسى چەھارۇم ئاسمان داغ ئولۇبان خىجىل ھەنۇز،
رۇيى زەمىندە ئۇنگەلى سەبزۇ لالەزار ئىشق. ــ زەلىلى.

**چەۋرۇلمەك** [چوروالماک] چۆرۈلمەك، ئايلانماق:

فارىغ ئونسە ئانتەدىن مەردانە يۈرگىم باك ئەمەس،
خاھى ئوڭۇ خاھى سول چەۋرۇلسە گەر يەتتى فەلەك.
ــ ئەرشى.

**چەۋكان** [چوکان] «جەۋان» گە قاراڭ:

ئالدى كۆڭلۈمنى مېنىڭ بىر بوتى چەۋكان سىكەلەك،
غارەتى دىنىم ئۇچۇن قىلدى پەرىشان سىكەلەك.
ــ مەھزۇن خوتەنى.

**چەۋگان** [چوکان] (پ) 1) ئاتلىق ئوينايدىغان توپ (گوي) نى دومىلىتىدىغان ۋە توختىتىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق:

مەيداندا قىلسۇن گوي دەپ باشىمنى قىلدىم خاكى رەھ،
ئىلكىڭگە ئالساڭ نې بولۇر چەۋگانۇ گويىئەندازنى.
ــ ناقىس.

2) ئات توپى ئويۇنى.

**چوب** [چوب] (پ) ياغاچ، تاياق:

غەزەب قىلدى مەسئود نىگەھبانغە كۆپ،
قىساسىغە ئاندىن تۇتۇپ ئۇردى چوب. ــ ئا. نىزارى.

**چوبان** [چوبان] (پ) «چوپان» گە قاراڭ.

**چوبدار** [چوبدار] (پ) 1) تاياق تۇتقۇچى، توقماقچى:

جۇنۇندىن يەتتە ئەزا لەشكەرى غەمنىڭ ھىسارىدۇر،
بەلى ھەر ئۇستىخانىم ئىشق ئېلىنىڭ چوبدارىدۇر.
ــ زەلىلى.

2) پادىچى.

**چۇبدەست** [چوب دست] (پ) ھاسا، تاياق.

**چوبەك** [چوبك] (پ) تاياقچە؛ چىۋىق.

**چوبىن** [چوبين] (پ) ياغاچتىن ياسالغان.

**چوپان** [چوپان] (پ) قوي باققۇچى، مالچى، پادىچى:

مەنىڭ قىلدى زەكاتىنى چوپانلار،
ئۆشرەنى ھەم ئۇنۇتتى دېھقانلار. ــ موللا قۇربان.

**چوق** [چوق] تولا، كۆپ.

**چۇ** [چو] (پ) «چۇن» نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ: 1) جۇملە بېشىدا «چۇنكى، شۇڭا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:

چۇئىشق ئۇتىدىن گۈلغە بەردى نەمۇد،
ئانىڭ تابىدىن بۇلبۇل ئۇرتەپ ۋۇجۇد. — ئا. نىزارى.

2) جۇملە بېشىدا: «شۇئان، شۇ چاغ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ:
چۇ دەريا رەۋشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى جەھان ئەتكەچ،
ھەياتى خىزر تاپتىم قەتئە مەنزىل تەرك جەھان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

3) ئىككى جۇملەياكى جۇملە بۆلەكلىرى ئارىسىدا «كى» باغلىغۇچىسى رولىدا كېلىدۇ:
بۇ مۇنچە يوق بولغاننى چۇ قىلدى سۇنئى بارى بار،
بۇ قۇدرەتنى كۆرۈپ ھەق ھەزرەتىندىن كارۇبار ئىزدە.
— ھافىز خارەزمى.

4) كېيىنكى جۇملىنى ئالدىنقى جۇملىنىڭ بېقىندى جۇملىسىگە ئايلاندۇرىدۇ:
ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،
چۇكاشغەر نەۋاھىن قىلىپ مەنزىلى. — ئا. نىزارى.

5) بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ «... تەك، دەك» قوشۇمچىسى ۋە «كەبى، ئوخشاش» تىركەلمىلىرى رولىدا كېلىدۇ:
ئالىپ كىردى قەسرى ئارا ئىچكەرى،
تۇرۇپ نەچچە خادىم چۇ كۆك ئەختەرى. — ئا. نىزارى.

**چۇجۇق** [چوجق] تاتلىق، شىرىن؛ سەرخۇش:
كۇندۇزى ھەم كۆڭلۈم چۇجۇقدۇر،
تاڭ ئاتقۇچە كۆزلەرىم ئاچۇقدۇر. — موللا نىياز.

**چۇست** [چست] (پ) 1) تېز، چاققان:
كېلىپ چۇست فەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە. — ئا نىزارى.
**چۇست دەست** — چاققان.
**چوستى چابۇك** — چاققان، ئەپچىل.
2) تەييار، ھازىرلاندى.
**چۇست ئەيلەمەك** — تەييارلىماق، ھازىرلىماق:
بۇ خۇشتانچ جابدۇقنى ئەيلەدى چۇست،
بەنى ئۇزرا سارى بەل باغلادى رۇست. —موللا فازىل.
3) مەھكەم، پۇختا.
**چۇست ئەتمەك** — مەھكەملىمەك.

**چۇغز** [چغز] (پ) 1) ھوقۇش، بايقۇش:
نالەئى بۇلبۇل جۇداۋۇ نەئرەئى ئاۋازە چۇغز،
ۋائىمزا سەن قايداۋۇ تەرزى كەلامى ئاشقان. — زەلىلى.
2) يامانلىق، ئاپەت:
بارچە تەشۋىشى زامانە چۇغز بىلگىل ئاشيان،

قىلماس ئىدى گەر بۇ كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيران بولماسا.
— ئەرشى.

چۇغزى يەڭلىغ - بايقۇشتەك:
چىقاردى غەرىبىنى بۇ يەردىن سوقۇپ،
زەغەن، چۇغزى يەڭلىغ باشغە چوقۇپ.
— ئا. نىزارى

چۇغۇل [چغول] غەيبەتچى، ئىغۋاگەر.

چۇقەھ [چوقه] چۇقا؛ دوۋە:
كۆردى كۆزۈمكىم مېنىڭ نەچچە قۇرۇغان چۇقەھە
خەت كەبى پەيدا ئىكەن جەبھەسى ئۆزرە رەقەم.
— ناقىس.

چۇلغاشماق [چولغاشماق] ئارىلاش يىغىلماق، چۇلغاشماق:
چۇلغاشىپ بىر ئۆيگە نامەھرەم،
قىلدۇرۇپ نەغمە - نارەۋالار ھەم.
— موللا قۇربان.

چۇن [چون] (پ) 1) ئوخشاش، كەبى:
قاشىمدە تۇرۇپدۇركى بىر نەۋ جەۋان،
بولۇپ خەۋف بىرلە يۈزۈم چۇن سامان.
— ئا. نىزارى.

2) چۈنكى:
بىگىملەرگە يەتتى چۇ ئەرزەندەلىك،
ماڭا چۇن يېتىپ ئەسرۇ شەرمەندەلىك.
— ئا. نىزارى.

3) شۇ چاغ، ۋاقىتكى:
ئۇشبۇ قىسسە نەسرى ئەردى،
چۇن ماڭا بىشارەت قىلدى.
نەزم قىل دەپ ھەم ئايدى،
تۈركى تىلگە دېدىيا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

4) ئۇنداقتا:
قىرانى سەئد بولغاي ئاشىق ئۇچۇن،
يۈزۈڭ چۇن ماھۇ قاشىڭدۇر تارازۇ.
— ھافىز خارەزمى.

چۇنۇ چەرا - 1) ئۆزۈلمەس دەتالاش، بەس - مۇنازىرە:
ھەر قۇپال باشسىز ئېرۇر قوپمىش نىفاقۇ ماجەرا،

تۇتسە مەھكەم بىر ئۇلۇغنى پەست ئولۇر چۇنۇ چەرا.
— ئابدۇقادىر داموللام.

2 › نىمە ئۇچۇن، نىمىشقا:
ئول خالىقى ئەفلاكغە ھەمدۇ سەنا،
كىم بەردى قۇياش جىرمىغە ھەر كۈندە زىيا.
خەلق ئەتتى مەلەك بەشەر قۇدرەتىدىن،
يوق كىمسەگە ھەركىم دىگەي ئول چۇنۇ چەرا.
— ناقىس.

چۇنان [چنان] (پ) 1 › شۇ قەدەر، شۇنچە:
باقىپ چېھرەسىگە چۇنان يىغلادى،
كى ئىشق ئوتىدا ئانچە ئىسىغلادى.
— ئا. نىزارى.

2 › ئاشۇنداق، شۇنداق:
چۇنان تولغانىپ ئۇردى ئول پىچۇتاب،
دەمى دۇدى بولدى جەھانغە ھىجاب.
— ئا. نىزارى.

3 › خۇددى ... گە ئوخشاش:
بۇ مەزمۇننى قىلدى زەبانىدا ۋەرد،
كى سەرگەشتە بولدى چۇنان باردى گەرد.
— ئا. نىزارى.

چۇنانكى [چنانكه] (پ) شۇنچىۋالا، ئاشۇنچىلىك:
غەمىكى دىن غەمدۇر ئەسلى غەم ئەگەر بىلسەڭ،
چۇنانكى چوب قارا ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن پەسۇ پىش.
— شەۋقى.

چۇنانكىم [چنانكيم] «چۇنانكى» گە قاراڭ
چىقىپ نەززارەگە كۆكدىن كەۋاكىب،
چۇنانكىم لەيلىگە بولدىلا تالىب.
— موللا فازىل.

چۇنكى [چـون كه] (پ) چۇنكى، سەۋەبى شۇكى؛ خۇددى ... غا ئوخشاش:
ئۆرتەدى شەمئىغە دائىم پەرۋانىۋار.
يىغلار ئەردى چۇنكى ئەبرى نەۋ بەھار.
— خەراباتى.

چۇنكىم [چونكيم] «چۇنكى» گە قاراڭ:
سەناخان بولسە بۇلبۇلتەك قەمۇ جانلار ئەجەب ئىرمەس،
گۈلى ئەيشۇ تەرەب چۇنكىم ئانىڭ ئەھدىندە خەنداندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

**چۆرگىمەك** [چورگىمال] ئوردىماق:

يايىپ ساچىنى ئۆزىنى يۆرگەدى،
كى پەشمىنە بىرلە تەنىن چۆرگەدى.

— ئا. ئىزارى.

**چۆرى** [چورى] بالا خىزمەتچى:

چۆرى كىردى، مەھزۇننى قىلدى خەبەر،
«ئاتا بىرلە ھەجگە قىلىپدۇر سەفەر.»

— ئا. نىزارى.

**چۆل** [چول] سۇسىز يەر، دەشت.

نەكىم يوللارىدا دىگىز، تاغ ئىرۇر،
گەھى چۆل - بەيابان توفراغ ئىرۇر،

— ئا. نىزارى.

**چىغ** [جىغ] (پ) داد - پەرياد:

چىنى تۈركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە چىغىم كىلۇر،
شەھرى ماچىنىدىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامان ئەيلەمەس.

— زەلىلى.

**چىكىبان** [چىكىبان] چەككەندىن كىيىن، چىكىپ:

كى جەدۋەل چىكىبان، رىجە تارتىبان،
قىلىپ ئاندا ئەنھار شەكلىن ئەيان.

— ئا. نىزارى.

**چىھر** [چەر] (پ) «چىھرە» گە قاراڭ.

**چىھرە** [چەرە] (پ) 1 › يۈز، چىراي:

كۆرۈب قەيس ئول دەم چىكىپ ئوتلۇغ ئاھ،
بولۇپ ئەرغەۋان چىھرەسى مىسلى كاھ.

— ئا. نىزارى.

2 › سىياق، كۆرۈنۈش:

باقىپ چىھرەسىگە چۇنان يىغلادى،
كى ئىشق ئوتىدا ئانچە ئىسىغلادى.

— - ئا. نىزارى.

پەرى چىھرە - تۇرۇقى گۆزەل، پەرىزاتقا ئوخشايدىغان:

پەرى چىھرە ساقى تۇتۇپ پەي بەپەي،
ھەمە بەزم ئەھلىغە دەۋرىنچى مەي.

— ئا. نىزارى.

**چىيرە** [چىرە] (پ) 1 › ئەپچىل، چاققان 2 › باتۇر، غالىب.

چېيرەكۈن ــ غەلبىدىن دېرەك بېرىلگەن؛ قورشالغان؛
ئەتراپى باغ چېيرەكۈن ئەجەب لالەكۈن بۇ كۈن،
قەبرى ئىمامۇ جەئفەرى تەييارخۇن بۇ كۈن
ــ زەلىلى.

چەبىن [چبين] چىۋىن:
ياتىپدۇر بىر ئىت كۆپ زەئىفو نەھىپ،
بولا ئالماغان ئول چەبىنغە ھەرىپ.
ــ ئا. نىزارى.

چىرا [چرا] «چەرا» غا قاراڭ.

چىراغ [چراغ] چىراغ:
بۇ ئالەمنىڭ چىراغى مەن ئېرۇرمەن،
كى خاتىرلار فەراغى مەن ئېرۇرمەن.
ــ موللا فازىل.

چىراغان [چراغان] (پ) 1› رەڭگارەڭ چىراغلار:
تەفەررۇج گاھى سۇنبۇلدىن فەراۋان،
كەۋاكىبلارنى مانەندى چىراغان.
ــ زەلىلى.
2› رەڭگارەڭ چىراغ يېقىلغان جاي؛
چىراغان بولدى ــ رەڭگارەڭ چىراغلاشتى:
سەماۋات ئۆزرە قىلدى كەۋكەبىستان،
چىراغان بولدى ئول شەمئى شەبىستان.
ــ موللا فازىل.

چىراكىم [چراكيم] «چەراكىم» گە قاراڭ:
تۇمەنىمىڭ سەلام، بەلكى قۇللۇق نىسار،
چىراكىم قالىپ ياخشىدىن يادكار.
ــ ئا. نىزارى.

چىراي [چەرەاى] (پ) گۆزەللىك، جامال.

چىرغاماق [چېرغاماق] شاد ـ خۇرام ياشىماق:
چۇ بىر ئايچە يەمەندە چىرغادى شاد،
كۆڭۈل باغلاپ ئول ئەلگە سالدى بۇنياد.
ــ لۇتفى.

چىرك [چرك] (پ) 1› بۇزۇقلۇق، چىرىكلىك؛ 2› بۇزۇقچىلىق:
كىمنى فۇھشۇ قىلسە خابى غەفلەت،
قىلۇر شەيتان چىركى بىرلە ئۇلفەت.
ــ موللا فازىل.

چىركى [چركى] (پ) 1› پاسكىنىچىلىق، ئىپلاسلىق، بۇزۇقلۇق:
قىلۇر ۋەسۋاس ئول شەيتان چىركى،
بولۇر ئەلگە ھەمە ھاسىل چىركى.
ــ موللا فازىل.

2) پاسكىنا، ئىپلاس، بۇزۇق.

**چىركىن** [چركين] (پ) ئىپلاس، چىرىك؛
ناقىسا، دەۋراندا دەۋر ئەتتىمكى ئىستەپ ئوخشاشىك،
ھېچ تەن مۇلكىدە سەندەك تاپمادىم چىركىن كۆڭۈل.
— ناقىس.

**چىرلاماق** [چرلاماق] چاقىرماق، قىچقارماق:
ئالىپ كىردى چىرلاپ ئۇنى شول زەمان،
سەلام قىلدى، شەھنى كۆرۈپ نەۋجەۋان.
— ئا. نىزارى.

**چىرماماق** [چيرماماق] ئورىماق، ئايلاندۇرۇپ ئورىماق.

**چىز** [چيز] (پ) نەرسە؛ ئىش:
كى چىزى ساڭا ئەرز ئىزھاردۇر،
نەسايىھ سىفەت بىر سۆزۈم باردۇر.
— ئا. نىزارى.

**چىگىل** [چيكيل] قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:
كېچەلەر ئەنجۇم فەلەكلەر دادىمە، رەۋشەن دېگىل،
كىم يۈز ئاچمىش قەسرى تاقى ئۈززە ئول شەمئى چىگىل.
— ناقىس.

**چىلتەن** [چهل تن] (پ) قىرىق ئەۋلىيا، ماشايىخ:
ئۆزى بېھىشت ھۆرىدۇر،
چىلتەنلەرگە قوشۇلۇر.
ئىچەر شەراب ئەنتەھۇر،
خاس ئەۋلىيا ئېردىيا.
— موللا مۇھەممەد نىيازى.

**چىللە I** [چله] (پ) 1〉 دەرۋىشلەرنىڭ قىرىق كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى:
چىقىپ ئەلدىن چىللەدىنۇ بەشەردىن،
خەيالات ئەيلەبان بارچە خەتەردىن.
— موللا فازىل.
چىللە ئولتۇرماق — ئىبادەت ئۈچۈن بىر جايدا قىرىق كۈن ئولتۇرماق.
2〉 قىش ۋە ياز پەسىللىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قىرىق كۈن:
چىللە تابىستان — يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق قىرىق كۈنى، مەۋسۇمى؛
چىللە زىمىستانا — قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق قىرىق كۈنى، مەۋسۇمى.

**چىللە II** [چله] (پ) كامالەكنىڭ كىرىچى.

**چىللە فۇرۇش** [چله‌فروش] (پ) كامالەك كىرىچىنى ساتقۇچى.

**چىللە خانە** [چله‌خان] (پ) چىللە ئۆتكۈزىدىغان ئۆي.

www.uyghurkitap.com

چىللە نىشىن [چلەنشين] (پ) چىللە ئۆتكۈزگۈچى:
پىرى مۇغان ئىشقىدىن مەسرەئى شوخ تازەمەن،
چىللە نىشىن شەيخ ئۆتەر كۆڭلۈم ئاڭا مۇرىد ئەمەس.
— زەلىلى.

چىمگىن [چم كن] (پ) سۇ لىپشىدەك؛ لەشلىك:
ئاشىقانە نالەۋۇ گۈلباڭ ئېتىپ چىمگىن ئارا،
بۇلبۇلى ئاشۇفتەنى ئۆزۈڭ بىلەن دەمساز قىل.
— ھافىز خارەزمى.

چىن I [چين] (پ) راست، ھەقىقى:
گەھى ھەزل بىرلە گەھى چىن ئويۇن،
قىلۇر، بەرمەدىم مەن ئاڭا ھېچ بويۇن.
— ئا. نىزارى.

چىن II [چين] (پ) پۈرۈم؛ چىڭگىلەك:
چىن قىلماق — تۈرمەك، پۈرۈشتۈرمەك:
نېدىن مۇنچە قورقارسەن، ئەي نازەنىن؟
ماڭا قىلما ھەرگىز قاباغىڭنى چىن!
— ئا. نىزارى.
چىنى زۇلف — چىڭگىلەك چاچ:
ئانىڭكىم چىنى زۇلفى پۇرشىكەندۇر،
لەبى شىرىنى شەككەر شىكەندۇر.
— ھافىز خارەزمى.

چىن III [چين] 1) قەدىمكى شەرقى تۈرك ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىن؛ 2) جۇڭگو.

چىن IV [چين] (پ) سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ «تەرگۈچى» مەنىدە كېلىدۇ:
گۈل چىن — گۈل تەرگۈچى.

چىن چىن [چين چين] (پ) تال - تال، پۈرۈم - پۈرۈم،
سەييارەمەن سۆزۈم چىن، ئىلكىمدە ھەلقە چىن - چىن،
ئاھۇيى دەشتى ماچىن، تاپتىم شىكار ئىچىدە.
— زەلىلى.

چىنان [چنان] «چۇنان» غا قاراڭ:
كۆرۈپ بىر - بىرىنى چىنان يىغلاشىپ،
فەلەكدىن نە ئۆتكەننى مۇڭداشىپ.
— ئا. نىزارى.

منده بلبل کبی [illegible] بیل  خدانینگ [illegible] گل  خداوندیب [illegible] هم  کونکل لار [illegible] عالم

[illegible]  [illegible] الا الله [illegible]  داغ [illegible]  اوشالیم [illegible] قیباق

بو ناقص [illegible] آیردی گنه کار  دلی ایردی خدا [illegible] اقرار  خدا [illegible] ایردی [illegible] حق  داغ [illegible] خلق

قیلور ایردی [illegible] عبادت  داغی [illegible] تلاوت  [illegible] بیان [illegible]  [illegible] تسبیح [illegible] مایل

[illegible]  [illegible] ایردی [illegible]  امید [illegible] عالم  قبول [illegible] کیم

[illegible] مشغول [illegible]  اوزوم [illegible]  اوقودوم [illegible]  [illegible] سعی [illegible]

[illegible] خیالی  ایکی دفتر [illegible] بولدی خالی  خدانینگ فضلی امداد [illegible]  داغ استادی [illegible] لطفی [illegible]

اولاندیم مثنوی اعظم [illegible]  کیم نیکانینگ [illegible]  کرم قیلغاچ خداوندیم [illegible]  داغی توضیح [illegible] هدایت

بو مدت لار [illegible]  بیان قیلماسه ایدیم [illegible]  بیان [illegible] عالم  اگر [illegible] نقص [illegible]

چو یوق ایردی [illegible]  قناعت دین [illegible]  ایدیم [illegible]  ولی حفظ [illegible]

[illegible]  [illegible] اول [illegible]  داغ [illegible]  قیلیب [illegible] ایجاب [illegible]

[illegible] انعفاق  بو [illegible] طاقت [illegible]  تافیب [illegible]  انا [illegible] قویدوم [illegible]

انا [illegible] اوغلی [illegible]  اولوب [illegible] کونگل [illegible]  [illegible] ایردیم  اوزوم [illegible] ایردیم

کهی خاطر [illegible] غزل لار  کوزوم [illegible] ایلابان  کونگل [illegible] عظم  قیلور ایردیم [illegible] اعظم

[illegible] فلک دین [illegible] شکایت  غزل لار [illegible] نهایت  ولی [illegible] اصطلاحی  که اول [illegible] صلاحی

دیر ایردیم [illegible] رباعی  سالور ایردیم تخلص [illegible]  کورار ایردیم [illegible]  اوقور ایردیم [illegible]

نوای خمسه و بیدل گلستان  عراقی سعدی جامی [illegible]  [illegible] صایب [illegible] ناظم [illegible]  [illegible] حافظ [illegible] افلاک

الیب مضمون لاری [illegible]  قیلور ایردیم [illegible] فکرت [illegible]  اوتوب [illegible]  کلیب [illegible]


الیب ایردیم [illegible]  [illegible] بولدوم [illegible]  اوزی [illegible] بهار [illegible]  [illegible] هندوستان [illegible]

[illegible] سوزلاری [illegible]  اوزوم عاجز [illegible]  اگر [illegible] ایجاب ترحم  بو [illegible] ترکیب بوله ترحم

اوقوب سوزلاری [illegible]  عمل قیلسام اوزوم [illegible]  [illegible]  [illegible]

[illegible]  ینه [illegible] کورب [illegible]  داغی [illegible]  [illegible]






源　泉(布拉克)(维吾尔文)总30期　بۇلاق (ئومۇمىي 30 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

«MAGAZINE OF BULAK»(UIGHUR LANGUAGE)QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市建中路54号)
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنشېجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:　CN65-1063/I
本刊代号:　58-108 定价:1.90元
国外代号:　Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 ـ 108　باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118